مۇھەممەد ئەلى سابۇنى

# تەپسىرلەر دۇردانىسى

1

مۇھەممەد ئەلى سابۇنى

تەپسىرلەر دۇردانىسى

01

7

100 نادىر كىتاب تۈرىدىكى 007 ـ كىتاب
تۈر پىلانلىغۇچىسى: ئابدۇرېھىم دۆلەت

بسم الله الرحمن الرحیم

100 نادر کتاب (007)

مۆهەمەد ئەلی سابۆنی

# تەپسرلەر دۆرانسی

- 1 -

100 نادر کتاب

مۇھەممەد ئەلى سابۇنى

# تەپسىرلەر دۇردانىسى

- 1 -

100 نادىر كىتاب تۈرىدىكى 7 - كىتاب

تۈر باشقۇرغۇچى:
Abdurehim DÖLET / ئابدۇرېھىم دۆلەت

تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئا.ئاقھۇن
مۇھەممەد يۇسۇپ مۇھەممەد تۇرسۇن
ئى. مۇھەممەدئىمىن

تەھرىرى: ئابدۇلجېلىل تۇران

لايىھە: ئا.ئاقھۇن / A.AKHUN

2022 - يىلى مارت ، ئىستانبۇل 1 - نەشرى

100 نادىر كىتاب تۈرى نەشر قىلىپ تارقاتتى

ئىستانبۇل - تۈركىيە

# مۇندەرىجە

كىرىش سۆز ........ 3
فاتىھە سۈرىسى ........ 11
بەقەرە سۈرىسى ........ 20
ئال ئىمران سۈرىسى ........ 289

# كىرىش سۆز

سالام كىتابخان!

قۇرئان كەرىمنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدا ساھابىلەرگە ئۆزى ئىزاھلاپ چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى.

زامانىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قۇرئان كەرىمنى ئىزاھلاپ چۈشەندۈرۈش ئېھتىياجى تۇغۇلدى، شۇنىڭ بىلەن ساھابىلەر كىتابۇللاھنى ئىزاھلاپ تەپسىر قىلىشقا باشلىدى. قۇرئان كەرىمنى ئەڭ كۆپ تەپسىر قىلغان ساھابىلەر ئەبۇ بەكرى سىددىق، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب، ئوسمان ئىبنى ئەففان ۋە ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ، ئىبنى مەسئۇد، ئىبنى ئابباس، ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار ئىدى. ئاندىن ساھابىلەردىن كېيىن كەلگەن تابىئىنلەر كىتابۇللاھنى تەپسىر قىلىشتى. شۇندىن باشلاپ قۇرئان كەرىمنى تەرجىمە ۋە تەپسىر قىلىش ئىشى ھەر قايسى ئەللەردە بۈگۈنچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

قۇرئان كەرىم نازىل بولۇپ، 14 ـ ئەسىر ئۆتكەندىن كېيىن، كىتابۇللاھنىڭ تۇنجى ئۇيغۇرچە تولۇق تەرجىمىسى 1986 - يىلى ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئالىمى مۇھەممەد سالىھ داموللام تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنىپ ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى بىلەن يۈز كۆرۈشتى. گەرچە قاراخانىيلار زامانىسىدىن باشلاپ، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئابدۇلئەزىز چىڭگىزخان داموللام،

شەمسىددىن داموللام، سابىت داموللالارغىچە قۇرئان كەرىمنى تەرجىمە ۋە تەپسىر قىلىشقان بولسىمۇ بۇ تەرجىمە ۋە تەپسىرلەرنىڭ ھېچ بىرى نەشر قىلىنىپ، جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشەلمىگەن. قۇرئان كەرىم ئەسىرلەردىن بۇيان مەسجىد، مەدرىسىلەردە ۋە جامائەت سورۇنلىرىدا ئۆلىمالار تەرىپىدىن ئاغزاكى تەرجىمە ۋە تەپسىر قىلىنىپ كېلىنگەن بولسىمۇ، مۇھەممەد سالىھ داموللامنىڭ تەرجىمىسى بارلىققا كەلگەنگە قەدەر قۇرئان كەرىمنىڭ ئۆز تىلىمىزدا تەرجىمە ياكى تەپسىرى بولماي كەلگەن.

تارىخ 21 - ئەسەرگە قەدەم قويۇشى بىلەن يەنى 2011 - يىلى ئىسلام دۇنياسىدا ئەڭ مۆتىۋەر تەپسىر ھېسابلانغان «تەپسىرى قۇرئان ئەزىم» (تەپسىرى ئىبنى كەسىر دەپ مەشھۇر بولغان) تەپسىرنىڭ قىسقارتىلغان نۇسخىسىنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى ئىستانبۇلدا ئۇيغۇر تەرجىمە مەركىزى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى.

ئۇنىڭدىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستاندا ئۇزۇن مۇددەت ياشاپ ئۆتكەن ئۆزبېك ئالىمى مۇھەممەد زەرىپ قارىھاجى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا يېزىپ قالدۇرغان قۇرئان كەرىم تەپسىرى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا ئاغدۇرۇلۇپ، 2018 - يىلى سۇتۇق بۇغراخان نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. يەنە 2018 - يىلىدىن باشلاپ مۇھەممەد ئەلى قارىھاجىم تەرىپىدىن ئۆزلەشتۈرۈپ تەرجىمە قىلىنغان «تەپسىرى شەئراۋى»نىڭ 1 - 2 - 3 - جۈزئىلىرى نەشر قىلىندى، ئىنشائاللاھ قالغان قىسىملىرىمۇ تاماملانغۇسى.

قولىڭىزدىكى مەزكۇر تەپسىر - «تەپسىر دۇردانىلىرى»

ئىسلام دۇنياسىدا تونۇلغان ئالىم مۇھەممەد ئەلى سابۇنى تەرىپىدىن 1970 ـ يىللىرى يېزىلغان «سەفۋەتۇتتەفاسىر» ناملىق تەپسىرنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەزكۇر تەپسىرنىڭ ئەرەبچىسى ئىسلام دۇنياسىدا كەڭ تارقالغان، نۇرغۇن مەكتەپ ۋە مەدرىسىلەردە دەرسلىك قىلىنغان، ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىگىمۇ تونۇشلۇق ئىدى. باشقا تىللارغىمۇ تەرجىمە قىلىنغان.

مەزكۇر تەپسىرنىڭ تەرجىمىسى بۇنىڭدىن ئون ئىككى، ئون ئۈچ يىل بۇرۇن تاماملانغان بولسىمۇ، نەشر قىلىنىشى بۈگۈن نېسىپ بولغان ئوخشايدۇ.

مەزكۇر تەپسىرنىڭ نەشر قىلىنىشىنىڭ مۇنداق ئۇزۇن كېچىكىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى بىرىنچىدىن، مەزكۇر تەپسىر ئۈچ -تۆت كىشى تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان بولغاچقا، ئۇسلۇپ ۋە ئاتالغۇلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋە تەھرىرلەش جەھەتتىكى قىينچىلىق، ئىككىنچىدىن، ۋاقتىنىڭ قىسلىقى، ئادەم كۈچىنىڭ ئازلىقى، ئۈچىنچىدىن، ئىقتىسادىي مەنبەنىڭ كەملىكى قاتارلىق ئامىللار سەۋەب بولغان بولۇشى مۇمكىن.

مەزكۇر تەپسىرنىڭ مۇئەللىپى مۇھەممەد ئەلى سابۇنى 1930 ـ يىلى سۈرىيەنىڭ ھەلەب شەھرىدە دۇنياغا كەلگەن، قۇرئان كەرىمنى تولۇق يادلاپ، 1952 ـ يىلى ئەزھەر ئالىي بىلىم يۇرتىنىڭ شەرىئەت فاكولتېتىنى پۈتتۈرگەن. تەپسىر، ھەدىس ۋە قۇرئان ئىلىملىرى ھەققىدە 57 پارچە كىتاب يازغان. سۈرىيە ئۆلىمالار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى بولغان. 1962 ـ يىلىدىن باشلاپ مەككىدە ئالى بىلىم يۇرتلىرىدا 30 يىل ئۇستاز بولغان. كېيىن مەككىدىكى «دۇنيا ئىسلام

ئىتتىپاقى»دا مەسلىھەتچى بولغان. 2007 ـ يىلى ئىسلامغا قىلغان خىزمىتى ئۈچۈن ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى تەرىپىدىن دۆلەت مۇكاپاتى بېرىلگەن. 2018 ـ يىلى ئائىلىسى بىلەن تۈركىيەگە كۆچۈپ كېلىپ تۈرك پۇقراسى بولغان.

مۇھەممەد ئەلى سابۇنى 2021 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى 91 يېشىدا ئىستانبۇلدا ۋاپات بولغان.

مەرھۇم مۇھەممەد ئەلى سابۇنىنىڭ «ئىسلام شەرىئىتىدە مىراس تۈزۈمى» ناملىق كىتابى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، 2012 - يىلى ئىستانبۇلدا تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

خوش، يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، مەزكۇر تەپسىر بۇنىڭدىن ئون نەچچە يىل ئىلگىرى ئۈچ - تۆت كىشى تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، قايتا ـ قايتا تەھرىرلىك ۋە كوررىكتورلۇقتىن ئۆتكۈزۈلگەن بولسىمۇ، يەنىلا سەۋەنلىك ياكى غاپىللىقتىن نۇرغۇن كەمچىلىك ھەتتا خاتالىقلار كۆرۈلۈشى مۇمكىن، كەڭ كىتابخانلاردىن ئۈمىدىمىز شۇكى، ئۇچراتقان ھەرقانداق خاتالىق ياكى كەمچىلىكلەرنى كۆرسىتىپ بەرسە سەممىي رەھمەت ئېيتىمىز ھەمدە كېيىنكى نەشردە تۈزىتىپ كېتىدىغانلىقىمىزغا ئىشەنچىمىز كامىل.

ئەزىز كىتابخان!

سىلەر بۇ يىل يەنى 2022 ـ يىلى قولىڭىزلاردىكى مەزكۇر تەپسىردىن باشقا، پاكىستانلىق ئالىم سالاھىددىن يۈسۈپ دېگەن كىشىنىڭ ئۇردۇ تىلىدا يېزىپ چىققان «ئەھسەنۇلبايان» ناملىق تەپسىرنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا قىلىنغان

تەرجىمىسىنى، يەنە پاكىستانلىق ئىسلام مۇتەپەككۇرى، پاكىستان ئىسلام جامائىتىنىڭ قۇرغۇچىسى ۋە يېتەكچىسى ئىمام ئەبۇلئەئلا مەۋدۇدىنىڭ «تەفھىمۇلقۇرئان» ناملىق تەپسىرىنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنى، مۇھەممەد يۈسۈپ قارىم تەرىپىدىن ئىشلەنگەن ئون توملۇق «تەپسىر جەۋھەرلىرى» ناملىق تەپسىرنى، ھەممىدىن مۇھىمى شەھىد سەييىد قۇتۇبنىڭ «زىلالىلقۇرئان» ناملىق تەپسىردىن «ئەنئام سۈرىسى»نىڭ تەپسىرىنى ئوقۇغايسىلەر...!

ئاللاھ تەئالا ھەممىمىزنى قۇرئان كەرىم سايىسى ئاستىدا ياشاشقا نېسىپ قىلغاي، ئامىن!

اعوذ بالله من الشيطان الرجيم

**ئاللاھقا سىغىنىپ قوغلاندى شەيتاننىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمەن.**

**تەپسىرى:** ئاللاھ تائالاغا سىغىنىپ ۋە ئۇنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىپ، ئىسيانكار، قوغلاندى شەيتاننىڭ دىن ۋە دۇنيا ئىشلىرىمدا ماڭا زىيان يەتكۈزۈشىدىن ياكى مېنى ئاللاھ بۇيرۇغان ياخشى ئىشتىن توسۇپ قېلىشىدىن پاناھ تىلەيمەن. ھەممىنى بىلىپ ۋە ئاڭلاپ تۇرىدىغان ئۇلۇغ ياراتقۇچىغا ئېرىشىپ شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىلىرىدىن، ئازدۇرۇشلىرىدىن ۋە زىيان سېلىشلىرىدىن قوغدىنىمەن. چۈنكى ئىنساننى شەيتاننىڭ شەررىدىن ساقلىغۇچى زات پەقەت ئاللاھتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېچىدە تۇرغىنىدا نامىزىنى تەكبىر بىلەن باشلايتتى، ئاندىن «أعوذ بالله السميع العليم من الشيطان الرجيم من همزه ونفخه ونفثه“، يەنى «ھەممىنى بىلىپ ۋە كۆرۈپ تۇرغۇچى ئاللاھقا سىغىنىپ قوغلاندى شەيتاننىڭ شەررىدىن، قەستىدىن، سېھرىدىن ۋە يامانلىققا كۈشكۈرتۈشىدىن پاناھ تىلەيمەن» دەيتتى.

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ ۝١

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

**تەپسىرى:** پۈتۈن ئىشلىرىمنى ئالدى بىلەن ئاللاھ تائالادىن ياردەم ۋە مەدەت سورىغان ھالدا، ئۇنىڭ نامىنى ئاتاش ۋە

ئۇنى ياد ئېتىش بىلەن باشلايمەن. چۈنكى ئۇ رەھمىتى ئىنتايىن كەڭ، ئاتا - ئېھسانلىرى كۆپ بولغان يېگانە مەبۇد ۋە پەزل - كەرەم ئىگىسىدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتى، شەپقىتى ۋە پەزل - كەرەمى بارچە مەۋجۇداتلارغا ئومۇمدۇر.

ئەسكەرتىش: ئاللاھ تائالا فاتىھە سۈرىسىدىن باشلاپ، قۇرئان كەرىمدىكى تەۋبە سۈرىسىدىن باشقا سۈرىلەرنىڭ ھەممىسىنى «بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ» دېگەن ئايەت بىلەن باشلىغان. بۇ مۇسۇلمانلارنى بارلىق ئىش - ھەرىكەتلىرىدە ئاللاھ تائالادىن ياردەم ۋە مۇۋەپپەقىيەت سوراشقا، ئىشلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ يالغان ئىلاھلىرىنىڭ ئىسىملىرىنى ئاتاپ باشلايدىغان بۇددىستلارغا قارشى شەكىلدە ئاللاھ تائالانىڭ ئىسمى بىلەن باشلاشقا يېتەكلەش ئۈچۈن ئىدى. بۇددىستلار ئىشلىرىنى ئىلاھلىرىنىڭ ئىسىملىرى بىلەن باشلاپ، «ئۇززانىڭ نامى بىلەن باشلايمەن»، «لاتنىڭ نامى بىلەن باشلايمەن» ۋە «ھۇبەلنىڭ نامى بىلەن باشلايمەن» دەيتتى.

ئىمام تەبەرى مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بارلىق ئىشلىرىنى باشلاش ئالدىدا ئۆزىنىڭ گۈزەل ئىسىملىرىنى تىلغا ئېلىشنى ئۆگەتكەن ۋە بۇنى پۈتۈن بەندىلىرى ئۈچۈن ياخشى ئادەت قىلىپ بەلگىلىگەن. بىراۋنىڭ بىرەر سۈرىنى ئوقۇش ئالدىدا ‹بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ› دېيىشى ئۇنىڭ ‹ئاللاھنىڭ نامى بىلەن ئوقۇيمەن› دېگەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. باشقا بارلىق ئىشلاردىمۇ شۇنداقتۇر.»

# فاتىھە سۈرىسى

بۇ سۈرە ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە: فاتىھە سۈرىسى مەككىدە نازىل بولغان، يەتتە ئايەتلىك سۈرىدۇر. قۇرئان كەرىمنىڭ ئۇنىڭ بىلەن باشلانغانلىق ئېتىبارى بىلەن، بۇ سۈرە «فاتىھە» (ئاچقۇچى) دەپ ئاتالغان. چۈنكى فاتىھە سۈرىسى قۇرئان سۈرىلىرىنىڭ تەرتىپى بويىچە (نازىل بولۇش تەرتىپى بويىچە ئەمەس) بىرىنچى سۈرىدۇر. بۇ سۈرە ئۆزىنىڭ قىسقىلىقى ۋە ئايەتلىرىنىڭ ئىخچاملىقى بىلەن قۇرئان كەرىم مەنىلىرىنىڭ ھەممىسىنى، شۇنداقلا ئاساسلىق غايىلىرىنى ئومۇملاشتۇرغان ھالدا ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇ سۈرە دىنىنىڭ ئاساسلىق پىرىنسىپلىرىنى ۋە ئۇنىڭ شاخچە مەسىلىلىرىنى ـ ئەقىدە، ئىبادەت، شەرىئەت، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈش، ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرىگە ئىمان كەلتۈرۈش، ئىبادەت ۋە ياردەم، دۇئالاردا ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگىلا يۈزلىنىش، ئۇنىڭدىن ھەق دىنغا ھىدايەت قىلىشىنى، توغرا يولغا باشلىشىنى سوراش، ئىماندا مۇستەھكەم تۇرۇپ ئۆلگىلىك كىشىلەرنىڭ يولىدا ئىزچىل يۈرۈشكە قەدىمىنى مۇستەھكەم قىلىشىنى تىلەش، ئاللاھنىڭ غەزىپىگە يولۇققانلارنىڭ ۋە توغرا يولدىن ئازغانلارنىڭ يولىدىن يىراق قىلىشىنى تىلەش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇ سۈرىدە ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنىڭ قىسسىلىرىدىن

ئىبرەتلىك خەۋەرلەر، بەختلىكلەرنىڭ جەننەتتىكى ۋە بەختسىزلەرنىڭ ئازابلىرىدىن مەلۇماتلار، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر - پەرمانى ۋە چەكلىمىلىرىگە رىئايە قىلىش بىلەن ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىش ھەمدە بۇلاردىن باشقا كۆپلىگەن ئېسىل مەقسەت، گۈزەل غايىلەر مېغىزلىق بايان قىلىنغان. فاتىھە سۈرىسى قۇرئان كەرىمنىڭ باشقا سۈرىلىرىگە نىسبەتەن ئانىغا ئوخشاشتۇر. شۇڭا ئۇ «ئۇممۇل كىتاب» (ئانا كىتاب) دەپ ئاتالغان. چۈنكى ئۇ قۇرئان كەرىمنىڭ ئاساسلىق غايىسىنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان سۈرىدۇر.

**فاتىھە سۈرىسىنىڭ پەزىلىتى:** 1. ئىمام ئەھمەد «مۇسنەد» ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە، ئۇبەي ئىبنى كەئب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇپ بەرگىنىدە، ئۇ مۇنداق دېگەن: «جېنىم ئىلكىدە بولغان زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بۇ سۈرىنىڭ ئوخشىشى تەۋراتتىمۇ، ئىنجىلدىمۇ، زەبۇردىمۇ ۋە قۇرئاندىمۇ چۈشۈرۈلگىنى يوق. ئۇ تەكرار ئوقۇلىدىغان يەتتە ئايەت ۋە ماڭا بېرىلگەن ئۇلۇغ قۇرئاندۇر». بۇ ھەدىس ئاللاھ تائالانىڭ ھىجر سۈرىسىدىكى مۇنۇ سۆزىگە ئىشارەت قىلىدۇ: «تەكرار ئوقۇلىدىغان ئايەتنى (سۈرە فاتىھەنى) ۋە ئۇلۇغ قۇرئاننى ھەقىقەتەن ساڭا ئاتا قىلدۇق.» 2. ئىمام بۇخارىي رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا مۇنداق دېگەن: «مەن ساڭا قۇرئاندىكى ئەڭ ئۇلۇغ بىر سۈرىنى ئۆگىتىپ قويماقچىمەن. ئۇ <ٱلْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ ٱلْعَٰلَمِينَ> بولۇپ، ئۇ تەكرار ئوقۇلىدىغان يەتتە ئايەت ۋە ماڭا بېرىلگەن ئۇلۇغ قۇرئاندۇر.»

فاتىھە سۈرىسىنىڭ ناملىرى: فاتىھە سۈرىسى «ئۇممۇل كىتاب» (ئانا كىتاب)، «سەبئۇل مەسانى» (تەكرار ئوقۇلىدىغان يەتتە ئايەت)، «ئەل شافىيە» (دەرمان بولغۇچى)، «ئەل كافىيە» (كۇپايە قىلغۇچى)، «ئەل ۋافىيە» (ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغۇچى)، «ئەل ئەساس» (دىنىنىڭ ۋە قۇرئاننىڭ ئاساسى)، «ئەل ھەمد» (ماختاش، مەدھىيە) دېگەن نامىلار بىلەن ئاتىلىدۇ. ئىمام قۇرتۇبىي فاتىھە سۈرىسىنىڭ 12 ئىسمى بارلىقىنى بايان قىلغان.

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ ﴿١﴾

ٱلۡحَمۡدُ لِلَّهِ رَبِّ ٱلۡعَٰلَمِينَ ﴿٢﴾ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ ﴿٣﴾ مَٰلِكِ يَوۡمِ ٱلدِّينِ ﴿٤﴾ إِيَّاكَ نَعۡبُدُ وَإِيَّاكَ نَسۡتَعِينُ ﴿٥﴾ ٱهۡدِنَا ٱلصِّرَٰطَ ٱلۡمُسۡتَقِيمَ ﴿٦﴾ صِرَٰطَ ٱلَّذِينَ أَنۡعَمۡتَ عَلَيۡهِمۡ غَيۡرِ ٱلۡمَغۡضُوبِ عَلَيۡهِمۡ وَلَا ٱلضَّآلِّينَ ﴿٧﴾

**تەپسىرى:** ئاللاھ تائالا ئۆزىگە قانداق رەۋىشتە ھەمدۇسانا ئېيتىشىمىز، ئۇنى ئۆزىگە لايىق شەكىلدە قانداق ئۇلۇغلىشىمىز ۋە ماختىشىمىز كېرەكلىكىنى بىزگە ئۆگىتىپ مۇنداق دېدى: «جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر»، يەنى ئەي بەندىلىرىم! ماڭا شۈكۈر قىلماقچى ۋە مېنى ماختىماقچى بولساڭلار «ئەلھەمدۇ لىللاھ» دەڭلار، سىلەرگە قىلغان ئاتا - ئېھسانلىرىم ۋە جىمى ياخشىلىقلىرىم ئۈچۈن ماڭا شۈكۈر ئادا قىلىڭلار. ھەقىقەتەن مەن ئۇلۇغلۇق، شان - شەۋكەت ۋە كاتتىلىق ئىگىسى، يارىتىش

ۋە پەيدا قىلىشتا يەككە ـ يېگانە، ئىنسانلارنىڭ، جىنلارنىڭ، پەرىشتىلەرنىڭ ۋە ئاسمانلار بىلەن زېمىنلارنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھمەن. ماختاش ۋە شۈكۈر ساختىنا ئىلاھلارغا ئەمەس، بەلكى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر. «ئاللاھ ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىباندۇر»، يەنى بەندىلىرىگە رىزىق بېرىش ۋە ئۇلارنى ئىككى دۇنيالىق سائادەت يولىغا باشلاش بىلەن رەھمىتى، پەزل ـ كەرەمى جىمى مەخلۇقاتقا ئومۇم بولغان زات ـ شەپقىتى كەڭ، رەھمىتى كاتتا، ئېھسانلىرى ئۈزۈلمەيدىغان ئۇلۇغ ئاللاھتۇر. «قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسىدۇر»، يەنى ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنىدە كىشىلەردىن ھېساب ئېلىش، ئۇلارنىڭ ياخشىلىقلىرىغا مۇكاپات، يامانلىقلىرىغا جازا بېرىش ئىشلىرىنىڭ يېگانە ئىگىسى ۋە ھەممىنى خالىغانچە تەسەررۇپ قىلغۇچىدۇر. «ئۇ كۈندە بىر ئادەمنىڭ يەنە بىر ئادەمگە ياردەم بېرىش قولىدىن كەلمەيدۇ، بۇ كۈندە ھۆكۈم ئاللاھقا خاستۇر.»، «(رەببىمىز) ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز»، يەنى ئى رەببىمىز! بىز ئىبادەتلىرىمىزنى ۋە ياردەم سوراشلىرىمىزنى ساڭىلا خاس قىلىمىز. سەندىن باشقا بىرىگە چوقۇنمايمىز، سەن ئۈچۈنلا ئۆزىمىزنى خار قىلىمىز، سېنىڭلا ئەمرىڭگە بويسۇنىمىز ۋە سەندىنلا قورقىمىز. پەرۋەردىگارىمىز! ساڭا ئىتائەت قىلىش ۋە سېنى رازى قىلىدىغان ئىشلارغا مۇيەسسەر بولۇش ئۈچۈن سەندىنلا ياردەم سورايمىز. سەن ھەقىقەتەن ھەر قانداق ئۇلۇغلاش ۋە ئالى ئېھتىرامغا تامامەن ھەقلىقسەن. بىزگە ياردەم قىلىشقا سەندىن باشقا ھېچكىمنىڭ كۈچى يەتمەيدۇ. «بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن»، ئى رەببىمىز! بىزنى سېنىڭ توغرا يولۇڭغا ۋە ھەق دىنىڭغا باشلىغىن، سېنىڭ جىمى

پەيغەمبەرلىرىنىڭ ۋە ئاخىرقى پەيغەمبىرىنىڭ ئىلىپ كەلگەن ئىسلام دىنىدا بىزنى ھەر زامان مۇستەھكەم قىلغىن، بىزنى ساڭا يېقىن بولغانلارنىڭ يولىدا يۈرگۈچىلەردىن قىلغىن. «غەزىپىڭگە يولۇققانلارنىڭ ۋە ئازغانلارنىڭ يولىغا ئەمەس، سەن ئىنئام قىلغانلارنىڭ يولىغا» ، يەنى پەيغەمبەرلەرنىڭ، سىددىقلارنىڭ، شەھىدلەرنىڭ ۋە سالىھلارنىڭ، سەن پەزل - كەرەمىڭ بىلەن ئىنئام قىلغانلارنىڭ يولىغا باشلىغىن. بىزنى يەھۇدىي ۋە خىرىستىيانلاردىن ئىبارەت سېنىڭ توغرا يولۇڭدىن يۈز ئۆرۈگەن، ئازغۇنلۇق يولىنى تاللىغان، سېنىڭ مۇقەددەس شەرىئىتىڭدىن ئېزىپ كەتكەن، ئاخىرىدا سېنىڭ غەزىپىڭگە ۋە تا قىيامەتكىچە لەنىتىڭگە ئۇچرىغان دۈشمەنلىرىڭنىڭ قاتارىدىن قىلمىغىن، ئۇلارنىڭ يولىدىن بىزنى يىراق قىلغىن. ئامىن (دۇئالىرىمىزنى ئىجابەت قىلغىن).

**ئىلاۋە:** 1. «ئاللاھ» سۆزى بىلەن «ئىلاھ» سۆزىنىڭ ئوتتۇرىسىدا چوڭ پەرق باردۇر. ئاۋۋالقىسى ئاللاھ تائالانىڭ مۇقەددەس زاتىغا قويۇلغان ئىسىم بولۇپ، مەنىسى «ھەقىقىي مەبۇد» دېگەن بولىدۇ. كېيىنكىسى «ھەق ياكى باتىل ھەر قانداق ئىلاھ» دېگەنلىك بولۇپ، بۇ ئىسىم ئاللاھ تائالاغا ۋە باشقا ساختا ئىلاھلارغا ئورتاق ئىشلىتىلىۋاتىدۇ. 2. بۇ سۈرىدىكى «ئىبادەت قىلىمىز» ، «ياردەم سورايمىز» دېگەن ئايەتلەر «ئىبادەت قىلىمەن» ، «ياردەم سورايمەن» دەپ بىرلىك شەكلى بىلەن ئەمەس، بەلكى كۆپلۈك شەكلى بىلەن كەلگەن. بۇ، بەندىنىڭ پادىشاھلار پادىشاھى بولغان ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا يالغۇز ھازىر بولۇپ تۇرۇشتىن ئاجىزلىقىنى ئېتىراپ قىلىشى ئۈچۈن ئىدى. گويا ئۇ دەيدۇكى: ئى

پەرۋەردىگارىم! مەن ئەڭ ئاجىز، ئەڭ خار ۋە بىچارە قۇلۇڭمەن. مەن سېنىڭ ئالدىڭدا ئۆزۈم يالغۇز تۇرۇشقا لاياقەتلىك ئەمەسمەن. بەلكى مەن مۆمىنلەر كارۋىنىغا قېتىلىپ شۇلار بىلەن بىر سەپتە تۇرغاندىلا ئاندىن ساڭا مۇناجات قىلىشقا لاياقەتلىك بولالايمەن. بىز ھەممىمىز ساڭا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىن ياردەم سورايمىز. شۇ ۋاقىتتىلا مېنىڭ دۇئايىممۇ كۆپچىلىكنىڭ دۇئاسى بىلەن بىرلىكتە قوبۇل بولىدۇ. 3. «سەن ئىنئام قىلغانلارنىڭ...» دېگەن ئايەتتە نېمەت ئاللاھ تائالاغا مەنسۇپ قىلىنغان. ئەمما ئازغۇنلۇق ۋە غەزەپ ئۇنىڭغا مەنسۇپ قىلىنمىغان. شۇڭا: «سەن غەزەپ قىلغان ۋە ئازدۇرغانلارنىڭ ...» دېيىلمىگەن. بۇ، بەندىلەرنىڭ ئاللاھ تائالاغا قانداق ئەدەپ - ئەخلاق دائىرىسىدە ئىش كۆرۈشى لازىملىقىنى ئۆگىتىش ئۈچۈن ئىدى. گەرچە يامانلىقمۇ ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدىغان بولسىمۇ، ئاللاھ تائالاغا نىسبەتەن ئەدەپلىك بولۇش يۈزىسىدىن، يامانلىق ئاللاھ تائالاغا مەنسۇپ قىلىنمايدۇ. «ياخشىلىقنىڭ ھەممىسى سېنىڭ قولۇڭدىدۇر، يامانلىق ساڭا مەنسۇپ ئەمەس.»

## خاتىمە

**فاتىھە سۈرىسىدىكى مۇقەددەس ئەسرارلار:** ئىسلام شەھىدى ئەللامە ھەسەنۇلبەننا «تەپسىر ھەققىدە مۇقەددىمە» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «شۈبھىسىزكى، فاتىھە سۈرىسى ئۈستىدە كۆڭۈل قويۇپ تەپەككۇر قىلغان كىشى ئۇنىڭدىكى چوڭقۇر مەنىلەرنى، ئېسىل تەبىرلەرنى، ئاجايىپ ماسلىششلارنى

ۋە ئۆز ئىچىگە ئالغان مەنىسىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى كۆرىدۇ. بۇ سۈرە ئۇنىڭ قەلب چوڭقۇرلۇقلىرىنى يورۇتىۋېتىدۇ. كىشى بۇ سۈرىنى باشلىغىنىدا، رەھمىتىنىڭ ئىزنا - ئەسەرلىرى جىمى نەرسىدە تەجەللى قىلىپ تۇرىدىغان رەھىم - شەپقەتلىك ئاللاھنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالىدۇ. ئىنسان بۇ مەنىنى ھېس قىلغىنىدا ۋە قەلبىگە مەھكەم ئورناتقىنىدا، ئۇنىڭ تىلى بۇ ئۇلۇغ ئىلاھنى مەدھىيەلەشكە ئاتلىنىدۇ. «ئاللاھ ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىباندۇر»، بۇ ھەمدۇسانا ئۇنىڭغا ئاللاھ تائالانىڭ نېمىتىنىڭ چوڭلۇقىنى، پەزل - كەرەمىنىڭ كەڭلىكىنى، ئالەملەرنى پەرۋىش قىلىشتىكى كاتتا نېمەتلىرىنى ئەسلىتىدۇ. ئۇنىڭ كۆزىنى قىرغىقى كۆرۈنمەيدىغان بۇ چەكسىز ئوكيانغا قارىتىپ ئېچىۋېتىدۇ. ئاندىن يەنە بۇ سانسىز نېمەتلەر ۋە ئۇلۇغ تەربىيەتلەرنىڭ ئۆزلۈكىدىن ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ شەپقەت ۋە ئاتا - ئېھسان قىلغانلىقىدىن ئىكەنلىكىنى خىتاب قىلىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ تىلى يەنە بىر قېتىم: «ئاللاھ ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىباندۇر» دېگەن ئايەتنى تىلاۋەت قىلىدۇ. بۇ، ئۇلۇغ ئىلاھ كامالىتىنىڭ يەنە بىر ئالامىتى بولغان «شەپقەت»نى «ئادالەت»كە يانداشتۇرۇشى بولۇپ، ئۆزىنىڭ بۇ سانسىز پەزل - كەرەمدىن كېيىن يەنە ھېسابىنىڭمۇ بارلىقىنى خاتىرىلىتىدۇ. ئاللاھ ئۆزلۈكسىز بېرىلىدىغان شۇنچە كۆپ رەھمىتى ۋە شەپقىتى بىلەن بىر ۋاقىتتا، بەندىلىرىدىن قىيامەت كۈنىدە ھېساب ئالىدۇ. «ئۇ كۈندە بىر ئادەمنىڭ يەنە بىر ئادەمگە ياردەم بېرىشى قولىدىن كەلمەيدۇ، بۇ كۈندە ھۆكۈم ئاللاھقا خاستۇر.» ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىنى تەربىيەت قىلىشى ئۆزىنىڭ رەھمىتىگە قىزىقتۇرۇش ۋە ئادالىتى بىلەن ھېساب ئېلىشىدىن قورقۇتۇش بىلەن بولىدۇ.

«قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسىدۇر» ، ئىش بۇنداق بولىدىغان بولسا، بەندە ياخشىلىقنى تاللاشقا، نىجاتلىقنىڭ يوللىرىنى ئىزدەشكە بۇيرۇلغان بولىدۇ. ئۇ بۇ ھەقتە ئۆزىنى توغرا يولغا يېتەكلەيدىغان بىرىگە ئىنتايىن زور ئېھتىياجلىقتۇر. ئۇنى توغرا يولغا يېتەكلەش ئىشىدا ئۆزىنى ياراتقان ئىگىسى ۋە مېھرىبان رەببىدىن باشقا بىرى يوقتۇر. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ئۇ پەرۋەردىگارىغا يۈزلەنسۇن، ئۇنىڭغا يۆلەنسۇن ۋە: «رەببىمىز ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز» دەپ ئۇنىڭغا ئىلتىجا قىلسۇن! پەرۋەردىگارىنىڭ پەزلى - كەرەم بىلەن ئۆزىنى توغرا يولغا ھىدايەت قىلغىنىدىن كېيىن ئازغۇنلۇقنى تاللىغانلىقلىرى سەۋەبلىك بېرىلگەن نېمەتلەردىن مەھرۇم قىلىنىپ، ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ئۇچرىغانلارنىڭ ياكى ھەق يولدىن ئېزىپ كەتكەنلەرنىڭ ياكى توغرا يولنى ئىزدىگەن بولسىمۇ، ئۇنى تاپالماي ئازغۇنلاردىن بولۇپ كەتكەنلەرنىڭ يولىغا ئەمەس، بەلكى ئاللاھ ھەقىقەتنى بىلدۈرۈپ، ئۇنىڭغا ئەگىشىشنى نېسىپ قىلىش بىلەن ئىنئام قىلغانلارنىڭ يولىغا ھىدايەت قىلىشىنى سورىسۇن!

«ئامىن» ، يەنى (دۇئايىمنى ئىجابەت قىلغىن) دېگەن سۆز تولىمۇ جايىدا ئېيتىلغان، ئىنتايىن چوڭقۇر مەنىلىك بىر ئىلتىجادۇر. ئاللاھ تائالاغا دۇئا بىلەن يۈزلىنىشتە فاتىھە سۈرىسىدەك ئېسىل ۋە ئەھمىيەتلىك باشقا بىر سۆز بارمۇ؟! بۇ سۈرىدىكى ئايەتلەرنىڭ مەنىلىرى ئارىسىدىكىدىنمۇ بەكرەك بىر - بىرىگە باغلىنىشلىق، ئەڭ يىغىنچاق ۋە ئەڭ چوڭقۇر مەنىلىك ئىبارىلەرنى كۆرگەنمىدىڭىز؟ مۇشۇ گۈزەل ئىپادىنى كۆرۈۋاتقىنىڭىزدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالادىن

رىۋايەت قىلغان مۇنۇ ھەدىس قۇدسىينى ئەسكە ئېلىڭ: «نامازنى بەندەم بىلەن مېنىڭ ئارامدا ئىككىگە بۆلدۈم، بەندەم ئۈچۈن سورىغىنىنى بېرىمەن». بۇ سۈرىنى نامازدا ۋە باشقا ۋاقىتلاردىمۇ ئاللاھ تائالاغا بولغان ئەڭ كەمتەرلىك ۋە ئەيمىنىش تۇيغۇسى بىلەن ھەر ئايەتنىڭ بېشىدا توختاپ، تىلاۋەتنىڭ تەجۋىد قائىدىسىگە ئەمەل قىلىش ۋە گۈزەل ئوقۇشتىن ئىبارەت تەقەززاسىنى ئورۇندىغان ھالدا، ئۆزىگىزنى ئەركىن ۋە سالماق تۇتۇپ، ئايەتلەرنىڭ لەۋزىگىلا بېرىلىپ كېتىپ مەنىلەرنى چۈشىنىشتىن غەپلەتتە قالماي، ئالدىرىماي، كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇشقا تىرىشىڭ. مۇشۇنداق قىلىش سىزنىڭ چۈشىنىشىڭىزگە ياردەمچى بولىدۇ، تىلاۋەت جەريانىدا كۆز ياشلىرىڭىزنى يېڭىلاپ تۇرىدۇ. ھەقىقەتەن، قەلب ئۈچۈن مەنىسىنى چۈشىنىپ ئىخلاس بىلەن قۇرئان تىلاۋەت قىلىشتىنمۇ پايدىلىق ھېچ شەيئى يوقتۇر.

فاتىھە سۈرىسىنىڭ تەپسىرى تۈگىدى.

# بەقەرە سۈرىسى

**مەدىنىدە چۈشكەن، 287 ئايەتلىك سۈرە**

---

**بۇ سۈرە ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە:** بەقەرە سۈرىسى قۇرئان كەرىمدىكى ئەڭ ئۇزۇن سۈرە بولۇپ، شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەدىنە سۈرىلىرىدىندۇر. ئۇ مەدىنىدە نازىل بولغان باشقا سۈرىلەرگە ئوخشاش، مۇسۇلمانلار كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ئېھتىياجلىق بولغان شەرىئەت بەلگىلىمىلىرى ۋە قانۇن - تۈزۈملەرنى بايان قىلىدۇ.

بۇ سۈرە ئەقىدە، ئىبادەت، مۇئامىلە، ئەخلاق، تۇرمۇش قۇرۇش ئىشلىرى، تالاق، ئاياللارنىڭ ئىددەت مەسىلىسى ۋە باشقا كۆپلىگەن شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

سۈرىنىڭ ئالدىنقى ئايەتلىرى مۆمىنلەرنىڭ، كاپىرلارنىڭ ۋە مۇناپىقلارنىڭ سۈپەتلىرىنى بايان قىلغان. ئىماننىڭ ھەقىقىتى بىلەن كۇپرىنىڭ ھەقىقىتى، مۇناپىقلارنىڭ ئالامىتى، سائادەتكە ئېرىشكۈچىلەر بىلەن زەبۇنلۇققا چۈشكۈچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەر سېلىشتۇرما ئارقىلىق ناھايىتى روشەن ئىزاھلانغان.

ئاندىن بۇ سۈرە يارىتىلىشنىڭ باشلىنىشىدىن سۆز ئېچىپ، ئىنسانلارنىڭ ئاتىسى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى، ئۇنىڭ يارىتىلىشىدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر ۋە ئاللاھ تائالانىڭ

ئىنسان ئوغلىنى ھۆرمەتلىك قىلغانلىقىغا دالالەت قىلىدىغان ئاجايىپ ئىشلارنى بايان قىلغان.

شۇنداقلا بۇ سۈرە يەنە ئەھلى كىتاب، خۇسۇسەن ئىسرائىل ئەۋلادىدىن بولغان يەھۇدىيلار ھەققىدىكى تەپسىلىي بايانلار ھەققىدە توختالغان. چۈنكى يەھۇدىيلار مەدىنىدە مۇسۇلمانلار بىلەن بىرگە ياشايتتى. شۇڭا ئۇلارنىڭ ناچارلىقى، ھىيلە - مىكىرلىك، تەبىئىتىگە سىڭىپ كەتكەن ئالدامچىلىق، خىيانەت، دۈشمەنلىك، ئەھدە - پەيمانلارنى بۇزۇش قاتارلىق رەزىللىكلىرىنى؛ بۇندىن باشقا ئۇلار سادىر قىلغان جىنايەتلەر بىلەن قەبىھ قىلمىشلىرىنى، ئۇلارنىڭ خەتىرىنىڭ چوڭلۇقى ۋە زىيان - زەخمەتلىرىنىڭ كۆپلۈكىنى ئىزاھلاش ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنى ئاگاھلاندۇرغان. بۇ سۈرىنىڭ «ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! مېنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىمنى ياد ئېتىڭلار» دېگەن 40 - ئايىتىدىن «ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىمنى پەرۋەردىگارى بىر قانچە ئەمرلەر بىلەن سىنىدى» دېگەن 124 - ئايىتىگىچە بولغان ئۈچتىن بىر قىسمى يەھۇدىيلار ھەققىدىكى بايانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

سۈرىنىڭ قالغان قىسمى شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. چۈنكى مۇسۇلمانلار ئۇ ۋاقىتتا مەدىنىدە تۇنجى «ئىسلام دۆلىتى»نى تەسىس قىلىش ھارپىسىدا ئىدى. شۇڭا ئۇلار كۈندىلىك تۇرمۇشىدا مەيلى ئىبادەت، مەيلى مۇئامىلە مەسىلىلىرىدە بولسۇن، ئۆزلىرىگە يېتەكچى بولۇشى ئۈچۈن ساماۋى قانۇنلارغا ۋە ئىلاھىي پرىنسىپلارغا ئىنتايىن ئېھتىياجلىق ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇ سۈرىنىڭ كۆپ قىسمى شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

ئۇلارنىڭ بايانى قىسقىچە مۇنداق:

روزىنىڭ ئەھكاملىرى تەپسىلىي بايان قىلىنغان. ھەج - ئۆمرە، ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش، ئائىلە مەسىلىلىرى ۋە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك تالاق، بالا ئېمىتىش، ئاياللارنىڭ ئىددەت تۇتۇشى، مۇشرىك ئاياللارغا نىكاھلىنىشنىڭ ھاراملىقى، ئاياللار ھەيزدار ۋاقىتلىرىدا ئۇلار بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتىن مەنئىي قىلىش قاتارلىق ئائىلە مەسىلىلىرى بىر قەدەر تەپسىلىي بايان قىلىنغان. چۈنكى ئائىلە جەمئىيەتنىڭ ئاساسىدۇر.

ئاندىن بۇ سۈرە جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا تەھدىت ئېلىپ كېلىپ، ئۇنىڭ ئۇل - ئاساسىنى يىقىتىپ تاشلايدىغان «جازانىخورلۇق جىنايىتى» ئۈستىدە توختىلىپ، ئۆسۈم بىلەن مۇئامىلە قىلغۇچىلارغا ئاللاھ تائالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى تەرىپىدىن ئوچۇق ئۇرۇش ئېلان قىلىش بىلەن قاتتىق تەھدىت قىلىدۇ. «ئى ئىمان ئېيتقان كىشىلەر! (ھەقىقىي) مۆمىن بولساڭلار، ئاللاھتىن قورقۇڭلار، (كىشىلەرنىڭ زىممىسىدە) قېلىپ قالغان ئۆسۈمنى ئالماڭلار. ئەگەر ئۇنداق قىلساڭلار بىلىڭلاركى، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى سىلەرگە ئۇرۇش ئېلان قىلىدۇ، ئەگەر (جازانە قىلىشتىن) تەۋبە قىلساڭلار، (قەرز بەرگەن) سەرمايەڭلار ئۆزۈڭلارغا قايتىدۇ، باشقىلارنى زىيان تارتقۇزمايسىلەر، ئۆزۈڭلارمۇ زىيان تارتمايسىلەر» (بەقەرە 279-278 - ئايەتلەر).

جازانىنى ھارام قىلىش توغرىسىدا كەلگەن ئايەتلەرگە ياندىشىپ، ھەر ئىنسان ئۆزىنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرىگە ساۋاب، يامانلىقلىرى ئۈچۈن جازا ئالىدىغان دەھشەتلىك

قىيامەت كۈنىدىن ئاگاھلاندۇرغان مۇنۇ ئايەت كېلىدۇ: «سىلەر شۇنداق بىر كۈندىن قورقۇڭلاركى، ئۇ كۈندە سىلەر ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر، ئاندىن ھەر كىشى قىلغان (ياخشى - يامان) ئەمەلىنىڭ نەتىجىسىنى تولۇق كۆرىدۇ، ئۇلارغا ھەقسىزلىق قىلىنمايدۇ» (بەقەرە 281 - ئايەت). بۇ ئايەت قۇرئان ئايەتلىرى ئىچىدىكى ئەڭ ئاخىرىدا نازىل قىلىنغان ۋە ئاسماندىن كېلىدىغان ۋەھيىنىڭ تۈگەنچىسىدۇر. بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇشى بىلەن بىلەن ۋەھيى توختىغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى تولۇق ئادا قىلىپ، ئۈستىگە ئالغان ئامانەتنى يەتكۈزۈپ بولۇپ ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىغا قايتقان.

بۇ سۈرە مۆمىنلەرنى گۇناھلارغا تەۋبە قىلىپ ئاللاھ تائالا تەرىپىگە قايتىشقا، قىيىنچىلىقلارنى ۋە تاقەت يەتمەيدىغان تەكلىپلەرنى كۆتۈرۈۋېتىش، كاپىرلارغا قارشى نۇسرەت ئاتا قىلىشى ھەققىدە ئاللاھقا يالۋۇرۇشقا ۋە ئىككى دۇنيالىق بەخت - سائادەتلىرى ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان دۇئالارنى قىلىشقا بۇيرۇش بىلەن ئاخىرلاشقان. «پەرۋەردىگارىمىز! بىزدىن ئىلگىرىكىلەرگە يۈكلىگىنىڭگە ئوخشاش، بىزگە ئېغىر يۈك يۈكلىمىگىن (بىزنى قىيىن ئىشلارغا تەكلىپ قىلمىغىن)، پەرۋەردىگارىمىز! كۈچىمىز يەتمەيدىغان نەرسىنى بىزگە ئارتمىغىن، بىزنى كەچۈرگىن، بىزگە مەغپىرەت قىلغىن، بىزگە رەھىم قىلغىن، سەن بىزنىڭ ئىگىمىزسەن، كاپىر قەۋمگە قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن.» (بەقەرە 286 - ئايەت).

بۇ سۈرىنىڭ باشلىنىشى بىلەن تاماملىنىشى ماس ھالدا

بولۇپ، مۆمىنلەرنىڭ سۈپەتلىرىنى بايان قىلىش بىلەن باشلىنىپ، مۆمىنلەرنىڭ دۇئاسى بىلەن ئاخىرلاشقان.

سۈرىنىڭ ئىسمى: بۇ سۈرە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا مەيدانغا كەلگەن ئۇنتۇلماس مۆجىزىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن، «بەقەرە (كالا) سۈرىسى» دەپ ئاتالغان. ئۇ ۋاقىتتا ئىسرائىل ئەۋلادىدىن بىر ئادەم ئۆلتۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ قاتىلى تېپىلمىغان. ئۇلار بۇ مەسىلىنى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر تەرەپ قىلىپ بېرىشىنى سوراپ ئۇنىڭ يېنىغا كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيى قىلىپ، ئۇنىڭ ئىسرائىل ئەۋلادىنى بىر كالا بوغۇزلاشقا ۋە بوغۇزلانغان كالىنىڭ بىر پارچىسى بىلەن ئۆلۈكنى ئۇرۇشقا بۇيرۇشىنى، شۇنداق قىلسا ئۆلۈك تىرىلىپ ئۆزىنىڭ قاتىلىنى ئېيتىپ بېرىدىغانلىقىنى، بۇ مۆجىزىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشكە قادىر ئىكەنلىكىنىڭ ئوپئوچۇق دەلىلى بولىدىغانلىقىنى ئېيتىشنى ئەمىر قىلغان. بۇ قىسسە ئۆز ئورنىدا تەپسىلىي بايان قىلىنىدۇ.

سۈرىنىڭ پەزىلىتى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەر ئۆيۈڭلارنى قەبرىگە ئوخشاش قىلىۋالماڭلار. شەيتان بەقەرە سۈرىسى ئوقۇلغان ئۆيدىن قاچىدۇ» (مۇسلىم ۋە تىرمىزى رىۋايىتى). ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن: «بەقەرە سۈرىسىنى ئوقۇپ تۇرۇڭلار. ئۇنى ئوقۇش بەرىكەت، تەرك ئېتىش ھەسرەت ـ نادامەت، ئۇنىڭغا سېھىرگەرلەرنىڭ كۈچى يەتمەيدۇ» (مۇسلىم رىۋايىتى).

الٓمٓ ﴿١﴾ ذَٰلِكَ ٱلۡكِتَٰبُ لَا رَيۡبَۛ فِيهِۛ هُدٗى لِّلۡمُتَّقِينَ ﴿٢﴾

ٱلَّذِينَ يُؤْمِنُونَ بِٱلْغَيْبِ وَيُقِيمُونَ ٱلصَّلَوٰةَ وَمِمَّا رَزَقْنَٰهُمْ
يُنفِقُونَ ﴿٣﴾ وَٱلَّذِينَ يُؤْمِنُونَ بِمَآ أُنزِلَ إِلَيْكَ وَمَآ أُنزِلَ
مِن قَبْلِكَ وَبِٱلْءَاخِرَةِ هُمْ يُوقِنُونَ ﴿٤﴾ أُو۟لَٰٓئِكَ عَلَىٰ هُدًى
مِّن رَّبِّهِمْ ۖ وَأُو۟لَٰٓئِكَ هُمُ ٱلْمُفْلِحُونَ ﴿٥﴾

تەپسىرى 1. بۇ سۈرە تەقۋادارلارنىڭ سۈپەتلىرىنى بايان قىلىش بىلەن باشلانغان بولۇپ، سۈرىنىڭ باشلىنىشى قۇرئاندىن يۈز ئۆرۈگۈچىلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان «الم» دېگەن ئەرەب ئېلىپبەسىنىڭ ھەرپلىرى بىلەن باشلانغان. چۈنكى كۆندىلىك تۇرمۇشتا قوللانمىغان سۆزلەرگە دەسلەپ يولۇققىنىدا ئوقۇرمەنلەرگە ئۆزگىچە تۇيۇلىدۇ - دە، ئوقۇلغان ئايەتلەر باشقىچە دىققىتىنى تارتىدۇ. بۇ ۋە بۇنىڭغا ئوخشىغان ھەرپلەر «قۇرئان كەرىمنىڭ مۆجىزىلىكى»گە دالالەت قىلىدۇ. چۈنكى قۇرئان كەرىم ئۇلارنىڭ كۈندىلىك سۆزلىرىنى شەكىللەندۈرىدىغان ھەرپلەردىن تۈزۈلگەن كىتابتۇر. ئەگەر ئۇلار قۇرئان كەرىمگە ئوخشايدىغان كىتابتىن يەنە بىرنى كەلتۈرەلمەيدىكەن، ئۇ ھالدا بۇ، قۇرئان كەرىمنىڭ مۆجىزە ئىكەنلىكىگە ئەڭ كۈچلۈك دەلىلدۇر. قۇرئان كەرىم ئەرەبلەر ئۆزلىرى ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان ئەرەب ئېلىپبەسى ھەرپلىرىدىن تۈزۈلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار قۇرئانغا ئوخشاش بىرەر كىتابنى بارلىققا كەلتۈرۈشتىن ئاجىزدۇر. بۇ پۈتۈن تەتقىقاتچىلارنىڭ بىردەك ئېتىراپىدۇر. ئىمام زەمەخشەرىي «ئەل كەششاف» ناملىق تەپسىرىدىمۇ بۇنى يېتەرلىك دەلىللەر بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان. ئىمام ئىبنى تەيمىيەمۇ بۇ قاراشنى كۈچلەندۈرگەن بولۇپ، مۇنداق

دېگەن: ھەرپلەر بىلەن باشلانغان ھەر قانداق سۈرە ئەلۋەتتە قۇرئان كەرىمنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ۋە ئۇنىڭ بايانلىرىنىڭ مۆجىزە ئىكەنلىكىنى نامايان قىلماقتا. مەسىلەن: «ئەلىف، لام، مىم. بۇ كىتابتا (قۇرئاندا) ھېچ شەك يوق» (بەقەرە سۈرىسى -1، -2، ئايەت)، «ئەلىف، لام، مىم، ساد. (ئى مۇھەممەد! كاپىرلارنى) ئاگاھلاندۇرۇشۇڭ، مۆمىنلەرگە ۋەز - نەسىھەت قىلىشىڭ ئۈچۈن، بۇ كىتاب (قۇرئان) ساڭا نازىل قىلىندى. ئۇنىڭدىن (ئۇنى تەبلىغ قىلىشتا قەۋمىڭنىڭ ئۇنى ئىنكار قىلىشىدىن ئەنسىرەپ) يۈرىكىڭ سىقىلمىسۇن» (ئەئراف سۈرىسى 1 -، 2 - ئايەت)، « ئەلىف، لام، مىم. بۇ، ھېكمەتلىك كىتابنىڭ ئايەتلىرىدۇر» (لوقمان سۈرىسى -1، 2 - ئايەت)، «ھا، مىم. روشەن قۇرئان بىلەن قەسەم قىلىمەن. بىز قۇرئاننى ھەقىقەتەن مۇبارەك كېچىدە (شەبى قەدىردە) نازىل قىلدۇق، بىز ھەقىقەتەن ئىنسانلارنى (قۇرئان بىلەن) ئاگاھلاندۇرغۇچى بولدۇق» (دۇخان سۈرىسى -1، 3 - ئايەت) ۋە بۇلاردىن باشقا قۇرئان كەرىمنىڭ مۆجىزە ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدىغان ئايەتلەر. 2. «ئاشۇ كىتابتا (قۇرئاندا) ھېچ شەك يوق»، يەنى ئى مۇھەممەد! ساڭا چۈشۈرۈلگەن بۇ قۇرئان ھېچقانداق كىتابقا ئوخشىمايدىغان كىتابتۇر. «لاريب فيه» تەپەككۇر قىلىپ چۈشەنگەن كىشى ئۈچۈن قۇرئان كەرىمنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل بولغانلىقىدا ھېچقانداق شەك يوق. «بۇنىڭدا (ھەقىقەت ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزىدىغان) قەلبكە ئىگە ئادەم ياكى (ۋەز - نەسىھەتكە) قەلبى بىلەن قۇلاق سالىدىغان ئادەم ئۈچۈن ئەلۋەتتە ۋەز - نەسىھەت بار» (قاف سۈرىسى 37 - ئايەت). «تەقۋادارلارغا يېتەكچىدۇر» بۇ قۇرئان ئاللاھقا تەقۋالىق قىلىپ ئۇنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنلايدىغان ۋە

مەنئىي قىلغانلىرىنى تەرك ئېتىدىغان، تائەت ـ ئىبادەتلەرنى قىلىش ئارقىلىق ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ساقلىنىدىغان تەقۋادار مۆمىنلەر ئۈچۈن يولباشچىدۇر. ئىبنى ئابباس مۇنداق دېگەن: تەقۋادارلار ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشتىن ساقلانغۇچى ۋە ئاللاھقا تائەت - ئىبادەتتە بولغۇچىلاردۇر. ھەسەنۇلبەسرىي مۇنداق دېگەن: تەقۋادارلار ـ ئاللاھ ھارام قىلغان ئىشلارنى قىلىشتىن ساقلانغان، ئۇلارغا پەرز قىلىنغانلارنى ئادا قىلغان كىشىلەردۇر. ئاندىن، ئاللاھ تائالا ئاشۇ تەقۋادار مۆمىنلەرنىڭ سۈپەتلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: 3. «ئۇلار غەيبكە ئىشىنىدۇ» ، يەنى ئاخىرەتتىكى جەننەت، دوزاخ، سىرات، تىرىلىش، ھېساب بېرىش ۋە ئۇلاردىن باشقا قۇرئان كەرىمدە ھەم سەھىھ ھەدىسلەردە كەلگەن، ئۇلار ھېسسىي ئەزالىرى بىلەن ئىدراك قىلالمايدىغان شەيئىلەرگىمۇ چىن ئىشىنىدۇ. «نامازنى ئادا قىلىدۇ» ، يەنى ئۇلار نامازنى پۈتۈن شەرتلىرىگە، پەرزلىرىگە رىئايە قىلغان ھالدا، خۇشۇئ - ھۇزۇر ۋە قائىدە ـ تەرتىپلىرىدىن ئىبارەت ھەققىنى بېرىپ تۇرۇپ ئادا قىلغۇچىلاردۇر. ئىبنى ئابباس مۇنداق دېگەن: نامازنى ئادا قىلىش دېگەن ـ رۇكۇ، سەجدە، قىرائەت ۋە خۇشۇ قاتارلىق پۈتۈن تەلەپلىرىنى تولۇق ئادا قىلىش دېگەنلىكتۇر. «ئۇلار بىز بەرگەن مال - مۈلۈكتىن (خۇدا يولىغا) سەرپ قىلىدۇ» ، يەنى ئۇلار بىز ئاتا قىلغان مال ـ مۈلۈكتىن ياخشىلىق يوللىرىغا سەرپ قىلغۇچىلاردۇر. بۇ ئايەت زاكات، سەدىقە ۋە باشقا خەير ـ ئېھسانلارنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ، ئىبنى جەرىر تەبەرىنىڭ قارىشىدۇر. ئەمما ئىبنى ئابباستىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇ ئايەتتىن مەقسەت پۇل ـ مالنىڭ زاكىتىدۇر. ئىبنى كەسىر مۇنداق دېگەن: ئاللاھ

تائالا قۇرئان كەرىمنىڭ كۆپلىگەن ئايەتلىرىدە پۇل - مالنىڭ زاكىتىنى ئايرىش مەسىلىسىنى نامازغا ياندىشتۇرۇپ بايان قىلغان. چۈنكى ناماز ئاللاھنىڭ ھەققى، ئۇ ئاللاھنى بىر دەپ بىلىش، ئاللاھنى ئۇلۇغلاش، ھەمدۇسانا ئېيتىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سەرپ قىلىش - بەندىلەرگە خەيىر - ئېھسان قىلىپ بېرىش دېگەنلىك بولۇپ، ئۇ بەندىنىڭ ھەققىدۇر. ئادا قىلىش پەرز بولغان نەپىقىلەر ۋە زاكات بۇ ئايەتنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ. 4. «ئۇلار ساڭا چۈشۈرۈلگەن كىتابقا ئىشىنىدۇ» ، يەنى سەن ئاللاھ تەرىپىدىن ئېلىپ كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى تەستىق قىلىپ ئىشىنىدۇ. «سەندىن ئىلگىرىكى (پەيغەمبەرلەرگە) چۈشۈرۈلگەن كىتابلارغا ئىشىنىدۇ» ، يەنى سەندىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەر ئاللاھ تەرىپىدىن ئېلىپ كەلگەنلەرگىمۇ ئىشىنىدۇ. ئۇلار ئاللاھنىڭ كىتابلىرىنىڭ ياكى پەيغەمبەرلىرىنىڭ بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ، بەزىسىگە ئىمان ئېيتماي قالمايدۇ. ھەممىسىگە ئىمان ئېيتىدۇ. «ئاخىرەتكە شەكسىز ئىشىنىدۇ» ، يەنى بۇ پانىي دۇنيا ھاياتى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن كېلىدىغان ئاخىرەت ئالىمىگە ۋە ئۇنىڭدىكى تىرىلىش، مۇكاپات ياكى جازا ئېلىش، جەننەت، دوزاخ، ھېساب بېرىش، ئەمەللەرنىڭ تارازا - مىزاندا تارتىلىشى قاتارلىق ھەقىقەتلەرگە شەك قوبۇل قىلمايدىغان دەرىجىدە چىن پۈتىدۇ. ئاخىرەت ئالىمى بۇ دۇنيا ھاياتىدىن كېيىن كېلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ شۇنداق ئاتالغان. 5. «ئەنە شۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ توغرا يولىدا بولغۇچىلاردۇر» ، يەنى يۇقىرىقى ئېسىل سۈپەتلەرگە ئىگە بولغان ئاشۇ كىشىلەر ئاللاھنىڭ ئېنىق ۋە روشەن ھىدايىتى ئۈستىدە. «ئەنە شۇلار بەختكە ئېرىشكۈچىلەردۇر» ، يەنى

ئەنە شۇلار ئىسىل جەننەتلەردە ئۈستۈن ماقاملارنى قولغا كەلتۈرگۈچىلەردۇر.

إِنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ سَوَآءٌ عَلَيۡهِمۡ ءَأَنذَرۡتَهُمۡ أَمۡ لَمۡ تُنذِرۡهُمۡ لَا يُؤۡمِنُونَ ۝٦ خَتَمَ ٱللَّهُ عَلَىٰ قُلُوبِهِمۡ وَعَلَىٰ سَمۡعِهِمۡۖ وَعَلَىٰٓ أَبۡصَٰرِهِمۡ غِشَٰوَةٞۖ وَلَهُمۡ عَذَابٌ عَظِيمٞ ۝٧

بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى: ئاللاھ تائالا يۇقىرىدا ئۆتكەن ئايەتلەردە مۆمىنلەرنىڭ سۈپەتلىرىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا كاپىرلارنىڭ سۈپەتلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ كەلتۈرگەن. بۇ، قۇرئان كەرىمنىڭ ياخشىلار بىلەن يامانلارنى سېلىشتۇرۇش ۋە بەخت - سائادەتكە ئېرىشكۈچىلەر بىلەن خار - زەبۇنلۇققا مەھكۇم بولغۇچىلارنى ئايرىشتىكى ئۇسلۇبى بويىچە، بۇ ئىككى گۇرۇپپا ئوتتۇرىسىدىكى روشەن پەرقنى ئاشكارىلاش ئۈچۈن ئىدى. چۈنكى «شەيئىلەر زىتلىرى بىلەن پەرقلىنىدۇ».

**تەپسىرى:** 6. «شۈبھىسىزكى، كاپىرلارنى ئاگاھلاندۇرامسەن، ئاگاھلاندۇرمامسەن، بەرىبىر، ئۇلار ئىمان ئېيتمايدۇ»، يەنى ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلىدىغان، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن ئىسلام دىنىنى يالغانغا چىقىرىدىغانلارغا بۇ ئىنكارنىڭ يامان ئاقىۋىتىدىن خەۋەر بەرگەن. ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرامسەن ياكى ئاگاھلاندۇرمامسەن بەرىبىر، ئۇلار سەن ئېلىپ كەلگەن دىنغا ئىشەنمەيدۇ، ئۇلارنى ئىمان ئېيتىپ قالارمىكىن، دەپ ئۈمىدلەنمە. «سەن ئۇلار ئۈچۈن (ئىمان ئېيتمىغانلىقلىرى

ئۈچۈن) قايغۇرۇپ ئۆزۈڭنى ھالاك قىلىۋالمىغىن»، بۇ ئايەتتە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قەۋمىنىڭ ئۇنى يالغانغا چىقارغانلىقىغا قايغۇرماسلىقى ئۈچۈن تەسەللى بېرىلگەن.

7. ئاندىن، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتماسلىقىنىڭ سەۋەبىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى پېچەتلىۋەتكەن»، يەنى ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىللىرىغا ۋە قۇلاقلىرىغا پېچەت ئۇرۇۋەتكەن. شۇڭا ئۇنىڭغا يورۇقلۇق كىرەلمەيدۇ، ئىماننىڭ نۇرى ئۇنىڭدا پارلىيالمايدۇ. مۇپەسسىرلەر ئېيتىدۇكى، پېچەتلەش دېگەن يۆگەش ۋە ئۈستىگە مۆھۈر ئۇرۇپ بىر نەرسە كىرىشتىن توسۇش دېگەنلىكتۇر. دىللاردا گۇناھلار كۆپەيگەن چاغدا ئۇنىڭ مەنىۋى كۆرۈش ئىقتىدارى يوقىلىپ كېتىدۇ، نەتىجىدە، ئىماننىڭ ئۇنىڭغا كىرىشى ئۈچۈن ھېچقانداق يول قالمايدۇ، كۇپرىدىن قۇتۇلۇشقا ھېچبىر چارە قالمايدۇ. «بەلكى ئاللاھ ئۇلارنىڭ كۇپرى سەۋەبىدىن دىللىرىنى پېچەتلىۋەتتى»، «ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرىنى پېچەتلىۋەتكەن، كۆزلىرى پەردىلەنگەن»، يەنى ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرى بىلەن كۆزلىرى پەردىلىۋېتىلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلار ھىدايەتنى كۆرەلمەيدۇ، ئاڭلىيالمايدۇ، چۈشىنەلمەيدۇ ۋە ئەقىل ئىشلىتەلمەيدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرى بىلەن كۆزلىرى خۇددى قاتمۇقات پەردىلەر بىلەن يۆگىۋېتىلگەندەك ئېتىلگەن. شۇڭا ئۇلار ھەقنى كۆرسىمۇ ئۇنىڭغا ئەگەشمەيدۇ، ئاڭلىسىمۇ چۈشەنمەيدۇ. ئىبنى ھىببان مۇنداق دېگەن: ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ دىللىرىنىڭ ھەقنى قوبۇل قىلمىغانلىقىنى، قۇلاقلىرىنىڭ ھەقنىڭ ساداسىنى ئاڭلاشتىن يۈز ئۆرۈگەنلىكىنى، كۆزلىرىنىڭ ھىدايەت نۇرىنى كۆرۈشتىن توسۇلغانلىقىنى ئاغزى مەھكەم يېپىۋېتىلگەن قاچىغا ئوخشاتقان. شۇڭا ئۇلارنىڭ

قەلب، قۇلاق ۋە كۆز قاتارلىق ئەزالىرى ساق تۇرسىمۇ، خۇددى ئاغزى مەھكەم ئېتىلگەن قاچىغا بىر نەرسە كىرمىگىنىدەك، ئۇلارنىڭ ئېتىۋېتىلگەن دىللىرىغا ۋە قۇلاقلىرىغا ھىدايەتنىڭ نۇرى ۋە ساداسى كىرەلمەيدۇ، كۆزلىرى ھەقنى كۆرەلمەيدۇ. بۇ، ئىستىئارە يولى بىلەن ئوخشىتىشتۇر. «ئۇلار (ئاخىرەتتە) قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ»، يەنى ئۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقى، كۇپرىدا چىڭ تۇرغانلىقى سەۋەبلىك، ئۇلارغا ئاخىرەتتە ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان دەرىجىدە كۆپ ۋە قاتتىق ئازاب باردۇر.

وَمِنَ ٱلنَّاسِ مَن يَقُولُ ءَامَنَّا بِٱللَّهِ وَبِٱلۡيَوۡمِ ٱلۡأٓخِرِ
وَمَا هُم بِمُؤۡمِنِينَ ﴿٨﴾ يُخَٰدِعُونَ ٱللَّهَ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ
وَمَا يَخۡدَعُونَ إِلَّآ أَنفُسَهُمۡ وَمَا يَشۡعُرُونَ ﴿٩﴾ فِي قُلُوبِهِم
مَّرَضٞ فَزَادَهُمُ ٱللَّهُ مَرَضٗاۖ وَلَهُمۡ عَذَابٌ أَلِيمُۢ بِمَا كَانُواْ
يَكۡذِبُونَ ﴿١٠﴾ وَإِذَا قِيلَ لَهُمۡ لَا تُفۡسِدُواْ فِي ٱلۡأَرۡضِ قَالُوٓاْ
إِنَّمَا نَحۡنُ مُصۡلِحُونَ ﴿١١﴾ أَلَآ إِنَّهُمۡ هُمُ ٱلۡمُفۡسِدُونَ وَلَٰكِن
لَّا يَشۡعُرُونَ ﴿١٢﴾ وَإِذَا قِيلَ لَهُمۡ ءَامِنُواْ كَمَآ ءَامَنَ ٱلنَّاسُ
قَالُوٓاْ أَنُؤۡمِنُ كَمَآ ءَامَنَ ٱلسُّفَهَآءُۗ أَلَآ إِنَّهُمۡ هُمُ ٱلسُّفَهَآءُ
وَلَٰكِن لَّا يَعۡلَمُونَ ﴿١٣﴾ وَإِذَا لَقُواْ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ قَالُوٓاْ
ءَامَنَّا وَإِذَا خَلَوۡاْ إِلَىٰ شَيَٰطِينِهِمۡ قَالُوٓاْ إِنَّا مَعَكُمۡ إِنَّمَا نَحۡنُ
مُسۡتَهۡزِءُونَ ﴿١٤﴾ ٱللَّهُ يَسۡتَهۡزِئُ بِهِمۡ وَيَمُدُّهُمۡ فِي طُغۡيَٰنِهِمۡ
يَعۡمَهُونَ ﴿١٥﴾ أُوْلَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ ٱشۡتَرَوُاْ ٱلضَّلَٰلَةَ بِٱلۡهُدَىٰ فَمَا
رَبِحَت تِّجَٰرَتُهُمۡ وَمَا كَانُواْ مُهۡتَدِينَ ﴿١٦﴾ مَثَلُهُمۡ كَمَثَلِ

ٱلَّذِى ٱسۡتَوۡقَدَ نَارٗا فَلَمَّآ أَضَآءَتۡ مَا حَوۡلَهُۥ ذَهَبَ ٱللَّهُ
بِنُورِهِمۡ وَتَرَكَهُمۡ فِى ظُلُمَٰتٖ لَّا يُبۡصِرُونَ ﴿١٧﴾ صُمُّۢ بُكۡمٌ
عُمۡىٞ فَهُمۡ لَا يَرۡجِعُونَ ﴿١٨﴾ أَوۡ كَصَيِّبٖ مِّنَ ٱلسَّمَآءِ فِيهِ
ظُلُمَٰتٞ وَرَعۡدٞ وَبَرۡقٞ يَجۡعَلُونَ أَصَٰبِعَهُمۡ فِىٓ ءَاذَانِهِم مِّنَ
ٱلصَّوَٰعِقِ حَذَرَ ٱلۡمَوۡتِۚ وَٱللَّهُ مُحِيطُۢ بِٱلۡكَٰفِرِينَ ﴿١٩﴾ يَكَادُ
ٱلۡبَرۡقُ يَخۡطَفُ أَبۡصَٰرَهُمۡۖ كُلَّمَآ أَضَآءَ لَهُم مَّشَوۡاْ فِيهِ
وَإِذَآ أَظۡلَمَ عَلَيۡهِمۡ قَامُواْۚ وَلَوۡ شَآءَ ٱللَّهُ لَذَهَبَ بِسَمۡعِهِمۡ
وَأَبۡصَٰرِهِمۡۚ إِنَّ ٱللَّهَ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ قَدِيرٞ ﴿٢٠﴾

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:** ئاللاھ تائالا سۈرىنىڭ بېشىدا مۆمىنلەرنىڭ سۈپەتلىرىنى بايان قىلىپ، ئارقىسىدىن كاپىرلارنىڭ سۈپەتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، بۇ يەردە مۇناپىقلارنىڭ سۈپەتلىرىنى بايان قىلىشقا ئۆتىدۇ. مۇناپىقلار مۆمىنلەر بىلەن كاپىرلاردىن كېيىنكى ئۈچىنچى تۈردىكى ئىنسانلار بولۇپ، ئۇلار ئىماننى ئېغىزىدىلا ئېيتىپ قويۇپ دىللىرىدا كۇپرىنى يوشۇرىدىغانلاردۇر. مۇناپىقلارنىڭ خەتىرى ۋە زىيانلىرىنىڭ كۆپلۈكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئۇلار ھەققىدىكى بايانلار 13 ئايەتكە يەتكەن. ئاندىن ئۇلارنىڭ زالالەت ۋە ئازغۇنلۇقتىكى ھالىنى تېخىمۇ ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويۇش، ئۇلارنىڭ ئىككى يۈزلىمچىلىك ئاقىۋىتىنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن ھالاكەت ئىكەنلىكىنى بايان قىلىش مەقسىتىدە ئىككى مىسال بېرىلگەن.

**بۇ ئايەتلەرنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى:** ئىبنى ئابباس مۇنداق دېگەن: بۇ ئايەتلەر يەھۇدىيلارنىڭ مۇناپىقلىرىدىن ئىبنى

سەلۇل، مۇتئەب ئىبنى قەشىر، جەد ئىبنى قەيس قاتارلىقلار ھەققىدە چۈشكەن بولۇپ، ئۇلار مۆمىنلەر بىلەن ئۇچراشقانلىرىدا ئىبغىزلىرىدا ئىمان ئېيتىپ قويۇپ، كۇپرىنى يوشۇراتتى. شۇنداقلا ئۇلار يەنە: «مۇھەممەدنىڭ سۈپەتلىرىنى ۋە تەرىپلىرىنى ئۆز كىتابلىرىمىزدا ئۇچرىتىۋاتىمىز» دەپ قوياتتى.

**تەپسىرى:** 8. «كىشىلەر ئارىسىدا ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەندۇق دېگۈچىلەر بار» ، يەنى بەزى كىشىلەر ئېغىزلىرىنىڭ ئۇچىدا: بىز ئاللاھ تائالاغا ۋە قىيامەت كۈنىدىكى تىرىلىش - توپلىنىشلارغا ئىشىنىمىز، پەيغەمبەرگە چۈشۈرگەن ئايەت ۋە مۆجىزىلەرنى تەستىق قىلدۇق، دېيىشىدۇ. «ھەقىقەتتە ئۇلار ئىشەنمەيدۇ» ، يەنى ئۇلار ئەمەلىيەتتە مۆمىنمۇ ئەمەس، تەستىق قىلغۇچىمۇ ئەمەس. چۈنكى ئۇلار بۇ سۆزنى ئېغىزلىرىنىڭ ئۇچىدىلا ئېيتىپ قويىدۇ، يۈرەكلىرىدىن ئىشەنمەيدۇ. بەيداۋى مۇنداق دېگەن: مۇناپىقلار ئىنسانلارنىڭ ئۈچىنچى تۈرى بولۇپ، ئۇلار مۆمىنلەر بىلەن كاپىرلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىككىلىنىپ يۈرگۈچىلەردۇر. ئۇلار ئېغىزلىرى بىلەن ئىمان ئېيتىپ قويۇپ، دىلىدىن ئىشەنمەيدىغانلاردۇر. ئۇلار كاپىرلارنىڭ ئەڭ يامىنى ۋە ئاللاھقا ئەڭ يامان كۆرۈلىدىغانلاردۇر. چۈنكى ئۇلار كۇپرىنى يوشۇرۇپ، مۇسۇلمانلارنى ئالداش ۋە مەسخىرە قىلىش ئۈچۈن ئىمان دەۋاسى قىلىپ قويغۇچىلاردۇر. شۇڭا قۇرئان كەرىم ئۇلارنىڭ پەسكەشلىكلىرى، ئەخمەقلىقى ھەققىدە كۆپرەك توختالغان ۋە ئۇلارغا زالالەت، ئازغۇنلۇقنى پۈتۈۋەتكەن، ئۇلارنىڭ ناچارلىقلىرىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن مىساللارنى بەرگەن». 9. «ئۇلار ئاللاھنى ۋە مۆمىنلەرنى ئالدىماقچى بولىدۇ» ، يەنى

كۆپىرىدا چىڭ تۇرۇش بىلەن بىرلىكتە، يالغاندىن ئىمان دەۋاسى قىلىش ئارقىلىق ئالدامچىلىق قىلماقچى بولىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ رەزىللىكىدىن، ئاشۇنداق قىلىپ ئاللاھنى ئالدىماقچى بولىدۇ ۋە مۇنداق ئالدامچىلىقنى ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىلىق دەپ خىيال قىلىشىدۇ، بەزى مۆمىنلەرنى ئالدىغاندەك باشقىلارنىمۇ شۇنداق ئالداپ، ئۆزلىرىنىڭ ئالدامچىلىقىغا ئىشەندۈرمەكچى بولۇشىدۇ، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ئالدانمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ قەلبلەردىكىنى بىلىپ تۇرغۇچى ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ». ئىبنى كەسىر مۇنداق دېگەن: نىپاق ـ يالغاندىن ياخشىلىقنى نامايان قىلىش، يامانلىقنى يوشۇرۇش دېگەنلىكتۇر. ئۇ ھەر تۈرلۈك بولىدۇ: ئېتىقادتىكى نىپاق ئۆز ساھىبىنىڭ دوزاختا مەڭگۈ قېلىشىغا سەۋەب بولىدۇ. ئەمەلدىكى نىپاق گۇناھلارنىڭ ئەڭ چوڭىدۇر. چۈنكى مۇناپىقنىڭ سۆزلىرى ئىش ـ ھەرىكەتلىرىگە مۇخالىپ كېلىدۇ، ئىچكى دۇنياسى تاشقى كۆرۈنۈشىگە زىت كېلىدۇ. مۇناپىقلارنىڭ ئەپتى ـ بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلايدىغان ئايەتلەر مەدىنىدە نازىل بولغان سۈرىلەردە تىلغا ئېلىنغان. چۈنكى مەككە دەۋرىدە نىپاق يوق ئىدى. بەلكى ئۇنىڭ تەتۈرىسى بار ئىدى. «ھەقىقەتتە ئۇلار تۈيماستىن ئۆزلىرىنىلا ئالدايدۇ»، يەنى ئۇلار ئەمەلىيەتتە ئۆزلىرىنىلا ئالدايدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشلىرىنىڭ ۋابالى ئۆزلىرىنىڭ زىيىنىغا پۈتۈلىدۇ. «ئۇلار بۇنى ھېس قىلمايدۇ»، يەنى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ چەكتىن ئاشقان غاپىللىقى ۋە ئۇچىغا چىققان ھاماقەتلىكىدىن بۇنداق مۇناپىقلىقنىڭ زىيىنىنىڭ ئۆزلىرىگە قايتىدىغانلىقىنى تۇيمايدۇ، ھېس قىلمايدۇ. 10. «ئۇلارنىڭ دىللىرىدا كېسەل (مۇناپىقلىق ۋە شەكلىنىش) بار، ئاللاھ

ئۇلارنىڭ كېسىلىنى كۈچەيتىۋەتتى»، يەنى ئۇلارنىڭ دىللىرىدا شەك ۋە نىپاق بار، شۇڭا ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ نىجىسلىقى ئۈستىگە نىجىسلىقنى، زالالەت ئۈستىگە زالالەتنى ئاشۇرۇۋەتتى. بۇ جۈملە دۇئا جۈملىسى بولۇپ، ئىبنى ئەسلەم مۇنداق دېگەن: بۇ جىسمانىي كېسەللىك ئەمەس، بەلكى قەلبتىكى كېسەللىك. ئۇ بولسىمۇ، ئىسلام توغرۇلۇق ئۇلارنىڭ دىللىرىغا كىرگەن شەك بولۇپ، ئاللاھ ئۇلاردىكى شەك ۋە ناچارلىقنى كۈچەيتىۋەتكەن. «يالغان سۆزلىگەنلىكلىرى ئۈچۈن ئۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ»، يەنى ئۇلار ئىمان دەۋاسىدا يالغانچىلىق قىلغانلىقلىرى، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى مەسخىرە قىلغانلىقلىرى سەۋەبلىك ئۇلارغا خار قىلغۇچى قاتتىق ئازاب بار. ئاندىن ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ قەبىھ قىلمىشلىرى ۋە يامانلىقلىرىنى بايان قىلىشقا ئۆتىدۇ. 11. «ئۇلارغا: <يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلماڭلار> دېيىلسە»، يەنى مۆمىنلەر ئۇلارغا: كۇپرى ۋە پىتنىنى تارقىتىش، كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ يولىدىن توسۇش ئارقىلىق يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق تېرىماڭلار، دېيىلىدۇ. ئىبنى مەسئۇد مۇنداق دېگەن: يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق تېرىش دېگەنلىك كۇپرى ۋە مەسىيەتلەرنى ئىشلەش دېگەنلىك بولۇپ، كىمكى ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىدىكەن، ئۇ يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق تېرىغان بولىدۇ. «<بىز ئىسلاھ قىلغۇچىلارمىز> دەيدۇ»، يەنى بىز ھەرگىزمۇ بۇزۇقچىلىق تېرىغۇچىلار ئەمەسمىز، بىز پەقەت ئىسلاھ قىلغۇچىلارمىز. بىز ياخشىلىق ۋە ئىسلاھ ئۈچۈن تىرىشىۋاتقان كىشىلەرمىز، بىزنى بۇزغۇنچى دېيىشكە بولمايدۇ. بەيزاۋى مۇنداق دېگەن: ئۇلار دىللىرىدىكى كېسەللىك سەۋەبلىك، بۇزغۇنچىلىقنى ئىسلاھ سۈرىتىدە تەسەۋۋۇر

قىلغـان مەخلۇقـلاردۇر. ئـۇلار ئاللاھ تائـالا سـۈپەتلىگەن مۇنـۇ ئازغۇنلاردىنـدۇر: «ئۆزىنىـڭ يامـان ئەمىلـى چىرايلىـق كۆرسـىتىلگەن، شـۇنىڭ بىلـەن ئۇنـى چىرايلىـق ھېسـابلىغان كىشى (ھىدايـەت تاپقـان كىشـى بىلـەن ئوخشاشـمۇ؟)». شـۇڭا ئاللاھ تائـالا ئۇلارنىـڭ بـۇ يالغـان دەۋاسـىغا رەددىيـە بەرگـەن سـۆزىدە، ئاگاھلاندۇرۇشـنى ئىپادىلەيدىغـان «الا» ھەرپـى بىلـەن تەكىتنـى بىلدۈرىدىغـان «ان» ھەرپىنـى ئىشـلىتىش، خـەۋەر جۈملىسـىنى مۇئەييەنلىكنى بىلدۈرىدىغان «ال» (تەرىپ) بىلـەن كەلتـۈرۈش ۋە ئۇلارنىـڭ بـۇ قىلمىشـلىرىنى ئۆزلـىرى ھېس قىلمايدىغانلىقىنـى ئىپادىلـەش ئارقىلىـق ئۇلارنـى پـاش قىلىـپ مۇنـداق دەيـدۇ: 12. «بىلىڭلاركـى، ئـۇلار ھەقىقەتـەن بۇزغۇنچىـلاردۇر، لېكىـن بۇنـى ئۆزلـىرى تۇيمايـدۇ» ئـى ئىنسـانلار! بىلىڭلاركـى، ئـۇلار پەقـەت بۇزغۇنچىـلاردۇر. لېكىـن ئـۇلار بۇنـى ھېـس قىلىشـمايدۇ. ئىماننىـڭ نـۇرى ئۇلارنىـڭ قەلبىگـە كىرمـىدى. 13. «ئۇلارغـا (مۇناپىقلارغـا): ‹ئىمـان ئېيتقـان كىشـىلەردەك (ساھابىلەردەك چىـن كۆڭـلۈكلار بىلـەن) ئىمـان ئېيتىـڭلار› دېيىلسـە، ‹بىز ئىمـان ئېيتقـان ئەخمەقلەرگە ئوخشـاش ئىمـان ئېيتامـدۇق؟› دەيـدۇ. بىلىڭلاركـى، ئۇلارنىـڭ ئۆزلىرىـلا ئەخمەقلـەر، لېكىـن (بۇنـى) ئـۇلار تۇيمايـدۇ» ، يەنـى مۇناپىقلارغـا: پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسـالامنىڭ سـاھابىلىرى ئىمـان ئېيتقانـدەك، نىپـاق ۋە رىياكارلىقتىـن خالىي ھالدا راستچىللارچە ئىمـان ئېيتىـڭلار، ئىمانىـڭلاردا ۋە ئەمەلـىڭلاردا ئىخلاسـمەن بولـۇڭلار، دېيىلسـە، ئـۇلار: بىـز ئاشـۇ سـۇەھەيب، بىـلال ۋە ئەممـارلاردەك ئەقلـى كـەم، پىكىـر قىلىـش قابىلىيىتـى يـوق جاھىللارنـى دوراپ ئىمـان ئېيتامـدۇق؟ دەيـدۇ. بـۇ يەردىكـى سـوئال ھەرپـى «ھەمزە» ئىنـكار بىلـەن مەسـخىرىنى بىلدۈرىدۇ.

بەيـداۋى مۇنـداق دېگـەن: مۇناپىقلارنىـڭ يۇقىرىقـى ئاجىـز مۇسـۇلمانلارنى ئەقىلسـىزلەر قاتارىدا كۆرۈشـى، بـۇ مۇناپىقلارنىڭ ئۇلارنىـڭ ئەقلىنـى كـەم چاغلىغانلىقـى ياكـى ئۇلارنىـڭ شـەنىنى تـۆۋەن كۆرگەنلىكـى ئىـدى. ھەقىقەتـەن مۆمىنلەرنىـڭ كـۆپ سـانلىقى پېقىرلاردىـن بولـۇپ، بىـلال بىلـەن سـۇھەيبلەرمۇ شـۇلارنىڭ جۈملىسـىدىن ئىـدى. ھەقىقەتتـە بـۇ مۇناپىقلارنىـڭ ئـۆزى ئەقىلسـىز، ئەخمەقلـەردۇر. چۈنكـى باتىـل يولنـى تاللىغـان ھەركىـم چوقـۇم ئەخمەقتـۇر. لېكىن ئـۇلار ئۆزلىرىنىـڭ ئازغۇنلۇقتا ئىكەنلىكىنـى تۇيمايـدۇ. بـۇ، مەنىـۋى كورلـۇق ۋە ھىدايەتتىـن يىراقلىقنىـڭ ئـەڭ ئوبرازلىق ئىپادىسـى. ئاللاھ تائـالا ئەخمەقلىق، ئەقىلسـىزلىقنىڭ پەقەتـلا مۇناپىقلارنىـڭ ئۆزلىرىـدە ئىكەنلىكىنـى تەكىتلەيـدۇ، شـۇنداقلا ئۇلارنىـڭ قىلمىشـلىرى ھـەم ئىككـى يۈزلىمىچىلىكلىرىنـى كېيىنكـى ئايەتتـە پـاش قىلىـدۇ. 14. «ئۇلار مۆمىنلـەر بىلـەن ئۇچراشـقىنىدا: <بىـز ئىمـان ئېيتتـۇق> دېيىشـىدۇ، شـاياتۇنلىرى (مۇناپىـق كاتتىباشـلىرى) بىلـەن يالغۇز جايـدا تېپىشـقاندا <بىـز ھەقىقەتـەن سـىلەر بىلـەن بىللىمىـز، پەقـەت (تىلىمىزنىـڭ ئۇچىدىـلا ئىمـان ئېيتىـپ قويـۇپ) مۆمىنلەرنـى مەسـخىرە قىلىمىـز> دەيـدۇ»، يەنـى مۇناپىقـلار مۆمىنلـەر بىلـەن ئۇچرىشـىپ قالغانلىرىـدا، ياسـالمىلىق، تەكەللـۇپ ۋە نىپـاق يولـى بىلـەن ئۇلارغـا ئۆزلىرىنـى مۆمىنلـەر قىياپىتىـدە كۆرسـىتىپ قويىـدۇ. ئـۇلار ئۆزلىرىنىـڭ مۇناپىـق كاتتىباشـلىرىنىڭ ۋە زالالـەت ئەگىلىرىنىـڭ يېنىغـا بارغىنىـدا، ئۇلارغـا: بىـز سـىلەرنىڭ دىنىڭلاردىمىز، سـىلەر ئېتىقـاد قىلغانـدەك ئېتىقادتىمىـز. بىزنىـڭ مۆمىنلەرگـە ئىمـان ئېيتقانـلار قىياپىتىـدە كۆرۈنۈشـىمىز، پەقـەت ئۇلارنـى مەسـخىرە قىلىـش ئۈچـۈن، دەيـدۇ. شـۇڭا ئاللاھ تائـالا ئۇلارغـا كېيىنكـى ئايەتتـە

رەددىيە بەرگەن. 15. «مەسخىرە قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن ئاللاھ ئۇلارنى جازالايدۇ، ئۇلارنى گۇمراھلىقلىرىدا قويۇپ بېرىدۇكى، ئۇلار تېڭىرقىغان ھالدا يۈرۈشىدۇ»، يەنى ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ مۆمىنلەرنى مەسخىرە قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن ئۇلارنى ئاۋۋال خاتالىقىغا قويۇپ بېرىدۇ، ئاندىن قاتتىق ئازاب بىلەن جازالايدۇ. ئىبنى ئابباس مۇنداق دېگەن: ئاللاھ ئۇلارنى ئىنتىقام ئېلىش ۋە خاتالىقىدا قويۇپ بېرىش بىلەن جازالايدۇ. «ئۇلارغا مۆھلەت بېرىمەن، مېنىڭ ئازابىم ھەقىقەتەن قاتتىقتۇر»، ئىبنى كەسىر مۇنداق دېگەن: بۇ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن خەۋەر بولۇپ، ئۇ مۇناپىقلارغا مۆمىنلەرنى مەسخىرە قىلغانلىقلىرىنىڭ ۋە ئالدامچىلىقىنىڭ جازاسىنى تېتىيدىغانلىقى ھەققىدە خەۋەر بەرگەن. بۇ يەردە جازادىن خەۋەر بېرىش، ئۇلار جازاغا ھەقلىق بولغان قىلمىشتىن خەۋەر بېرىش ئورنىدا كەلگەن. بۇ لەپزى جەھەتتىن بىر بولسىمۇ، مەنە جەھەتتىن ئوخشاش بولمىغان بايانىدۇر. يەنى ئۇلارنىڭ مۆمىنلەرنى مەسخىرە قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ئاۋۋال خاتالىقلىرىدا قويۇپ بېرىش بىلەن، ئاندىن قاتتىق ئازاب بىلەن جازالايدۇ. «بىراۋ سىلەرگە قانچىلىك چېقىلغان بولسا، سىلەرمۇ ئۇنىڭغا شۇنچىلىك چېقىلىڭلار» ئالدىنقىسى زۇلۇم، كېيىنكىسى ئادالەت. «ئۇلارنى گۇمراھلىقلىرىدا قويۇپ بېرىدۇكى، ئۇلار تېڭىرقىغان ھالدا يۈرۈشىدۇ»، يەنى ئۇلارنى ئۇلارنىڭ ئازغۇنلۇقىدا، كۇپرىدا قويۇپ بېرىش ئارقىلىق ئازغۇنلۇقىنى ئاشۇرۇۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ھېچقانداق چىقىش يولى تاپالمىغان ھالدا ھەيرانلىق پاتقىقىغا تېخىمۇ پاتىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ دىللىرىنى پېچەتلىۋەتكەن، كۆزلىرىنى ھەقىقەتنى

كۆرۈشتىن كور قىلىنىۋەتكەن بولغانلىقتىن، ئۇلار توغرا يولنى كۆرەلمەيدۇ، ھىدايەتكە يول تاپالمايدۇ. 16. «ئەنە شۇلار ھىدايەتنى بېرىپ گۇمراھلىقنى ئالدى. شۇڭا سودىسى پايدا كەلتۈرمىدى، ئۇلار ھىدايەت تاپقۇچى بولمىدى»، يەنى ئۇلار ئىماننى كۇپرىغا تېگىشتى، زالالەت (ئازغۇنلۇق)نى ھىدايەتنىڭ بەدىلىگە سېتىۋالدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ بۇ سودىسى ۋە بۇ ئالماشتۇرۇشى ئۇلارغا پايدا بەرمىدى. ئۇلار بۇ ئىشلىرىدا توغرا ئىش قىلغان بولمىدى. چۈنكى ئۇلار ئىككى دۇنيالىق بەختلىرىنى ۋەيران قىلىپ زىيان تارتقان بولدى. ئاندىن ئاللاھ تائالا كېيىنكى ئايەتتە ئىككى مىسال كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ بۇ ئېغىر زىيانلىرىنى ئۇقتۇردى. 17. «ئۇلار گوياكى (كېچىدە ئىسسىنىش ۋە يورۇقلۇق ئېلىش ئۈچۈن) ئوت ياققان كىشىلەرگە ئوخشايدۇ، ئوت ئۇلارنىڭ ئەتراپىنى يورۇتقاندا، ئاللاھ ئۇلارنىڭ (ئوتىنىڭ) يورۇقىنى ئۆچۈرۈۋەتتى، ئۇلارنى (ئەتراپىدىكى ھېچ نەرسىنى) كۆرەلمەيدىغان قاراڭغۇلۇقلاردا قالدۇردى»، يەنى مۇناپىقلارنىڭ مۇناپىقلىقتىكى ئاجايىپ ئەھۋالى كېچىدە ئىسسىنىش ۋە يورۇقلۇق ئېلىش ئۈچۈن ئوت ياققان، ئوت ئەتراپنى يورۇتۇشقا باشلىغان ۋاقىتتا توساتتىن ئۆچۈپ قېلىپ، ئۆزى قاتتىق قاراڭغۇلۇقلاردا، دەھشەتلىك قورقۇنچتا قالغان كىشىنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ. ئوت ئەتراپنى يورۇتقان، ئۇ ئەتراپنى كۆرەلىگەن، ھەتتا بۇ يورۇقلۇقنىڭ يوقاپ كەتمەيدىغانلىقىدىن خاتىرجەم بولغان ۋە بۇ يورۇتقۇچى ئوتتىن خۇشاللانغان ۋاقىتتا، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ياققان ئوتىنى پۈتۈنلەي ئۆچۈرۈپ تاشلىدى. ئوت ئۆچتى، يورۇقلۇق يوقالدى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا ئۇلارنى شۇ قاراڭغۇلۇقلاردا ۋە دەھشەتلىك قورقۇنچ ئىچىدە

تاشلاپ قويىدى. ئۇلار ھەيرانلىق، گاڭگىراش ئىچىدە قېلىپ ھېچبىر تەرەپكە يول تاپالمىدى. ئىبنى كەسىر مۇنداق دېگەن: ئاللاھ تائالا مۇناپىقلار ئۈچۈن مۇشۇ مىسالنى كەلتۈرگەن. ئۇلارنىڭ ھىدايەت بەدىلىگە زالالەتنى سېتىۋالغانلىقىنى ۋە ئەقىل كۆزلىرى ساق تۇرۇپ، مەنىۋى كورلۇقنى تاللىغانلىقىنى كېچىدە يورۇقلۇق ئىلىش ئۈچۈن ئوت ياققان، ئوت ئەتراپنى يورۇتقان ۋە يورۇتقۇچى ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشقا باشلىغان، ئۇنىڭغا كۆنگەن، ئوڭ - سول تەرىپىدىكى شەيئىلەرنى كۆرۈشكە باشلىغان شۇ ۋەزىيەتتە تۇساتتىن ئوتى ئۆچۈپ قالغان، ئۆزى قاپقاراڭغۇلۇقلاردا قېلىپ ھېچ نەرسىنى كۆرەلمىگەن ۋە ھېچقايسى تەرەپكە يول ئالالمىغانلىقتىن دەھشەتتە قالغان ئادەمگە ئوخشاتقان. مەزكۇر مۇناپىقلار ھىدايەت بەدىلىگە زالالەتنى سېتىۋېلىشتا ۋە توغرىلىق ئورنىغا خاتالىقنى تاللاشتا ئەنە شۇ قاراڭغۇلۇقلاردا قالغان ئادەمگە ئوخشاشتۇر. بۇ مىسالدا مۇناپىقلارنىڭ ئىمان ئېيتىپ بولۇپ، ئاندىن يەنە كۇپرىغا يېنىۋالغانلىقىغا دەلىل بار. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ قەلبىدىن ئىمان نۇرىنى تارتىۋېلىپ، ئۇلارنى شەك، نىپاق ۋە كۇپرىنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدا تاشلاپ قويغان. شۇڭا ئۇلار ياخشىلىق يولىنى قەتئىي تاپالمايدۇ ۋە قۇتۇلۇش يولىنى ھەرگىز بىلمەيدۇ. 18. «ئۇلار گاستۇر (گاس ئاڭلىمىغاندەك، ياخشىلىقنى ئاڭلىمايدۇ)، گاچىدۇر (گاچا سۆزلىيەلمىگەندەك، ياخشى ئىشنى سۆزلىيەلمەيدۇ)، كوردۇر (كور بولۇپ قالغاندەك، توغرا يولنى كۆرمەيدۇ)، شۇڭا ئۇلار (گۇمراھلىقتىن) قايتمايدۇ»، يەنى مۇناپىقلار خۇددى گاس ئادەم ھېچنېمىنى ئاڭلىمىغاندەك، ياخشىلىقنى ئاڭلىمايدۇ؛ ئۇلار خۇددى گاچىغا

ئوخشايدۇ، شۇڭا ئۆزلىرىگە پايدىلىق سۆزنى قىلمايدۇ؛ ئۇلار ئەماغا ئوخشاش بولۇپ، ھىدايەتنى كۆرەلمەيدۇ، شۇڭا ھىدايەت يولىغا ئەگەشمەيدۇ. ئۇلار ئۆزلىرى پاتقان ئازغۇنلۇق قىرلىرىدىن قەتئىي چىقالمايدۇ. ئاندىن ئاللاھ تائالا ئۇلار ئۈچۈن يەنە بىر مىسال كەلتۈرۈش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ رەزىللىكلىرىنى تېخىمۇ روشەن ئوچۇقلايدۇ. 19. «ياكى ئۇلار زۇلمەتلىك، گۈلدۈرماملىق ۋە چاقماقلىق قاتتىق يامغۇردا قالغان، گويا چاقماق سوقۇۋېتىپ ئۆلۈپ كېتىشتىن قورقۇپ، قۇلاقلىرىنى بارماقلىرى بىلەن ئېتىۋالغان كىشىلەرگە ئوخشايدۇ. ئاللاھ كاپىرلارنى (ئۇلارنىڭ ھەممە ئەھۋالىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر»، يەنى ئۇلارنىڭ ھەيرانلىقتا ۋە گاڭگىراشتا قالغان ھالى قاتتىق گۈلدۈرماملىق ۋە چاقماقلىق يامغۇردا قالغان، زېمىننىڭ قاراڭغۇلۇقى ئەتراپىنى ئورىغان، قاتتىق گۈلدۈرماملىق ۋە چاقماقلىق ئاۋازدىن قورقۇپ كېتىپ، گوياكى ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قېلىش ئۈمىدى بىلەن قۇلاقلىرىنى بارماقلىرى بىلەن ئېتىۋالغان قەۋمنىڭ ھالىغا ئوخشايدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ كاپىرلارنىڭ پۈتۈن ئەھۋالىنى ئۆزىنىڭ چەكسىز ئىلمى ۋە كامالى قۇدرىتى بىلەن تولۇق بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. چۈنكى ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى ئاستىدىدۇر. خۇددى دۈشمەننى ھەر تەرەپتىن قورشاۋ ئىچىگە ئېلىۋالغان ئادەمدىن ھېچكىم قېچىپ قۇتۇلالمىغاندەك، ئۇلار ئاللاھ تائالادىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. 20. «چاقماق چاققاندا ئۇلار كۆز نۇرىدىن ئايرىلىپ قالغىلى تاس قالىدۇ، ئۇلار چاقماق يورۇقىدا مېڭىۋالىدۇ؛ قاراڭغۇلۇق قاپلىغاندا تۇرۇپ قالىدۇ. ئاللاھ خالىسا ئىدى، ئۇلارنى ئاڭلاش ۋە كۆرۈش قۇۋۋىتىدىن ئەلۋەتتە مەھرۇم قىلاتتى. ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەر

نەرسىگە قادىردۇر» ، يەنى چاقماقنىڭ شىددىتى ۋە كۈچى، شۇنداقلا كۆزنىڭ نۇرىنى يەيدىغان چاقنىشى ئۇلارنىڭ كۆز نۇرىنى ناھايىتى تېزلىكتە ئېلىپ كەتكىلى تاسلا قالدۇ. چاقماق ئۇلارنىڭ يولىنى يورۇتقان مۇددەت ئىچىدە ئۇنىڭ يورۇقىدا مېڭىۋالىدۇ. چاقماق توختاپ ئالەمنى قاراڭغۇلۇقلار باسقاندا، ئۇلار مېڭىشتىن توختاپ ئۆز ئورنىدا تۇرۇپ قالىدۇ. بۇ مىسالدا ئۇلارنىڭ چېكىدىن يەتكەن گاڭگىراشلىرى ۋە يول تاپالماسلىقى تەسۋىرلەنگەن. چاقماق چاققان چاغدا، ئۇلار چاقماقنىڭ كۆزلەرنى كور قىلىۋېتىشكە ئاز قالغان ناھايىتى روشەن نۇرىدىن پايدىلىنىپ، شۇنچىلىك قورقۇنچلۇق ھالدا تۇرۇپ يەنە مېڭىۋېلىشقا تىرىشىدۇ ۋە ماڭىدۇ. چاقماق توختىغان ھامان چوڭقۇرلۇقلارغا چۈشۈپ كېتىپ، ھالاك بولۇشتىن قورقۇپ ھېچ تەرەپكە بىرەر قەدەم ئالالماستىن ئۆز ئورنىدا تۇرۇپلا قالىدۇ. ئەگەر ئاللاھ تائالا خالىسا ئىدى، چاقماقنىڭ زەربىسىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرىنى گاس قىلىپ قويغان ۋە چاقماقنىڭ نۇرى بىلەن ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى ئەما قىلىپ قويغان بولاتتى. چۈنكى ئاللاھ تائالا ھەممىگە قادىر. ئۇنىڭغا يەر ۋە ئاسماندا ھېچكىم توسقۇنلۇق قىلالمايدۇ. ئىبنى جەرىر مۇنداق دېگەن: ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ئورۇندا ھەممىگە قادىر ئىكەنلىكى بىلەن سۈپەتلىنىشى مۇناپىقلارنى جازاسىدىن ئاگاھلاندۇرۇش ۋە ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن پۈتۈنلەي خەۋەردار ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئاڭلاش ھەم كۆرۈش ئىقتىدارىنى يوق قىلىۋېتىشكىمۇ قادىر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئىدى.

ئىلادە: بىرىنچى، مىساللارنى كەلتۈرۈشتىن مەقسەت، بايان

قىلىنغان مەسىلە خۇددى كۆز ئالدىمىزدا كۆرۈنۈپ تۇرغان ھېسسىي ئىشلارغا ئوخشاش روشەن بولسۇن ئۈچۈن بولۇپ، بۇ يىراقنى يېقىن قىلىپ چۈشەندۈرۈش، مۇجمەللىكنى ئوچۇقلاپ بايان قىلىشتۇر. شۈبھىسىزكى، مىساللارنىڭ روھلارغا بېرىدىغان تەسىرلىرى ئاجايىپ بولىدۇ. «بىز ئىنسانلارغا (قۇرئاندا ئۇلارنىڭ زېھنىغا يېقىنلاشتۇرۇش ئۈچۈن) بايان قىلغان بۇ تەمسىللەرنى پەقەت ئالىملارلا چۈشىنەلەيدۇ». ئىككىنچى، ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتلەردە مۇناپىقلارنى ئون سۈپەت بىلەن سۈپەتلىگەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى ناھايىتى سەت ۋە رەزىل سۈپەتلەر بولۇپ، مۇناپىقلارنىڭ ئازغۇنلۇق پاتقىقىغا قانچىلىك پېتىپ كەتكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇلار: يالغانچىلىق، ئالدامچىلىق، ھىيلە ـ مىكىر، ئەخمەقلىق، مەسخىرە قىلىش، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىش، ئەبگالىق، ئازغۇنلۇق، تېڭىرقاش، مۆمىنلەرنى كۆزگە ئىلماسلىق قاتارلىقلار. ئاللاھ تائالا بىزنى مۇناپىقلارنىڭ بۇ سۈپەتلىرىدىن ساقلىغاي! ئۈچىنچى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇناپىقلارنىڭ كاپىرلار ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلىپ تۇرۇپمۇ ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشنى خالىمىغانلىقىنىڭ ھېكمىتى ئىپادىلىنىدۇ. ئىمام بۇخارىي رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: «ئەرەبلەرنىڭ <مۇھەممەد ئۆزىنىڭ ئادەملىرىنى ئۆلتۈرۈۋاتىدۇ> دېيىشىنى ياقتۇرمايمەن» دېگەن.

ئەللامە ئىبنى قەييىم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ تائالانىڭ: «ئاللاھ ئۇلارنىڭ (ئوتىنىڭ) يورۇقىنى ئۆچۈرۈۋەتتى» دېگەن سۆزى ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىڭكى، بۇ جۈملە ئاۋۋالقى «ئوت ياققان» دېگەن جۈملىگە مۇناسىپ ھالدا، «ئۇلارنىڭ

ئوتىنى ئۆچۈرۈۋەتتى» دېيىشنى تەقەززا قىلاتتى. چۈنكى ئوتتا يورۇقلۇق ۋە كۆيدۈرۈش كۈچى بار. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ئوتىدىكى يورۇقلۇقنى (نۇرنى) ئۆچۈرۈۋەتتى ۋە كۆيدۈرۈشى شۇ پېتى قالدى. ئەمدى تەپەككۇر قىلىڭكى، ئاللاھ تائالا: «ئۇلارنىڭ (ئوتىنىڭ) يورۇقىنى ئۆچۈرۈۋەتتى» دېدىكى، «ئۇلارنىڭ (ئوتىنىڭ) شولىسىنى ئۆچۈرۈۋەتتى دېمىدى. چۈنكى شولا يورۇقلۇقتىن چىقىدىغان ۋە يورۇقلۇقنىڭ ئۆزىدىن سانالمايدىغان ئارتۇق نەرسە. ئەگەر بۇ ئورۇندا «ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ (ئوتىنىڭ) شولىسىنى ئۆچۈرۈۋەتتى» دېيىلسە، بۇ جۈملىدىن يورۇقلۇقنى ئەمەس، پەقەت ئۇنىڭدىن چىققان ئارتۇق شولىنى ئۆچۈرۈۋەتتى، دەپ چۈشىنىلەتتى. ئاندىن يەنە تەپەككۇر قىلىڭكى، «ئاللاھ ئۇلارنىڭ (ئوتىنىڭ) يورۇقىنى ئۆچۈرۈۋەتتى» دېگەن جۈملىدە «يورۇقلۇق» بىرلىك شەكلى بىلەن كەلگەن، ئەمما «ئۇلارنى (ئەتراپىدىكى ھېچ نەرسىنى) كۆرەلمەيدىغان قاراڭغۇلۇقلاردا قالدۇردى» دېگەن جۈملىدىكى «قاراڭغۇلۇقلار» كۆپلۈك شەكلى بىلەن كەلگەن. چۈنكى كىشىلەرگە توغرا يولنى يورۇتۇپ بېرىدىغان «نۇر» بىر، ئۇلارنى ئازغۇنلۇق قىرلىرىغا ئىتتىرىدىغان «قاراڭغۇلۇقلار» كۆپ بولغىنىدەك، ھەقىقەت پەقەت بىردۇر. ئۇ بولسىمۇ ئاللاھ تائالانىڭ توغرا يولى بولغان سىراتۇلمۇستەقىم. كىشىلەرنى توغرا يولغا ئېرىشتۈرىدىغان ئاللاھنىڭ بۇ توغرا يولدىن باشقا ئىككىنچى بىر توغرا يول يوق. ئەمما باتىلنىڭ يوللىرى كۆپ ۋە ھەرخىل بولىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدىكى نۇرغۇن ئايەتلەردە «ھەقىقەت» سۆزىنى ھەمىشە بىرلىك شەكلى بىلەن تىلغا ئالغان بولسا، «باتىل» سۆزىنى كۆپلۈك شەكلى بىلەن تىلغا ئالغان. مەسىلەن: «ئاللاھ مۆمىنلەرنىڭ

ئىگىسىدۇر، ئۇلارنى (كۇپرىنىڭ) قاراڭغۇلۇقلىرىدىن (ئىماننىڭ) يورۇقلۇقىغا چىقىرىدۇ»، «جىمى ھەمدۇسانا ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان، قاراڭغۇلۇقلارنى ۋە نۇرنى پەيدا قىلغان ئاللاھقا خاستۇر!»، «بۇ مېنىڭ توغرا يولۇمدۇر، شۇ يولدا مېڭىڭلار، نا توغرا يوللاردا ماڭماڭلار». يۇقىرىقى ئىككى ئايەتتە «نۇر» سۆزى بىرلىك شەكلى بىلەن، «قاراڭغۇلۇق سۆزى» كۆپلۈك شەكلى بىلەن كەلگەندەك، ئاخىرقى ئايەتتە «ئاللاھنىڭ يولى» بىرلىك شەكلى بىلەن، «باتىل يوللار» كۆپلۈك شەكلى بىلەن كەلگەن.

يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ ٱعْبُدُواْ رَبَّكُمُ ٱلَّذِى خَلَقَكُمْ وَٱلَّذِينَ
مِن قَبْلِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ ﴿٢١﴾ ٱلَّذِى جَعَلَ لَكُمُ ٱلْأَرْضَ
فِرَٰشًا وَٱلسَّمَآءَ بِنَآءً وَأَنزَلَ مِنَ ٱلسَّمَآءِ مَآءً فَأَخْرَجَ بِهِۦ
مِنَ ٱلثَّمَرَٰتِ رِزْقًا لَّكُمْ ۖ فَلَا تَجْعَلُواْ لِلَّهِ أَندَادًا وَأَنتُمْ
تَعْلَمُونَ ﴿٢٢﴾ وَإِن كُنتُمْ فِى رَيْبٍ مِّمَّا نَزَّلْنَا عَلَىٰ عَبْدِنَا
فَأْتُواْ بِسُورَةٍ مِّن مِّثْلِهِۦ وَٱدْعُواْ شُهَدَآءَكُم مِّن دُونِ
ٱللَّهِ إِن كُنتُمْ صَٰدِقِينَ ﴿٢٣﴾ فَإِن لَّمْ تَفْعَلُواْ وَلَن تَفْعَلُواْ
فَٱتَّقُواْ ٱلنَّارَ ٱلَّتِى وَقُودُهَا ٱلنَّاسُ وَٱلْحِجَارَةُ ۖ أُعِدَّتْ
لِلْكَٰفِرِينَ ﴿٢٤﴾ وَبَشِّرِ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ
أَنَّ لَهُمْ جَنَّٰتٍ تَجْرِى مِن تَحْتِهَا ٱلْأَنْهَٰرُ ۖ كُلَّمَا رُزِقُواْ
مِنْهَا مِن ثَمَرَةٍ رِّزْقًا قَالُواْ هَٰذَا ٱلَّذِى رُزِقْنَا مِن قَبْلُ ۖ
وَأُتُواْ بِهِۦ مُتَشَٰبِهًا ۖ وَلَهُمْ فِيهَآ أَزْوَٰجٌ مُّطَهَّرَةٌ ۖ وَهُمْ فِيهَا
خَٰلِدُونَ ﴿٢٥﴾

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:** ئاللاھ تائالا ئىلگىرىكى ئايەتلەردە «مۆمىنلەر، كاپىرلار ۋە مۇناپىقلار»دىن ئىبارەت ئۈچ تۈرلۈك كىشىلەرنى بايان قىلىپ، ئۇلارنىڭ بەخت ياكى بەختسىز، ئىمان ياكى نىپاقتىن ئىبارەت ئەھۋالىنى بىلدۈرگەندىن كېيىن، مىساللارنى كەلتۈرۈش ئارقىلىق زالالەت يوللىرىنى روشەن كۆرسىتىپ بەرگەن بولسا، بۇ ئايەتلەردە ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىنىڭ دەلىل - ئىسپاتلىرىنى كەلتۈرىدۇ ۋە كىشىلەرگە نېمەتلىرىنى تونۇتۇپ، ئۇلارغا نېمەت بەرگۈچىگە شۈكۈر قىلىش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇلارغا «ئى ئىنسانلار!» دېگەن خىتاب بىلەن سۆز باشلايدۇ. بۇ خىتاب پۈتۈن ئىنسانىيەتكە قارىتىلغان بولۇپ، ئۇلارنى ياراتقانلىقى، رىزىق بەرگەنلىكىنى ئەسلىتىدۇ. ئۇلارنىڭ قەلبلىرىدىن شەك - شۈبھە ئىللەتلىرىنى پۈتۈنلەي چىقىرىپ تاشلاش ئۈچۈن، ئۇلارغا قۇرئان كەرىمنىڭ مۆجىزىسىنى ئەڭ ئېسىل بايان ۋە ئەڭ روشەن دەلىللەر بىلەن بىلدۈرىدۇ.

**تەپسىرى:** 21. ئاللاھ تائالا بەندىلەرگە ئۆزىنىڭ بىرلىكى ۋە قۇدرىتىنى جاكارلىغان ھالدا دەيدۇكى: «ئى ئىنسانلار! تەقۋادارلاردىن بولۇشۇڭلار ئۈچۈن، سىلەرنى ۋە سىلەردىن بۇرۇنقىلار (ئۆتكەنكى ئۈممەتلەر)نى ياراتقان پەرۋەردىگارىڭلارغا ئىبادەت قىلىڭلار»، يەنى ئى ئىنسان ئەۋلادى! تەقۋادارلاردەك ھىدايەت تېپىش بىلەن مەقسەتلىرىگە يەتكەنلەرنىڭ قاتارىدىن بولۇشۇڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ تائالانىڭ سىلەرگە ئاتا قىلغان سانسىز نېمەتلىرىنى ياد ئېتىڭلار. سىلەرنى يوقتىن بار قىلغان ۋە ھەمىشە پەرۋىش قىلىپ تۇرغان پەرۋەردىگارىڭلارغا

ئۇنىڭ بىرلىكىگە ئىقرار قىلغان، نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلغان ۋە تائىتىگە ھازىر بولغان ھالدا ئىبادەت قىلىڭلار. ئۇ سىلەرنى چەكسىز قۇدرىتى بىلەن يوقتىن بار قىلغان، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرنىمۇ ياراتقان زات. بەيزاۋىي مۇنداق دېگەن: ئاللاھ تائالا ئىنسانلار ئىچىدىكى پىرقىلەرنى بايان قىلغان ھەر بىر سۆزىدە ئۇلارغا ئوخشاشمىغان يول بىلەن ئايرىم خىتاب باشلىغان. بۇ ئاڭلىغۇچىلارنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغاش، ئۇلارنى روھلاندۇرۇش، ئىبادەتنىڭ ئەھمىيىتىنى بىلدۈرۈش ۋە ئۇنىڭ شەنىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ئەسكەرتىش ئۈچۈن ئىدى. «يا اىﮬا الذين» دېگەن چاقىرىق لەپىز تەكىتنى بىلدۈرىدىغان لەپىز بولغانلىقتىن قۇرئان كەرىمدە كۆپ قوللىنىلغان. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنى ئۇ لەپىز بىلەن چاقىرغان ھەرقانداق چاقىرىق ـ چوڭ ئىشلار ئىكەنلىكى، ئۇنىڭغا چاقىرىلغۇچىلارنىڭ سەممىي قەلبى بىلەن ئۇنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشىنىشى ۋە قوبۇل قىلىپ ئەمەل قىلىشى، غەپلەتتە قالغانلارنىڭ ئويغىنىشىنىڭ زۆرۈرلۈكى جەھەتلەردىن ئالاھىدە مۇھىم ۋە تەكىتلىك چاقىرىقلاردۇر. 22. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە ئاتا قىلغان سانسىز نېمەتلىرىنى بايان قىلىپ دەيدۇكى: «ئاللاھ سىلەرگە زېمىننى تۆشەك ۋە ئاسماننى بىنا (يۇلتۇزلارنىڭ زىچلىقىدا بىناغا ئوخشاش) قىلىپ بەردى، بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەردى، سىلەرگە رىزىق بولۇش ئۈچۈن يامغۇر ئارقىلىق تۈرلۈك مېۋىلەرنى ئۆستۈرۈپ بەردى. ئەمدى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ھالبۇكى، سىلەر (ئاللاھنىڭ شېرىكى يوقلۇقىنى) بىلىپ تۇرىسىلەر» ، يەنى ئاللاھ تائالا سىلەرگە زېمىننى قارارگاھ قىلىپ بەردىكى، سىلەر ئۇنىڭ ئۈستىدە تۇرۇسىلەر ۋە زېمىننى شۇ يۇملاقلىقى

بىلەن سىلەرگە خۇددى يەرگە سېلىنغان تۆشەككە ئوخشاش قىلىپ بەردىكى، ئۇنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇسىلەر، ياتىسىلەر ۋە ئۇخلايسىلەر. شۇنداق قىلىپ بەرمىسە ئىدى، سىلەرنىڭ زېمىن يۈزىدە تۇرۇشۇڭلار ۋە ياشىشىڭلار مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بەيزاۋىي مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ تائالا زېمىننى بەندىلىرىنىڭ ئۇنىڭ ئۈستىدە تۇرۇشى، ئولتۇرۇشى ۋە ئۇخلىشى ئۈچۈن خۇددى سېلىنغان كۆرپىگە ئوخشاش تەييارلاپ بەردى. بۇ، زېمىننى سوزۇلغان تۈپتۈز شەكىلدە يارىتىلغان دېگەن مەنىنى بىلدۈرمەيدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ توپ شەكىللىك يارىتىلغانلىقى ۋە چوڭ ھەجمى سەۋەبلىك، ئۇنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇش ئەپلىك ئەمەس. ئاللاھ تائالا ئاسماننى زېمىن ئۈچۈن خۇددى گۈمبەزگە ئوخشاش يۇقىرى قىلىپ بەردى. قۇدرىتى بىلەن بۇلۇتتىن تاتلىق يامغۇر سۈيىنى چۈشۈرۈپ بەردى. شۇ يامغۇر سۈيى بىلەن سىلەرنىڭ ئوزۇقلىنىشىڭلار ئۈچۈن ھەر خىل مېۋىلەرنى ۋە كۆكتاتلارنى ئۈندۈرۈپ بەردى. ئەھۋال شۇنداق بولغان ئىكەن، سىلەر ئاللاھ تائالاغا مەيلى بۇتلاردىن، مەيلى ئىنسانلاردىن بىرەرسىنى شېرىك قىلىپ قوشۇۋالماڭلار. سىلەر ئىبادەتلەردە ئاللاھ تائالاغا شېرىك قىلىپ قوشۇۋالغان نەرسىلىرىڭلارنىڭ ھېچ نېمىنى يارىتالمايدىغان، سىلەرگە رىزىق بېرەلمەيدىغان نەرسىلەر ئىكەنلىكىنى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ يەككە ـ يېگانە ياراتقۇچى، رىزىق بەرگۈچى ھەم كامالى كۈچ ـ قۇدرەتكە ئىگە زات ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىسىلەر. ئىبنى كەسىر مۇنداق دېگەن: ئاللاھ تائالا سۆزىنى ئۆزىنىڭ ئىبادەتكە تامامەن ھەقلىق بولغان يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىنى، بەندىلىرىنى يوقتىن بار قىلىپ، بارچە نېمەتلەرنى ئاتا قىلىش بىلەن رىزىقلاندۇرغۇچى زات ئىكەنلىكىنى جاكارلاش

بىلەن باشلىغان. ئايەتتىكى «ئاسمان» سۆزىدىن «بۇلۇتلار» مەقسەت قىلىنىدۇ. ئىنسانلارنىڭ يامغۇرغا ئېھتىياجى چۈشكەندە، ئاللاھ ئۇلارغا بۇلۇتلاردىن يامغۇر سۈيىنى چۈشۈرۈپ بەرگۈچى، زېمىندىن ئۇلارنىڭ ۋە ھايۋانلىرىنىڭ مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن تۈرلۈك زىرائەتلەرنى، مېۋىلەرنى، دانلارنى چىقىرىپ بەرگۈچى يېگانە زاتتۇر! خۇلاسە قىلغاندا، ئاللاھ تائالا ياراتقۇچى، دۇنيا ۋە ئۇنىڭدا ياشاۋاتقانلارنىڭ ئىگىسى، رىزىق بەرگۈچىسىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئاللاھ، ھېچ نەرسىنى شېرىك قىلىپ قوشماستىن يالغۇز ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشقا تامامەن ھەقلىق زاتتۇر! 23. ئاللاھ تائالا تەۋھىد دەلىللىرىنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكى ۋە قۇرئان كەرىمنىڭ مۆجىزە ئىكەنلىكىگە دەلىل - ئىسپاتلارنى كەلتۈرۈپ دەيدۇكى: «بەندىمىز (مۇھەممەد)گە بىز نازىل قىلغان قۇرئاندىن شەكلەنسەڭلار، قۇرئانغا ئوخشاش بىرەر سۈرىنى مەيدانغا چىقىرىپ بېقىڭلار، (قۇرئانغا تەئەررۇز قىلىشتا) ئاللاھتىن باشقا ياردەمچىڭلارنىڭ ھەممىسىنى (ياردەمگە) چاقىرىڭلار، (قۇرئان ئىنساننىڭ سۆزى دېگەن گېپىڭلاردا) راستچىل بولساڭلار»، يەنى ئىنسانلار! ئەگەر سىلەر بەندىمىز ۋە راستچىل ئەلچىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بىز چۈشۈرگەن، بايانلىرى، قانۇنلىرى، تىزىلىشى جەھەتتىن مۆجىزە بولغان قۇرئان كەرىمنىڭ راستلىقىدىن شەكلەنسەڭلار، بالاغەت، پاساھەت ۋە باياندا مۇشۇ قۇرئانغا ئوخشايدىغان بىرەر سۈرە كەلتۈرۈپ بېقىڭلار. قۇرئانغا قارشىلىق كۆرسىتىشتە ئاللاھ تائالادىن باشقا بارلىق ياردەمچىڭلارنى چاقىرىڭلار، يەنى ئاللاھ تائالادىن باشقا

خالىغان ئادىمىڭلارنى ياردەمگە چاقىرىڭلار. بەيداۋىي مۇنداق دېگەن: ئايەتنىڭ مەنىسى، ئەگەر سىلەر قۇرئاننى ئىنسان سۆزى، ئاللاھ نامىدىن توقۇلما دېگەن دەۋايىڭلاردا راستچىل بولساڭلار، قۇرئانغا قارشى تۇرۇشتا ئىنسانلىرىڭلاردىن، جىنلىرىڭلاردىن ۋە ساختا ئىلاھلىرىڭلاردىن سىلەرگە كەلگەن ياكى سىلەرگە ياردەم قىلىش ئۈچۈن كېلىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىكى ياردەمچىڭلارنىڭ ھەممىسىنى چاقىرىڭلار. ئەمما قۇرئاننىڭ ئوخشىشىنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم كەلتۈرەلمەيدۇ. 24. «ئەگەر مۇنداق قىلالمىساڭلار ـ مۇندىن كېيىنمۇ قىلالمايسىلەر ـ كاپىرلار ئۈچۈن تەييارلانغان، ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولغان دوزاختىن ساقلىنىڭلار» ، يەنى ئەگەر سىلەر قۇرئاننىڭ سۈرىلىرىگە ئوخشايدىغان بىرەر سۈرە ئىجاد قىلىشقا قادىر بولالمىساڭلار، چۈنكى سىلەر بۇرۇنمۇ قۇرئاننىڭ ئايەتلىرىگە تەڭ كېلەلەيدىغان ياكى يېقىنلىشىدىغان بىرەر نەرسە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، بارچە داڭلىق ئەدىبلىرىڭلار، تالانتلىق كىشىلىرىڭلار ۋە شائىرلىرىڭلارنى ياردەمگە چاقىرىپ تۇرۇپمۇ ئۇنداق كىتابنى كەلتۈرۈشتىن ئاجىز كەلگەن ئىدىڭلار. ئەلۋەتتە مۇندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ ئوخشىشىنى كەلتۈرۈشكە ھەرگىزمۇ قادىر بولالمايسىلەر. «مۇندىن كېيىنمۇ قىلالمايسىلەر» دېگەن جۈملە ئىنساننىڭ مەيلى ھازىردا، مەيلى كېلەچەكتە قۇرئاننىڭ ئوخشىشىنى كەلتۈرۈشكە قادىر ئەمەسلىكىگە ئىشارەت ئورنىدا كەلگەن قىستۇرما جۈملىدۇر. بۇ خۇددى ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىگە ئوخشايدۇ: «ئەگەر ئىنسانلار، جىنلار بۇ قۇرئاننىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن يىغىلىپ بىر ـ بىرىگە ياردەملەشكەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرەلمەيدۇ».

ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: قۇرئان كەرىم ئەرەبلەرگە دۈشمەنلىك ئېلان قىلدى. ئەرەبلەر ئەدەبىيات ساھەسىدە دۇنيادا ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يەتكەن بىر مىللەت بولسىمۇ، قۇرئان كەرىمنىڭ دۈشمەنلىكى ئالدىدا يېڭىلدى. «ھەرگىزمۇ» دېگەن ئايەتتىكى «لەن ـ ھەرگىزمۇ» بىر ئىشنىڭ كېلەچەكتە قەتئىي بولمايدىغانلىقىنى ۋە مەڭگۈلۈك ئىنكارنى ئىپادىلەيدىغان رەۋىش ھېسابلىنىدۇ. مەنىسى، سىلەر ئۇنى ھەرگىزمۇ قىلالمايسىلەر، دېگەنلىكتۇر. بۇمۇ ئايرىم بىر مۆجىزە بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئالدىنئالا كەسكىن قىلىپ، بۇ قۇرئانغا تا قىيامەتكىچە ھېچكىم تەڭ كېلەلمەيدۇ، ئۇنىڭغا تەڭداش بىر كىتاب ۋۇجۇدقا كەلمەيدۇ، دەپ خەۋەر بەرگەن. ئەمەلىيەتتىمۇ ئەھۋال دەل خەۋەر بېرىلگەندەك چىققان بولۇپ، قۇرئان كەرىم چۈشكەن زاماندىن تا بۈگۈنكى كۈنىمىزگىچە ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان بىرەر كىتاب ۋۇجۇدقا كەلگىنى يوق. قۇرئان كەرىمنى تەپەككۇر بىلەن چۈشىنىپ ئوقۇغان كىشى ئۇنىڭدا مەنە ۋە لەپز جەھەتتە ئاشكارا ۋە مەخپىي بولغان نۇرغۇنلىغان مۆجىزىلەرنى بايقايدۇ. ئەرەب تىلىنى ۋە ئۇنىڭ قائىدىلىرىنى بىلىدىغانلار ئۈچۈن قۇرئان كەرىمنىڭ ھەممە ئايىتى ئەڭ يۇقىرى پەللىدە كەلگەن، بالاغەت، پاساھەت جەھەتتە ئېسىل بايانلاردۇر. «كاپىرلار ئۈچۈن تەييارلانغان، ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولغان دوزاختىن ساقلىنىڭلار» ، يەنى ئاللاھ تائالا ئۆزىنى ئىنكار قىلغۇچىلار ئۈچۈن تەييارلىغان، يېقىلغۇلىرى كاپىرلار ۋە ئۇلار ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنغان بۇتلىرى بولىدىغان دوزاخ ئوتىدىن قورقۇڭلار. «(ئى مۇشرىكلار!) ھەقىقەتەن سىلەر ئاللاھنى قويۇپ ئىبادەت قىلغان نەرسەڭلار بىلەن دوزاخقا يېقىلغۇ بولۇسىلەر.» مۇجاھىد مۇنداق دېگەن:

كاپىرلار گۇنگۇرتتىن بولغان، تاپتىنمۇ سىپسىق پۇرايدىغان يېقىلغۇ تاش بىلەن كۆيدۈرۈلۈپ ئازابلىنىدۇ. «كاپىرلار ئۈچۈن تەييارلانغان» ، يەنى ئاشۇ دوزاخ كاپىرلار ۋە جىمى ئىنكارچىلار ئۈچۈن ھازىرلانغان بولۇپ، ئۇلار دوزاختا ھەر تۈرلۈك قاتتىق ئازابلارنى تېتىيدۇ.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمنىڭ «تەرغىب» بىلەن «تەرھىب» (قورقۇتۇش) ئۇسلۇبى بويىچە، ياخشىلار بىلەن يامانلارنىڭ ھالىنى سېلىشتۇرۇش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ دۈشمەنلىرى بولغان كاپىرلارغا تەييارلىغان ئازابلارنى بايان قىلغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ دوستلىرى بولغان مۆمىنلەر ئۈچۈن ھازىرلانغان ئاخىرەت نېمەتلىرىنى بايان قىلىشقا ئۆتىدۇ. «(ئى مۇھەممەد!) ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا ئۇلارنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن. ئۇلار جەننەتنىڭ بىرەر مېۋىسىدىن رىزىقلاندۇرۇلغان چاغدا: <بۇنىڭ بىلەن بۇرۇنمۇ رىزىقلاندۇرۇلغان ئىدۇق> دەيدۇ. ئۇلارغا كۆرۈنۈشى بىر - بىرىگە ئوخشايدىغان، تەمى ئوخشىمايدىغان مېۋىلەر بېرىلىدۇ. جەننەتلەردە ئۇلارغا پاك جۈپتىلەر (ھۆرلەر) بېرىلىدۇ، ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ» ، ئى مۇھەممەد! دۇنيادا ياخشى ئىشلارنى قىلغان، ئۆزىدە ئىمان بىلەن ياخشى ئەمەلنى جەملىگەن تەقۋادار مۆمىنلەرگە خۇش بىشارەت بەرگىنكى، ئۇلارغا ئاخىرەتتە دەرەخزارلىق ئېسىل باغچىلار، ئاستىدىن جەننەتنىڭ ئۆستەڭلىرى ئېقىپ تۇرىدىغان گۈزەل قەسىرلەر بار. ئۇلار ھەر قېتىم نېمەتلەرگە نائىل بولغىنىدا ۋە جەننەت مېۋىلىرىدىن بىرەر مېۋە بىلەن رىزىقلاندۇرۇلغىنىدا:

«بۇنىڭ بىلەن بۇرۇنمۇ رىزىقلاندۇرۇلغان ئىدۇق» ، يەنى بۇنىڭغا ئوخشاش تائام بۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ بىزگە تەقدىم قىلىنغان ئىدى، دەيدۇ. مۇپەسسىرلەر دەيدۇكى: جەننەت ئەھلى جەننەتنىڭ مېۋىلىرىدىن رىزىقلىنىدۇ، بۇ مېۋىلەرنى ئۇلارغا پەرىشتىلەر ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇلارغا ھەر بىر مېۋە ئىككىنچى قېتىم تەقدىم قىلىنغىنىدا، ئۇلار: بۇنى بۇندىن بۇرۇنمۇ ئېلىپ كەلگەن ئىدىڭلار، دەيدۇ. پەرىشتىلەر ئۇلارغا: يېگىن ئى ئاللاھنىڭ بەندىسى، بۇلارنىڭ رەڭگى بىر، ئەمما تەمى ئوخشىمايدۇ، دەيدۇ. «ئۇلارغا كۆرۈنۈشى بىر - بىرىگە ئوخشايدىغان، تەمى ئوخشىمايدىغان مېۋىلەر بېرىلىدۇ» ، يەنى شەكلى، كۆرۈنۈشى بىر- بىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان، ئەمما تەمى ھەر خىل بولغان شېرىن مېۋىلەر بېرىلىدۇ. ئىبنى جەرىر مۇنداق دېگەن: جەننەتتىكى ھېچ نەرسە ئىسىملىرىدىن باشقا ھېچبىر تەرەپتىن بۇ دۇنيادىكىلەرگە ئوخشىمايدۇ. «جەننەتلەردە ئۇلارغا پاك جۈپتىلەر (ھۆرلەر) بېرىلىدۇ» ، يەنى ئۇلارغا جەننەتلەردە ماددىي ۋە مەنىۋى ھەر قانداق كىرلەردىن پاك بولغان جەننەت ھۆرلىرىدىن جۈپتىلەر بېرىلىدۇ. ئىبنى ئابباس مۇنداق دېگەن: ئۇلار ھەر قانداق بىر يېقىمسىزلىق ۋە ھەر قانداق بىر كىردىن پاك بولغان ھۆرلەردۇر. مۇجاھىد مۇنداق دېگەن: ئۇلار ھەيز، نىفاس كۆرمەيدىغان، چوڭ ـ كىچىك تەرەت قىلمايدىغان ۋە ياللۇغلانمايدىغان پاك ھۆرلەردۇر. بۇ دۇنيادىكى مۆمىنەلەرنىڭ قىيامەت كۈنىدە ھۆرلەردىنمۇ چىرايلىق بولۇپ كېتىدىغانلىقى قەيت قىلىنغان. «شۈبھىسىزكى، بىز ھۆرلەرنى يېڭىدىن ياراتتۇق، ئۇلارنى پاكىز، ئەرلىرىگە ئامراق، تەڭتۇش قىلدۇق» ، «ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ» ، يەنى ئۇلار

جەننەتلەردە تا ئەبەتكە قالغۇچىلاردۇر، بۇ سائادەتنىڭ تامامىدۇر. ئۇلار مۇشۇنداق كاتتا نېمەتلەر بىلەن بىرلىكتە تولۇق خاتىرجەملىك ئىچىدە، ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان مەڭگۈلۈك پاراغەتتە جۈپتىلىرى بىلەن بىللە ياشايدۇ.

إِنَّ ٱللَّهَ لَا يَسْتَحْيِۦٓ أَن يَضْرِبَ مَثَلًا مَّا بَعُوضَةً فَمَا
فَوْقَهَا ۚ فَأَمَّا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ فَيَعْلَمُونَ أَنَّهُ ٱلْحَقُّ مِن رَّبِّهِمْ ۖ
وَأَمَّا ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ فَيَقُولُونَ مَاذَآ أَرَادَ ٱللَّهُ بِهَٰذَا مَثَلًا ۘ
يُضِلُّ بِهِۦ كَثِيرًا وَيَهْدِى بِهِۦ كَثِيرًا ۚ وَمَا يُضِلُّ بِهِۦٓ
إِلَّا ٱلْفَٰسِقِينَ ﴿٢٦﴾ ٱلَّذِينَ يَنقُضُونَ عَهْدَ ٱللَّهِ مِنۢ بَعْدِ
مِيثَٰقِهِۦ وَيَقْطَعُونَ مَآ أَمَرَ ٱللَّهُ بِهِۦٓ أَن يُوصَلَ وَيُفْسِدُونَ
فِى ٱلْأَرْضِ ۚ أُو۟لَٰٓئِكَ هُمُ ٱلْخَٰسِرُونَ ﴿٢٧﴾ كَيْفَ تَكْفُرُونَ
بِٱللَّهِ وَكُنتُمْ أَمْوَٰتًا فَأَحْيَٰكُمْ ۖ ثُمَّ يُمِيتُكُمْ
ثُمَّ يُحْيِيكُمْ ثُمَّ إِلَيْهِ تُرْجَعُونَ ﴿٢٨﴾ هُوَ ٱلَّذِى خَلَقَ
لَكُم مَّا فِى ٱلْأَرْضِ جَمِيعًا ثُمَّ ٱسْتَوَىٰٓ إِلَى ٱلسَّمَآءِ
فَسَوَّىٰهُنَّ سَبْعَ سَمَٰوَٰتٍ ۚ وَهُوَ بِكُلِّ شَىْءٍ عَلِيمٌ ﴿٢٩﴾

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:** ئاللاھ تائالا ئىلگىرىكى ئايەتلەردە قۇرئان كەرىمنىڭ ئاللاھنىڭ سۆزى ئىكەنلىكى، ئۇنىڭغا ھېچقانداق بىر شەك - شۈبھە يېقىنلىشالمايدىغانلىقى، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلەرنىڭ تۈگەنچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرۈلگەن مۆجىزە ئىكەنلىكىنى كەسكىن دەلىل - ئىسپاتلار بىلەن بايان قىلغان ۋە ئەرەبلەرگە قۇرئاننىڭ سۈرىلىرىگە ئوخشايدىغان بىرەر سۈرە

كەلتۈرۈپ بېقىشى ھەققىدە جەڭ ئېلان قىلغاندىن كېيىن، كاپىرلارنىڭ قۇرئان كەرىمنىڭ شەنىگە داغ تەگكۈزۈش ئۈچۈن توقۇپ چىققان سەپسەتىلەرنى بايان قىلىپ، ئۇلارغا كەسكىن رەددىيەلەرنى بېرىدۇ. كاپىرلار توقۇپ چىققان سەپسەتىلەر قۇرئان كەرىمدە: «ھەسەل ھەرىسى، چىۋىن، ئۆمۈچۈك، چۈمۈلە» قاتارلىقلارنىڭ تىلغا ئېلىنغانلىقى بولۇپ، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە، بۇنداق نەرسىلەر پاساھەتلىك ئەدىبلەرنىڭ سۆزلىرىدە تىلغا ئېلىنىشقا لايىق بولمىغان يەردە، ئاللاھنىڭ كالامى بولغان قۇرئان كەرىمدە تىلغا ئېلىنىشقا تېخىمۇ لايىق ئەمەسمىش. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ بۇ سەپسەتىلىرىگە رەددىيە بېرىپ، كىچىك شەيئىلەرنى بايان قىلىش، خۇسۇسەن ئۇ شەيئىلەرنى مىسال قىلىپ كەلتۈرۈشنىڭ چوڭقۇر ھېكمەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى، قۇرئان كەرىمنىڭ بەدىئىيلىكىگە، ئۇنىڭ مۆجىزىسىگە ھېچقانداق سەلبىي تەسىر يەتكۈزمەيدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

**بۇ ئايەتلەرنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى:** ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە چىۋىن بىلەن ئۆمۈچۈكنى تىلغا ئېلىپ، مۇشرىكلارغا مىسال كەلتۈرگەندىن كېيىن، يەھۇدىيلار كۈلۈشۈپ كېتىدۇ ۋە: «بۇ ئاللاھنىڭ سۆزىگە ئوخشىمايدۇ، بۇنداق پەس نەرسىلەرنى تىلغا ئېلىشتىن نېمىنى مەقسەت قىلىدىكىنا؟» دېيىشىدۇ. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇ ئايەتلەر چۈشۈرۈلگەن.

**تەپسىرى:** 26. ئاللاھ تائالا يەھۇدىيلار بىلەن مۇناپىقلارنىڭ گۇمانلىرىغا رەددىيە بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ ھەقىقەتەن پاشا ۋە ئۇنىڭدىنمۇ كىچىك نەرسىلەرنى مىسال قىلىپ كەلتۈرۈشتىن تارتىنىپ قالمايدۇ»، يەنى ئاللاھ تائالا

مەيلى چوڭ بولسۇن، مەيلى كىچىك بولسۇن ھەرقانداق بىر نەرسىنى، ھەتتا ئاددىيلىقتا، كىچىكلىكتە پاشا ۋە ئۇنىڭدىنمۇ كىچىك نەرسىلەرنى مىسال قىلىپ كەلتۈرۈشتىن ھېچ تومسۇلۇپ قالمايدۇ ياكى تارتىنىپ قالمايدۇ. بۇنداق كىچىك نەرسىلەرنى يارىتىشتىن تارتىنىپ قالمىغىنىدەك، ئۇلارنى مىسال قىلىپ كەلتۈرۈشتىنمۇ تارتىنىپ قالمايدۇ. «مۆمىنلەر بولسا ئۇنى پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن نازىل بولغان ھەقىقەت دەپ بىلىدۇ»، يەنى مۆمىنلەر ئاللاھ تائالانىڭ ھېق ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ھەقتىن باشقىسىنى سۆزلىمەيدىغانلىقىنى ۋە بۇ مىساللارنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. «كاپىرلار بولسا: <ئاللاھ بۇ نەرسىلەرنى مىسال قىلىپ كەلتۈرۈشتىن نېمىنى مەقسەت قىلىدىكىنا؟> دەيدۇ»، يەنى كاپىرلار ئەجەبلىنىپ: «ئاللاھ بۇنداق پەس نەرسىلەرنى مىسال قىلىپ كەلتۈرۈشتىن نېمىنى مەقسەت قىلىدىكىنا؟» دېيىشىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇلارغا رەددىيە بېرىشتە: «ئاللاھ بۇ مىسال بىلەن نۇرغۇن كىشىلەرنى ئازدۇرىدۇ ۋە نۇرغۇن كىشىلەرنى ھىدايەت قىلىدۇ»، يەنى ئاللاھ تائالا بۇ مىسال بىلەن كۆپلىگەن كاپىرلارنى ئۇنى ئىنكار قىلغانلىقى سەۋەبلىك ئازدۇرۇۋاتىدۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن كۆپلىگەن مۆمىنلەرنى بۇنى تەستىقلىغانلىقى سەۋەبلىك ھىدايەت قىلىدۇ. نەتىجىدە، كاپىرلارغا ئازغۇنلۇق، مۆمىنلەرگە ھىدايەتنى زىيادە قىلىدۇ. «شۇ ئارقىلىق پەقەت پاسىقلارنىلا ئازدۇرىدۇ»، يەنى بۇ مىسال ياكى بۇ قۇرئان بىلەن پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلىپ، ئۇنىڭ تائىتىدىن چىققۇچى پاسىقلارنىلا ئازدۇرىدۇ. 27. ئاللاھ تائالا بۇ پاسىقلارنىڭ سۈپەتلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پاسىقلار ئاللاھ ۋەدە ئالغاندىن كېيىن

بەرگەن ۋەدىسىنى بۇزىدۇ. ئاللاھ قىلىشقا بۇيرۇغان سىلە - رەھىمنى ئۈزۈپ قويىدۇ، يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىق قىلىدۇ؛ ئەنە شۇلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر» ، يەنى ئۇلار ئاللاھ تائالا ساماۋى كىتابلاردا ئۇلاردىن ئاخىر زامان پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرۈشلىرى ھەققىدە ئالغان ئەھدىسىنى، شۇنداقلا ئاللاھ تائالاغا ئىمان كەلتۈرۈش، بارلىق پەيغەمبەرلىرىنى تەستىق قىلىش ۋە شەرىئەتلەرگە ئەمەل قىلىش ھەققىدە ئېلىنغان ئەھدە ـ مىساقلارنى بۇزىدۇ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا قىلىشقا بۇيرۇغان سىلە - رەھىم قىلىشنى تەرك ئېتىپ ئۈزۈپ قويىدۇ، ئەلۋەتتە، بۇ ئىبارە پەيغەمبەرلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلارئارا سىلە - رەھىمنى ۋە مۆمىنلەرنى دوست تۇتۇشنى تەرك ئېتىشتەك ئاللاھ تائالا رازى بولمايدىغان ئىشنى سادىر قىلىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلار يەر يۈزىدە گۇناھ ـ مەسىيەت قىلىش، پىتنە ـ پاسات تېرىش، كىشىلەرنى ئىماندىن توسۇش، قۇرئان ھەققىدە شەك- شۈبھىلەرنى پەيدا قىلىش بىلەن بۇزۇقچىلىق قىلىدۇ. مانا مۇشۇ سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەنگۈچىلەر زىيان تارتقۇچىلارنىڭ ئۆزىدۇر. چۈنكى ئۇلار ھىدايەتنى زالالەتكە، ئازابنى مەغپىرەتكە تېگىشىپ، مەڭگۈلۈك دوزاخقا ھەقلىق بولدى. 28. «ئاللاھنى قانداقمۇ ئىنكار قىلىسىلەركى، جانسىز ئىدىڭلار، سىلەرگە جان بەردى، كېيىن (ئەجىلىڭلار توشقاندا) ئاللاھ جېنىڭلارنى ئالىدۇ، ئاندىن كېيىن تىرىلدۈرىدۇ، ئاندىن كېيىن ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) قايتۇرۇلىسىلەر» ، ئايەتنىڭ بېشىدىكى سوراق جۈملىسى ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىغا كايىش ۋە ئىنكارنى ئىپادىلەيدۇ. مەنىسى: ياراتقۇچىنى قانداقمۇ ئىنكار قىلىسىلەر؟ ھالبۇكى

سىلەر ئاتاڭلارنىڭ پۇشتىدا، ئاناڭلارنىڭ قارنىدا ئابىمەنىي ئىدىڭلار، ئاللاھ تائالا سىلەرنى بۇ دۇنياغا ئېلىپ چىقتى، ئاندىن ئەجىلىڭلار توشقاندا سىلەرنى ئۆلتۈرىدۇ، ئاندىن يەنە قەبرىدىن قوزغىتىش ئارقىلىق تىرىلدۈرىدۇ، ئاندىن ھېساب بېرىش ۋە مۇكاپات ياكى جازا ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر. 29. «ئاللاھ يەر يۈزىدىكى ھەممە نەرسىنى سىلەر ئۈچۈن ياراتتى، ئاندىن ئاسماننى يارىتىشقا يۈزلىنىپ، ئۇنى قۇسۇرسىز يەتتە ئاسمان قىلىپ تاماملىدى. ئاللاھ ھەرنەرسىنى بىلگۈچىدۇر»، يەنى ئاللاھ تائالا زېمىن ۋە ئۇنىڭدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى سىلەرنىڭ مەنپەئەتلىنىشىڭلار ۋە ئىبرەت ئېلىپ ئاللاھ تائالانىڭ رىزىق بەرگۈچى، خالىق ئىكەنلىكىنى بىلىشىڭلار ئۈچۈن ياراتتى. ئاندىن ئۇ ئىرادىسىنى ئاسمانغا يۈزلەندۈرۈپ، يەتتە قات ئاسماننى مەھكەم ۋە مۇكەممەل قىلىپ تاماملىدى. مانا بۇ، ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان دەلىللەرنىڭ بىرىدۇر. ئاللاھ تائالا ئۆزى ياراتقان ۋە پەيدا قىلغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى ياخشى بىلگۈچىدۇر. ئاسمانغا ئوخشاش سىلەردىن نەچچە يۈز مىليارد ھەسسە چوڭ جىسىملارنى يارىتىشقا كۈچى يەتكەن زاتنىڭ سىلەرنى قايتا تىرىلدۈرۈشكىمۇ ئەلۋەتتە قادىر ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەمسىلەر؟ «ئۇلار بىلمەمدۇكى، ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان ۋە ئۇلارنى يارىتىشتا چارچاپ قالمىغان ئاللاھ ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشكە قادىر ئەمەسمۇ؟ دۇرۇس، ئۇ ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىردۇر.»

**ئىلاۋە:** 1. زەمەخشەرىي مۇنداق دېگەن: مىسال كەلتۈرۈش

پەقەت مەنىنى ئوچۇقلاش ۋە مەقسەتنى ئىزاھلاش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ. مىسال كەلتۈرۈلگەن نەرسىنىڭ كاتتا شەيئىلەردىن بولۇشى ياكى ئاددىي نەرسىلەردىن بولۇشى ئوخشىتىلغان نەرسىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ بولىدۇ. شۇڭا، ھەقىقەت ناھايىتى ئوچۇق ۋە ئېنىق بولغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھ تائالا ئۇنى نۇرغا، باتىل ئۇنىڭ زىتى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى قاراڭغۇلۇققا ئوخشاتقان. شۇنىڭدەك، كاپىرلارنىڭ ئاللاھنى قويۇپ ئىلاھ دەپ تىكلىۋالغان بۇتلىرى ئەڭ پەس نەرسىلەردىن بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ئاجىزلىق ۋە ئاددىيلىقتا ئۆمۈچۈكنىڭ ئۆيىگە ئوخشاتقان. ھەتتا بۇ ساختا ئىلاھلارنى چىۋىن ۋە ئۇنىڭدىنمۇ پەس، قەدىرسىز قىلىپ تەسۋىرلىگەن: «شۈبھىسىزكى، سىلەر ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان بۇتلارنىڭ ھەممىسى يىغىلغان تەقدىردىمۇ بىر چىۋىننى يارىتالمايدۇ، چىۋىن ئۇلارنىڭ بەدىنىدىن بىر نەرسىنى ئېلىپ قاچسا، ئۇنى چىۋىندىن تارتىپ ئالالمايدۇ، بۇتمۇ ۋە (ئۇنىڭغا) چوقۇنغۇچىمۇ ئاجىزدۇر.»

ئەجەبلىنەرلىكى، ئۇلار بۇ مىساللارنى قانداقمۇ ئىنكار قىلىشىدۇ؟ ھالبۇكى، ئەرەبلەر قەدىمدىن ھازىرغىچە ھەممىسى دېگۈدەك ھايۋانلارنى، قۇشلارنى ۋە ھاشاراتلارنى مىسال قىلىپ كەلتۈرىدۇ ئەمەسمۇ؟ 2. «يُضِلُّ بِهِ كَثِيرًا وَيَهْدِي بِهِ كَثِيرًا» دېگەن ئايەتتە ھىدايەتتىن زالالەتنى ئىلگىرى قىلىپ تەسۋىرلىگەن. بۇنىڭدىكى مەقسەت كۇففارلارنىڭ قۇلاقلىرىغا ئەڭ ئاۋۋال ئاڭلىنىدىغان ئېچىنىشلىق جاۋاب شۇ بولسۇن ئۈچۈن بولۇپ، كېلىدىغان زامان پېئىلى بىلەن ئىپادىلىنىشى ئىشنىڭ ھەمىشە شۇنداق داۋام قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش

ئۇچۇندۇر. 3. ئىبنى جەزى مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ يەر زېمىندىكى ھەممە نەرسىنى سىلەرنىڭ (پايدىلىنىشىڭلار) ئۈچۈن ياراتتى، ئاندىن ئاسماننى يارىتىشقا يۈزلىنىپ، ئۇنى قۇسۇرسىز يەتتە ئاسمان قىلىپ تاماملىدى» دېگەن ئايەت ئاللاھ تائالانىڭ زېمىننى ئاسماندىن بۇرۇن ياراتقانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. «شۇنىڭدىن كېيىن زېمىننى يايدى» دېگەن ئايەتنىڭ زاھىرىي مەنىسى ئۇنىڭغا زىت كېلىدۇ. بۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بېرىلىدۇ: بىرىنچىدىن، زېمىن ئاسماندىن بۇرۇن يارىتىلغان، ئاندىن يېيىلغان؛ ئىككىنچىدىن، ئايەتتىكى «ثُمَّ» ئەھۋالدىن خەۋەر بېرىشنىڭ تەرتىپىنى ئىپادىلەيدۇ، بەس.

وَإِذْ قَالَ رَبُّكَ لِلْمَلَٰٓئِكَةِ إِنِّي جَاعِلٌ فِي ٱلْأَرْضِ خَلِيفَةً ۖ
قَالُوٓا۟ أَتَجْعَلُ فِيهَا مَن يُفْسِدُ فِيهَا وَيَسْفِكُ ٱلدِّمَآءَ
وَنَحْنُ نُسَبِّحُ بِحَمْدِكَ وَنُقَدِّسُ لَكَ ۖ قَالَ إِنِّيٓ أَعْلَمُ مَا
لَا تَعْلَمُونَ ﴿٣٠﴾ وَعَلَّمَ ءَادَمَ ٱلْأَسْمَآءَ كُلَّهَا ثُمَّ عَرَضَهُمْ
عَلَى ٱلْمَلَٰٓئِكَةِ فَقَالَ أَنۢبِـُٔونِي بِأَسْمَآءِ هَٰٓؤُلَآءِ إِن كُنتُمْ
صَٰدِقِينَ ﴿٣١﴾ قَالُوا۟ سُبْحَٰنَكَ لَا عِلْمَ لَنَآ إِلَّا مَا عَلَّمْتَنَآ ۖ
إِنَّكَ أَنتَ ٱلْعَلِيمُ ٱلْحَكِيمُ ﴿٣٢﴾ قَالَ يَٰٓـَٔادَمُ أَنۢبِئْهُم
بِأَسْمَآئِهِمْ ۖ فَلَمَّآ أَنۢبَأَهُم بِأَسْمَآئِهِمْ قَالَ أَلَمْ أَقُل لَّكُمْ
إِنِّيٓ أَعْلَمُ غَيْبَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ وَأَعْلَمُ مَا تُبْدُونَ وَمَا
كُنتُمْ تَكْتُمُونَ ﴿٣٣﴾

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى: ئاللاھ**

تائالا ئىلگىرىكى ئايەتلەردە بەندىلىرىنى يوقتىن يارىتىپ، زېمىندىكى پۈتۈن نەرسىلەرنى ئۇلارنىڭ مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن بويسۇندۇرۇپ بەرگەنلىكتىن ئىبارەت ئۆزىنىڭ كاتتا نېمەتلىرىنى بايان قىلغان بولۇپ، بۇ ئايەتلەردە ئىنسانلارنى يارىتىشقا باشلىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئاتىسى ئادەم ئەلەيھىسسالامنى يەر يۈزىدە ئىزباسار قىلىش، ئۇنىڭغا پەرىشتىلەرنى ھۆرمەت بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن سەجدە قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئەزىز قىلغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. شۈبھىسىزكى، ئىنسانلارنىڭ ئاتىسىغا ياخشىلىق قىلغانلىق ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغىمۇ ياخشىلىق قىلغانلىق، ئاتىلارغا نېمەت ئاتا قىلغانلىق بالىلارغا نېمەت ئاتا قىلغانلىقتۇر. شۇ سەۋەبتىن ئىنسانلارغا بۇ ئىنئاملارنى خاتىرىلىتىش مۇناسىپ كۆرۈلگەن. چۈنكى، بۇمۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارغا ئاتا قىلغان نېمەتلىرىدىن بىرىدۇر.

**تەپسىرى:** 30. «ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە: <مەن يەر يۈزىدە خەلىپە (ئورۇنباسار) يارىتىمەن> دېدى. پەرىشتىلەر: <يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىق قىلىدىغان، قان تۆكىدىغان (شەخسنى) خەلىپە قىلامسەن؟ ھالبۇكى بىز بولساق سېنى پاك دەپ مەدھىيەلەيمىز، مۇقەددەس دەپ مەدھىيەلەيمىز> دېدى. ئاللاھ: <مەن ھەقىقەتەن سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى بىلىمەن> دېدى»، يەنى ئى مۇھەممەد! پەرۋەردىگارىڭنىڭ پەرىشتىلەرگە: «مەن يەر يۈزىدە ئورۇنباسار يارىتىمەن» دېگەن ۋاقتىنى ئەسكە ئالغىن ۋە قەۋمىڭگە بۇ قىسسىنى ھېكايە قىلىپ بەرگىنكى، ئاللاھ تائالا يەر يۈزىدە ئۆزىنىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىنى ئىجرا قىلىشتا ئۆزىنىڭ ئورۇنباسارى قىلىپ ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋە

ئۇنىڭ ئەۋلادىنى يارىتىدىغانلىقىنى پەرىشتىلەرگە ئېيتقاندا، پەرىشتىلەر ئەجەبلىنىش ۋە سوئال تەرىقىسىدە، ئۇلارنى قانداقمۇ ئۆزۈڭنىڭ ئورۇنباسارى قىلىسەن؟ ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە مەئسىيەتلەرنى ئىشلەپ يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىق قىلىدىغانلار ۋە ھەددىدىن ئېشىپ قان تۆكىدىغانلار بار. ئەمما بىز بولساق، ساڭا لايىق بولمايدىغان سۈپەتلەردىن پاك ئىكەنلىكىڭنى ئىقرار قىلىش بىلەن ھەمىشە سېنى پاك دەپ مەدھىيەلەيمىز، سېنى ئۇلۇغلايمىز، كاپىرلار ساڭا مەنسۇپ قىلغان نەرسىلەردىن سېنىڭ پاك ئىكەنلىكىڭنى سۆزلەيمىز، دېدى. ئاللاھ تائالا ئۇلارغا رەددىيە بېرىپ: مەن سىلەر ئۈچۈن مەخپىي بولغان ھېكمەت ۋە پايدىلارنى بىلىمەن. مېنىڭ مەۋجۇداتنى يارىتىشتا سىلەر بىلمەيدىغان ھېكمەتلىرىم بار، دېدى. 31. «ئاللاھ پۈتۈن شەيئىلەرنىڭ ناملىرىنى ئادەمگە ئۆگەتتى، ئاندىن ئۇلارنى پەرىشتىلەرگە كۆرسىتىپ: <(خەلىپە بولۇشقا ئادەمگە قارىغاندا بىز ھەقلىق دەيدىغان قارىشىڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، بۇ شەيئىلەرنىڭ ناملىرىنى ماڭا ئېيتىپ بېرىڭلار> دېدى» ، يەنى ئاللاھ تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامغا پۈتۈن شەيئىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى ئۆگەتتى. ئاندىن پەرىشتىلەرنى قىلغان سۆزلىرىگە پۇشايمان قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئۇلارغا بۇ شەيئىلەرنى كۆرسىتىپ، يەر يۈزىدە ئورۇنباسار بولۇشقا ئادەمگە قارىغاندا بىز ھەقلىقمىز دېگەن سۆزۈڭلاردا راستچىل بولىدىغان بولساڭلار، بۇ شەيئىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى ئېيتىپ بېرىڭلار دېدى. خۇلاسە كالام، ئاللاھ تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامغا پەرىشتىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى ئۆگىتىش ئارقىلىق، ئۇنىڭ ئارتۇقلۇقىنى پەرىشتىلەرگە كۆرسىتىپ بەردى. ئۇنىڭغا

پەرىشتىلەر بىلمەيدىغان ئىسىملارنى، شەيئىلەرنى، تۇرلەرنى ۋە تىللارنى ئۆگەتتى. شۇنىڭ بىلەن پەرىشتىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئاجىزلىقىنى ئېتىراپ قىلىشتى. 32. «پەرىشتىلەر: ‹سېنى (پۈتۈن كەمچىلىكلەردىن) پاك دەپ تونۇيمىز. بىز سەن بىلدۈرگەندىن باشقىنى بىلمەيمىز، ھەقىقەتەن سەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇرسەن، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇرسەن› دېدى»، يەنى پەرىشتىلەر بۇ ۋاقىتتا ‹ئى ئاللاھ! بىز سېنى جىمى كەمچىلىكلەردىن پاك دەپ مەدھىيەلەيمىز، بىز سەن بىزگە بىلدۈرگەنلەردىن باشقا ھېچ نەرسىنى بىلمەيمىز، سەن ھەقىقەتەن ھەممىنى تولۇق بىلىپ تۇرغۇچى ۋە ھەممىشە ھېكمەتنىڭ تەقەززاسى بويىچە ئىش كۆرگۈچى زاتسەن!› دېدى.» 33. «ئاللاھ: ‹ئى ئادەم! ئۇلارغا بۇ نەرسىلەرنىڭ ناملىرىنى ئېيتىپ بەرگىن› دېدى. ئادەم ئۇلارغا بۇ نەرسىلەرنىڭ ناملىرىنى ئېيتىپ بەرگەن چاغدا، ئاللاھ: ‹مەن سىلەرگە ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى غەيبلەرنى ھەقىقەتەن بىلىپ تۇرىمەن، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئىشىڭلارنى بىلىپ تۇرىمەن، دېمىگەنمىدىم› دېدى»، يەنى ئاللاھ تائالا پەرىشتىلەرگە خىتاب قىلىپ: «مەن سىلەرگە ئاسمان ۋە زېمىندىكى سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى، سىلەر ئاشكارا قىلغان ۋە ئاللاھ بىزدىن ئەۋزەل خەلقنى يارىتالمايدۇ، دەپ گۇمان قىلىشتىن ئىبارەت ئىچىڭلاردا يوشۇرغان دەۋايىڭلارنى بىلىمەن دېمىگەنمىدىم» دەيدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئاللاھ تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ياراتقاندا، پەرىشتىلەر ئۇنىڭ خاراكتېرىدىكى ئاجايىبلىقنى كۆرۈپ، «ئاللاھنىڭ خالىغىنى بولسۇن. ئەمما ئاللاھ ياراتقانلار ئىچىدە ئۇنىڭغا بىزدىن ھۆرمەتلىكرەكى يوقتۇر» دېيىشكەن ئىكەن.

**ئىلاۋە:** 1. بەزى ئۆلىمالار مۇنداق دېگەن: ئاللاھ تائالانىڭ ئادەم ئەلەيھىسسالامنى يارىتىدىغانلىقى ۋە ئۇنى يەر يۈزىدە ئۆزىنىڭ ئەمر - پەرمانلىرىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن ئورۇنباسار قىلىدىغانلىقىنى پەرىشتىلەرگە ئۇقتۇرۇشى، بەندىلىرىگە قىلماقچى بولغان ئىشلىرىنى كېڭەش بىلەن قىلىشنى ئۆگىتىش ئۈچۈندۇر. 2. ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ئورۇنباسارلىققا تاللىغانلىقى ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە قىلغان زور ئىنئامى ۋە كاتتا رەھمىتى ئىدى. بۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر - پەرمانلىرىنى ۋاستىسىز ياكى پەرىشتىنىڭ ۋاستىسى بىلەن تاپشۇرۇپ ئېلىشنىڭ ئادەتتىكى ئىنسانلار ئۈچۈن قىيىن بولىدىغانلىقى سەۋەبىدىن ئىدى. ئىنسانلارغا ئۆز جىنسىدىن پەيغەمبەر ئەۋەتكەنلىكىمۇ ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلەرگە قىلغان زور ئىلتىپاتىدۇر. 3. ئىبنى كەسىر مۇنداق دېگەن: پەرىشتىلەرنىڭ: «يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىق قىلىدىغان، قان تۆكىدىغان (شەخسنى) ئورۇنباسار قىلامسەن؟» دېگەنلىكى ئاللاھ تائالانىڭ خاھىشىغا قارشىلىق كۆرسەتكەنلىك ياكى ئادەم ئەۋلادىغا ھەسەت قىلغانلىقتىن ئەمەس، بەلكى بۇ ئىشنىڭ ھېكمىتىنى بىلىش ئۈچۈن سورالغان بىر سوئالدۇر. ئۇلار دەيدۇكى، ئۇلارنى يارىتىشنىڭ ھېكمىتى نېمە؟ ھالبۇكى، ئۇلاردىن يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق تېرىيدىغانلىرى بار ئەمەسمۇ؟ «تەسھىل» دېگەن كىتابتا مۇنداق دېيىلگەن: پەرىشتىلەرنىڭ ئادەم ئەۋلادىنىڭ يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىق تېرىيدىغانلىقىنى بىلىشى پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ بىلدۈرۈشى بىلەن بولغان. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئىلگىرى زېمىندا جىنلار بار بولۇپ، ئۇلار بۇزغۇنچىلىق قىلاتتى. ئۇلارنى پەرىشتىلەر چۇشۇپ ئۆلتۈرۈپ يوقاتقان. شۇ سەۋەبتىن

پەرىشتىلەر ئادەم ئەۋلادلىرىنى شۇ جىنلارغا قىياس قىلغان.
4. شەئبىيدىن ئىبلىسنىڭ ئايالى بارمۇ؟ دەپ سورالغاندا، ئۇ: «ئاللاھ تائالانىڭ <مېنى قويۇپ ئىبلىسنى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادىنى دوست قىلىۋالامسىلەر؟> دېگەن سۆزىنى ئوقۇغاندىن كېيىن بىلدىمكى، ئىبلىسنىڭ ئايالى بولمىسا ئەۋلادلىرىمۇ بولمىغان بولاتتى.» دېگەن.

وَإِذْ قُلْنَا لِلْمَلَٰٓئِكَةِ ٱسْجُدُوا۟ لِءَادَمَ فَسَجَدُوٓا۟ إِلَّآ
إِبْلِيسَ أَبَىٰ وَٱسْتَكْبَرَ وَكَانَ مِنَ ٱلْكَٰفِرِينَ ﴿٣٤﴾ وَقُلْنَا
يَٰٓـَٔادَمُ ٱسْكُنْ أَنتَ وَزَوْجُكَ ٱلْجَنَّةَ وَكُلَا مِنْهَا رَغَدًا حَيْثُ
شِئْتُمَا وَلَا تَقْرَبَا هَٰذِهِ ٱلشَّجَرَةَ فَتَكُونَا مِنَ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٣٥﴾
فَأَزَلَّهُمَا ٱلشَّيْطَٰنُ عَنْهَا فَأَخْرَجَهُمَا مِمَّا كَانَا فِيهِ ۖ وَقُلْنَا
ٱهْبِطُوا۟ بَعْضُكُمْ لِبَعْضٍ عَدُوٌّ ۖ وَلَكُمْ فِى ٱلْأَرْضِ مُسْتَقَرٌّ
وَمَتَٰعٌ إِلَىٰ حِينٍ ﴿٣٦﴾ فَتَلَقَّىٰٓ ءَادَمُ مِن رَّبِّهِۦ كَلِمَٰتٍ فَتَابَ
عَلَيْهِ ۚ إِنَّهُۥ هُوَ ٱلتَّوَّابُ ٱلرَّحِيمُ ﴿٣٧﴾ قُلْنَا ٱهْبِطُوا۟ مِنْهَا
جَمِيعًا ۖ فَإِمَّا يَأْتِيَنَّكُم مِّنِّى هُدًى فَمَن تَبِعَ هُدَاىَ
فَلَا خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلَا هُمْ يَحْزَنُونَ ﴿٣٨﴾ وَٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟
وَكَذَّبُوا۟ بِـَٔايَٰتِنَآ أُو۟لَٰٓئِكَ أَصْحَٰبُ ٱلنَّارِ ۖ هُمْ فِيهَا
خَٰلِدُونَ ﴿٣٩﴾

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:**
يۇقىرىدا ئۆتكەن ئايەتلەر بىر تەرەپتىن ئاللاھ تائالانىڭ ئادەم ئەلەيھىسسالامنى يەر يۈزىدە ئورۇنباسارلىققا تاللىغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا پەرىشتىلەر بىلىشتىن ئاجىز كەلگەن ئىلىملەرنى

تەمسىلىگەنلىكىگە ئىشارەت قىلغان بولسا، يەنە بىر نۇقتىدىن ئاللاھ تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامغا ئاتا قىلغان ھۆرمەت ۋە ئىززەتنىڭ بىر تۈرىنى بايان قىلىدۇ. ئۇ بولسىمۇ، پەرىشتىلەرنى ئادەم ئەلەيھىسسالامغا سەجدە قىلىشقا بۇيرۇغانلىقىدۇر. بۇ ئىنسان جىنسىغا ئاتا قىلىنغان ئەڭ كاتتا ھۆرمەت ئىدى.

**تەپسىرى:** 34. «ئۆز ۋاقتىدا پەرىشتىلەرگە: <ئادەمگە سەجدە قىلىڭلار> دېدۇق، ئىبلىستىن باشقا ھەممىسى سەجدە قىلدى، ئىبلىس (سەجدە قىلىشتىن) باش تارتتى، تەكەببۇرلۇق قىلدى، ئۇ كاپىرلاردىن بولۇپ كەتتى»، يەنى ئى مۇھەممەد! قەۋمىڭگە ئەسلەتكىنكى، بىز ئۆز ۋاقتىدا، ئادەمنى ھۆرمەتلەش يۈزىسىدىن پەرىشتىلەرگە «ئادەمگە سەجدە قىلىڭلار» دېدۇق. ئىبلىستىن باشقا ھەممىسى سەجدە قىلدى. پەقەت ئىبلىس بۇيرۇلغان بۇ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن باش تارتتى ۋە چوڭچىلىق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ بويۇنتاۋلىقى ۋە مۇتەكەببىرلىكى سەۋەبلىك كاپىرلاردىن بولۇپ كەتتى. چۈنكى ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئادەمگە سەجدە قىلىشقا بۇيرۇغان ئەمرىنى يامان كۆردى. 35. «بىز (ئادەمگە): <ئى ئادەم! سەن خوتۇنۇڭ بىلەن جەننەتتە تۇرۇڭلار! جەننەتتىكى نەرسىلەردىن خالىغىنىڭلارچە كەڭتاشا يەپ - ئىچىڭلار، بۇ دەرەخكە يېقىنلاشماڭلار، بولمىسا (ئۆزۈڭلارغا) زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولۇپ قالىسىلەر> دېدۇق»، يەنى بىز ئادەمگە ئەمر قىلىپ: «ئى ئادەم، سەن ۋە خوتۇنۇڭ ھەۋۋا ئىككىڭلار مەڭگۈلۈك جەننەتتە تۇرۇڭلار، جەننەتنىڭ نېمەتلىرىدىن خالىغان يەردىن خالىغانچە

ئېلىپ كەڭتاشا يەپ ـ ئىچىڭلار، بۇ دەرەخنىڭ مېۋىسىدىن يېمەڭلار، بولمىسا ئۆزۈڭلارغا زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولۇپ قالىسىلەر» دېدۇق. ئىبنى ئابباس جەننەتتە يېيىش مەنئى قىلىنغان دەرەخنىڭ «ئۈزۈم دەرىخى» ئىكەنلىكىنى ئېيتقان.

36. «شەيتان ئۇ ئىككىسىنى تېيىلدۇردى، تۇرۇۋاتقان جەننەتتىن چىقاردى. (ئۇلارغا) <بىر - بىرىڭلار بىلەن ئۆچەكەشكەن هالدا (جەننەتتىن يەر يۈزىگە) چۈشۈڭلار، يەر يۈزىدە سىلەر ئۈچۈن يەرلىشىش ۋە (نېمەتلەردىن) بەھرىمەن بولۇش باردۇر> دېدۇق»، يەنى شەيتان بۇ ئىككىسىنى مەنئى قىلىنغان دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېگۈزۈپ خاتالاشتۇردى. شەيتان بۇ ئىككىسىنى شۇ دەرەخنىڭ سەۋەبى بىلەن ئازدۇردى ۋە ئۇنىڭ مېۋىسىنى يېيىشكە كۈشكۈرتتى. «تىنها» دىكى ئالماشنى دەرەخنىڭ ئورنىدا كەلگەن دەپ چۈشەنسەك، مەنىسى بىز دېگەندەك بولىدۇ. ئەگەر ئۇنى جەننىتىڭ ئورنىدا ئالمىشىپ كەلگەن دەپ چۈشەنسەك، شەيتان ئۇلارنى جەننەتتىن يىراقلاشتۇردى دېگەنلىك بولىدۇ. شەيتان ئۇلارنى تۇرۇۋاتقان جەننەت نېمەتلىرىدىن چىقاردى. ئادەمگە، ھەۋۋاغا، ئىبلىسقا «بىر - بىرىڭلار بىلەن ئۆچەكەشكەن هالدا جەننەتتىن يەر يۈزىگە چۈشۈڭلار، سىلەر ئۈچۈن دۇنيادا يەرلىشىش ئەجىلىڭلار توشقىچە نېمەتلەردىن بەھرىمەن بولۇش باردۇر» دېدۇق. 37. «ئادەم پەرۋەردىگارىدىن بىر قانچە سۆز تەلىم ئالدى (گۇناھىنىڭ كەچۈرۈلۈشى ئۈچۈن ئوقۇيدىغان دۇئا ئۇنىڭغا ئىلھام ئارقىلىق بىلدۈرۈلدى)، ئاللاھ ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى. ئاللاھ ھەقىقەتەن تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر، (بەندىلىرىگە) ناھايىتى مېھرىباندۇر»، يەنى ئادەم پەرۋەردىگارىدىن دۇئالارنى تەلىم

ئالـدى ۋە شـۇلار بىلـەن دۇئـا قىلـدى. «كلمات»نىـڭ تەپسـىرى ئەئـراف سۈرىسـىنىڭ 23 - ئايىتىـدە مۇنـداق چۈشـەندۈرۈلگەن: «ئـۇلار: <پەرۋەردىگارىمىـز! بىـز ئۆزىمىزگـە ئۆزىمىـز زۇلـۇم قىلـدۇق، ئەگـەر سـەن بىزگـە مەغپىـرەت قىلمىسـاڭ، بىزگـە رەھىـم قىلمىساڭ، بىـز چوقـۇم زىيـان تارتقۇچىلاردىـن بولىمىـز> دېـدى». ئالـلاھ تائـالا ئۇنىـڭ تەۋبىسـىنى قوبـۇل قىلـدى. ئالـلاھ تائـالا بەندىلىرىنىـڭ تەۋبىسـىنى ناھايىتـى بـەك قوبـۇل قىلغۇچـى ۋە ئۇلارغـا رەھىمتـى كـەڭ زاتتـۇر. 38. «ئۇلارغـا <ھەممىـڭلار بۇيەردىـن چۈشـۈڭلار، سـىلەرگە مـەن تەرەپتىـن بىـر يـول كۆرسـەتكۈچى كېلىـدۇ، يولۇمغـا ئەگەشـكەنلەرگە (ئاخىرەتتـە) قورقۇنـچ ۋە غـەم - قايغـۇ بولمايـدۇ> دېـدۇق». ئۇلارنـى جەننەتتىـن زېمىنغـا چۈشۈشـكە بۇيرۇغـان ئەمرنىـڭ تەكرارلىنىشـى تەكىـد بولـۇپ، ئـادەم ئەۋلادىنىـڭ تۇرىدىغـان جايـى جەننـەت ئەمـەس، بەلكـى يـەر يـۈزى ئىكەنلىكىنـى بايـان قىلىـش ئۈچـۈن. «سـىلەرگە مـەن تەرەپتىـن بىـر يـول كۆرسـەتكۈچى كېلىـدۇ»، يەنـى سـىلەرگە پەيغەمبـەر ئەۋەتىمـەن ۋە كىتـاب چۈشـۈرىمەن. «يولۇمغـا ئەگەشـكەنلەرگە قورقۇنـچ ۋە غـەم - قايغـۇ بولمايـدۇ»، يەنـى مـاڭا ئىمـان ئېيتقـان ۋە مـاڭا تائـەت - ئىبـادەت قىلغانلارغـا ئاخىرەتتـە ھېچقانـداق قورقۇنـچ ۋە غـەم - قايغـۇ بولمايـدۇ. 39. «كاپىرلار ۋە بىزنىـڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنـكار قىلغانـلار ئەھلـى دوزاختـۇر، ئـۇلار دوزاختـا مەڭگـۈ قالىـدۇ»، يەنـى مـەن چۈشـۈرگەن كىتابقـا ۋە مـەن ئەۋەتكـەن پەيغەمبەرنـى ئىنـكار قىلغـان كاپىـرلار جەھەننەمـدە مەڭگـۈ قالغۇچـىلاردۇر. ئالـلاھ بۇنىڭدىـن پانـاھ بەرگـەي!

**ئىلاۋە:** 1. قانداقمـۇ ئاللاھتىـن باشقىسـىغا سـەجدە قىلىنىـدۇ؟

جاۋاب: پەرىشتىلەرنىڭ ئادەم ئەلەيھىسسالامغا سەجدە قىلغانلىقى سالام بېرىش ئورنىدىكى سەجدە ئىدى. ئۇ ئىبادەت سەجدىسى ئەمەس، بەلكى ھۆرمەتلەش سەجدىسى ئىدى. زەمەخشەرىي مۇنداق دېگەن: ئاللاھقا قىلىنغان سەجدە ئىبادەتتۇر. ئەمما باشقىلارغا قىلىنغان سەجدە ھۆرمەت ئۈچۈندۇر. بۇ خۇددى پەرىشتىلەرنىڭ ئادەم ئەلەيھىسسالامغا، ياقۇپ ئەلەيھىسسالام بىلەن ئوغۇللىرىنىڭ يۈسۈف ئەلەيھىسسالامغا سەجدە قىلغىنىغا ئوخشاش. 2. بەزى ئارىفلار مۇنداق دېگەن: ئاللاھنىڭ ئىنايىتىگە ئېرىشكەنلەر ئۈچۈن گۇناھنىڭ تەسىرى بولمايدۇ. ئاللاھنىڭ نەزىرىدىكى ئورنى پەسلەپ كەتمەيدۇ. ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ جەننەتتىن چىقىپ كېتىشىگە سەۋەب بولغان گۇناھى ئۇنىڭ ئاللاھ دەرگاھىدىكى ماقامىنى، يەر يۈزىدە ئورۇنباسارلىققا تاللىنىشتەك مەرتىبىسىنى چۈشۈرمىگەن، بەلكى ئاللاھ ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئارتۇق ئىنئام قىلغان، «ئاندىن پەرۋەردىگارى ئۇنى تاللىدى.» 3. ئىبلىس پەرىشتىلەردىنمىدى؟ جاۋاب: مۇپەسسىرلەر بۇ ماۋزۇدا ئىختىلاپلىشىپ ئىككى گۇرۇپپىغا ئايرىلغان. ئىبلىسنى پەرىشتىلەردىن دەپ سانىغان گۇرۇپپا «ئىبلىستىن باشقا ھەممىسى سەجدە قىلدى»، دېگەن ئايەتتىكى ئىستىسنانى دەلىل قىلىپ كەلتۈرگەن. ئەمما ئىبلىسنى پەرىشتىلەردىن ئەمەس، دېگۈچىلەر ئايەتتىكى ئىستىسنانى «استثناء منقطع» (ئىبلىسنى پەرىشتىلەردىن مۇستەسنا قىلىشنى تەقەززا قىلىدىغان ئىستىسنا ئەمەس)، ئىبلىس پەرىشتىلەردىن ئەمەس، بەلكى ئۇ جىنلار تائىپىسىدىندۇر، دەيدۇ. ھەسەن بەسرىي، قەتادە، زەمەخشەرىيلەر بۇ قاراشنى ياقىلىغان. ھەسەن بەسرىي مۇنداق دېگەن: ئىبلىس ھەرگىزمۇ

پەرىشتىلەردىن بولغان ئەمەس. بىز ئىبلىس پەرىشتىلەردىن ئەمەس، دېگەن قاراشتا چىڭ تۇرىمىز. تۆۋەندىكى دەلىللەرمۇ بۇ قاراشنى كۈچلەندۈرىدۇ: 1. پەرىشتىلەر گۇناھلاردىن پاكتۇر. «ئۇلار نېمىگە بۇيرۇلسا شۇنى ئىجرا قىلىدۇ»، ئەمما ئىبلىس ئاللاھنىڭ ئەمرىگە ئاسىيلىق قىلدى. 2. پەرىشتىلەر نۇردىن يارىتىلغان بولسا، ئىبلىس ئوتتىن يارىتىلغان. بۇ ئىككىسىنىڭ تەبىئىتىمۇ بىر خىل ئەمەس. 3. پەرىشتىلەرنىڭ ئەۋلادلىرى يوق. ئەمما ئىبلىسنىڭ ئەۋلادلىرى بار بولۇپ، ئۇلار شەيتانلاردۇر. «سىلەر مېنى قويۇپ ئىبلىسنى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنى ئىلاھ قىلىۋالامسىلەر؟» 4. كەھف سۈرىسىدىكى «ئىبلىس جىنلاردىن ئىدى، شۇڭا ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ ئىتائىتىدىن چىقتى» دېگەن ئايەت ئىبلىسنىڭ جىنلاردىن ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىبلىسنىڭ پەرىشتىلەردىن ئەمەسلىكىگە كۈچلۈك دەلىل بولۇشقا يېتەرلىكتۇر.

يَٰبَنِيٓ إِسۡرَٰٓءِيلَ ٱذۡكُرُواْ نِعۡمَتِيَ ٱلَّتِيٓ أَنۡعَمۡتُ عَلَيۡكُمۡ
وَأَوۡفُواْ بِعَهۡدِيٓ أُوفِ بِعَهۡدِكُمۡ وَإِيَّٰيَ فَٱرۡهَبُونِ ﴿٤٠﴾
وَءَامِنُواْ بِمَآ أَنزَلۡتُ مُصَدِّقٗا لِّمَا مَعَكُمۡ وَلَا تَكُونُوٓاْ
أَوَّلَ كَافِرِۭ بِهِۦۖ وَلَا تَشۡتَرُواْ بِـَٔايَٰتِي ثَمَنٗا قَلِيلٗا وَإِيَّٰيَ
فَٱتَّقُونِ ﴿٤١﴾ وَلَا تَلۡبِسُواْ ٱلۡحَقَّ بِٱلۡبَٰطِلِ وَتَكۡتُمُواْ ٱلۡحَقَّ
وَأَنتُمۡ تَعۡلَمُونَ ﴿٤٢﴾ وَأَقِيمُواْ ٱلصَّلَوٰةَ وَءَاتُواْ ٱلزَّكَوٰةَ
وَٱرۡكَعُواْ مَعَ ٱلرَّٰكِعِينَ ﴿٤٣﴾

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى: بۇ**

ئايەتنىڭ بېشىدىن 142 - ئايەتكىچە سۆز تېمىسى ئىسرائىل ئەۋلادلىرى ھەققىدە بولۇپ، قۇرئان كەرىم بىر پارىغا يېقىن ئايەتتە يەھۇدىيلارنىڭ ھەقىقىتىنى ئېچىپ تاشلىغان. قۇرئان كەرىمنىڭ يەھۇدىيلارنىڭ تەبىئىتىدىكى رەزىللىك، ھىيلىگەرلىك، يامانلىق قاتارلىق ئىللەتلىرىنى ئېچىپ تاشلاشقا بۇنداق كۆڭۈل بۆلگەنلىكى، مۇسۇلمانلارنى ئۇلاردىن ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈندۇر. ئەمما بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە كەلسەك، ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى ئىقرار قىلغان ھالدا ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇپ، ئۆزىنىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكىگە دەلىل ـ ئىسپاتلارنى تۇرغۇزغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئاتىسى ئادەم ئەلەيھىسسالامغا ئاتا قىلغان نېمەتلىرىنى ئەسلەتكەن ۋە ئىسرائىل ئەۋلادىنى، خۇسۇسەن يەھۇدىيلارنى ئاخىر زامان پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتىشقا ۋە ئۇنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن ئېلىپ كەلگەنلىرىنى تەستىقلاپ قوبۇل قىلىشقا چاقىرغان. چۈنكى ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىنى قوللىرىدىكى تەۋرات ئارقىلىق ياخشى بىلەتتى. قۇرئان كەرىم يەھۇدىيلارغا خىتاب قىلىشتا ھەرخىل ئۇسۇللارنى قوللانغان بولۇپ، گاھ سىلىق سۆز قىلسا، گاھ قورقۇتۇش بىلەن، گاھ ئۇلارغا ۋە ئاتا - بوۋىلىرىغا ئاتا قىلغان نېمەتلىرىنى ئەسلىتىش بىلەن، گاھ ئۇلارنىڭ يامان ئىشلىرىنى پاش قىلىدىغان دەلىللەرنى كەلتۈرۈش بىلەن خىتاب قىلغان. شۇنداق قىلىپ، ئىنسانلارنىڭ ئاتىسى ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ھۆرمەتلىگەنلىكتىن ئىبارەت ئومۇمىي نېمەتنى ئەسلىتىشتىن ئىسرائىل ئەۋلادىغا ئۇز زامانىسىدا ئاتا قىلغان نېمەتلىرىنى ئەسلىتىشكە ئۆتكەن.

**تەپسىرى:** 40. «ئى، ئىسرائىل ئەۋلادى!» ئى، ئۇلۇغ پەيغەمبەر ياقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغۇللىرى! «مېنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىمنى ياد ئېتىڭلار»، يەنى سىلەرگە ۋە ئاتا ـ بوۋىلىرىڭلارغا ئاتا قىلغان سانسىز ۋە ھېسابسىز نېمەتلىرىمنى ياد ئېتىڭلار. «ماڭا بەرگەن ۋەدەڭلارغا ۋاپا قىلىڭلار، مەنمۇ سىلەرگە قىلغان ۋەدەمگە ۋاپا قىلىمەن، مەندىنلا قورقۇڭلار»، يەنى سىلەر ماڭا ئىمان ئېيتىش ۋە ئىتائەت قىلىشتىن ئىبارەت قىلغان ئەھدىڭلارغا ۋاپا قىلىڭلاركى، مەنمۇ سىلەرگە ياخشى ساۋاب بېرىشتىن ئىبارەت ۋەدەمنى ئەمەلگە ئاشۇرىمەن. ئۇنداق بولغان ئىكەن، سىلەر پەقەت مەندىنلا قورقۇڭلار. 41. «مېنىڭ تەۋراتنى تەستىق قىلغۇچى قىلىپ چۈشۈرگىنىمگە ئىمان كەلتۈرۈڭلار، ئۇنى بىرىنچى بولۇپ ئىنكار قىلغۇچى بولماڭلار، ئايەتلىرىمنى ئەرزان باھادا سېتىۋەتمەڭلار، ماڭىلا تەقۋادارلىق قىلىڭلار»، يەنى مەن قولۇڭلاردىكى تەۋراتنىڭ ئەسلىسىنى تەستىقلىغۇچى قىلىپ چۈشۈرگەن قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىگە ئىمان كەلتۈرۈڭلار. سىلەر قۇرئاننى بىرىنچى بولۇپ تەستىقلىغۇچى بولۇشقا تېگىشلىك تۇرۇپ، ئۇنى ئىنكار قىلغۇچىلاردىن بولماڭلار. سىلەرگە چۈشۈرگەن نۇرلۇق ئايەتلىرىمنى دۇنيانىڭ ئەرزىمەس مەنپەئەتلىرىگە تېگىشمەڭلار. سىلەر ماڭىلا تەقۋادارلىق قىلىڭلار. 42. «ھەقنى باتىلغا ئارىلاشتۇرماڭلار ، ھەقنى بىلىپ تۇرۇپ يوشۇرماڭلار»، يەنى ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن ھەقنى ئۆزلىرىڭلار پەيدا قىلغان باتىلغا ئارىلاشتۇرماڭلار، تەۋراتتا قېپقالغان ھەقىقەتلەرنى ئۆزلىرىڭلار ئويدۇرغان تۆھمەتلەرگە ئۆزگەرتىۋەتمەڭلار. كىتابىڭلاردىكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىنىڭ ھەقلىقىنى (ياكى

ھەقنى يوشۇرۇشنىڭ گۇناھىنىڭ چوڭلۇقىنى) بىلىپ تۇرۇپ ئۇنى يوشۇرماڭلار. 43. «نامازنى ئادا قىلىڭلار، زاكاتنى بېرىڭلار، رۇكۇ قىلغۇچىلار بىلەن بىللە رۇكۇ قىلىڭلار»، يەنى سىلەرگە پەرز قىلىنغان ناماز ۋە زاكاتنى ئادا قىلىڭلار، نامازنى ئادا قىلغۇچىلار بىلەن بىرلىكتە ئۇنى تولۇق ئادا قىلىڭلار.

**ئىلاۋە:** بەزى ئارىفلار مۇنداق دېگەن: نېمەتنىڭ قۇللىرى كۆپ، ئەمما نېمەت بەرگۈچىنىڭ بەندىرىلىرى ئازدۇر. ئاللاھ تائالا ئىسرائىل ئەۋلادىغا ئۆزىنىڭ ئاتا قىلغان نېمەتلىرىنى ئەسلىتىش ئارقىلىق ئۇلارنى نېمەت بەرگۈچىنىڭ نېمەتلىرىنى تونۇشقا چاقىرىپ: «نېمىتىمنى ياد ئېتىڭلار» دېگەن. ئەمما ئىسلام ئۈممىتىگە قىلغان خىتابىدا مۇنداق دېگەن: «مېنى ياد ئېتىڭلار، مەنمۇ سىلەرنى ساۋاپ بېرىش بىلەن ياد ئېتىمەن.» بۇ، نېمەت بەرگۈچىنىڭ <نېمەتلىرىم بىلەن تونۇشسۇن> دېگەنلىكى ئۈچۈن ئىدى. بۇ ئىككى بۇيرۇق رايىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئەلۋەتتە پەرق بار.

أَتَأْمُرُونَ ٱلنَّاسَ بِٱلْبِرِّ وَتَنسَوْنَ أَنفُسَكُمْ وَأَنتُمْ تَتْلُونَ
ٱلْكِتَٰبَ ۚ أَفَلَا تَعْقِلُونَ ﴿٤٤﴾ وَٱسْتَعِينُوا۟ بِٱلصَّبْرِ وَٱلصَّلَوٰةِ ۚ
وَإِنَّهَا لَكَبِيرَةٌ إِلَّا عَلَى ٱلْخَٰشِعِينَ ﴿٤٥﴾ ٱلَّذِينَ يَظُنُّونَ أَنَّهُم
مُّلَٰقُوا۟ رَبِّهِمْ وَأَنَّهُمْ إِلَيْهِ رَٰجِعُونَ ﴿٤٦﴾ يَٰبَنِىٓ إِسْرَٰٓءِيلَ
ٱذْكُرُوا۟ نِعْمَتِىَ ٱلَّتِىٓ أَنْعَمْتُ عَلَيْكُمْ وَأَنِّى فَضَّلْتُكُمْ عَلَى
ٱلْعَٰلَمِينَ ﴿٤٧﴾ وَٱتَّقُوا۟ يَوْمًا لَّا تَجْزِى نَفْسٌ عَن نَّفْسٍ شَيْـًٔا
وَلَا يُقْبَلُ مِنْهَا شَفَٰعَةٌ وَلَا يُؤْخَذُ مِنْهَا عَدْلٌ وَلَا هُمْ

يُنصَرُونَ ﴿٤٨﴾

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:** ئايەتلەر ئىسرائىل ئەۋلادى ھەققىدىكى بايانلاردا داۋام قىلماقتا. بۇ ئايەتلەردە يەھۇدىيلار ئۆزلىرىنىڭ يامان قىلمىشلىرى سەۋەبلىك ئەيىبلەنگەن. چۈنكى ئۇلار كىشىلەرنى ئىمانغا دەۋەت قىلىپ تۇرۇپ ئۆزلىرى ئەمەل قىلمايتتى. كىشىلەرنى توغرا يولغا ئەگىشىشكە چاقىرىپ تۇرۇپ ئۆزلىرى ئەگەشمەيتتى.

**بۇ ئايەتلەرنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى:** بۇ ئايەت يەھۇدىيلارنىڭ بەزى ئالىملىرى ھەققىدە چۈشكەن بولۇپ، ئۇلار مۇسۇلمان بولغان بەزى يېقىنلىرىغا: «سىلەر مۇھەممەدنىڭ دىنىدا مەھكەم بولۇڭلار، ئۇ ھەق دىندۇر» دەيتتى. ئۇلار باشقىلارنى ئىمانغا شۇنداق چاقىرىپ تۇرۇپ ئۆزلىرى ئەمەل قىلمايتتى.

**تەپسىرى:** 44. «كىشىلەرنى ياخشى ئىشقا بۇيرۇپ ئۆزۈڭلارنى ئۇنتۇمسىلەر؟ ھالبۇكى، سىلەر كىتابنى ئوقۇپ تۇرىسىلەر، چۈشەنمەمسىلەر؟» ئاللاھ تائالا يەھۇدىيلارنىڭ ئۆلىمالىرىغا كايىغان ۋە ئاچچىقلانغان ھالدا خىتاب قىلىپ دەيدۇكى: سىلەر كىشىلەرنى ياخشىلىققا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتىشقا چاقىرىپ تۇرۇپ ئۆزۈڭلارنى ئۇنتۇپ، نە ئىمان ئېيتماي، نە ياخشى ئىشلارنى قىلماي يۈرەمسىلەر؟ ھالبۇكى، سىلەر تەۋراتنى ئوقۇپ تۇرۇۋسىلەر، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭدىكى سۈپەتلىرىنى بىلىسىلەر. مۇنداق قىلىشنىڭ ئېغىر گۇناھ ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەمسىلەر؟ بۇنداق قىلىشتىن يانمامسىلەر؟ 45. «سەۋر قىلىش، ناماز

ئوقۇش ئارقىلىق (ئاللاھتىن) ياردەم تىلەڭلار. ناماز ئاللاھتىن قورققۇچىلاردىن باشقىلارغا ھەقىقەتەن مۇشەققەتلىك ئىشتۇر». ئاللاھ تائالا يەھۇدىي ئۆلىمالىرىغا ھاۋايى - ھەۋەسلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش، شۆھرەتپەرەسلىك ۋە مال - دۇنيا خۇمارىدىن قۇتۇلۇش يولىنى كۆرسىتىپ دەيدۇكى، پۈتۈن ئىشلىرىڭلاردا شەرىئەتنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئورۇنلاشتا چىدام كۆرسىتىش، جاپاغا چىداش ۋە دىنىنىڭ تىرىكى بولغان نامازنى داۋاملاشتۇرۇش ئارقىلىق ئاللاھ تائالادىن ياردەم سوراڭلار. ئاللاھ تائالاغا چىكىگە يەتكەن كەمتەرلىك ۋە چىن مۇھەببەت بىلەن ھەقىقىي مەنىدە قۇلچىلىق قىلغۇچىلاردىن باشقىلارغا ناماز ھەقىقەتەن ئېغىر تۇيۇلىدۇ. 46. «ئاللاھتىن قورققۇچىلار پەرۋەردىگارىغا چوقۇم مۇلاقات بولىدىغانلىقىغا ۋە ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا چوقۇم قايتىپ بارىدىغانلىقىغا جەزمەن ئىشىنىدۇ»، يەنى ئاللاھ تائالادىن قورققۇچىلار قىيامەت كۈنىدە ئۆزلىرىنىڭ چوقۇم ئاللاھ تائالاغا ئۇچرىشىدىغانلىقىغا ۋە ئەمەللىرىگە قارىتا ھېساب بېرىدىغانلىقىغا، شۇنداقلا ئاخىر قايتىدىغان جاي ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھى ئىكەنلىكىگە چىن قەلبىدىن ئىشىنىدۇ. 47. «ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! سىلەرگە بەرگەن نېمىتىمنى ۋە سىلەرنى (بىر زامانلاردا) تامام جاھان ئەھلىدىن ئۈستۈن قىلغانلىقىمنى ياد ئېتىڭلار»، ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە ئىسرائىل ئەۋلادىغا ئاتا قىلغان سانسىز نېمەتلىرىنى قايتا ئەسكە ئېلىشقا چاقىرىدۇ. يەنى ئەي ئىسرائىل ئەۋلادى! سىلەرگە ئاتا قىلغان نېمەتلىرىمنى، ئۆز ۋاقتىدا ئاتا - بوۋىلىرىڭلارغا پادىشاھلىق، مال - مۈلۈك ئاتا قىلىش، پەيغەمبەر ئەۋەتىش، كىتاب چۈشۈرۈش ۋە ئۇلارنى پۈتۈن جاھان ئەھلىگە ئۈستۈن قىلىش قاتارلىق نېمەتلىرىمنى

ئەسكە ئېلىنغىلار. چۈنكى ئاتىلىرىنى ھۆرمەتلىگەنلىك بالىلىرى ئۈچۈن شەرەپتۇر. 48. «كىشى كىشىگە ئەسقاتمايدىغان، ھېچ كىشىنىڭ شاپائىتى قوبۇل قىلىنمايدىغان، ھېچ كىشىدىن پىدىيە ئېلىنمايدىغان، ئۇلار (كاپىرلار ۋە گۇناھكار بەندىلەر) ياردەمگە ئېرىشەلمەيدىغان كۈندىن قورقۇڭلار»، يەنى بىراۋ ئۈچۈن ھېچ نەرسە قىلىپ بېرەلمەيدىغان، بىراۋ بىراۋنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەن ھەقلەردىن ھېچ نەرسىنى ئادا قىلىپ قويالمايدىغان، ئاسىي نەپس ئۈچۈن ھېچقانداق شاپائەتچى بولمايدىغان، ئۇنىڭدىن پىدىيە قوبۇل قىلىنمايدىغان ۋە ئۇلارنى ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن توسۇپ قالغۇچى بولمايدىغان قورقۇنچلۇق قىيامەت كۈنىدىن قورقۇڭلار.

**ئىلاۋە:** ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «مۆمىنى ئىككى خىل ئادەم ئېگىۋەتتى: بىرى، ئەمەل قىلمايدىغان ئالىم؛ يەنە بىرى، جاھىل ئىبادەتخان (ئابىد). باشقىلارنى ھىدايەتكە چاقىرىپ تۇرۇپ ئۆزى ئەمەل قىلمىغان ئادەم كىشىلەرگە يورۇق بېرىپ، ئۆزى كۆيۈپ تۈگەشكەن چىراققا ئوخشايدۇ.»

وَإِذْ نَجَّيْنَٰكُم مِّنْ ءَالِ فِرْعَوْنَ يَسُومُونَكُمْ سُوٓءَ ٱلْعَذَابِ
يُذَبِّحُونَ أَبْنَآءَكُمْ وَيَسْتَحْيُونَ نِسَآءَكُمْ ۚ وَفِى ذَٰلِكُم
بَلَآءٌ مِّن رَّبِّكُمْ عَظِيمٌ ﴿٤٩﴾ وَإِذْ فَرَقْنَا بِكُمُ ٱلْبَحْرَ
فَأَنجَيْنَٰكُمْ وَأَغْرَقْنَآ ءَالَ فِرْعَوْنَ وَأَنتُمْ تَنظُرُونَ ﴿٥٠﴾ وَإِذْ
وَٰعَدْنَا مُوسَىٰٓ أَرْبَعِينَ لَيْلَةً ثُمَّ ٱتَّخَذْتُمُ ٱلْعِجْلَ مِنۢ

بَعۡدِهِۦ وَأَنتُمۡ ظَٰلِمُونَ ﴿٥١﴾ ثُمَّ عَفَوۡنَا عَنكُم مِّنۢ بَعۡدِ
ذَٰلِكَ لَعَلَّكُمۡ تَشۡكُرُونَ ﴿٥٢﴾ وَإِذۡ ءَاتَيۡنَا مُوسَى ٱلۡكِتَٰبَ
وَٱلۡفُرۡقَانَ لَعَلَّكُمۡ تَهۡتَدُونَ ﴿٥٣﴾ وَإِذۡ قَالَ مُوسَىٰ لِقَوۡمِهِۦ
يَٰقَوۡمِ إِنَّكُمۡ ظَلَمۡتُمۡ أَنفُسَكُم بِٱتِّخَاذِكُمُ ٱلۡعِجۡلَ فَتُوبُوٓاْ
إِلَىٰ بَارِئِكُمۡ فَٱقۡتُلُوٓاْ أَنفُسَكُمۡ ذَٰلِكُمۡ خَيۡرٞ لَّكُمۡ عِندَ
بَارِئِكُمۡ فَتَابَ عَلَيۡكُمۡۚ إِنَّهُۥ هُوَ ٱلتَّوَّابُ ٱلرَّحِيمُ ﴿٥٤﴾

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:** ئاللاھ تائالا ئىسرائىل ئەۋلادىغا ئاتا قىلغان نېمەتلىرىنى ئومۇمىي بايان قىلغاندىن كېيىن، بۇ ئايەتلەردە شۇ نېمەتلەرنىڭ تۈرلىرىنى تەپسىلىي بايان قىلىپ ئۆتكەن. بۇ ئۇلارنىڭ بۇ نېمەتلەرنى ئەسكە ئېلىشى ۋە شۈكۈر ئادا قىلىشى ئۈچۈن تۈرتكە بولىدۇ. گوياكى ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇكى، نېمەتلىرىمنى ياد ئېتىڭلار، سىلەرنى پىرئەۋن قوشۇنلىرىدىن قۇتۇلدۇرغانلىق نېمىتىمنى، دېڭىزنى سىلەر ئۈچۈن ئېچىپ بەرگەن نېمىتىمنى... ئەسكە ئېلىڭلار! بۇنچە نېمەتلەرنىڭ ھەممىسى نېمەت بەرگۈچىگە تۇزكورلۇق قىلىشنى ۋە ئاسىيلىق قىلىشنى ئەمەس، شۈكۈر قىلىشنى تەقەززا قىلىدۇ.

**تەپسىرى:** 49. «ئۆز ۋاقتىدا سىلەرنى قاتتىق قىينىغان، ئوغۇللىرىڭلارنى بوغۇزلاپ، قىزلىرىڭلارنى تىرىك قالدۇرغان پىرئەۋن گۇرۇھىدىن سىلەرنى قۇتقۇزدۇق. بۇ، پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ چوڭ سىنىقى ئىدى»، ئەي ئىسرائىل ئەۋلادى! ئەجدادلىرىڭلارنى پىرئەۋنىنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلدۇرغانلىق نېمىتىمنى ئەسكە ئېلىڭلاركى، ئۇلار سىلەرگە ئەڭ

دەھشەتلىك ئازاب تۈرلىرىنى تېتىتاتتى، ئوغۇللىرىڭلارنى ئۆلتۈرۈپ، قىزلىرىڭلارنى خىزمەتلىرىگە سېلىش ئۈچۈن تىرىك قالدۇراتتى. بۇ ئازابلار سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن ياخشى ئادەم بىلەن يامان ئادەمنى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن كەلگەن چوڭ سىناقلار ئىدى. 50. «ئۆز ۋاقتىدا دېڭىزنى يېرىپ سىلەرنى قۇتقۇزدۇق ۋە پىرئەۋن گۇرۇھىنى كۆز ئالدىڭلاردا غەرق قىلدۇق»، شۇنى ئەسكە ئېلىڭلاركى، ئۆز ۋاقتىدا بىز دېڭىزنىڭ سۈيىنى ئوتتۇرىدىن بۆلۈپ، قۇرۇق يول ھاسىل قىلىپ، شۇ يەردىن سىلەرنى سالامەت ئۆتكۈزدۇق. پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قوشۇنلىرىنى بولسا سىلەرنىڭ كۆز ئالدىڭلاردا شۇ سۇدا غەرق قىلىپ ھالاك قىلدۇق. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئۆز تەرەپدارلىرىنى قۇتۇلدۇرۇش ۋە دۈشمەنلىرىنى ھالاك قىلىشتىكى كاتتا مۆجىزىلىرىدىن بىرى ئىدى. 51. «ئۆز ۋاقتىدا مۇساغا 40 كېچە ۋەدە قىلدۇق. ئۇ سىلەردىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئۆزۈڭلارغا زۇلۇم قىلىپ، موزاينى مەبۇد قىلىۋالدىڭلار»، مۇساغا 40 كۈن كۈتكەندىن كېيىن تەۋراتنى بېرىشنى ۋەدە قىلدۇق. بۇ سىلەرنى قۇتۇلدۇرغان ۋە پىرئەۋننى ھالاك قىلغاندىن كېيىن ئىدى. مۇسا پەرۋەردىگارى ۋەدە قىلغان جايغا كەتكەندىن كېيىن، سىلەر ھەددىڭلاردىن ئاشقان ۋە ئۆزۈڭلارغا زۇلۇم قىلغان ھالدا موزاينى مەبۇد قىلىۋالدىڭلار. 52. «شۇنىڭدىن كېيىن، شۈكۈر قىلسۇن دەپ، سىلەرنى ئەپۇ قىلدۇق»، سىلەرنى تائەتنى داۋاملاشتۇرسۇن ۋە ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلسۇن دەپ، سىلەرنىڭ بۇ ئېغىر ھەم قەبىھ گۇناھىڭلارنى كەچۈردۇق. 53. «ئۆز ۋاقتىدا سىلەرنى ھىدايەت تاپسۇن دەپ، مۇساغا ھەقنى باتىلدىن ئايرىغۇچى كىتاب تەۋراتنى بەردۇق»، ــ يەنە

شۇ نېمىتىمنىمۇ ئەسكە ئېلىڭلاركى، سىلەرنىڭ ئۇنىڭدىكى ھەقىقەتلەر ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىپ ھىدايەت تېپىشىڭلار ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشىڭلار ئۈچۈن، ئۆز ۋاقتىدا مۇساغا ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىغۇچى نۇرلۇق كىتاب ـ تەۋراتنى بەردىم ۋە ئۇنى مۆجىزىلەر بىلەن كۈچلەندۈردۈم. 54. «ئۆز ۋاقتىدا مۇسا ئۆز قەۋمىگە: <ئى قەۋمىم! سىلەر موزاينى مەبۇد قىلىپ، ھەقىقەتەن ئۆزۈڭلارغا زۇلۇم قىلدىڭلار، ياراتقۇچىڭلارغا تەۋبە قىلىڭلار، موزايغا چوقۇنمىغانلار چوقۇنغانلارنى ئۆلتۈرسۇن> دېدى. مۇنداق قىلىش ياراتقۇچىڭلارنىڭ دەرگاھىدا سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر. ئاللاھ تەۋبەڭلارنى قوبۇل قىلدى. ئاللاھ تەۋبىنى ھەقىقەتەن بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر» ، ئاندىن ئاللاھ تائالا مەزكۇر ئەپۇنىڭ قانداق ئەمەلگە ئاشقانلىقىنى بايان قىلىپ دەيدۇكى، ئەي ئىسرائىل ئەۋلادى! شۇنىمۇ ئەسكە ئېلىڭلاركى، مۇسا پەرۋەردىگارى ۋەدە قىلغان جايدىن قايتىپ كەلگىنىدە، سىلەرنىڭ ئەجدادلىرىڭلارنىڭ موزايغا چوقۇنۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: «ئەي قەۋمىم! سىلەر موزايغا چوقۇنۇش بىلەن ھەقىقەتەن ئۆزۈڭلارغا زۇلۇم قىلدىڭلار، سىلەرنى مىسلىسىز دەرىجىدە مۇكەممەل، نۇقسانسىز ياراتقان ئىگەڭلارغا تەۋبە قىلىڭلار، سىلەردىن گۇناھسىز بولغىنىڭلار گۇناھكار بولغىنىڭلارنى ئۆلتۈرسۇن، ئاللاھنىڭ بۇ ھۆكمىگە رازى بولۇپ شۇنداق قىلىش ئۇلۇغ ياراتقۇچىڭلارنىڭ دەرگاھىدا سىلەر ئۈچۈن ئەڭ ياخشىدۇر. ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ تەۋبەڭلارنى قوبۇل قىلدى. چۈنكى ئۇ مەغپىرىتى بۈيۈك، تەۋبە قىلغۇچىلارنى ناھايىتى بەك كەچۈرگۈچى زاتتۇر.

**ئىلاۋە:** 1. ئايەتتىكى «كىتاب ۋە فۇرقان» دېگەن جۈملىدە سۆزلەنگەن ئىككى نەرسە كىتاب ۋە فۇرقان بىر - بىرىگە ئەگەشتۈرۈپ كەلتۈرۈلۈش بار بولۇپ، مەقسەت قىلىنغان كىتاب تەۋرات، فۇرقاندىن مەقسەتمۇ يەنە شۇ تەۋراتتۇر. تەۋراتنىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن كىتاب ھەم ھەقىقەت بىلەن سەپسەتىنى ئايرىغۇچى ئىكەنلىكى ئېتىبارى بىلەن، بۇ ئىككىسى بىر - بىرىگە ئەگەشتۈرۈپ كەلتۈرۈلگەن. 2. پىرئەۋننىڭ ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ ئەرلىرىنى ئۆلتۈرۈشىنىڭ سەۋەبى ھەققىدە مۇپەسسىرلەر مۇنداق رىۋايەتنى نەقىل قىلغان: بىر كۈنى پىرئەۋن چۈشىدە بىر ئوتنىڭ بەيتۇلمۇقەددەس شەھىرى تەرەپتىن كېلىپ مىسىرنى قورشىۋالغانلىقى ۋە پۈتۈن قىبتى مىللىتى بۇ ئوت بىلەن كۆيۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئىسرائىل ئەۋلادىغا ھېچ ئىش بولمىغانلىقىنى كۆرۈپ، قورقۇپ كېتىدۇ ۋە كاھىنلىرىنى چاقىرىپ بۇ چۈشىنىڭ تەبىرىنى سورايدۇ. كاھىنلار: ئىسرائىل ئەۋلادىدىن بىر ئوغۇل تۇغۇلۇپ، پىرئەۋننىڭ ھالاكىتى ئۇنىڭ قولى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پىرئەۋن ئىسرائىل ئەۋلادىدىن تۇغۇلغان بارلىق ئوغۇللارنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇيدۇ. 3. قۇشەيرىي مۇنداق دېگەن: ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرىگە رازى بولۇپ، ئۇنىڭ يولىدا سەۋرلىك بولغان كىشىگە ئاللاھ تائالا ياخشى كىشىلىرىنى ھەمراھ قىلىپ بېرىدۇ. ئىسرائىل ئەۋلادى پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىنىڭ زۇلۇملىرىغا سەۋر قىلىۋىدى، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ئىچىدىن پەيغەمبەرلەرنى، پادىشاھلارنى چىقاردى. دۇنيادا باشقىلارغا بەرمىگەن نېمەتلەر بىلەن ئۇلارنى نېمەتلەندۈردى.

وَإِذۡ قُلۡتُمۡ يَٰمُوسَىٰ لَن نُّؤۡمِنَ لَكَ حَتَّىٰ نَرَى ٱللَّهَ جَهۡرَةٗ

فَأَخَذَتْكُمُ ٱلصَّٰعِقَةُ وَأَنتُمْ تَنظُرُونَ ﴿٥٥﴾ ثُمَّ بَعَثْنَٰكُم
مِّنۢ بَعْدِ مَوْتِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ ﴿٥٦﴾ وَظَلَّلْنَا عَلَيْكُمُ
ٱلْغَمَامَ وَأَنزَلْنَا عَلَيْكُمُ ٱلْمَنَّ وَٱلسَّلْوَىٰ ۖ كُلُوا۟ مِن طَيِّبَٰتِ
مَا رَزَقْنَٰكُمْ ۚ وَمَا ظَلَمُونَا وَلَٰكِن كَانُوٓا۟ أَنفُسَهُمْ
يَظْلِمُونَ ﴿٥٧﴾ وَإِذْ قُلْنَا ٱدْخُلُوا۟ هَٰذِهِ ٱلْقَرْيَةَ فَكُلُوا۟ مِنْهَا
حَيْثُ شِئْتُمْ رَغَدًا وَٱدْخُلُوا۟ ٱلْبَابَ سُجَّدًا وَقُولُوا۟ حِطَّةٌ
نَّغْفِرْ لَكُمْ خَطَٰيَٰكُمْ ۚ وَسَنَزِيدُ ٱلْمُحْسِنِينَ ﴿٥٨﴾ فَبَدَّلَ
ٱلَّذِينَ ظَلَمُوا۟ قَوْلًا غَيْرَ ٱلَّذِى قِيلَ لَهُمْ فَأَنزَلْنَا عَلَى
ٱلَّذِينَ ظَلَمُوا۟ رِجْزًا مِّنَ ٱلسَّمَآءِ بِمَا كَانُوا۟ يَفْسُقُونَ ﴿٥٩﴾

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:**
ئاللاھ تائالا ئىسرائىل ئەۋلادىغا ئاتا قىلغان نېمەتلىرىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئاسىيلىقلىرى، تۇزكورلۇقلىرى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرلىرىنى ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت قاباھەتلىرىدىن بىر قىسمىنى بايان قىلىدۇ. ئۇلار كۇپرى ۋە زالالەتلىرى بىلەن تۇرۇپ، يەنىلا ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ناھايىتى زور مېھرىبانلىق ۋە خەير - ئېھسانغا ئېرىشكەن مەخلۇقلاردۇر. بۇ نېمىدېگەن رەزىل مىللەت! ئىمام تەبەرىي مۇنداق دېگەن: ئىسرائىل ئەۋلادى موزايغا چوقۇنغانلىق گۇناھىغا تەۋبە قىلغاندىن كېيىن، ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ئۇلاردىن بىر قىسىم كىشىلەرنى موزايغا چوقۇنغانلىقلىرى ئۈچۈن ئۆزۈر ئېيتىشقا تاللاشقا ئەمر قىلدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام قەۋمىنىڭ سەرخىللىرىدىن 70 كىشىنى تاللىدى. خۇددى ئاللاھ تائالا ئېيتقاندەك: «مۇسا

بىز بەلگىلەپ بەرگەن ۋاقىتتا ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن، ئۆز قەۋمىدىن 70 كىشىنى تاللىدى». مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «روزا تۇتۇڭلار، پاكلىنىڭلار، كىيىمىڭلارنى پاكلاڭلار» دەپ بۇيرۇدى. ئۇلار بۇيرۇقنى ئىجرا قىلدۇ. ئاندىن مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى «تۇرى سىنا» تېغىغا ئېلىپ چىقتى. ئۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالامغا: «بىزگە رەببىمىزنىڭ سۆزىنى ئاڭلىشىمىزنى سورىغىن» دېگەندە، مۇسا ئەلەيھىسسالام: «بولىدۇ، شۇنداق قىلىمەن» دېدى ۋە يولىغا داۋام قىلدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام تاغقا يېقىنلىشىپ بارغىنىدا، ئۇنىڭ ئۈستىنى بۇلۇت قاپلىۋالدى. تاغنىڭ ھەممە تەرىپىنى قاراڭغۇلۇق باستى. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى يېتىپ كېلىپ ئۇلارمۇ بۇلۇتنىڭ ئاستىغا كىرىپ قېلىپ سەجدىگە باش ئۇردى. ئۇلار شۇ چاغدا ئاللاھ تائالانىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا قىلغان سۆزىنى ئاڭلىدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام بۇلۇتنىڭ قاراڭغۇلۇقىدىن چىقىپ قەۋمىنىڭ يېنىغا كەلگىنىدە، ئۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالامغا: «ئى مۇسا! ئاللاھنى ئوپئوچۇق كۆرمىگىچە ساڭا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز» دېدى.

**تەپسىرى:** 55. «ئۆز ۋاقتىدا: ‹ئى مۇسا! ئاللاھنى ئوپئوچۇق كۆرمىگىچە ساڭا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز› دېدىڭلار ـ دە، (ئازابنى) كۆرۈپ تۇرغىنىڭلاردا سىلەرنى چاقماق سوقتى». ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! موزايغا چوقۇنغانلىقىڭلار سەۋەبلىك، ئاللاھتىن ئۆزۈر تىلەش ئۈچۈن مۇسا بىلەن چىققان ۋاقىتىڭلارنى ياد ئېتىڭلاركى، سىلەر ئۇ ۋاقىتتا مۇساغا: «ئى مۇسا! ئاللاھنى ئوپئوچۇق كۆرمىگىچە سېنىڭدىن ئاڭلىغان ئاللاھ كالامىغا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز» دېدىڭلار-دە، سىلەرگە

چۈشكەن ئازابنى كۆرۈپ تۇرغىنىڭلاردا ئاللاھ ئاسماندىن بىر ئوتنى ئەۋەتىپ سىلەرنى كۆيدۈرۈۋەتتى. ئاندىن ئۇلار ئۆلگەندىن كېيىن مۇسا يىغلىغان ھالدا ئاللاھقا دۇئا قىلىپ: «ئى ئاللاھ مەن ئەمدى ئىسرائىل ئوغۇللىرىغا نېمە دەيمەن، سەن ئۇلارنىڭ ئەڭ تاللانغان كىشىلىرىنى ھالاك قىلىۋەتتىڭ؟» دېدى ۋە ئۇلارنى تىرىلدۈرگەنگە قەدەر ئاللاھقا دۇئا قىلىشنى داۋام قىلدى. 56. «ئاندىن كېيىن، سىلەرنى شۈكۈر قىلسۇن دەپ، ئۆلگىنىڭلاردىن كېيىن قايتا تىرىلدۈردۇق». سىلەر ئۆلۈك ھالىتىڭلاردا بىر كېچە - كۈندۈز تۇرغاندىن كېيىن، قايتا ھاياتلىق ئاتا قىلىنغان بۇ كاتتا نېمەتكە شۈكۈر قىلسۇن دەپ، سىلەرنى تىرىلدۈردۇق. ئۇلار تىرىلگەندىن كېيىن بىر - بىرىگە قارىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ قانداق تىرىلگەنلىكلىرىگە ھەيران بولۇشتى. 57. ئاندىن ئاللاھ تائالا، ئۇلارنىڭ كۆچلۈكلەر شەھىرىگە كىرىشتىن قورقۇپ ئازغۇنلۇقتا تۇرغان ۋاقتىدا ئۇلارغا قىلغان ئىنئاملىرىنى ئەسلىتىدۇ. ئۇلار شۇ ۋاقىتتا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا: «سەن رەببىڭ بىلەن بىرلىكتە بېرىپ ئۇرۇشۇڭلار» دېگەن ئىدى ۋە شۇ سەۋەبتىن ئۇلار تېڭىرقاش بىلەن جازالانغان ئىدى. «ئۇلارنىڭ مۇقەددەس يەرگە كىرىشى 40 يىلغىچە ھارام قىلدى». ئاللاھ تائالا مۇنداق دېدى: «سىلەرگە بۇلۇتنى سايىۋەن قىلىپ بەردۇق، سىلەرگە تەرەنجىبىن بىلەن بۆدۈنىنى چۈشۈرۈپ بەردۇق. (بىز سىلەرگە) <رىزىق قىلىپ بەرگەن پاك، شېرىن نەرسىلەردىن يەپ - ئىچىڭلار> (دېدۇق). ئۇلار (نېمەتلىرىمىزگە نانكورلۇق قىلىش بىلەن) بىزگە ئەمەس، پەقەت ئۆزلىرىگىلا زۇلۇم قىلدى»، يەنى سىلەرنى كۆيدۈرگۈچى ئاپتاپتىن بۇلۇتلارنى سايىۋەن قىلىپ بېرىش ئارقىلىق ساقلىدۇق. سىلەرگە تۈرلۈك

تائاملارنى ۋە شېرىن ئىچىملىكلەرنى سىلەر ھېچبىر ئەجىر قىلماستىن، جاپا تارتماستىن ئاتا قىلدۇق. تەرەنجبىن ئۇلارغا ھەسەلگە ئوخشاش چۈشەتتى. ئۇلار ئۇنى سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ ئىچەتتى. بۆدۈنە گۆشى ئىنتايىن لەززەتلىك قۇشتۇر. ئۇلارغا ئاللاھ ئاتا قىلغان لەززەتلىك نېمەتلەردىن يەڭلار، دېدۇق. ئۇلار بۇ كاتتا نېمەتلەرگە نانكورلۇق قىلدى، ئۇلار بۇنداق قىلىش بىلەن پەقەت ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلدى. چۈنكى ئىسيانكارلىقنىڭ جازاسى ئۇلارنىڭ ئۆزىگە قايتقۇچىدۇر. 58. «ئۆز ۋاقتىدا (مۇسا ئارقىلىق ئەجدادلىرىڭلارغا): <بۇ شەھەرگە كىرىڭلار، ئۇ يەردە خالىغىنىڭلارچە كەڭتاشا يەپ - ئىچىڭلار، (شەھەر) دەرۋازىسىدىن سەجدە قىلغان ھالدا كىرىڭلار، (پەرۋەردىگارىمىز) گۇناھلىرىمىزنى كەچۈرگىن دەڭلار، گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلىمىز، ياخشىلارغا تېخىمۇ ئارتۇق ساۋاب بېرىمىز> دېدۇق»، ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! سىلەرگە ئاتا قىلغان شۇ نېمەتلىرىمنىمۇ ئۇنۇتماڭلاركى، ئۆز ۋاقتىدا سىلەرگە تېڭىرقاشتىن قۇتۇلغاندىن كېيىن، مۇقەددەس يەرگە كىرىڭلار، ئۇ يەردە خالىغىنىڭلارچە كەڭتاشا يەپ - ئىچىڭلار، مۇقەددەس يەر ـ بەيتۇلمۇقەددەسنىڭ دەرۋازىسىدىن ئاللاھنىڭ سىلەرنى تېڭىرقاشتىن قۇتۇلدۇرغانلىقىغا شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن سەجدە قىلغان ھالدا كىرىڭلار، «ئى پەرۋەردىگارىم! گۇناھلىرىمىزنى كەچۈرگىن، خاتالىقلىرىمىزنى ئەپۇ قىلغىن» دەپ دۇئا قىلىڭلار، بىز سىلەرنىڭ گۇناھلىرىڭلارنى كەچۈرىمىز، خاتالىقلىرىڭلارنى ئەپۇ قىلىمىز، ياخشى ئىش قىلغۇچىلارغا كۆپ ساۋاب ۋە كاتتا ئەجىر بېرىمىز، دېدۇق. 59. «زۇلۇم قىلغۇچىلار ئۆزلىرىگە سۆزلەنگەن سۆزنى باشقا سۆزگە ئۆزگەرتىۋەتتى، زۇلۇم قىلغۇچىلار يولدىن

چىققانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇلارغا ئاسماندىن ئازاب چۈشۈردۇق» ئۆزلىرىگە زۇلۇم سالغۇچىلار ئاللاھنىڭ ئەمر - پەرمانلىرىنى مەسخىرە قىلىپ، ئۇنى باشقا سۆزگە ئۆزگەرتىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۆزلىرىگە زۇلۇم سالغۇچىلار ئاللاھنىڭ تائىتىدىن چىققانلىقى ۋە ئىسيانكارلىقى سەۋەبلىك، ئۇلارغا ئاسماندىن ۋابا كېسەللىنى ۋە باشقىمۇ بالالارنى چۈشۈردۇق. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇلاردىن يەتمىش مىڭ كىشى شۇ ۋاقىتتىكى ئازابتا بىر سائەتنىڭ ئىچىدە ئۆلۈپ تۈگەشكەن.

مۇلاھىزە: راغىب مۇنداق دېگەن: ئايەتتە «رِجْزاً مِّنَ السَّمَاء» دەپ ئازابنىڭ كېلىدىغان يېرىنى ئېنىق قىلىش، ئازابنىڭ ئومۇمىيلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈندۇر. چۈنكى ئازاب ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرى، ساقلىنىش مۇمكىن بولىدىغان ئازاب بولۇپ، ئۇ ئىنسانلار ياكى باشقا مەخلۇقاتلار تەرىپىدىن كېلىدىغان ھەرقانداق بالايىئاپەت؛ يەنە بىرى، ئىنسان كۈچى بىلەن ساقلىنىش مۇمكىن بولمايدىغان ئازاب بولۇپ، ئۇ ۋابا كېسىلى، چاقماق، ئۆلۈم قاتارلىقلاردۇر. مەزكۇر ئايەتتە مەقسەت قىلىنغان ئازاب مۇشۇدۇر.

وَإِذِ ٱسْتَسْقَىٰ مُوسَىٰ لِقَوْمِهِۦ فَقُلْنَا ٱضْرِب بِّعَصَاكَ ٱلْحَجَرَ ۖ
فَٱنفَجَرَتْ مِنْهُ ٱثْنَتَا عَشْرَةَ عَيْنًا ۖ قَدْ عَلِمَ كُلُّ أُنَاسٍ
مَّشْرَبَهُمْ ۖ كُلُوا۟ وَٱشْرَبُوا۟ مِن رِّزْقِ ٱللَّهِ وَلَا تَعْثَوْا۟ فِى ٱلْأَرْضِ
مُفْسِدِينَ ﴿٦٠﴾ وَإِذْ قُلْتُمْ يَٰمُوسَىٰ لَن نَّصْبِرَ عَلَىٰ طَعَامٍ وَٰحِدٍ
فَٱدْعُ لَنَا رَبَّكَ يُخْرِجْ لَنَا مِمَّا تُنۢبِتُ ٱلْأَرْضُ مِنۢ بَقْلِهَا
وَقِثَّآئِهَا وَفُومِهَا وَعَدَسِهَا وَبَصَلِهَا ۖ قَالَ أَتَسْتَبْدِلُونَ ٱلَّذِى هُوَ

أَدۡنَىٰ بِٱلَّذِي هُوَ خَيۡرٌۚ ٱهۡبِطُواْ مِصۡرٗا فَإِنَّ لَكُم مَّا سَأَلۡتُمۡۗ
وَضُرِبَتۡ عَلَيۡهِمُ ٱلذِّلَّةُ وَٱلۡمَسۡكَنَةُ وَبَآءُو بِغَضَبٖ مِّنَ
ٱللَّهِۚ ذَٰلِكَ بِأَنَّهُمۡ كَانُواْ يَكۡفُرُونَ بِـَٔايَٰتِ ٱللَّهِ وَيَقۡتُلُونَ
ٱلنَّبِيِّـۧنَ بِغَيۡرِ ٱلۡحَقِّۚ ذَٰلِكَ بِمَا عَصَواْ وَّكَانُواْ يَعۡتَدُونَ ﴿٦١﴾
إِنَّ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَٱلَّذِينَ هَادُواْ وَٱلنَّصَٰرَىٰ وَٱلصَّٰبِـِٔينَ مَنۡ
ءَامَنَ بِٱللَّهِ وَٱلۡيَوۡمِ ٱلۡأٓخِرِ وَعَمِلَ صَٰلِحٗا فَلَهُمۡ أَجۡرُهُمۡ عِندَ
رَبِّهِمۡ وَلَا خَوۡفٌ عَلَيۡهِمۡ وَلَا هُمۡ يَحۡزَنُونَ ﴿٦٢﴾

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:**
ئايەتلەر ئىسرائىل ئەۋلادىغا ئاللاھنىڭ ئاتا قىلغان نېمەتلىرىنى ساناشنى داۋام قىلماقتا. بۇ ئۇلارغا ئاتا قىلىنغان نېمەتلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسى بولۇپ، ئۇلار سىنا چۆلىدە تېڭىرقىغان ۋە قاتتىق ئۇسسۇزلۇقتىن ھالاك بولۇش ئالدىدا تۇرغان چاغلىرىدا، مۇسا ئەلەيھىسسالام پەرۋەردىگارىغا دۇئا قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۇسسۇزلۇقىغا دەرمان بېرىشنى سورايدۇ. شۇ ۋاقىتتا ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيى قىلىپ، ھاسىسى بىلەن تاشنى ئۇرۇشنى ئەمر قىلىدۇ. تاشقا ئۇرۇش بىلەن بۇلاقلار ئېتىلىپ چىقىپ، ھەممە قەبىلىگە يەتكۈدەك سۇ چىقىدۇ. ئۇلار 12 قەبىلە ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەر بىرى ئۆچۈن ئايرىم ئۆستەڭلەر ئېقىپ، ھەر بىرى ھاجەتلىرىنى ئۆزلىرىگە خاس ئۆستەڭدىن ئادا قىلىدىغان بولىدۇ. ئۇلارنى بۇ شەكىلدە سۇغىرىش ئىشى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ كاتتا ۋە روشەن مۆجىزىلىرىدىن بىرى ئىدى. ئەھۋال شۇنداق تۇرسىمۇ، ئۇلار يەنىلا كۇپرىلىق قىلدى ۋە نېمەتكە نانكورلۇق قىلدى.

**تەپسىرى:** 60. ئى ئىسرائىل ئەۋلادلىرى! ئۆز ۋاقتىدا ئەجدادلىرىڭلار چۆلدە ئۇسسۇزلۇقتىن ھالاك بولغىلى ئاز قالغاندا، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلار ئۈچۈن ئاللاھتىن سۇ تەلەپ قىلغانلىقىنى ياد ئېتىڭلار. ئۇ ۋاقىتتا بىز ئۇنىڭغا: «ھاساڭ بىلەن تاشنى ئۇرغىن قۇدرىتىمىز بىلەن تاشتىن سۇ ئېتىلىپ چىقىدۇ» دېدۇق. مۇسا تاشنى ئۇرۇۋىدى، تاشتىن 12 بۇلاق ئېتىلىپ چىقتى، سۇنى تالىشىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ھەممە قەبىلە ئۆزىنىڭ سۇ ئىچىدىغان ئورنىنى بىلدى. بىز ئۇلارغا، ئاللاھ بەرگەن تەرەنجىبىن، بۆدۈنە قاتارلىق رىزىقتىن يەڭلار ۋە سىلەرنىڭ ئەجرىڭلارسىز سىلەرگە ئىنئام قىلىپ بېرىلگەن بۇ سۇدىن ئىچىڭلار، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلماڭلار، تۈرلۈك بۇزغۇنچىلىقلار بىلەن ھەددىڭلاردىن ئاشماڭلار، دېدۇق. 61. ئى ئىسرائىل ئەۋلادلىرى! ئۆز ۋاقتىدا سىنا چۆلدە تەرەنجىبىن ۋە بۆدۈنە بىلەنلا ئوزۇقلىنىۋاتقىنىڭلاردا: «ئى مۇسا! بىز بىر خىللا يېمەكلىككە چىداپ تۇرالمايمىز، بىز ئۈچۈن پەرۋەردىگارىڭغا دۇئا قىلغىن، بىزگە زېمىننىڭ كۆكتاتلىرىدىن تەرخەمەك، سامساق، يېسىمۇق ۋە پىيازلارنى ئۆستۈرۈپ بەرسۇن» دېدىڭلار، مۇسا ئۇلارغا كايىغان ھالدا: «سىلەر ياخشىنى ناچارغا تېگىشەمسىلەر؟ پىياز، سامساق ۋە يېسىمۇقنى تەرەنجىبىن بىلەن بۆدۈنىدىن ئارتۇق كۆرەمسىلەر؟ سىلەر شەھەرلەردىن بىرەر شەھەرگە كىرىڭلار، (شۇ يەردە) تىلىگىنىڭلار بار» دېدى. ئاندىن ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ئازغۇنلۇقى ۋە ھەددىدىن ئاشقان بۇزغۇنچىلىقىنى ئەسلىتىپ: «ئۇلار مەڭگۈلۈك خارلىقتا ۋە ئەبەدىي موھتاجلىقتا قالدى. ئاللاھنىڭ قاتتىق غەزىپىگە تېگىشلىك بولدى. بۇنچە خورلۇق

ۋە ئازابلار ئۇلار سادىر قىلغان ئېغىر جىنايەتلەر تۈپەيلىدىن بولدى، بۇ ئۇلارنىڭ تەكەببۇرلۇقتىن ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقلىرى، ئۆزلىرىنى توغرا يولغا باشلاش ئۈچۈن كەلگەن مەسۇم پەيغەمبەرلەرنى ناھەق ئۆلتۈرگەنلىكلىرى ئۈچۈن بولدى. بۇ ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلغانلىقلىرى ۋە ھەددىدىن ئاشقانلىقلىرى سەۋەبىدىن بولدى» دەيدۇ. 62. ئاللاھ تائالا مۇسۇلمان، يەھۇدىي، خىرىستىيان ۋە سابىئىنلاردىن ئىبارەت دىيانەت ئىگىلىرىنى ئاللاھقا چىن ئىشىنىش ۋە ئەمەللەرنى ئاللاھ رازىلىقىنى كۆزلىگەن ھالدا خالىس قىلىشقا چاقىرىپ، خەۋەر رەۋىشى بىلەن مۇنداق دەيدۇ: شۈبھىسىزكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممەتلىرى بولغان مۆمىنلەر، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى بولغان يەھۇدىيلار، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى بولغان خىرىستىيانلار ۋە پەرىشتىلەرگە، يۇلتۇزلارغا چوقۇنغۇچى سابىئىنلار ئارىسىدىن ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە چىن ئىشىنىپ ئىمان كەلتۈرگەن ۋە دۇنيا ھاياتىدا ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار پەرۋەردىگارىنىڭ قېشىدا ئەجرىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ساۋابىدىن ھېچ نەرسە كېمەيتىلمەيدۇ. كاپىرلار ئازابتىن قورققان، تولۇق ئەمەل قىلمىغانلار ئۆمرىنىڭ بىھۇدە زايا بولۇپ كەتكىنىگە ۋە ساۋابتىن مەھرۇم قالغانلىقىغا قايغۇرغان ئاخىرەت كۈنىدە، ئۇلارغا (ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەنلەرگە) ھېچقانداق قورقۇنچ ۋە غەم - قايغۇ يوقتۇر.

**ئىلاۋە:** 1. مۇپەسسىرلەر مۇسا ئەلەيھىسسالام ھاسىسى بىلەن ئۇرغان تاشنىڭ قانداق تاش ئىكەنلىكى ھەققىدە ھەرخىل سۆزلەرنى قىلىشقان. ئايەتنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىشكە ۋە ئېتىلىپ

چىققان سۇنىڭ مۆجىزە ئىكەنلىكىنى بىلىشكە يېتىدىغان شەكىلدە بۇ ماۋزۇدا مەخسۇس بىر بەت ئايرىدۇق. مەلۇمكى، مۇسا ئەلەيھىسسالام ھاسىسى بىلەن ئۇرغان تاش سۇ چىقىشى ئەسلا كۈتۈلمەيدىغان قاتتىق تاش ئىدى. مۇنداق بىر تاشتىن سۇنىڭ ئېتىلىپ چىقىشى مۆجىزىنى تېخىمۇ روشەنلەشتۈرگەن. ھەسەن بەسرىي مۇنداق دېگەن: ئاللاھ مۇسا ئەلەيھىسسالامنى مۇئەييەن بىر تاشقا ئۇرۇشقا بۇيرۇغان ئەمەس. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىنى، مۆجىزىنىڭ كاتتىلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. 2. نېمە ئۈچۈن 12 بۇلاق چىقىرىپ بېرىلگەن؟ جاۋاب: مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى كۆپ بولۇپ، ئۇلار چۆلدە ئىدى. ئىنسانلار سۇغا قاتتىق ئېھتىياجلىق بولغان بىر ۋاقىتتا سۇ تېپىلسا، ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا تالاش ـ تارتىش ۋە جېدەللەر بولىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ 12 قەبىلە ئۈچۈن 12 بۇلاقنى چىقىرىپ بېرىش ئارقىلىق، ئۇلارنى جېدەل ـ ماجىرادىن ساقلاپ قېلىش بىلەن ئۇلارغا نېمىتىنى تاماملىغان. ئۇلار ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىن بولغان 12 قەبىلە ئىدى. توغرىسىنى ئاللاھ بىلىدۇ. 3. بەزى مۇپەسسىرلەر «وَفُومِهَا» دېگەن ئايەتتىكى «فُوم»نى بۇغداي دەپ تەپسىر قىلغان، ئەمما توغرىسى سامساقتۇر. ئىبنى مەسئۇدنىڭ قىرائىتىدە «فُوم» نىڭ «سُوم» دەپ ئوقۇلغانلىقى ۋە ئۇنىڭ پىياز بىلەن بىرگە بايان قىلىنغانلىقى بۇ قاراشنى كۈچلەندۈرىدۇ.

وَإِذۡ أَخَذۡنَا مِيثَٰقَكُمۡ وَرَفَعۡنَا فَوۡقَكُمُ ٱلطُّورَ خُذُواْ مَآ
ءَاتَيۡنَٰكُم بِقُوَّةٖ وَٱذۡكُرُواْ مَا فِيهِ لَعَلَّكُمۡ تَتَّقُونَ ﴿٦٣﴾
ثُمَّ تَوَلَّيۡتُم مِّنۢ بَعۡدِ ذَٰلِكَۖ فَلَوۡلَا فَضۡلُ ٱللَّهِ عَلَيۡكُمۡ

وَرَحۡمَتُهُۥ لَكُنتُم مِّنَ ٱلۡخَٰسِرِينَ ﴿٦٤﴾ وَلَقَدۡ عَلِمۡتُمُ ٱلَّذِينَ
ٱعۡتَدَوۡاْ مِنكُمۡ فِي ٱلسَّبۡتِ فَقُلۡنَا لَهُمۡ كُونُواْ قِرَدَةً
خَٰسِـِٔينَ ﴿٦٥﴾ فَجَعَلۡنَٰهَا نَكَٰلٗا لِّمَا بَيۡنَ يَدَيۡهَا وَمَا خَلۡفَهَا
وَمَوۡعِظَةٗ لِّلۡمُتَّقِينَ ﴿٦٦﴾

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:** ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ كاتتا نېمەتلىرىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، ئىسرائىل ئەۋلادلىرىنىڭ كۇپرىلىقى، ئاللاھنىڭ ئەمرىگە ئىسيانكارلىقى ۋە ئازغۇنلۇقى سەۋەبلىك باشلىرىغا كەلگەن ئازابلارنى ئەگەشتۈرۈپ كەلتۈرگەن. ئۇلار نېمەتلەرگە قارشى چىقتى، ئەھدىنى بۇزدى، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ سۈرىتىنى مايمۇنلارغا ئۆزگەرتىۋەتتى. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىدىن باش تارتقان، پەيغەمبەرلىرىگە ئىسيانكارلىق قىلغان ھەرقانداق قەۋمنىڭ ھالىدۇر.

**تەپسىرى:** 63. ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! ئۆز ۋاقتىدا، بىز سىلەردىن تەۋراتقا ئەمەل قىلىشىڭلار ھەققىدە چىن ۋەدە ئالغان ۋە تۇر تېغىنى خۇددى سايىۋەندەك ئۈستۈڭلەرگە تىكلەپ تۇرۇپ، سىلەرگە: «دۇنيادا ھالاك بولۇشتىن، ئاخىرەتتە ئازابقا قېلىشتىن ساقلىنىشىڭلار ياكى سىلەردىن تەقۋادار، مۆمىن پىرقىسى ئوتتۇرىغا چىقىشى ئۈچۈن، بىز بەرگەن تەۋراتنىڭ ئەھكاملىرىغا ئەمەل قىلىڭلار، ئۇنى مەھكەم تۇتۇڭلار، ئۇنىڭدىكى ئەھكاملارنى ئېسىڭلاردا ساقلاڭلار» دېگەن ئىدۇق. 64. شۇنىڭدىن كېيىن سىلەر بەرگەن ۋەدەڭلەر ۋە بىز ئالغان ئەھدۇپەيمانلاردىن يۈز ئۆرۈدۈڭلار، سىلەرگە ئاللاھنىڭ تەۋبەڭلەرنى قوبۇل قىلىشتىن

ئىبارەت پەزىل - كەرەمى ۋە ئازغۇنلۇقىڭلارنى ئەپۇ قىلىشتەك كاتتا رەھمىتى بولمىسا ئىدى، سىلەر چوقۇم دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ھالاك بولغۇچىلاردىن بولاتتىڭلار. 65. ئاراڭلاردىكى بىزنىڭ ئەمرىمىزگە ئاسىيلىق قىلىپ، شەنبە كۈنلۈكتە بېلىق تۇتماسلىق توغرىسىدىكى شەرىئەت چەكلىمىسىدىن چىقىپ كەتكۈچىلەرنى قانداق قىلغانلىقىمىزنى، ئەلۋەتتە بىلدىڭلار، بىز ئۇلارغا: «خار مايمۇن بولۇپ كېتىڭلار» دېدۇق، يەنى ئۇلار سىلەردەك ئىنسان بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنى خار مايمۇنغا ئۆزگەرتىۋەتتۇق. 66. ئۇلارغا بېرىلگەن بۇ جازانى، ئۇلارنىڭ زامانداشلىرىنى ئىسيانكارلىقنىڭ بۇنداق يامان ئاقىۋىتىدىن ئاگاھلاندۇرغۇچى ۋە بۇ ۋەقەلىكنى كۆرمەستىن ئاڭلاپ بىلگەن كېيىنكىلەر ئۈچۈن ئىبرەت ھەم دەرس، ھەرقانداق سالىھ ۋە ئاللاھ تائالادىن قورقىدىغان تەقۋادار بەندە ئۈچۈن ۋەز - نەسىھەت قىلدۇق.

**ئىلاۋە:** 1. قەففال مۇنداق دېگەن: ئايەتتە «مەۋاسىقەكۇم» دېمەستىن «مىساقەكۇم» دېيىشتە، ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ ئەھدىسىنى كۆزدە تۇتقان. بۇ خۇددى ئاللاھنىڭ «ئاندىن (ئاناڭلارنىڭ قارنىدىن) سىلەرنى بوۋاق بولغان ھالىتىڭلادا چىقىرىدۇ»، يەنى سىلەرنىڭ ھەر بىرىڭلارنى بوۋاق ھالىتىڭلاردا چىقىرىدۇ، دېگەن سۆزىگە ئوخشايدۇ. 2. بەزىلەر دەيدۇكى، ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ نەپسى ئۆزلىرىنىڭ ئازغۇنلۇق ۋە ئىسيانكارلىقى سەۋەبلىك، تەكەببۇرلۇق ۋە ئۆزلىرىگە ئىشىنىپ كېتىش ئىللىتى بىلەن ناھايىتى ئېغىر بىر خەتەر ئۈستىدە ئىدى. ئۇلار تەۋراتقا ئەمەل قىلىشقا چاقىرىلغىنىدا، ئۇنى ناھايىتى ئېغىر كۆردى ۋە باش تارتىشقا ئۇرۇندى.

شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تاغنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە تىكلىۋىدى، بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ تەۋراتتىنمۇ ئېغىرلىقىنى ھېس قىلدى.

3. «تەقۋادارلار ئۈچۈن ۋەز - نەسىھەت قىلدۇق» دېگەن ئايەتتە، ۋەز ـ نەسىھەت مۆمىنلەرگىلا خاس قىلىنغان. چۈنكى ئۇلار ۋەز ـ نەسىھەتنى قوبۇل قىلىدىغان كىشىلەردۇر. «ۋەز ـ نەسىھەت قىلغىن، ھەقىقەتەن ۋەز - نەسىھەت مۆمىنلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر.»

وَإِذۡ قَالَ مُوسَىٰ لِقَوۡمِهِۦٓ إِنَّ ٱللَّهَ يَأۡمُرُكُمۡ أَن تَذۡبَحُواْ
بَقَرَةٗۖ قَالُوٓاْ أَتَتَّخِذُنَا هُزُوٗاۖ قَالَ أَعُوذُ بِٱللَّهِ أَنۡ أَكُونَ
مِنَ ٱلۡجَٰهِلِينَ ﴿٦٧﴾ قَالُواْ ٱدۡعُ لَنَا رَبَّكَ يُبَيِّن لَّنَا مَا هِيَۚ
قَالَ إِنَّهُۥ يَقُولُ إِنَّهَا بَقَرَةٞ لَّا فَارِضٞ وَلَا بِكۡرٌ عَوَانُۢ
بَيۡنَ ذَٰلِكَۖ فَٱفۡعَلُواْ مَا تُؤۡمَرُونَ ﴿٦٨﴾ قَالُواْ ٱدۡعُ لَنَا رَبَّكَ
يُبَيِّن لَّنَا مَا لَوۡنُهَاۚ قَالَ إِنَّهُۥ يَقُولُ إِنَّهَا بَقَرَةٞ صَفۡرَآءُ
فَاقِعٞ لَّوۡنُهَا تَسُرُّ ٱلنَّٰظِرِينَ ﴿٦٩﴾ قَالُواْ ٱدۡعُ لَنَا رَبَّكَ
يُبَيِّن لَّنَا مَا هِيَ إِنَّ ٱلۡبَقَرَ تَشَٰبَهَ عَلَيۡنَا وَإِنَّآ إِن شَآءَ
ٱللَّهُ لَمُهۡتَدُونَ ﴿٧٠﴾ قَالَ إِنَّهُۥ يَقُولُ إِنَّهَا بَقَرَةٞ لَّا ذَلُولٞ
تُثِيرُ ٱلۡأَرۡضَ وَلَا تَسۡقِي ٱلۡحَرۡثَ مُسَلَّمَةٞ لَّا شِيَةَ فِيهَاۚ
قَالُواْ ٱلۡـَٰٔنَ جِئۡتَ بِٱلۡحَقِّۚ فَذَبَحُوهَا وَمَا كَادُواْ يَفۡعَلُونَ ﴿٧١﴾
وَإِذۡ قَتَلۡتُمۡ نَفۡسٗا فَٱدَّٰرَٰٔتُمۡ فِيهَاۖ وَٱللَّهُ مُخۡرِجٞ مَّا كُنتُمۡ
تَكۡتُمُونَ ﴿٧٢﴾ فَقُلۡنَا ٱضۡرِبُوهُ بِبَعۡضِهَاۚ كَذَٰلِكَ يُحۡيِ ٱللَّهُ
ٱلۡمَوۡتَىٰ وَيُرِيكُمۡ ءَايَٰتِهِۦ لَعَلَّكُمۡ تَعۡقِلُونَ ﴿٧٣﴾ ثُمَّ قَسَتۡ
قُلُوبُكُم مِّنۢ بَعۡدِ ذَٰلِكَ فَهِيَ كَٱلۡحِجَارَةِ أَوۡ أَشَدُّ قَسۡوَةٗۚ

وَإِنَّ مِنَ ٱلْحِجَارَةِ لَمَا يَتَفَجَّرُ مِنْهُ ٱلْأَنْهَٰرُۚ وَإِنَّ مِنْهَا لَمَا
يَشَّقَّقُ فَيَخْرُجُ مِنْهُ ٱلْمَآءُۚ وَإِنَّ مِنْهَا لَمَا يَهْبِطُ مِنْ
خَشْيَةِ ٱللَّهِۗ وَمَا ٱللَّهُ بِغَٰفِلٍ عَمَّا تَعْمَلُونَ ﴿٧٤﴾

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:** ئاللاھ تائالا يەھۇدىيلارنىڭ ئەھدىلىرىنى بۇزۇش، شەنبە كۈنىنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلىماسلىق ۋە ئۇلارغا چۈشكەن شەرىئەتنى تەتبىق قىلىش مەسىلىسىدە ئاللاھقا قارشى چىقىش قاتارلىق بەزى جىنايەتلىرى ۋە قاباھەتلىرىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ يەنە بىر ئېغىر جىنايىتىنى پاش قىلىدۇ. يەنى، پەيغەمبەرلەرگە قارشى چىقىش، ئۇلارنى ئىنكار قىلىش ۋە ئۇلار كۆرسەتكەن تەلىماتلارغا ئەگەشمەسلىك، پەيغەمبەرلەرگە ھۆرمەتسىزلىك قىلىش، ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبىرى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا سۆز قىلىشتا ئەدەپسىزلىك قىلىش قاتارلىق بىر قاتار جىنايەتلىرىنى بايان قىلىدۇ.

ئۆلۈكنى تىرىلدۈرۈش مۆجىزىسى ۋە كالا قىسسىسى: ئىبنى ھاتەم ئۇبەيدە سەلمانىيدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، ئىسرائىل ئەۋلادىدا پەرزەنت يۈزى كۆرمىگەن بىر ئادەم بولۇپ، ئۇنىڭ مال - دۇنياسى كۆپ ئىدى. جىيەنى ئۇنىڭ ۋارىسى ئىدى. بۇ ۋارىس مەزكۇر ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ئۇنىڭ جەسىدىنى باشقا بىراۋنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ قويىدى. ئاندىن ئەتىسى باشقىلارغا تۆھمەت قىلىپ، قاتىلنى تېپىش دەۋاسىدا بولدى. بۇنىڭ بىلەن قەۋم ئوتتۇرىسىدا دەتالاش چىقتى. ئۇلارنىڭ نوپۇزلۇق كىشىلىرى يول كۆرسىتىپ: «بىز نېمە ئۈچۈن دەتالاش قىلىمىز؟ مانا ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى مۇسا بار

ئەمەسمۇ؟» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بېرىپ قاتىلنى تېپىپ بېرىشىنى سورىدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرنى بىر كالا بوغۇزلاشقا بۇيرۇيدۇ» دېدى. رىۋايەت قىلغۇچى دەيدۇكى، ئەگەر ئۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالامغا قارشىلىق بىلدۈرمەستىن ۋە كۆپ سوئال سورىماستىن دېگىنىنى قىلغان بولسا ئىدى، ئادەتتىكى قانداقلا بىر كالا بولسا كۇپايە قىلاتتى. لېكىن ئۇلار تولا سوراپ مەسىلىنى مۇرەككەپلەشتۈرۈۋېدى، ئاللاھمۇ كالىنىڭ شەرتىنى چىڭىتتى. ئاخىرىدا ئۇلار سۈپەتلەنگەن كالىنى پەقەت بىرلا كالىسى بار ئادەمنىڭ يېنىدىن تاپتى. كالىنى ئۇنىڭ تېرىسى توشقىچىلىك ئالتۇنغا سېتىۋالدى. ئاندىن ئۇنى بوغۇزلاپ، كالىنىڭ گۆشى بىلەن ھېلىقى ئۆلۈكنى ئۇرۇشقا باشلىدى. ئۆلۈك تىرىلىپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇلار: «سېنى كىم ئۆلتۈردى؟» دەپ سورىۋىدى، ئۆلۈك: «مېنى ماۋۇ ئۆلتۈردى» دەپ قېرىندىشىنىڭ ئوغلىنى ئىشارەت قىلدى، ئاندىن يەنە ئۆلۈك ھالىغا قايتتى. شۇنىڭ بىلەن مەزكۇر قاتىلغا ئۆلگۈچىنىڭ مىراسىدىن ھېچ نەرسە بېرىلمىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن قاتىل ئۆلتۈرگەن كىشىسىدىن مىراس ئالمايدىغان بولدى. يەنە بىر رىۋايەتتە: «قاتىلنى ئۇلار تۇتۇپ ئۆلتۈردى» دېيىلگەن.

**تەپسىرى:** 67. ئىسرائىل ئەۋلادى! پەيغەمبىرىڭلار مۇسا سىلەرگە: «ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرنى بىر كالا بوغۇزلاشقا بۇيرۇيدۇ» دېگەن ۋاقىتنى ياد ئېتىڭلاركى، سىلەرنىڭ جاۋابىڭلار پەيغەمبىرىڭلارغا ھۆرمەتسىزلىك قىلىپ، «بىزنى مەسخىرە قىلىۋاتامسەن؟» دېگەنلىك بولدى. مۇسا سىلەرگە

جاۋاب بېرىپ: «مەسخىرە قىلغۇچى جاھىللاردىن بولۇپ قېلىشتىن ئاللاھقا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمەن» دېدى. 68. ئاندىن سىلەر مۇساغا سوئال قويۇپ: «ئۇ كالا قانداق كالا؟ سۈپىتى قانداق؟ پەرۋەردىگارىڭغا ئىلتىجا قىلغىنكى، بىزگە قانداق كالا ئىكەنلىكىنى بايان قىلسۇن» دېدىڭلار. ئاندىن مۇسا سىلەرگە: «ئاللاھ ئۇنى قېرىمۇ ئەمەس، ياشمۇ ئەمەس، ئوتتۇرا ياش بولسۇن دەپ ئېيتتى، سىلەر بۇيرۇلغاننى قىلىڭلار، تولا سوئال سوراپ مەسىلىنى مۇرەككەپلەشتۈرۈۋەتمەڭلار، ئۇ ۋاقىتتا ئاللاھمۇ شەرتلىرىنى چىڭىتىپ قويىدۇ» دېدى. 69. سىلەر: «بىز ئۈچۈن پەرۋەردىگارىڭغا ئىلتىجا قىلغىنكى، ئۇنىڭ رەڭگى ئاقمۇ ياكى قارىمۇ ياكى ئۇنىڭ باشقىسىمۇ بىزگە ئۇنى بايان قىلسۇن» دېدىڭلار. مۇسا ئېيتتىكى، «ئاللاھ ھەقىقەتەن ئۇنىڭ رەڭگى قارىغۇچىلارنى زوقلاندۇرىدىغان ساپسېرىق بولسۇن دېدى». 70. سىلەر كالىنىڭ يېشىنى ۋە رەڭگىنى بىلىپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن يەنە مۇساغا: «پەرۋەردىگارىڭغا ئىلتىجا قىلغىن، ئۇنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى بىزگە بايان قىلسۇن، دېھقانچىلىققا ئىشلىتىلگەن كالىمۇ، ياكى سەمرىتىش ئۈچۈن بېقىلغان كالىمۇ؟ بۇ بىزگە مۇجمەل بولۇپ قالدى. بۇ ئېنىق بولىدىغان بولسا خۇدا خالىسا (ئۇنى) بىز چوقۇم تاپىمىز» دېدىڭلار. 71. مۇسا سىلەرگە: «ئاللاھ ئۇنىڭ يەر ھەيدەپ، ئېكىن سۇغىرىپ كۆندۈرۈلگەن بولماسلىقىنى، بېجىرىم، ئۆزىنىڭ سېرىق رەڭگىدىن باشقا ھېچقانداق ئالىسى يوق بولۇشىنى ئېيتتى» دېدى. شۇ ۋاقىتتا سىلەر مۇساغا: «ئەمدى تولۇق بايان قىلدىڭ» ، يەنى ئەمدى سەن بىزگە ھېچقانداق مۇجمەللىكى يوق ھالدا تولۇق ۋە يېتەرلىك بايان قىلىپ

بەردىڭ، دېدىڭلار. ئاللاھ ئۇلارنى ھېكايە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار كالىنى تېپىپ كېلىپ بوغۇزلىدى. كالىنىڭ باھاسىنىڭ قىممەتلىكى ياكى رەسۋا بولۇشتىن قورقۇپ بوغۇزلىيالمىغىلى تاس قالدى». 72. ئاندىن، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى كالا بوغۇزلاشقا ئەمر قىلىشتىكى سەۋەبنى ۋە ئۇلار كۆرگەن ئاجايىپ مۆجىزىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۆز ۋاقتىدا سىلەر بىر كىشىنى ئۆلتۈرگەن ۋە قاتىلنىڭ كىملىكى توغرىسىدا دەتالاش قىلىشقان ئىدىڭلار. سىلەر يوشۇرماقچى بولغان نەرسىنى ئاللاھ ئاشكارىلىغۇچىدۇر».
73. ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! ئۆز ۋاقتىدا سىلەر بىر كىشىنى ئۆلتۈرگەن ۋە قاتىلنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى تېپىش ئۈچۈن ئۆزئارا دەتالاش قىلىپ ھەر بىرىڭلار ئۆزىنى ئاقلاپ، قاتىللىق جىنايىتىنى باشقا بىرىگە ئىتتىرىپ قويۇشقا تىرىشتىڭلار. ئەمما ئاللاھ سىلەر يوشۇرماقچى بولغان بۇ قاتىلنىڭ ئىشىنى ئاشكارىلىغۇچىدۇر. «كالىنىڭ بىر پارچىسى بىلەن ئۆلۈكنى ئۇرۇڭلار، ئۇ تىرىلىپ قاتىلنى ئېيتىپ بېرىدۇ» دېدۇق. ئاللاھ ئۆلۈكلەرنى ئەنە شۇنداق تىرىلدۈرىدۇ. سىلەرنى ئەقىل ئىشلەتسۇن، چۈشەنسۇن ۋە ئاللاھنىڭ ھەممىگە قادىر ئىكەنلىكىنى بىلسۇن دەپ، قۇدرىتىنىڭ ئالامەتلىرىنى سىلەرگە شۇنداق كۆرسىتىدۇ. 74. ئاندىن ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ تاش يۈرەكلىكى ۋە پەيغەمبىرىگە قىلغان قوپال مۇئامىلىسىنى بايان قىلىپ: «ئى يەھۇدىيلار جامائەسى! شانلىق مۆجىزىلەرنى كۆرگەندىن كېيىن دىلىڭلار قېتىپ كەتتى، تاشتەك ياكى تاشتىنمۇ قاتتىق قېتىپ كەتتى. تاشلار ئارىسىدا ئىچىدىن سۇ ئېتىلىپ چىقىپ ئېرىقلار ھاسىل بولىدىغانلىرى بار؛ يېرىلىپ ئارىسىدىن سۇ چىقىدىغانلىرىمۇ بار؛ ئاللاھتىن قورقۇپ تاغ

چوققىلىرىدىن دومىلاپ چۈشىدىغانلىرىمۇ بار. تاش يۇمشايدۇ، پارچىلىنىدۇ. ئەمما سىلەرنىڭ قەلبىڭلارغا ھېچ نەرسە تەسىر قىلمايدۇ، يۇمشىمايدۇ. ئاللاھ سىلەرنىڭ پۈتۈن ئىشلىرىڭلارنى كۆرۈپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە يوشۇرۇن ئەمەس. قىيامەت كۈنىدە شۇنىڭغا كۆرە جازا بېرىدۇ. بۇنىڭدا قورقۇتۇش ۋە تەھدىد باردۇر.

**ئىلاۋە:** 1. ئاللاھ تائالانىڭ: «جاھىللاردىن (مەسخىرە قىلغۇچىلاردىن) بولۇپ قېلىشتىن ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن» دېگەن سۆزى، دىنىنىڭ ئىشلىرىدىن بىرەر ئىشنى مەسخىرە قىلىشنىڭ قەبىھ جاھىللىق ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىدۇ. كاتتا ئۆلىمالار قۇرئان ئايەتلىرىنى كۈلكە - تاماشا ئورنىدا مىسال قىلىپ كەلتۈرۈشتىن مەنئىي قىلىدۇ. ئۇلار دەيدۇكى، قۇرئان كەرىم پەقەت تەپەككۇر قىلىپ ۋەز - نەسىھەت ئېلىش ئۈچۈن چۈشۈرۈلگەن، چاقچاق ۋە كۈلكىلەر ئارقىلىق تەسەللى ئېلىش ئۈچۈن ئەمەس. 2. ئاللاھ تائالانىڭ: «سىلەر بىر كىشىنى ئۆلتۈرگەن...» دېگەن ئايىتىدىكى خىتاب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىكى يەھۇدىيلارغا قارىتىلغان بولۇپ، قەۋملەرگە خىتاب قىلىش ئۇسۇلى بويىچە ئېلىپ بېرىلغان بىر خىتاب ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئەۋلادلار ئەگەر ئەجدادلارنىڭ يولىغا داۋام قىلغان ۋە ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىغا رازىلىق بىلدۈرگەن بولسا، ئەجدادلارنىڭ قىلمىشلىرى ئەۋلادلارغا مەنسۇپ قىلىنىدۇ. بۇنىڭدا ئەجدادلار ۋە ئۇلارنىڭ يولىغا ئەگەشكەن ئەۋلادلار ئۈچۈن كايىش ۋە قاتتىق ئەيىبلەش بار. 3. ئادەم ئۆلتۈرۈش ۋەقەسى گەرچە ئۇلارنى كالا بوغۇزلاشقا بۇيرۇشتىن ئىلگىرى يۈز بەرگەن

بولسىمۇ، ئۇنىڭ باياننى كېيىنگە قالدۇرۇشتىكى سەۋەب، كالا بوغۇزلاشنىڭ سەۋەبىنى بىلىشكە قىزىقتۇرۇش، كايىشنى ۋە ئەيىبلەشنى تەكرارلاش ئۈچۈندۇر. ئەبۇسسۇئۇد مۇنداق دېگەن: جۈملىدىكى تەرتىپ ئۇلارنى ئەيىبلەش ۋە كايىش يۈزىسىدىن ئۆزگەرگەن. چۈنكى ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش ۋە پەيغەمبەرنى مەسخىرە قىلىش ھەر ئىككىسى ئەڭ ئېغىر جىنايەتلەردۇر. بۇنداق بولغان ئىكەن، ئۇلار ھەقىقەتەن قاتتىق ئەيىبلەشكە لايىق بولغان. 4. ئاللاھ تائالا ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈش مەسىلىسىنى بۇ سۈرىدە بەش ئورۇندا بايان قىلغان. ئۇلار: «ئاندىن كېيىن، سىلەرنى شۈكۈر قىلسۇن، دەپ ئۆلگىنىڭلاردىن كېيىن قايتا تىرىلدۈردۇق» (بەقەرە سۈرىسى 56 - ئايەت). «(سىلەرگە مۇسا ئارقىلىق) دېدۇقكى، كالىنىڭ بىر پارچىسى بىلەن ئۆلۈكنى ئۇرۇڭلار (ئۇ تىرىلىپ قاتىلنى ئېيتىپ بېرىدۇ)، ئاللاھ ئۆلۈكلەرنى شۇنداق (كۆز ئالدىڭلاردا بۇ ئۆلۈكنى تىرىلدۈرگەندەك) تىرىلدۈرىدۇ» 5. ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتتىدىكى «ئەۋ» «بەلكى» مەنىسىدە بولۇپ، تاشتىنمۇ قاتتىق دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ خۇددى ئاللاھ تائالانىڭ «ئۇنى بىز 100 مىڭ، بەلكى (بۇنىڭدىنمۇ) كۆپ (بىر قەۋمگە پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتتۇق» (سافات سۈرىسى 147 - ئايەت) دېگەن سۆزىگە ئوخشاشتۇر. 6. بەزى مۇپەسسىرلەر ئايەتتىكى تاشلارنىڭ قورقۇشىنى ھەقىقىي مەنىدىكى قورقۇش دەپ قارايدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ تاشلارغا ئۆزلىرىنىڭ ھالىغا لايىق قورقۇشنى ياراتقان. بەزىلەر بۇنى مەجاز دەپ قارايدۇ. «تام مىخقا مېنى تەشمەكتە دېدى» دېگەن تەمسىلگە ئوخشاش. توغرىسىنى ئاللاھ تائالا ئۆزى بىلىدۇ.

أَفَتَطۡمَعُونَ أَن يُؤۡمِنُواْ لَكُمۡ وَقَدۡ كَانَ فَرِيقٞ مِّنۡهُمۡ
يَسۡمَعُونَ كَلَٰمَ ٱللَّهِ ثُمَّ يُحَرِّفُونَهُۥ مِنۢ بَعۡدِ مَا عَقَلُوهُ وَهُمۡ
يَعۡلَمُونَ ﴿٧٥﴾ وَإِذَا لَقُواْ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ قَالُوٓاْ ءَامَنَّا وَإِذَا
خَلَا بَعۡضُهُمۡ إِلَىٰ بَعۡضٖ قَالُوٓاْ أَتُحَدِّثُونَهُم بِمَا فَتَحَ ٱللَّهُ
عَلَيۡكُمۡ لِيُحَآجُّوكُم بِهِۦ عِندَ رَبِّكُمۡۚ أَفَلَا تَعۡقِلُونَ ﴿٧٦﴾
أَوَلَا يَعۡلَمُونَ أَنَّ ٱللَّهَ يَعۡلَمُ مَا يُسِرُّونَ وَمَا يُعۡلِنُونَ ﴿٧٧﴾
وَمِنۡهُمۡ أُمِّيُّونَ لَا يَعۡلَمُونَ ٱلۡكِتَٰبَ إِلَّآ أَمَانِيَّ وَإِنۡ هُمۡ
إِلَّا يَظُنُّونَ ﴿٧٨﴾ فَوَيۡلٞ لِّلَّذِينَ يَكۡتُبُونَ ٱلۡكِتَٰبَ بِأَيۡدِيهِمۡ
ثُمَّ يَقُولُونَ هَٰذَا مِنۡ عِندِ ٱللَّهِ لِيَشۡتَرُواْ بِهِۦ ثَمَنٗا قَلِيلٗاۖ
فَوَيۡلٞ لَّهُم مِّمَّا كَتَبَتۡ أَيۡدِيهِمۡ وَوَيۡلٞ لَّهُم مِّمَّا يَكۡسِبُونَ ﴿٧٩﴾
وَقَالُواْ لَن تَمَسَّنَا ٱلنَّارُ إِلَّآ أَيَّامٗا مَّعۡدُودَةٗۚ قُلۡ
أَتَّخَذۡتُمۡ عِندَ ٱللَّهِ عَهۡدٗا فَلَن يُخۡلِفَ ٱللَّهُ عَهۡدَهُۥٓۖ أَمۡ
تَقُولُونَ عَلَى ٱللَّهِ مَا لَا تَعۡلَمُونَ ﴿٨٠﴾ بَلَىٰۚ مَن كَسَبَ سَيِّئَةٗ
وَأَحَٰطَتۡ بِهِۦ خَطِيٓـَٔتُهُۥ فَأُوْلَٰٓئِكَ أَصۡحَٰبُ ٱلنَّارِۖ هُمۡ
فِيهَا خَٰلِدُونَ ﴿٨١﴾ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ
أُوْلَٰٓئِكَ أَصۡحَٰبُ ٱلۡجَنَّةِۖ هُمۡ فِيهَا خَٰلِدُونَ ﴿٨٢﴾ وَإِذۡ أَخَذۡنَا
مِيثَٰقَ بَنِيٓ إِسۡرَٰٓءِيلَ لَا تَعۡبُدُونَ إِلَّا ٱللَّهَ وَبِٱلۡوَٰلِدَيۡنِ
إِحۡسَانٗا وَذِي ٱلۡقُرۡبَىٰ وَٱلۡيَتَٰمَىٰ وَٱلۡمَسَٰكِينِ وَقُولُواْ
لِلنَّاسِ حُسۡنٗا وَأَقِيمُواْ ٱلصَّلَوٰةَ وَءَاتُواْ ٱلزَّكَوٰةَ
ثُمَّ تَوَلَّيۡتُمۡ إِلَّا قَلِيلٗا مِّنكُمۡ وَأَنتُم مُّعۡرِضُونَ ﴿٨٣﴾
وَإِذۡ أَخَذۡنَا مِيثَٰقَكُمۡ لَا تَسۡفِكُونَ دِمَآءَكُمۡ وَلَا تُخۡرِجُونَ

أَنفُسَكُم مِّن دِيَٰرِكُمۡ ثُمَّ أَقۡرَرۡتُمۡ وَأَنتُمۡ تَشۡهَدُونَ ﴿٨٤﴾
ثُمَّ أَنتُمۡ هَٰٓؤُلَآءِ تَقۡتُلُونَ أَنفُسَكُمۡ وَتُخۡرِجُونَ فَرِيقٗا
مِّنكُم مِّن دِيَٰرِهِمۡ تَظَٰهَرُونَ عَلَيۡهِم بِٱلۡإِثۡمِ وَٱلۡعُدۡوَٰنِ
وَإِن يَأۡتُوكُمۡ أُسَٰرَىٰ تُفَٰدُوهُمۡ وَهُوَ مُحَرَّمٌ عَلَيۡكُمۡ
إِخۡرَاجُهُمۡۚ أَفَتُؤۡمِنُونَ بِبَعۡضِ ٱلۡكِتَٰبِ وَتَكۡفُرُونَ بِبَعۡضٖۚ
فَمَا جَزَآءُ مَن يَفۡعَلُ ذَٰلِكَ مِنكُمۡ إِلَّا خِزۡيٞ فِي ٱلۡحَيَوٰةِ
ٱلدُّنۡيَاۖ وَيَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ يُرَدُّونَ إِلَىٰٓ أَشَدِّ ٱلۡعَذَابِۗ وَمَا ٱللَّهُ
بِغَٰفِلٍ عَمَّا تَعۡمَلُونَ ﴿٨٥﴾

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:** ئاللاھ تائالا يەھۇدىيلارنىڭ تەرسالىقى، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە بويسۇنمايدىغانلىقى ۋە پەيغەمبەرلەر بىلەن تالاش - تارتىش قىلىشلىرى قاتارلىق بىر قاتار جىنايەتلىرىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، يەھۇدىيلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ سۆزلىرىنى ئۆزگەرتىۋېتىش، ئۆزلىرىنى ئاللاھ تائالانىڭ يېقىنلىرى دەپ دەۋا قىلىش، دوزاخ ئوتى بىزنى پەقەت بىرقانچە كۈندىن باشقا كۆيدۈرمەيدۇ، دېيىش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئاتا - بوۋىلىرىدىن ئۇدۇم ئالغان بىر يۈرۈش خىيانەتلىرى ۋە ئېغىر جىنايەتلىرىنى بايان قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا سۆزنى مۆمىنلەرنى كاپىرلارنىڭ ئىمان ئېيتىشىدىن ئۈمىدسىزلەندۈرۈش بىلەن باشلىغان. چۈنكى يەھۇدىي كاپىرلىرى تەكەببۇرلۇق، تەرسالىق ۋە زالالەتتىن ئىبارەت ئىللەتلەر ئۈستىگە يارىتىلغان مەخلۇقلاردۇر.

**بۇ ئايەتلەرنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى:** بىرىنچىدىن، بۇ

ئايەتلەر مەدىنىلىك ئەنسارلار ھەققىدە نازىل بولغان. ئۇلار يەھۇدىيلار بىلەن قوشنىدارچىلىق ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلى ئىتتىپاقداشلار ئىدى. يەھۇدىيلارنىڭمۇ ئۆزلىرىگە ئوخشاش مۆمىنلەردىن بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن «يەھۇدىيلارنىڭ ئىمان ئېيتىشىنى ئۈمىد قىلامسىلەر؟» دېگەن بۇ ئايەت چۈشكەن. ئىككىنچىدىن، مۇجاھىد ئىبنى ئابباستىن رىۋايەت قىلىشىچە، يەھۇدىيلار مۇنداق دەيتتى: بۇ دۇنيا يەتتە مىڭ يىللىقتۇر. بىز پەقەت ھەر مىڭ يىللىق گۇناھىمىز ئۈچۈن بىر كۈندىنلا ئوتتا كۆيىمىز، ئۇ پەقەت يەتتە كۈنلا بولىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ بۇ بولمىغۇر سۆزلىرىگە رەددىيە بېرىپ: «بىزنى دوزاخ ئوتى ساناقلىق كۈنلەرلا كۆيدۈرىدۇ...» دېگەن ئايەتنى چۈشۈرگەن.

**تەپسىرى:** 75. ئاللاھ تائالا مۆمىنلەرگە خىتاب قىلىپ دەيدۇكى: ئى مۆمىنلەر جامائەسى! دەۋىتىڭلار ئارقىلىق يەھۇدىيلارنىڭ ئىمان ئېيتىپ سىلەرنىڭ دىنىڭلارغا كىرىشىنى ئارزۇ قىلىۋاتامسىلەر؟ ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ ئۆلىمالىرىدىن بىر قىسمى ئاللاھنىڭ كىتابى بولغان تەۋراتنى ئوقۇيتتى ۋە ئۇنى ناھايىتى ئېنىق چۈشىنەتتى. ئۇلار تەۋراتنىڭ تېكىستلىرىنى ئېنىق چۈشىنىپ، ئەقىللىرى بىلەن مەنىسىنى ياخشى بىلىپ بولغاندىن كېيىن، گاھ تەۋىل قىلىش، گاھ يەڭگۈشلەش يوللىرى بىلەن قەستەن ئۆزگەرتىۋېتەتتى. يەنى ئۇلار خاتالىقتىن ياكى ئۇنۇتقانلىقتىن ئەمەس، بەلكى قەستەن شۇنداق قىلاتتى. 76. ئۇلارنىڭ مۇناپىقلىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن بولغان مۆمىنلەر بىلەن ئۇچراشقانلىرىدا: «ئىمان ئېيتتۇقكى، سىلەر ھەققەت ئۈستىدە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام

كىتابىمىزدا بىشارىتى كەلگەن پەيغەمبەردۇر» دەيتتى. ئۆز - ئارا خالىي جايدا تېپىشقانلىرىدا، بىر - بىرىگە كايىغان ھالدا: «پەرۋەردىگارىڭلار قېشىدا، ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئەگەشمىگەنلىكىڭلاردا مۆمىنلەر سىلەرگە قارشى پاكىت كۆرسەتسۇن، دەپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋراتتىكى سۈپەتلىرىدىن ئاللاھ سىلەرگە بىلدۈرگەننى ئۇلارغا سۆزلەپ بېرەمسىلەر؟ بۇنداق قىلىشىڭ ئۆزۈڭلار ئۈچۈن زىيانلىق ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەمسىلەر؟» دەيتتى. 77. يۇقىرىقىدەك كايىغانلار يەھۇدىيلارنىڭ مۇناپىقلىرى بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا رەددىيە بېرىپ مۇنداق دېگەن: بۇ يەھۇدىيلار ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلار يوشۇرغان ۋە ئاشكارا قىلغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئېنىق بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلمەمدۇ؟ ھالبۇكى، ئاللاھ تائالاغا ھېچ نەرسە پىنھان ئەمەس. ئۇلار قانداقمۇ بۇنداق سۆزلەرنى دەيدۇ، ئاندىن يەنە قانداقلارچە ئىمان دەۋاسى قىلىدۇ؟! 78. ئاللاھ تائالا يەھۇدىيلارنىڭ تەۋراتنى ئۆزگەرتكەن جىنايەتلىرىنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارغا ئەگەشكەن يەھۇدىي ئاممىسى ھەققىدە توختىلىپ، ئۇلارنىڭمۇ ئازغۇنلۇقتا ئىلگىرىكىلىرى بىلەن ئوخشاش ئىكەنلىكىنى كەسكىنلەشتۈرۈپ دەيدۇكى، يەھۇدىيلاردىن جاھالەت ئىگىلىرى بولغان يەنە بىر تائىپە كىشىلەر باركى، ئۇلار تەۋراتنى ئۆزلىرى ئوقۇپ، ئۇنىڭ ھەقىقەتلىرىنى بىۋاستە بىلىشكە كۈچى يەتمەيدىغان كىشىلەردۇر. ئۇلار پەقەت ئاللاھنىڭ ئۇلارنى ئەپۇ قىلىدىغانلىقى، ئۇلار ئوتتا كۆيسىمۇ پەقەت بىر قانچە كۈنلا كۆيىدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى بولغان پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۇلارغا ئاللاھ تائالا ئالدىدا شاپائەتچى بولىدىغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ يېقىنلىرى

ئىكەنلىكى قاتارلىق، موللىلىرى ئەقىللىرىگە تولدۇرغان قۇرۇق ئارمانلاردىن باشقىسىنى بىلمەيدۇ. ئۇلار پۈتۈن ئىشلىرىدا پەقەت گۇمانغىلا تايانغان هالدا ئەجدادلىرىغا قارىغۇلارچە ئەگىشىدۇ. 79. ئاندىن ئاللاھ تائالا يەھۇدىيلارنىڭ ئازدۇرغۇچى كاتتىباشلىرىنىڭ ئاۋام خەلقنى دۇنيانىڭ ئازراق مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن قانداق ئازدۇرغانلىقىنى بايان قىلىپ: «تەۋراتنى ئۆزگەرتىپ، ئۆزگەرتكەن شۇ تېكىستلەرنى قوللىرى بىلەن يېزىپ چىققان ئاشۇ يەھۇدىيلارنىڭ هالىغا ۋاي! ئۇلارنىڭ دۇنيانىڭ ئاز - تولا ۋاقىتلىق مەنپەئەتلىرىنى تەمە قىلىپ، ئۆز قوللىرى بىلەن يېزىپ چىققان ئويدۇرمىلارنى <بۇ ئاللاھ مۇساغا چۈشۈرگەن تەۋراتتۇر> دەپ ئاۋامنى ئالدىغانلىرىغا ۋاي! ئۇلارغا هالاكەت ۋە ئازاب بولسۇن. تەۋراتنى ئۆزگەرتكەنلىكى ئۈچۈن ئەڭ قاتتىق ئازابلار ئۇلارغا بولسۇن! تەۋراتنى ئۆزگەرتىش بەدىلىگە تاپقان هارام نەرسىلىرى ئۈچۈن ئۇلارغا هالاكەت ۋە ئازاب كەلسۇن!» دەيدۇ. 80. يەھۇدىيلار: «بىزنى دوزاخ ئوتى ساناقلىق كۈنلەرلا كۆيدۈرىدۇ»، يەنى موزايغا چوقۇنغان ۋاقتىمىزدىكى يەتتە كۈنلا ئوتتا كۆيىمىز، دەيدۇ. ئى مۇهەممەد ئەلەيهىسسالام! ئۇلارنىڭ بۇ بولمىغۇر گۇمانلىرىغا رەددىيە بېرىپ، ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «سىلەرگە ئاللاھ شۇنداق قىلىشقا ۋەدە بەرگەنمۇ، ئەگەر شۇنداق ۋەدە بەرگەن بولسا، ئاللاھ ۋەدىسىگە هەرگىزمۇ خىلاپلىق قىلمايدۇ، ياكى ئۆزۈڭلار بىلمەيدىغاننى ئاللاھ نامىدىن دەۋاتامسىلەر؟ يەنى ئاللاھ دېمىگەننى ئۇنىڭ نامىدىن يالغاندىن دەۋاتامسىلەر؟ بۇنىڭ بىلەن سىلەر ئاللاھنىڭ سۆزلىرىنى ئۆزگەرتىش ۋە ئاللاھقا يالغاندىن تۆهمەت قىلىشتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ جىنايەتنى ئۈستۈڭلارغا يۈكلىگەن بولدۇڭلار!» دېگىن. 81. ئاندىن

ئاللاھ تائالا يەھۇدىيلارنىڭ يالغانلىرىنى بايان قىلىپ، ئۇلارنىڭ «بىز دوزاختا بىرقانچە كۈنلا كۆيىمىز» دەيدىغان گۇمانلىرىنى بىتچىت قىلىدۇ، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ دوزاختا مەڭگۈ قالىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇنداق ئەمەس، بەلكى سىلەرنى دوزاخ ئوتى كۆيدۈرىدۇ، ئۇنىڭدا مەڭگۈ ئازابلىنىسىلەر. شۇنىڭدەك، سىلەرگە ئوخشاش گۇناھ قىلغان ۋە گۇناھقا چۆمۈپ كەتكەنلەرمۇ ئەھلى دوزاختۇر، ئۇلارمۇ دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ. دوزاختىن ھەرگىز قۇتۇلالمايدۇ.»

82. ئەمما ئىمان بىلەن ياخشى ئەمەللەرنى بىرلەشتۈرگەن مۆمىنلەر دوزاخ ئازابى كۆرمەيدۇ. بەلكى جەننەتنىڭ ئىسىل باغچىلىرىدا نېمەتلىنىدۇ. چۈنكى ئۇلار جەننەت ئەھلىدۇركى، ئۇلار جەننەتتە مەڭگۈ قالىدۇ؛ ئۇنىڭدىن چىقىرىلمايدۇ. ئاللاھ تائالا بىزلەرنىمۇ شۇلارنىڭ قاتارىدىن قىلغاي، ئامىن!

**ئىلاۋە:** 1. ئاللاھ تائالانىڭ سۆزلىرىنى ئۆزگەرتىش، ئۇنىڭغا لايىق كەلمەيدىغان بۇزۇق تەۋىللەرنى قىلىش ۋە ئۇنى باشقا سۆزلەرگە ئالماشتۇرۇش بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. يەھۇدىيلارنىڭ ئۆلىمالىرىدىن خۇددى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋراتتىكى سۈپەتلىرىنى ئۆزگەرتكەنگە ئوخشاش يۇقىرىقى ھەر ئىككى خىلدىكى ئۆزگەرتىش سادىر بولغان. ئەبۇسسۇئۇد مۇنداق دېگەن: رىۋايەت قىلىنىشىچە، يەھۇدىيلارنىڭ ئۆلىمالىرى ئۆزلىرىنىڭ دىنىي نوپۇزىنىڭ قوللىرىدىن كېتىپ قېلىشىدىن قورقۇپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋراتتا كەلگەن سۈپەتلىرىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن. تەۋراتتا ئۇنىڭ سۈپىتى «چىرايى نۇرلۇق، چېچى چىرايلىق، ئىككى كۆزىگە سۈرمە تارتىلغان، رەڭگى ئاق، ئوتتۇرا بويلۇق» بولۇپ، ئۇنى

«ئۇزۇن بويلۇق، رەڭگى كۆك، چېچى يۇمشاق» دەپ ئۆزگەرتكەن. كىشىلەر سورىغاندا ئۆزلىرى ئۆزگەرتىپ يازغان بۇ سۈپەتلەرنى تەۋراتتا كەلگەن سۈپەتلەر دەپ ئوقۇپ بېرەتتى. 2. ئۆزگەرتىشنىڭ ھەر ئىككى تۈرى تەۋرات ۋە ئىنجىل قاتارلىق ساماۋى كىتابلاردا يۈز بەرگەن. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئۇلار توغرۇلۇق: «سۆزلەرنى ئورۇنلىرىدىن ئۆزگەرتىۋەتەتتى» دەيدۇ. ئەمما تەۋىل قىلىش بىلەن ئۆزگەرتىش بەزى جاھالەت ئېقىملىرى ۋە كاپىرلار تەرىپىدىن قۇرئان كەرىمدىمۇ يۈز بەرگەن. لېكىن قۇرئان كەرىم ئايەتلەرنى چۈشۈرۈپ قويۇش ياكى ئالماشتۇرۇۋېتىش بىلەن قىلىنىدىغان ئۆزگەرتىشتىن ساقلىنىپ قالغان، چۈنكى ئاللاھ تائالا ئۇنى ئۆزى بىۋاسىتە قوغدايدىغانلىقىغا ۋەدە قىلغان. «قۇرئاننى ھەقىقەتەن بىز چۈشۈردۇق، ئۇنى چوقۇم قوغدايمىز» (ھىجر سۈرىسى 9 - ئايەت). 3. ئىمام بۇخارىي ئەبۇ ھۇرەيرەدىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە مۇنداق دەيدۇ: «خەيبەر فەتھى بولغان كۈنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا زەھەر سېلىپ پىشۇرۇلغان بىر قوي ھەدىيە قىلىندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ۋاقىتتا: «ماڭا بۇ يەردىكى پۈتۈن يەھۇدىيلارنى توپلاڭلار» دېدى. رەسۇلۇللاھ توپلانغان يەھۇدىيلارغا سوئال قويۇپ: «ئاتاڭلار كىم؟» دېۋىدى، ئۇلار: «ئاتىمىز پالانى» دېدى. رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا: «يالغان ئېيتتىڭلار، بەلكى سىلەرنىڭ ئاتاڭلار پالانىدۇر» دېدى، ئۇلار: «توغرا ئېيتتىڭ» دېيىشتى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا: «سىلەردىن بىر نەرسە سورىسام توغرا جاۋاب بېرەمسىلەر؟» دەپ سوئال قويدى. ئۇلار: «ئى ئەبۇلقاسىم! ئەلۋەتتە توغرا جاۋاب بېرىمىز، چۈنكى يالغان ئېيتساق بىلىۋالىسەن ئەمەسمۇ؟» دېدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «دوزاخ ئەھلى كىم؟» دەپ سوئال قويىدى، ئۇلار: «بىز دوزاختا بىر مۇددەت كۆيىمىز، ئاندىن سىلەر كىرىسىلەر» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «سىلەرگە لەنەت بولسۇنكى، بىز ھەرگىزمۇ كىرمەيمىز» دېدى، ئاندىن ئۇلاردىن: «سىلەردىن بىر نەرسە سورىسام توغرا جاۋاب بېرەمسىلەر؟» دەپ سورىۋىدى ئۇلار: «ئەلۋەتتە توغرا جاۋاب بېرىمىز، ئى ئەبۇلقاسىم!» دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلاردىن: «بۇ قويغا سىلەر زەھەر ئارىلاشتۇردۇڭلارمۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئۇلار: «ھەئە» دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلاردىن: «نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلدىڭلار؟» دەپ سورىدى. ئۇلار: «سېنىڭ راست پەيغەمبەر ئىكەنلىكىڭنى بىلىش ئۈچۈن شۇنداق قىلغانتۇق، يەنى ئەگەر يالغاندىن پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلغان بىرى بولساڭ سەندىن قۇتۇلۇشنى، ئەگەر راستىنلا پەيغەمبەر بولساڭ، ساڭا بۇ زەھەرنىڭ زىيان يەتكۈزەلمەيدىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن شۇنداق قىلغان ئىدۇق» دېيىشتى.

وَإِذْ أَخَذْنَا مِيثَٰقَ بَنِيٓ إِسْرَٰٓءِيلَ لَا تَعْبُدُونَ إِلَّا ٱللَّهَ
وَبِٱلْوَٰلِدَيْنِ إِحْسَانًا وَذِى ٱلْقُرْبَىٰ وَٱلْيَتَٰمَىٰ وَٱلْمَسَٰكِينِ
وَقُولُوا۟ لِلنَّاسِ حُسْنًا وَأَقِيمُوا۟ ٱلصَّلَوٰةَ وَءَاتُوا۟ ٱلزَّكَوٰةَ
ثُمَّ تَوَلَّيْتُمْ إِلَّا قَلِيلًا مِّنكُمْ وَأَنتُم مُّعْرِضُونَ ﴿٨٣﴾
وَإِذْ أَخَذْنَا مِيثَٰقَكُمْ لَا تَسْفِكُونَ دِمَآءَكُمْ وَلَا تُخْرِجُونَ
أَنفُسَكُم مِّن دِيَٰرِكُمْ ثُمَّ أَقْرَرْتُمْ وَأَنتُمْ تَشْهَدُونَ ﴿٨٤﴾
ثُمَّ أَنتُمْ هَٰٓؤُلَآءِ تَقْتُلُونَ أَنفُسَكُمْ وَتُخْرِجُونَ فَرِيقًا

مِّنكُم مِّن دِيَٰرِهِمْ تَظَٰهَرُونَ عَلَيْهِم بِٱلْإِثْمِ وَٱلْعُدْوَٰنِ
وَإِن يَأْتُوكُمْ أُسَٰرَىٰ تُفَٰدُوهُمْ وَهُوَ مُحَرَّمٌ عَلَيْكُمْ
إِخْرَاجُهُمْ ۚ أَفَتُؤْمِنُونَ بِبَعْضِ ٱلْكِتَٰبِ وَتَكْفُرُونَ بِبَعْضٍ ۚ
فَمَا جَزَآءُ مَن يَفْعَلُ ذَٰلِكَ مِنكُمْ إِلَّا خِزْىٌ فِى ٱلْحَيَوٰةِ
ٱلدُّنْيَا ۖ وَيَوْمَ ٱلْقِيَٰمَةِ يُرَدُّونَ إِلَىٰٓ أَشَدِّ ٱلْعَذَابِ ۗ وَمَا ٱللَّهُ
بِغَٰفِلٍ عَمَّا تَعْمَلُونَ ﴿٨٥﴾ أُو۟لَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ ٱشْتَرَوُا۟ ٱلْحَيَوٰةَ
ٱلدُّنْيَا بِٱلْءَاخِرَةِ ۖ فَلَا يُخَفَّفُ عَنْهُمُ ٱلْعَذَابُ وَلَا هُمْ
يُنصَرُونَ ﴿٨٦﴾

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:**

ئايەتلەر يەھۇدىيلارنىڭ جىنايەتلىرىنى پاش قىلىشنى داۋاملاشتۇرغان بولۇپ، بۇ ئايەتلەر ئۇلارنىڭ جىنايەتلىرى، زېمىندا ئېلىپ بارغان بۇزغۇنچىلىقلىرى ۋە پاساتچىلىقلىرىنى ئېچىپ بېرىدىغان مىساللاردۇر. ئۇلار ئاللاھ تائالا تەۋراتتا ئۇلاردىن ئالغان ئەھدىلەرنى بۇزدى، ناھەق ئادەم ئۆلتۈردى، كىشىلەرنىڭ ماللىرىنى ناھەق يەۋېلىشنى ئۆزلىرى ئۈچۈن ھالال ساندى، ئۆزلىرىنىڭ دىنىي قېرىنداشلىرىغا دۈشمەنلىك قىلىپ ئۇلارنى يۇرتلىرىدىن ھەيدەپ چىقاردى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار لەنەتكە، خورلۇققا ۋە ۋەيرانچىلىققا مەھكۇم بولدى.

**تەپسىرى:** 83. «ئۆز ۋاقتىدا بىز ئىسرائىل ئەۋلادىدىن ئاللاھتىن باشقىغا ئىبادەت قىلماسلىققا، ئاتا ـ ئانىغا، خىش ـ ئەقرىبالارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە ياخشىلىق قىلىشقا،

كىشــىلەرگە ياخشــى ســۆز قىلىشــقا، نامــاز ئۆتەشــكە، زاكات بېرىشــكە ئەھــدە ئالــدۇق. ئاراڭلاردىكــى ئازغىنــا كىشــىدىن باشــقىڭلار ئەھدىدىــن يېنىۋالدىــڭلار، ســىلەر ھەمىشــە (ئەھدەڭلەردىــن) يېنىۋالىســىلەر»، يەنــى ئــى يەھۇدىيــلار جامائەســى! ئەجدادلىرىڭلاردىــن قەســەم بىلــەن تەكىتلــەپ ئەھــدە ئالغــان ۋاقىتنــى يــاد ئېتىــڭلار. ئــۇ ۋاقىتتــا، بىــز ئەجدادلىرىڭلاردىــن ئالــلاھ تائالادىــن باشقىســىغا ئىبــادەت قىلماســلىققا ئەھــدە ئالــدۇق، ئۇلارنــى ئاتــا - ئانىغــا ياخشــىلىق قىلىشــقا، خىــش ـ ئەقرىبالارغــا خەيــر - ئېھســان قىلىشــقا، كىچىــك ۋاقتىــدا ئاتىلىــرى ئۆلــۈپ كەتكــەن يېتىملەرگــە، كەمبەغــەل - مىســكىنلەرگە، ئاجىــز كېلىدىغــان پېقىرلارغــا ياخشــىلىق قىلىشــقا، كىشــىلەرگە كەمتەرلىــك بىلــەن ئەدەپلىــك ھالــدا ياخشــى ســۆز قىلىشــقا بۇيــرۇدۇق، يەنــە ئۇلارغــا ئالــلاھ نامــاز ۋە زاكاتتىــن ئىبــارەت بــۇ ئىككــى كاتتــا ئىبادەتنــى پــەرز قىلغانــدەك نامــاز ئوقــۇڭلار، زاكات بېرىــڭلار، دەپ بۇيــرۇدۇق. چۈنكــى بــۇ ئىككىســى ئــەڭ كاتتــا جىســمانىي ۋە ئىقتىســادىي ئىبادەتلــەردۇر. ئانىدىــن ســىلەر ۋە ئەجدادىــڭلار ئەھدىدىــن ۋاز كەچتىــڭلار، ئۇنىــڭ روھــى بويىچــە ئەمــەل قىلىشــتىن يــۈز ئــۆرۈدۈڭلار. پەقــەت ســىلەردىن ئــازراق كىشــىلەرلا بۇنــى داۋام قىلالىــدى.

84. «ئــۆز ۋاقتىــدا بىــر - بىرىڭلارنىــڭ قېنىنــى تۆكمەســلىككە، بىــر - بىرىڭلارنــى يۇرتلىرىڭلاردىــن ھەيــدەپ چىقارماســلىققا سىلەردىن چىــن ئەھــدە ئالغــان ئىــدۇق. كېيىــن بۇنــى ئېتىــراپ قىلغــان ئىدىــڭلار، بۇنىڭغــا ئــۆزۈڭلار گۇۋاھســىلەر»، يەنــى ئــى ئىســرائىل ئــەۋلادى! بىــر - بىرىڭلارنــى ئۆلتۈرمەســلىككە، بىــر - بىرىڭلارنــى يۇرتلاردىــن ھەيــدەپ چىقىرىــپ، ۋەتەنسىــز قىلىــپ قويــۇش ئارقىلىــق تاجاۋۇزچىلىــق قىلماســلىققا سىلەردىن

قەسەم بىلەن تەكىتلەپ ئالغان ئەھدىنى ياد ئېتىڭلار. ئاندىن بۇ ئەھدىنى ۋە بۇ ئەھدىنىڭ تەقەززاسى بويىچە ئىش كۆرۈشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئېتىراپ قىلدىڭلار، سىلەر بۇنىڭغا گۇۋاھسىلەر. 85. ئى يەھۇدىيلار جامائەسى! ئاندىن سىلەر بۇ ئەھدىنى ئۆزۈڭلار ئېتىراپ قىلىپ بولۇپ، يەنە ئۇنى بۇزدۇڭلار، بىر دىنىدىكى قېرىنداشلىرىڭلارنى ناھەق ئۆلتۈردۈڭلار، سىلەر مەنئى قىلىنغان بۇ جىنايەتنى يەنە سادىر قىلدىڭلار. مەھكەم باغلانغان شۇ ئەھدىگە ھېچ ئېتىبار قىلماستىن، ئۇلارنى ئۆز دىيارلىرىدىن قوغلاپ چىقاردىڭلار، ئۇلارغا گۇناھ - مەسىيەتلەردە ۋە زۇلۇمدا ياردەملەشتىڭلار، ئۇلار ئەسىرگە چۈشۈپ قالسا ئۇلارنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن پۇل - مالنى ئايىماستىن بەردىڭلار. سىلەر ئەسىرلىرىڭلارنىڭ دۈشمەن قولىدا قېلىشىغا رازى بولمىغان تۇرۇپ، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشنى ۋە يۇرتلىرىدىن قوغلاپ چىقىرىشنى قانداقمۇ راۋا كۆرىسىلەر؟ سىلەر تەۋراتنىڭ ئەھكاملىرىدىن بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ، بەزىسىنى ئىنكار قىلامسىلەر؟ بۇ سوئالدىن مەقسەت ئۇلارغا كايىش بولۇپ، ئۇلار كۇپرى بىلەن ئىمان ئىككىسىنى ئۆزلىرىگە جۇغلىۋالغان ئىدى. ئەمەلىيەتتە، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىدىن بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ، بەزىسىنى ئىنكار قىلغانلىق ھەممىسىنى ئىنكار قىلغانلىقتۇر. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئارقىدىنلا: «سىلەردىن شۇنداق قىلغانلارنىڭ جازاسى پەقەت ھاياتىي دۇنيادا خارلىققا قېلىش، قاتتىق ئازابقا دۇچار بولۇشتۇر» دېگەن. يەنى ئاللاھنىڭ كالامىنىڭ بىر قىسمىغا ئىشىنىپ، بىر قىسمىنى ئىنكار قىلغانلارنىڭ جازاسى بۇ دۇنيادا خورلۇق ۋە غەزەپ - نەپرەتلەرگە ئۇچراش، ئاخىرەتتە بولسا نەچچە ھەسسە قاتتىق ئازابقا

دۇچار بولۇشتۇر، ئاخىرەت ئازابىنىڭ چېكى بولمايدۇ. «ئاللاھ قىلمىشىڭلاردىن غاپىل ئەمەستۇر» ، بۇنىڭدا ئاللاھنىڭ ئەمر - پەرمانلىرىغا ئاسىيلىق قىلغۇچىلارغا قاتتىق تەھدىت بار. 86. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئەمر - پەرمانلىرىغا ئاسىيلىق قىلىشلىرىنىڭ سەۋەبىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەنە شۇلار ئاخىرەتنى بېرىپ، دۇنيا تىرىكچىلىكىنى سېتىۋالغان كىشىلەردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلاردىن ئازاب يېنىكلىتىلمەيدۇ، ئۇلارغا ياردەممۇ قىلىنمايدۇ» ، يەنى ئۇلار ھاياتىي دۇنيانى ئىختىيار قىلىش ئارقىلىق ئاخىرەتلىكىنى سېتىۋەتكەنلەردۇر. شۇڭا ئازاب ئۇلاردىن بىر سېكۇنتمۇ يېنىكلىتىلمەيدۇ. ئۇلارغا ياردەم قىلىپ ئازابتىن قۇتۇلدۇرغۇچىمۇ چىقمايدۇ.

ئەسكەرتىش: بەنى قۇرەيزە ۋە بەنى نەزىر يەھۇدىيلىرى مەدىنىدىكى ئەرەب قەبىلىلىرى بىلەن ئىتتىپاقداش بولۇپ، بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرى ئەۋس قەبىلىسى بىلەن، بەنى نەزىر يەھۇدىيلىرى خەزرەج قەبىلىسى بىلەن ئىتتىپاقداش ئىدى. ئۇرۇش يۈز بەرگەندە يەھۇدىيلاردىن بولغان ھەر قەبىلە ئۆز ئىتتىپاقداشلىرى تەرىپىدە تۇرۇپ ئۇرۇش قىلاتتى. يەنى يەھۇدىيلار ئەرەب ئىتتىپاقداشلىرى بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ ئۆزلىرىنىڭ دىنىدىكى يەھۇدىي قېرىنداشلىرىنى ئۆلتۈرەتتى، ئۇلارنى ئۆيلىرىدىن قوغلاپ چىقىراتتى، ئۇلارنىڭ مال - مۈلكىنى تالان - تاراج قىلاتتى. مۇنداق قىلىش ئۇلارنىڭ دىنىدا تەۋراتنىڭ ھۆكمى بىلەن ھارام ئىدى. ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، قارشى تەرەپتىكى ئەسىرلىرىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن تەۋراتنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە پىدىيەلەرنى تۆلەيتتى. شۇڭا ئاللاھ تائالا: «كىتابنىڭ

بىر قىسمىغا ئىمان ئېيتىپ، بىر قىسمىنى ئىنكار قىلامسىلەر؟» دېگەن.

**ئىلاۋە:** 1. ئايەتتە تەرتىپ بويىچە ئالدى بىلەن ئەڭ مۇھىمى بايان قىلىنغان بولۇپ، ئاۋۋال ئاللاھ تائالانىڭ ھەققى بايان قىلىنغان، چۈنكى ئۇ ھەقىقەتتە بەندىلىرىگە نېمەت بەرگۈچىدۇر؛ ئاندىن ئاتا ـ ئانىنىڭ ھەققى كەلگەن، چۈنكى بالا تەربىيەلەشتە ئاتا ـ ئانىنىڭ ھەققى ھەممىدىن چوڭدۇر؛ ئاندىن ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىڭ ھەققى كەلگەن، چۈنكى ئۇلارغا سىلە ـ رەھىم قىلىش بىلەن ساۋابقا ئېرىشكىلى بولىدۇ. ئاندىن يېتىملەرنىڭ ۋە پېقىرلارنىڭ ھەقلىرى تەرتىپ بىلەن كەلگەن. 2. «... كىشىلەرگە ياخشى سۆز قىلىشقا ...» دېگەن ئايەتتە، پۈتۈن ئىنسانلارغا ياخشى سۆز قىلىش ئەمر قىلىنغان، شۇڭا «قېرىنداشلىرىڭلارغا ياخشى سۆز قىلىڭلار» ياكى «مۆمىنلەرگە ياخشى سۆز قىلىڭلار» دېمەستىن، ئۇنى ئىنسانىيەتكە ئومۇملاشتۇرغان. بۇ، ياخشى سۆز قىلىش ئەمرىنىڭ مۆمىن ـ كاپىر، تەقۋا- پاسىق ھەممىگە ئومۇم ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەش ئۈچۈندۇر. بۇنىڭدا سىلىق، چىرايلىق سۆز قىلىش، كىشىلەرگە ئوچۇق چىراي بولۇش، ئەدەپلىك مۇئامىلە قىلىشتەك گۈزەل ئەخلاققا تەشەببۇس قىلىش بار، ئەلۋەتتە.

بىر شائىر مۇنداق دېگەن:

*ئەي ئوغلۇم! ياخشىلىق بەكمۇ ئوڭاي،*
*ئۇ دەل، گۈزەل سۆز ۋە ئوچۇق چىراي.*

وَلَقَدْ ءَاتَيْنَا مُوسَى ٱلْكِتَـٰبَ وَقَفَّيْنَا مِنۢ بَعْدِهِۦ بِٱلرُّسُلِ ۖ

وَءَاتَيۡنَا عِيسَى ٱبۡنَ مَرۡيَمَ ٱلۡبَيِّنَٰتِ وَأَيَّدۡنَٰهُ بِرُوحِ
ٱلۡقُدُسِۗ أَفَكُلَّمَا جَآءَكُمۡ رَسُولُۢ بِمَا لَا تَهۡوَىٰٓ أَنفُسُكُمُ
ٱسۡتَكۡبَرۡتُمۡ فَفَرِيقٗا كَذَّبۡتُمۡ وَفَرِيقٗا تَقۡتُلُونَ ﴿٨٧﴾ وَقَالُواْ قُلُوبُنَا
غُلۡفُۢۚ بَل لَّعَنَهُمُ ٱللَّهُ بِكُفۡرِهِمۡ فَقَلِيلٗا مَّا يُؤۡمِنُونَ ﴿٨٨﴾
وَلَمَّا جَآءَهُمۡ كِتَٰبٞ مِّنۡ عِندِ ٱللَّهِ مُصَدِّقٞ لِّمَا مَعَهُمۡ
وَكَانُواْ مِن قَبۡلُ يَسۡتَفۡتِحُونَ عَلَى ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ فَلَمَّا
جَآءَهُم مَّا عَرَفُواْ كَفَرُواْ بِهِۦۚ فَلَعۡنَةُ ٱللَّهِ عَلَى ٱلۡكَٰفِرِينَ ﴿٨٩﴾
بِئۡسَمَا ٱشۡتَرَوۡاْ بِهِۦٓ أَنفُسَهُمۡ أَن يَكۡفُرُواْ بِمَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ
بَغۡيًا أَن يُنَزِّلَ ٱللَّهُ مِن فَضۡلِهِۦ عَلَىٰ مَن يَشَآءُ مِنۡ عِبَادِهِۦۖ
فَبَآءُو بِغَضَبٍ عَلَىٰ غَضَبٖۚ وَلِلۡكَٰفِرِينَ عَذَابٞ مُّهِينٞ ﴿٩٠﴾
وَإِذَا قِيلَ لَهُمۡ ءَامِنُواْ بِمَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ قَالُواْ نُؤۡمِنُ بِمَآ أُنزِلَ
عَلَيۡنَا وَيَكۡفُرُونَ بِمَا وَرَآءَهُۥ وَهُوَ ٱلۡحَقُّ مُصَدِّقٗا لِّمَا
مَعَهُمۡۗ قُلۡ فَلِمَ تَقۡتُلُونَ أَنۢبِيَآءَ ٱللَّهِ مِن قَبۡلُ إِن كُنتُم
مُّؤۡمِنِينَ ﴿٩١﴾ ۞ وَلَقَدۡ جَآءَكُم مُّوسَىٰ بِٱلۡبَيِّنَٰتِ ثُمَّ
ٱتَّخَذۡتُمُ ٱلۡعِجۡلَ مِنۢ بَعۡدِهِۦ وَأَنتُمۡ ظَٰلِمُونَ ﴿٩٢﴾

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:**
ئايەتلەر ئىسرائىل ئەۋلادى توغرۇلۇق باياننى داۋام قىلىدۇ. بۇ ئايەتلەر ئۇلارغا، ئۇلارنىڭ ياخشىلىققا يامانلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇشتىن ئىبارەت ئەزەلدىن كېلىۋاتقان ئادىتى بويىچە، ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان نېمەتلەر بەدىلىگە كۇپرى ۋە جىنايەتلەرنى ئىشلەش بىلەن جاۋاب بەرگەنلىكىنى ئەسلىتىدۇ.

**تەپسىرى:** 87. شەك - شۈبھىسىزكى، بىز مۇساغا كىتاب يەنى تەۋراتنى بەردۇق. ئۇنىڭدىن كېيىن ئارقىمۇئارقا پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتۇق، مەريەم ئوغلى ئىيساغا ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىسپاتلايدىغان روشەن پاكىتلار ۋە مۆجىزىلەرنى بەردۇق ھەمدە ئۇنى جىبرىئىل بىلەن كۈچلەندۈردۇق - يۆلىدۇق. ئەي ئىسرائىل ئەۋلادى، ھەرقاچان بىرەر پەيغەمبەر سىلەرنىڭ دىتىڭلارغا ياقمايدىغان بىر نەرسە ئېلىپ كەلسە، ئۇنىڭغا ئەگىشىشتىن تەكەببۇرلۇق قىلىپ باش تارتىۋەرمەسسىلەر؟ بىر قىسىم پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلدىڭلار، يەنە بىر قىسىم پەيغەمبەرلەرنى ئۆلتۈردۈڭلار. 88. ئاندىن ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىكى يەھۇدىيلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ خۇراپاتلىرىغا ئەگىشىشتىن ئىبارەت ئازغۇنلۇقىنى بايان قىلىدۇ. ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىگە قارشى: «بىزنىڭ دىللىرىمىز پەردىلەنگەن، شۇڭا سېنىڭ دېگەنلىرىڭنى ئاڭلىمايمىز ۋە چۈشىنەلمەيمىز» دېدى. بۇ سۆزدىن مەقسەت، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتىشىدىن ئۈمىدسىزلەندۈرۈش ئىدى. ئاللاھ تائالا ئۇلارغا رەددىيە بېرىپ دەيدۇكى: ئۇنداق ئەمەس، ئۇلارنىڭ كۇپرى سەۋەبلىك ئاللاھ ئۇلارغا لەنەت قىلدى، ئۇلارنى رەھمىتىدىن يىراقلاشتۇردى. ئۇلاردىن ئىمان ئېيتىدىغانلار ناھايىتى ئاز. يەنە بىر قاراشقا كۆرە، ئۇلار بەك ئاز ئىمان ئېيتىدۇ. مەسىلەن: ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرلەردىن بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ، بەزىسىگە ئىمان ئېيتمىغىنىغا ئوخشاش. 89. ئۇلارغا ئاللاھ تەرىپىدىن ئۇلارنىڭ قولىدىكى مۇقەددەس كىتاب «تەۋرات»نى تەستىقلايدىغان ئۇلۇغ كىتاب «قۇرئان كەرىم» ئاخىرقى پەيغەمبەر مۇھەممەد

ئەلەيھىسسالامغا نازىل بولغان چاغدا ئۇنىڭغا ئىشەنمىدى. ئىلگىرى ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ۋاسىتە قىلىپ، كاپىرلارغا قارشى ئۆزلىرىگە ياردەم كېلىشىنى تىلەيتتى، ئۇلار تەۋراتتىكى سۈپىتى ئارقىلىق ياخشى بىلىدىغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كەلگەن چاغدا ئۇنى ئىنكار قىلدى. ئاللاھنىڭ لەنىتى پەيغەمبەرلەرنىڭ تۈگەنچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلغان يەھۇدىي كاپىرلارغىدۇر. 90. يەھۇدىيلارنىڭ ئاللاھ نازىل قىلغان قۇرئاننى ئىنكار قىلىشى ئاللاھنىڭ ئۆز پەزلىدىن بولغان پەيغەمبەرلىكنى خالىغان بەندىسىگە چۈشۈرگەنلىكىگە ھەسەت قىلىش يۈزىسىدىندۇر. ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئىمانىنى كۇپرىغا سېتىشى تولىمۇ يامان ئىشتۇر. ئۇلار ئۈستى - ئۈستىگە غەزەپكە تېگىشلىك بولدى. كاپىرلار خارلىغۇچى ئازابقا دۇچار بولىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ تەكەببۇرلۇق ۋە كۆرەلمەسلىكتىن كەلگەن كۇپرى ئۇلارنى خورلۇق ۋە ئازابقا دۇچار قىلغان ئىدى. 91. ئۇلارغا: «ئاللاھ چۈشۈرگەن قۇرئان ئايەتلىرىگە ئىمان كەلتۈرۈڭلار، ئۇنى تەستىقلاڭلار ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىڭلار» دېيىلسە، ئۇلار: «ئۆزىمىزگە چۈشۈرۈلگەن تەۋراتقا ئىمان كەلتۈرۈش بىزگە كۇپايە قىلىدۇ» دەيدۇ. ئۇلار تەۋراتتىن كېيىنكى ئۇلۇغ كىتاب قۇرئانغا ئىشەنمەيدۇ، ھالبۇكى، قۇرئان كەرىم ھەقتۇر، ئۇلارنىڭ قولىدىكى تەۋراتنى تەستىق قىلغۇچىدۇر. ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا دېگىنكى، «سىلەر تەۋراتقا راستىنلا ئىشىنىدىغان بولساڭلار، ئىلگىرى نېمە ئۈچۈن ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئۆلتۈردۈڭلار؟». 92. مۇسا سىلەرگە ھەقىقە- تەن ئېنىق مۆجىزىلەرنى كەلتۈردى، مۇسا تۇر تېغىغا كەتكەندىن كېيىن، ئۆزۈڭلارغا زۇلۇم قىلىپ موزاينى مەبۇد

قىلىشۋالدىڭلار.

مۇلاھىزە: ھەسەنۇلبەسرىي مۇنداق دېگەن: جىبرىئىلنىڭ «روھۇلقۇدۇس» دەپ ئاتىلىشى ھۆرمەت ئۈچۈن ئىدى. چۈنكى قۇدۇس ئاللاھ، ئۇنىڭ روھى جىبرىئىلدۇر. رازىي مۇنداق دېگەن: رۇھۇلقۇدۇستىن جىبرىئىل مەقسەت قىلىنىدىغانلىقىنىڭ يەنە بىر دەلىلى مۇنۇ ئايەتتۇر: «ئېيتقىنكى، قۇرئاننى جىبرىئىل مۆمىنلەرنىڭ (ئىمانىنى) مۇستەھكەم قىلىش ئۈچۈن، مۇسۇلمانلارغا ھىدايەت ۋە خۇش خەۋەر قىلىپ، پەرۋەردىگارىڭ ھوزۇرىدىن راستچىللىق بىلەن نازىل قىلدى.»

وَإِذۡ أَخَذۡنَا مِيثَٰقَكُمۡ وَرَفَعۡنَا فَوۡقَكُمُ ٱلطُّورَ خُذُواْ
مَآ ءَاتَيۡنَٰكُم بِقُوَّةٖ وَٱسۡمَعُواْۖ قَالُواْ سَمِعۡنَا وَعَصَيۡنَا
وَأُشۡرِبُواْ فِي قُلُوبِهِمُ ٱلۡعِجۡلَ بِكُفۡرِهِمۡۚ قُلۡ بِئۡسَمَا
يَأۡمُرُكُم بِهِۦٓ إِيمَٰنُكُمۡ إِن كُنتُم مُّؤۡمِنِينَ ﴿٩٣﴾ قُلۡ
إِن كَانَتۡ لَكُمُ ٱلدَّارُ ٱلۡأٓخِرَةُ عِندَ ٱللَّهِ خَالِصَةٗ مِّن
دُونِ ٱلنَّاسِ فَتَمَنَّوُاْ ٱلۡمَوۡتَ إِن كُنتُمۡ صَٰدِقِينَ ﴿٩٤﴾ وَلَن
يَتَمَنَّوۡهُ أَبَدَۢا بِمَا قَدَّمَتۡ أَيۡدِيهِمۡۚ وَٱللَّهُ عَلِيمُۢ بِٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٩٥﴾
وَلَتَجِدَنَّهُمۡ أَحۡرَصَ ٱلنَّاسِ عَلَىٰ حَيَوٰةٖ وَمِنَ ٱلَّذِينَ أَشۡرَكُواْۚ
يَوَدُّ أَحَدُهُمۡ لَوۡ يُعَمَّرُ أَلۡفَ سَنَةٖ وَمَا هُوَ بِمُزَحۡزِحِهِۦ مِنَ
ٱلۡعَذَابِ أَن يُعَمَّرَۗ وَٱللَّهُ بَصِيرُۢ بِمَا يَعۡمَلُونَ ﴿٩٦﴾ قُلۡ مَن
كَانَ عَدُوّٗا لِّجِبۡرِيلَ فَإِنَّهُۥ نَزَّلَهُۥ عَلَىٰ قَلۡبِكَ بِإِذۡنِ ٱللَّهِ
مُصَدِّقٗا لِّمَا بَيۡنَ يَدَيۡهِ وَهُدٗى وَبُشۡرَىٰ لِلۡمُؤۡمِنِينَ ﴿٩٧﴾

مَن كَانَ عَدُوًّا لِّلَّهِ وَمَلَٰٓئِكَتِهِۦ وَرُسُلِهِۦ وَجِبْرِيلَ وَمِيكَىٰلَ فَإِنَّ ٱللَّهَ عَدُوٌّ لِّلْكَٰفِرِينَ ﴿٩٨﴾

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:** بۇلار يەھۇدىيلارنىڭ يەنە بىر ئېغىر جىنايىتى بولۇپ، ئۇلار ئەھدىنى بۇزغان. بۇ ئەھدە تۇر تېغىنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە تىكلەپ تۇرۇپ، تەۋراتقا ئەمەل قىلىش ھەققىدە ئېلىنغان ئىدى. ئۇلار شۇ ۋاقىتتا ئىتائەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇپ كېيىن يېنىۋالدى، كۆپرى ۋە ئىسيانكارلىقا قايتتى. ئاللاھنى قويۇپ، موزايغا چوقۇندى، ئۆزلىرىنى ئاللاھنىڭ يېقىنلىرى، جەننەت پەقەت ئۆزلىرىگىلا خاس دەپ گۇمان قىلىشتى. مەسۇم پەرىشتىلەرگە دۈشمەن بولۇشتى، خۇسۇسەن جىبرىئىلنى ئۆچ كۆرىدىغان بولدى، پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلدى. ئۇلارنىڭ بۇ ئەھۋالى ئەسىرلەر بويى ئۆزگەرگىنى يوق.

**تەپسىرى:** 93. ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! ئۆز ۋاقتىدا بىز سىلەردىن تەۋراتتىكى ئەھكاملارغا ئەمەل قىلىش توغرۇلۇق چىن ۋەدە ئالغان ئىدۇق، سىلەرگە: «بىز نازىل قىلغان كىتابنى مەھكەم تۇتۇڭلار، ئەگەر ئۇنداق قىلمىساڭلار ئۈستۈڭلارغا تاغنى تاشلايمىز» دەپ تۇر تېغىنى ئۈستۈڭلەرگە تىكلىدۇق ۋە (تەۋراتقا) ئۇنى قوبۇل قىلىش نىيىتى بىلەن قۇلاق سېلىڭلار (دېدۇق). ئۇلار: «سۆزۈڭگە قۇلاق سالدۇق، ئەمرىڭگە ئاسىيلىق قىلدۇق» دېيىشتى. ئۇلارنىڭ كۇپرى تۈپەيلىدىن دىللىرىغا موزاينىڭ مۇھەببىتى سىڭىپ كەتتى. يەنى خۇددى رەڭ كىيىمگە سىڭىپ كەتكەندەك ۋە سۇ

بەدەنگە سىڭىپ كەتكەندەك موزاينىڭ مۇھەببىتى ئۇلارنىڭ قەلبىگە سىڭىپ، ئورناپ كەتتى. ئۇلارغا مەسخىرە يولى بىلەن دېگىنكى، «ئەگەر سىلەر مۆمىن بولساڭلار، ئىمانىڭلار سىلەرنى ئەجەب يامان ئىشقا بۇيرۇيدىكىنا؟!» يەنى سىلەرنى موزايغا چوقۇنۇشقا بۇيرۇيدىغان ئىمانىڭلار نېمىدېگەن يامان ئىمان - ھە، سىلەر مۆمىن ئەمەسسىلەر، چۈنكى ئىمان كىشىنى موزايغا چوقۇنۇشقا بۇيرۇمايدۇ. 94. ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «ئەگەر جەننەت بىزگىلا خاس دېگەن سۆزۈڭلاردا راستچىل بولساڭلار، جەننەت ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا سىلەر گۇمان قىلغاندەك باشقىلارغا ئەمەس، يالغۇز سىلەرگىلا خاس بولسا، سىلەرنى شۇ جەننەتكە ئۇلاشتۇرىدىغان ئۆلۈمنى بىر ئارزۇ قىلىپ بېقىڭلار قېنى!» چۈنكى بۇ دۇنيانىڭ نېمەتلىرى ئاخىرەتنىڭ نېمەتلىرى ئالدىدا ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيدۇ. شۇنىڭدەك، ئۆزىنىڭ جەننەتكە كىرىدىغانلىقىنى جەزم قىلغان ئادەم ئۇنىڭغا تېزرەك كىرىشنى ئارزۇ قىلىدۇ ئەمەسمۇ؟ 95. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ يالغان دەۋالىرىغا رەددىيە بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار قىلغان يامان ئەمەللىرى سەۋەبلىك، ئۆلۈمنى ھەرگىزمۇ ئارزۇ قىلمايدۇ. ئاللاھ زالىملارنى ۋە ئۇلارنىڭ پۈتۈن قىلمىشلىرىنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر. ئاخىرەتتە ئۇلارنى شۇنىڭغا ئاساسەن جازالايدۇ. 96. شۈبھىسىزكى، يەھۇدىيلارنى ھاياتقا ھەممە كىشىدىن، ھەتتا مۇشرىكلاردىنمۇ بەك ھېرىس ئىكەنلىكىنى كۆرۈسەن. بۇ ئۇلارنىڭ ئۆز گۇناھلىرى سەۋەبلىك دوزاخقا كىرىدىغانلىقىنى بىلگەنلىكىدىن ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەر بىرى مىڭ يىل ئۆمۈر كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش ئۇلارنى ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالالمايدۇ. ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئېنىق

كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر، شۇنىڭغا ئاساسەن ئۇلارنى جازالايدۇ. 97. ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «جىبرىئىلغا دۈشمەن بولغان ئادەم ئەمەلىيەتتە ئاللاھقا دۈشمەندۇر»، چۈنكى ئاللاھ ئۇنى ئۆزى بىلەن پەيغەمبەرلىرى ئوتتۇرىسىدا ۋاستە قىلدى. ئۇنىڭغا دۈشمەن بولغان ئادەم ئاللاھقا دۈشمەن بولغان بولىدۇ. جىبرىئىل ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ساماۋى كىتابلارنى تەستىق قىلغۇچى، توغرا يول كۆرسەتكۈچى، مۆمىنلەرگە جەننەت بىلەن بېشارەت بەرگۈچى قۇرئاننى سېنىڭ قەلبىڭگە نازىل قىلدى. 98. كىمكى ئاللاھنى، ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىنى، پەيغەمبەرلىرىنى، جىبرىئىلنى ۋە مىكائىلنى دۈشمەن تۇتىدىكەن، ئۇنداق ئادەم كاپىردۇر ۋە ئاللاھنىڭ دۈشمىنىدۇر. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ كاپىرلارنى دۈشمەن تۇتىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ ياخشى بەندىلىرىگە دۈشمەن بولغاننى يامان كۆرىدۇ، كىمكى ئۇلاردىن بىرىگە دۈشمەن بولىدىكەن، ئاللاھ ئۇنى دۈشمەن تۇتىدۇ. بۇنىڭدا ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرى ئۈچۈن قاتتىق تەھدىت بار.

**بۇ ئايەتلەرنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى:** رىۋايەت قىلىنىشىچە، يەھۇدىيلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا، «پەيغەمبەر دېگەن يالغۇز كەلمەيدۇ، چوقۇم بىرەر پەرىشتە ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ كېلىدۇ، سېنىڭ ھەمراھىڭ قېنى؟» دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «جىبرىئىل بار، ئۇ ماڭا ئاللاھنىڭ ۋەھيىسىنى ئېلىپ كېلىدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن، يەھۇدىيلار: «ھە، ئۇ سېنى جىھادقا چاقىرىدىغان پەرىشتىمۇ؟ ئۇ بىزنىڭ دۈشمىنىمىز. سەن جىبرىئىلنى دېمەي، يامغۇر ياغدۇرۇپ

بېرىدىغان مىكائىلنى دېگەن بولساڭ ساڭا ئەگىشەتتۇق» دېگەن. شۇ ۋاقىتتا، «جىبرىئىلغا دۈشمەن بولغان ئادەم ئەمەلىيەتتە ئاللاھقا دۈشمەندۇر» دېگەن ئايەت چۈشكەن.

مۇلاھىزە: 1. «قۇلاق سېلىڭلار» دېگەن ئايەتتىكى «ئاڭلاش» سۆزى سۆزنى چۈشىنىش مەنىسىدە ئەمەس، ئىتائەت بىلەن تەۋراتنىڭ ئەھكاملىرىغا بويسۇنۇش دېگەن مەنىدە بولۇپ، بۇ «مەن نازىل قىلغان كىتابنى مەھكەم تۇتۇڭلار» دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسىنى تەكىتلەيدۇ. 2. «سېنىڭ قەلبىڭگە نازىل قىلدى» دېگەن ئايەتتە قەلبنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىش ئۇنىڭ ئەھمىيىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئىدى. چۈنكى، قەلب ـ ئەقىل ۋە ئىلىمنىڭ ئورنى، مەرىپەتلەرنى قوبۇل قىلىدىغان ئورگان. «ئۇلاردا قەلبلەر بولسىمۇ، چۈشەنمەيدۇ» دېگەن ئايەتكە ئوخشاش (ئەئراف سۈرىسى 179 - ئايەت). 3. «ئۆلۈمنى ھەرگىزمۇ ئارزۇ قىلمايدۇ» دېگەن ئايەتتە «ھەرگىز» سۆزىنى، جۇمئە سۈرىسىدە «ئۆلۈمنى قەتئىي ئارزۇ قىلمايدۇ» دەپ «قەتئىي» سۆزىنى كەلتۈرۈشنىڭ ھېكمىتى شۇكى، يەھۇدىيلارنىڭ بۇ ئورۇندىكى دەۋاسى ئۇ جايدىكىسىدىن ئەلۋەتتە چوڭدۇر، چۈنكى ئۇلار بۇ ئورۇندا جەننەتنىڭ ئۆزلىرىگىلا خاس ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلغان، ئەمما ئۇ جايدا ئۆزلىرىنىڭ ئاللاھنىڭ دوستلىرى ۋە خاس كىشىلىرى ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلغان. شۇڭا بۇ ئورۇندا ھازىر ۋە كېلىچەكنى بولۇشسىز قىلىدىغان «ھەرگىز» بىلەن تەكىتلەنگەن. 4. بۇ ئايەتلەر كاتتا مۆجىزىلەردىن بولۇپ، بۇ غەيبتىن خەۋەر بېرىلىپ ئەمەلىيەتتە ئەمەلگە ئاشقان ئىشلاردىندۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىكى

يەھۇدىيلاردا ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىش يۈز بەرمىگەن. ھەدىستە: «يەھۇدىيلار ئەگەر ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلغان بولسا، ئۇلار ئۆلەتتى ۋە باردىغان جايى دوزاخ بولاتتى» دېيىلگەن.

وَلَقَدۡ أَنزَلۡنَآ إِلَيۡكَ ءَايَٰتِۭ بَيِّنَٰتٖۖ وَمَا يَكۡفُرُ بِهَآ إِلَّا
ٱلۡفَٰسِقُونَ ٩٩ أَوَكُلَّمَا عَٰهَدُواْ عَهۡدٗا نَّبَذَهُۥ فَرِيقٞ مِّنۡهُمۚ بَلۡ
أَكۡثَرُهُمۡ لَا يُؤۡمِنُونَ ١٠٠ وَلَمَّا جَآءَهُمۡ رَسُولٞ مِّنۡ عِندِ ٱللَّهِ
مُصَدِّقٞ لِّمَا مَعَهُمۡ نَبَذَ فَرِيقٞ مِّنَ ٱلَّذِينَ أُوتُواْ ٱلۡكِتَٰبَ
كِتَٰبَ ٱللَّهِ وَرَآءَ ظُهُورِهِمۡ كَأَنَّهُمۡ لَا يَعۡلَمُونَ ١٠١ وَٱتَّبَعُواْ
مَا تَتۡلُواْ ٱلشَّيَٰطِينُ عَلَىٰ مُلۡكِ سُلَيۡمَٰنَۖ وَمَا كَفَرَ
سُلَيۡمَٰنُ وَلَٰكِنَّ ٱلشَّيَٰطِينَ كَفَرُواْ يُعَلِّمُونَ ٱلنَّاسَ
ٱلسِّحۡرَ وَمَآ أُنزِلَ عَلَى ٱلۡمَلَكَيۡنِ بِبَابِلَ هَٰرُوتَ وَمَٰرُوتَۚ
وَمَا يُعَلِّمَانِ مِنۡ أَحَدٍ حَتَّىٰ يَقُولَآ إِنَّمَا نَحۡنُ فِتۡنَةٞ فَلَا
تَكۡفُرۡۖ فَيَتَعَلَّمُونَ مِنۡهُمَا مَا يُفَرِّقُونَ بِهِۦ بَيۡنَ ٱلۡمَرۡءِ
وَزَوۡجِهِۦۚ وَمَا هُم بِضَآرِّينَ بِهِۦ مِنۡ أَحَدٍ إِلَّا بِإِذۡنِ ٱللَّهِۚ
وَيَتَعَلَّمُونَ مَا يَضُرُّهُمۡ وَلَا يَنفَعُهُمۡۚ وَلَقَدۡ عَلِمُواْ لَمَنِ
ٱشۡتَرَىٰهُ مَا لَهُۥ فِي ٱلۡأٓخِرَةِ مِنۡ خَلَٰقٖۚ وَلَبِئۡسَ مَا شَرَوۡاْ بِهِۦٓ
أَنفُسَهُمۡۚ لَوۡ كَانُواْ يَعۡلَمُونَ ١٠٢ وَلَوۡ أَنَّهُمۡ ءَامَنُواْ وَٱتَّقَوۡاْ
لَمَثُوبَةٞ مِّنۡ عِندِ ٱللَّهِ خَيۡرٞۖ لَّوۡ كَانُواْ يَعۡلَمُونَ ١٠٣

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:** ئاللاھ تائالا يەھۇدىيلارنىڭ ئەھدىنى بۇزۇش، ۋەدىگە خىلاپلىق قىلىش، پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلىش ۋە ياخشى

بەندىلەرگــە دۈشــمەن بولۇشــتىن ئۆتــۈپ ئاللاھ تائــالا بىلــەن پەيغەمبەرلــىرى ئوتتۇرىســىدىكى ئەلچــى جىبرىئىلغــا دۈشــمەن بولغانلىقىغا قــەدەر بىــر قاتــار جىنايەتلىرىنــى بايــان قىلغاندىــن كېيىــن، يەھۇدىيلارنىــڭ پەيغەمبەرلەرنــى ئىنــكار قىلىــش، كېلىشــىم ۋە توختاملارغــا ئەمــەل قىلماســلىق، ســېھىرگەرلىككە ئەگىشــىش ۋە ئازغۇنلــۇق قاتارلىــق قىلمىشــلىرىنى بايــان قىلىــش ئارقىلىــق پەيغەمبــەر ئەلەيھىسسالامغا تەســەللى بېرىــدۇ. چۈنكــى يەھۇدىيــلار پەيغەمبــەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەقلىقىدىــن بېشارەت بەرگــەن ئــۆز كىتابلىرىغىمــۇ ئەمــەل قىلمــاي، شــەيتانلارنىڭ ســېھىر يولــى بىلــەن ئۆگەتكەنلىرىگــە ئەگەشــكەن ئىــدى. ئــۇلار بــۇ ســېھىرنى ســۇلايمان ئەلەيھىسســالامغا مەنســۇپ قىلىشــتى، ھالبۇكــى ســۇلايمان ئەلەيھىسســالام ئۇنىڭدىــن بىــزاردۇر. يەھۇدىيلارنىــڭ پوزىتسىيىســى پۈتــۈن پەيغەمبەرلەرگــە شــۇنداق بولغــان، شــۇڭا ئاللاھ تائــالا پەيغەمبــەر ئەلەيھىسســالامغا شــۇنداق دەيــدۇ: «ســەن ئــۇلار ئۈچــۈن قايغــۇرۇپ ئۆزۈڭنــى ھــالاك قىلمــا» (فاتــىر سۈرىســى 8 - ئايــەت).

**تەپســىرى:** 99. ئــى مۇھەممــەد! شــەك - شۈبھىســىزكى، بىــز ســاڭا ســېنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭنــى ئىســپاتلايدىغان روشــەن مۆجىزىلەرنــى چۈشــۈردۇق، ئۇلارنــى پەقــەت توغــرا يولدىــن كۇپرىلىققــا چىققانــلارلا ئىنــكار قىلىــدۇ. 100. ئــۇلار ئىنتايىــن روشــەن مۆجىزىلەرنىمــۇ ئىنــكار قىلامــدۇ؟ ھــەر قاچــان ئــۇلار بىــرەر ئەھــدە تۈزۈشســە، ئۇلارنىــڭ بىــر تۈركۈمــى ئۇنــى ھەمىشــە شــۇنداق بۇزامــدۇ؟ بەلكــى يەھۇدىيلارنىــڭ تولىســى تەۋراتقا چىن ئىمــان ئېيتمايــدۇ، شــۇڭا ئــۇلار ئەھدىلەرنــى ۋە توختاملارنــى بۇزىــدۇ. 101. ئۇلارغــا ئاللاھ تەرىپىدىــن قوللىرىدىكــى تەۋراتنــى

ۋە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى تەستىقلايدىغان پەيغەمبەر ـ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كېلىۋىدى، ئەھلى كىتاب ئۆلىمالىرىدىن بىر تۈركۈمى خۇددى ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىك دەلىللىرىنى بىلمەيدىغاندەك، ئاللاھنىڭ كىتابى بولغان تەۋراتنى ئۇنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى تەستىقلىغانلىقى سەۋەبلىك ئارقىسىغا چۆرۈۋېتىپ، ئۇنىڭدىن پۈتۈنلەي يۈز ئۆرۈدى، ئۇنى، يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلىشتا چىڭ تۇردى. 102. ئۇلار سۇلايماننىڭ پادىشاھلىق زامانىدىكى شەيتانلارنىڭ سېھرىگەرلىكىگە ئائىت سۆزلىرىگە ئەگەشتى. سۇلايمان سېھرىگەر ئەمەس ئىدى، ئۇ سېھىر ئۆگىنىش بىلەن كاپىر بولغىنى يوق، لېكىن شەيتانلار كىشىلەرگە سېھىر ئۆگىتىپ كاپىر بولدى. يەھۇدىيلارنىڭ كاتتىلىرى بابىلدىكى ھارۇت - مارۇت دېيىلىدىغان ئىككى پەرىشتىگە نازىل قىلىنغان سېھرىگە ئەگىشەتتى. ئەمەلىيەتتە، ئاللاھ تائالا بۇ ئىككىسىنى ئىنسانلارنى سىناش ۋە ئىمتىھان قىلىش ئۈچۈن چۈشۈرگەن ئىدى. بۇ ئىككى پەرىشتە «بىز كىشىلەرنى سىنايمىز، بۇ ئاللاھ تائالانىڭ سىنىقى، بۇنى زىيانلىق يوللارغا ئىشلىتىپ كاپىر بولمىغىن» دېمىگىچە ھېچ كىشىگە سېھىر ئۆگەتمەيتتى. بۇ سېھىرنى كىشىلەردىن زىياننى قايتۇرۇش ئۈچۈن ئىشلەتكەن ئادەم نىجات تاپتى، ئۇنى ئىنسانلارغا زىيان يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئۆگەنگەن ئادەم زىيان تارتتى ۋە ھالاك بولدى. ئۇلار بۇ ئىككىسىدىن ئەر - خوتۇننى بىر - بىرىدىن ئايرىۋېتىدىغان نەرسىلەرنى ئۆگىنەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئەر - خوتۇنلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت نەپرەتكە ئايلىناتتى ۋە ئاجرىشاتتى. ئۇلار ھەرقانچە سېھرىگەرلىك قىلسىمۇ، ئاللاھنىڭ رۇخسىتىسىز ھېچ كىشىگە

زىيان يەتكۈزەلمەيتتى. ھالبۇكى، ئۇلار ئۆزلىرىگە زىيىنى بار، پايدىسى يوق نەرسىنى ئۆگىنەتتى. يەھۇدىيلار تەۋراتنى تاشلاپ سېھىرنى سېتىۋالغۇچىغا ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ۋە جەننىتىدىن ھېچ نېسىۋە يوق ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى، لېكىن ئۇلار بىلىپ تۇرۇپ ئاللاھنىڭ كىتابىدىن سېھىرنى ئەلا بىلدى. ئۇلار جانلىرىنىڭ بەدىلىگە سېتىۋالغان نەرسىسىنىڭ ئەجەبمۇ يامان ئىش ئىكەنلىكىنى كاشكى بىلسە ئىدى. 103. ئەگەر ئاشۇ سېھىر ئۆگەنگۈچىلەر ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرسە ۋە ئۇنىڭ ئازابىدىن قورقسا، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا ئەلۋەتتە ساۋاب بېرەتتى. ئاللاھنىڭ ساۋابى ئۇلار مەشغۇل بولۇۋاتقان ۋە ئۆزلىرىگە زىياندىن باشقىنى كەلتۈرمەيدىغان سېھىرگەرلىككە ئوخشىغان نەرسىلىرىدىن ئەلۋەتتە ياخشى ئىدى، كاشكى ئۇلار بۇنى بىلسە ئىدى.

**بۇ ئايەتلەرنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلەر قاتارىدىن ئىكەنلىكىنى ئېيتقاندا، يەھۇدىيلارنىڭ بەزى موللىلىرى ئەجەبلىنىپ، سۇلايمان پەيغەمبەر ئەمەس، بەلكى سېھىرگەر ئىدى دېگەن. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن يۇقىرىقى ئايەت چۈشكەن.

**مۇلاھىزە:** ئىككى پەرىشتىنىڭ كىشىلەرگە سېھىر ئۆگىتىشىدىكى ھېكمەت شۇكى، شۇ زامانلاردا سېھىرگەرلىك قاتتىق ئەۋجىگە چىققان بولۇپ، سېھىرگەرلەر سېھىرنىڭ ھەرخىل تۈرلىرىنى قانات يايدۇرغان ئىدى. ھەتتا كىشىلەردىن بۇ سېھىرگەرلەرنى پەيغەمبەر دەپ ئېتىقاد قىلغانلارمۇ بولغان. شۇڭا ئاللاھ تائالا ھارۇت ۋە مارۇت ئىسىملىك ئىككى

پەرىشتىنى ئەۋەتىش ئارقىلىق، كىشىلەرگە سېھىرنىڭ يوللىرىنى ئۆگەتكەن. بۇنىڭدىن مەخسەت، كىشىلەرنىڭ مۆجىزە بىلەن سېھىرنىڭ پەرقىنى ئايرىۋېلىشى ۋە پەيغەمبەر بىلەن سېھىرگەرنى پەرقلەندۈرۈشى ئۈچۈن ئىدى.

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تَقُولُواْ رَٰعِنَا وَقُولُواْ ٱنظُرۡنَا
وَٱسۡمَعُواْۗ وَلِلۡكَٰفِرِينَ عَذَابٌ أَلِيمٞ ﴿١٠٤﴾ مَّا يَوَدُّ
ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ مِنۡ أَهۡلِ ٱلۡكِتَٰبِ وَلَا ٱلۡمُشۡرِكِينَ أَن
يُنَزَّلَ عَلَيۡكُم مِّنۡ خَيۡرٖ مِّن رَّبِّكُمۡۚ وَٱللَّهُ يَخۡتَصُّ
بِرَحۡمَتِهِۦ مَن يَشَآءُۚ وَٱللَّهُ ذُو ٱلۡفَضۡلِ ٱلۡعَظِيمِ ﴿١٠٥﴾ مَا
نَنسَخۡ مِنۡ ءَايَةٍ أَوۡ نُنسِهَا نَأۡتِ بِخَيۡرٖ مِّنۡهَآ أَوۡ مِثۡلِهَآۗ
أَلَمۡ تَعۡلَمۡ أَنَّ ٱللَّهَ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ قَدِيرٌ ﴿١٠٦﴾ أَلَمۡ تَعۡلَمۡ أَنَّ
ٱللَّهَ لَهُۥ مُلۡكُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۗ وَمَا لَكُم مِّن دُونِ
ٱللَّهِ مِن وَلِيّٖ وَلَا نَصِيرٍ ﴿١٠٧﴾ أَمۡ تُرِيدُونَ أَن تَسۡـَٔلُواْ رَسُولَكُمۡ
كَمَا سُئِلَ مُوسَىٰ مِن قَبۡلُۗ وَمَن يَتَبَدَّلِ ٱلۡكُفۡرَ بِٱلۡإِيمَٰنِ
فَقَدۡ ضَلَّ سَوَآءَ ٱلسَّبِيلِ ﴿١٠٨﴾ وَدَّ كَثِيرٞ مِّنۡ أَهۡلِ ٱلۡكِتَٰبِ
لَوۡ يَرُدُّونَكُم مِّنۢ بَعۡدِ إِيمَٰنِكُمۡ كُفَّارًا حَسَدٗا
مِّنۡ عِندِ أَنفُسِهِم مِّنۢ بَعۡدِ مَا تَبَيَّنَ لَهُمُ ٱلۡحَقُّۖ فَٱعۡفُواْ
وَٱصۡفَحُواْ حَتَّىٰ يَأۡتِيَ ٱللَّهُ بِأَمۡرِهِۦٓۗ إِنَّ ٱللَّهَ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ
قَدِيرٞ ﴿١٠٩﴾ وَأَقِيمُواْ ٱلصَّلَوٰةَ وَءَاتُواْ ٱلزَّكَوٰةَۚ وَمَا تُقَدِّمُواْ
لِأَنفُسِكُم مِّنۡ خَيۡرٖ تَجِدُوهُ عِندَ ٱللَّهِۗ إِنَّ ٱللَّهَ بِمَا تَعۡمَلُونَ
بَصِيرٞ ﴿١١٠﴾

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:** ئاللاھ تائالا يەھۇدىيلارنىڭ قاباھەتلىرىنى ۋە ئۇلاردىكى سېھىرگەرلىك، پالچىلىقتا ئوخشىغان رەزىللىكلەرنى بايان قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن مۆمىنلەرگە قارشى يوشۇرۇپ كەلگەن يامانلىقلىرىدىن بىرىنى ئېچىپ تاشلايدۇ. ئۇ بولسىمۇ كۆرەلمەسلىك، دۈشمەنلىك، ئۆچلۈك ۋە تۆھمەتتۇر. خۇسۇسەن بەزى ئايەتلەرنىڭ ئەھكاملىرى ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن[1]، ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىكى تېخىمۇ ئاشقان.

بۇئايەتلەرنىڭ چۈشۈش سەۋەبى: رىۋايەت قىلىنىشىچە، يەھۇدىيلار كىشىلەر ئارىسىدا پىتنە قوزغاش ئۈچۈن: «مۇھەممەدكە قارىماسىلەر؟ ئۇ ئادەملىرىنى بىر كۈن بىر ئىشقا بۇيرۇيدۇ، ئەتىسى ئۇنىڭدىن مەنئى قىلىدۇ ئەمەسمۇ؟ بۇرۇن بۇيرۇغان ئىشنى كېيىن ئەمەلدىن قالدۇرۇپ باشقا ئىشنى بۇيرۇيدۇ. بۇ قۇرئان مۇھەممەدنىڭ سۆزىدۇر، شۇڭا ئۇ ئۆز خاھىشى بويىچە سۆزلىگەنلىكى ئۈچۈن سۆزلىرى بىر - بىرىگە زىت كېلىدۇ» دەيدۇ. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن «قانداقلا بىر ئايەتنى ئەمەلدىن قالدۇرساق ...» دېگەن ئايەت نازىل بولىدۇ.

**تەپسىرى:** 104. ئاللاھ تائالا مۆمىنلەرگە نىدا قىلىپ

[1] مەرھۇم مۇپەسسىر مۇھەممەد ئەلى سابۇنى مەزكۇر تەپسىردە بىرقانچە يەردە تەپسىر قىلىنغان ئايەتلەرنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقىنى ئىزاھلاپ ئۆتىدۇ. بىر قىسىم ئايەتلەرنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقى ھەققىدە مۇتلەق كۆپچىلىك مۇپەسسىرلەر ئوخشاش قاراشتا بولسىمۇ، يەنە بىر بۆلۈك مۇپەسسىر ۋە ئالىملار قۇرئان كەرىمدە ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان يەنى مەنسۇخ قىلىنغان ئايەت يوق، دەپ قارايدۇ. ــ تەھرىر ئىلاۋىسى.

دەيدۇكى: ئى مۆمىنلەر! پەيغەمبەرگە بىزگە باق، بىز بىلەن بول دېگەن مەنىدىكى «رائىنا» سۆزى بىلەن خىتاب قىلماي، بىزنى كۈتكىن، بىزگە قارىغىن دېگەن مەنىدىكى «ئۇنزۇرنا» دېگەن سۆز بىلەن خىتاب قىلىڭلار، ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇغانلىرىغا ئىتائەت قىلىڭلار، يەھۇدىيلارغا ئوخشاش «سۆزۈڭنى ئاڭلىدۇق، ئەمرىڭگە خىلاپلىق قىلدۇق» دېمەڭلار. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى سۆككەن ۋە ئۇنىڭغا ئازار بەرگەن يەھۇدىي كاپىرلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ. 105. يەھۇدىيلار، خىرىستىيانلار ۋە مۇشرىكلاردىن بولغان كاپىرلار پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن سىلەرگە بىرەر ياخشىلىقنىڭ چۈشۈشىنى ياقتۇرمايدۇ، بۇ ئۇلارنىڭ سىلەرگە بولغان ئۆچلۈكىدىن ئىدى. ئاللاھ ئۆزىنىڭ خالىغان بەندىسىگە پەيغەمبەرلىكنى، ۋەھيىنى، ئېھسانىنى ۋە پەزلىنى ئاتا قىلىدۇ، ئاللاھ چوڭ پەزل - كەرەم ئىگىسىدۇر. 106. ئاللاھ تائالا يەھۇدىيلارنىڭ قۇرئان كەرىمدىكى بەزى ئايەتلەرنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقىغا تەنە قىلىشلىرىغا رەددىيە بېرىپ دەيدۇكى: ئى مۇھەممەد! بىز قانداقلا بىر ئايەتنى ئەمەلدىن قالدۇرساق ياكى سېنىڭ قەلبىڭدىن ئۇنتۇلدۇرساق، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭدىن ئارتۇق، سىلەرگە ھازىر ۋە كېلىچەكتە پايدىلىق بولغان ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش بىر ئايەتنى كەلتۈرىمىز. ئاللاھنىڭ ھەر نەرسىگە قادىر ئىكەنلىكىنى بىلمەمسەن؟ ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇغانلىرىنىڭ ھەممىسىدە بەندىلەرگە ياخشىلىقتىن باشقا نەرسە يوق ئەمەسمۇ؟ 107. ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىنىنىڭ پادىشاھلىقى ئاللاھقا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى، ھەممىنى يالغۇز ئۆزىلا تەسەررۇپ قىلىدىغانلىقىنى بىلمەمسەن؟ سىلەرگە سىلەرنىڭ ئىشلىرىڭلارنى باشقۇرىدىغان ئاللاھتىن

باشقا ھېچقانداق ياردەمچى ۋە مەدەتكار يوق. ئاللاھ تائالا ئەڭ ياخشى مەدەتكار ۋە ياردەمچىدۇر. 108. ئى مۆمىنلەر جامائەسى! يەھۇدىيلار ئىلگىرى ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبىرى مۇسادىن سوئال سورىغاندەك، سىلەرمۇ پەيغەمبىرىڭلاردىن سوئال سورىماقچى بولامسىلەر؟ ئەجەبا يەھۇدىيلارغا ئوخشىماقچىمۇسىلەر؟ كىمكى زالالەتنى ھىدايەتكە ئالماشتۇرۇپ، ئىماننى كۇپرىغا تېگىشسە، ئۇ ھەقىقەتەن توغرا يولدىن ئازغان ۋە زالالەت يولىغا كىرىپ كەتكەن بولىدۇ. 109. يەھۇدىي ۋە خىرىستىيانلار ئىچىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزلىرىگە دىنىڭلارنىڭ توغرىلىقىدىن ئىبارەت ھەقىقەت كەسكىن پاكىتلار بىلەن ئاشكارا بولغاندىن كېيىن، ھەسەت قىلىشتىن ئىبارەت نىجىس ئىللەت يۈزىسىدىن سىلەرنى ئىمانىڭلاردىن قايتۇرۇپ كاپىر قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئاللاھ سىلەرگە ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا رۇخسەت قىلغۇچە ئۇلارنى ئەپۇ قىلىڭلار ۋە كەچۈرۈڭلار، ئۇلارنى تەرك ئېتىڭلار. ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىر. ۋاقتى - سائىتى كەلگەندە ئاللاھ تائالا ئۇلاردىن ئېچىنىشلىق ئىنتىقام ئالىدۇ. 110. ئىسلامنىڭ ئاساسلىق تۈۋرۈكلىرىدىن بولغان نامازنى ئادا قىلىڭلار، زاكاتنى بېرىڭلار، نامازدەك جىسمانىي ۋە زاكاتتەك ئىقتىسادىي ئىبادەتلەردىن، شۇنداقلا باشقا ئىختىيارىي ئەمەللەردىن ئۆزۈڭلار ئۈچۈن قىلغان ھەرقانداق ياخشى ئەمەل بولسا، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئۇنىڭ ساۋابىنى تاپىسىلەر. ئاللاھ ھەقىقەتەن قىلغان ئەمەللىرىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر، شۇنىڭغا ئاساسەن قىيامەت كۈنىدە سىلەرگە مۇكاپات بېرىدۇ.

مۇلاھىزە: 1. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمنىڭ 88 يېرىدە

مۆمىنلەرگــە «ئــى ئىمــان ئېيتقانــلار» دېگــەن جۈملــە بىلــەن خىتــاب قىلىنغــان. بـۇ، مۇشـۇ سـۈرىدە مۇشـۇ لەپـز بىلـەن نىـدا قىلىنغـان بىرىنچـى ئايەتتـۇر. كىشـىلەرگە ئۇلارنىـڭ مۆمىنلىكىنـى ئەسـلىتىپ خىتـاب قىلىـش ئۇلارنـى ئاللاھ تائالانىـڭ ئەمرىنـى تۇتۇشـلىرىغا قىزىقتـۇرۇش ئۈچـۈندۇر، چۈنكـى ئىماننىـڭ تەقەززاسـى ئىتائەتتـۇر. 2. ئاللاھ تائـالا مۆمىنلەرنـى مۇھەممـەد ئەلەيھىسسـالامنى چاقىرغانلىرىـدا «رائىنـا» دېگـەن سـۆزنى ئىشلىتىشـتىن چەكلىگەن. ئۇلارغا «ئۇنزۇرنـا» دەپ چاقىرىشـقا بۇيرۇيـدۇ. بۇنىڭـدا ئىسـلامىي گـۈزەل ئەخلاققـا چاقىرىـش بـار. چۈنكـى ئەخلاقلىـق ئىنسـان بىراۋنـى چاقىرغانـدا، ئەخلاققـا دەخلـى يەتكۈزىدىغـان سـۆزلەردىن يىـراق بولىـدۇ. 3. يەھۇدىيلار «رائىنـا» سـۆزىنى مۇھەممـەد ئەلەيھىسسـالامغا ئىشـلىتىش ئارقىلىـق ئۇنـى ھاقـارەت قىلىشـنى مەقسـەت قىلاتتـى. رىۋايـەت قىلىنىشـىچە، سـەئد ئىبنى مۇئاز رەزىيەللاھۇئەنھۇ يەھۇدىيلاردىن بـۇ سـۆزنى ئـاڭلاپ: «ئـەي ئاللاھنىـڭ دۈشـمەنلىرى! سـىلەرگە لەنـەت بولسـۇن! ئاللاھ بىلـەن قەسـەمكى، بـۇ سـۆزنى قايسـى بىرىڭلارنىـڭ پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسـالامغا ئېيتقانلىقىنـى ئاڭلاپـلا قالسـام كاللىسـىنى ئالىمـەن» دېگەنـدە، يەھۇدىيـلار ئۇنىڭغـا: «سـىلەرمۇ شـۇنداق دەيسـىلەر ئەمەسـمۇ؟!» دېگـەن. شـۇ مۇناسـىۋەت بىلـەن «ئـى مۆمىنلـەر! (پەيغەمبەرگـە) رائىنـا دەپ خىتـاب قىلمـاي، ئۇنزۇرنـا دەپ خىتـاب قىلىڭلار» دېگـەن ئايەت نازىـل بولغـان.

وَقَالُواْ لَن يَدۡخُلَ ٱلۡجَنَّةَ إِلَّا مَن كَانَ هُودًا أَوۡ نَصَٰرَىٰۗ تِلۡكَ أَمَانِيُّهُمۡۗ قُلۡ هَاتُواْ بُرۡهَٰنَكُمۡ إِن كُنتُمۡ

صَـٰدِقِـينَ ﴿١١١﴾ بَـلَىٰۚ مَـنْ أَسْـلَمَ وَجْـهَـهُۥ لِلَّهِ وَهُـوَ مُحْسِـنٌ فَلَـهُۥٓ
أَجْـرُهُۥ عِـنـدَ رَبِّـهِۦ وَلَا خَـوْفٌ عَلَيْهِـمْ وَلَا هُـمْ يَحْزَنُـونَ ﴿١١٢﴾
وَقَالَـتِ ٱلْيَهُـودُ لَيْسَـتِ ٱلنَّصَـٰرَىٰ عَلَىٰ شَىْءٍ وَقَالَـتِ ٱلنَّصَـٰرَىٰ
لَيْسَـتِ ٱلْيَهُـودُ عَلَىٰ شَىْءٍ وَهُـمْ يَتْلُـونَ ٱلْكِتَـٰبَۗ كَذَٰلِـكَ
قَـالَ ٱلَّذِيـنَ لَا يَعْلَمُـونَ مِثْـلَ قَوْلِهِـمْۚ فَـٱللَّهُ يَحْكُـمُ بَيْنَهُـمْ
يَـوْمَ ٱلْقِيَـٰمَـةِ فِيمَـا كَانُـوا۟ فِيـهِ يَخْتَلِفُـونَ ﴿١١٣﴾ وَمَنْ أَظْلَـمُ مِمَّن
مَّنَـعَ مَسَـٰجِدَ ٱللَّهِ أَن يُذْكَـرَ فِيهَـا ٱسْـمُهُۥ وَسَـعَىٰ فِى خَرَابِهَـآۚ
أُو۟لَـٰٓئِـكَ مَـا كَانَ لَهُـمْ أَن يَدْخُلُوهَـآ إِلَّا خَآئِفِـينَۚ لَهُـمْ فِى
ٱلدُّنْيَـا خِـزْىٌ وَلَهُـمْ فِى ٱلْـَٔاخِـرَةِ عَـذَابٌ عَظِيـمٌ ﴿١١٤﴾ وَلِلَّهِ
ٱلْمَـشْرِقُ وَٱلْمَغْـرِبُۚ فَأَيْنَمَـا تُوَلُّـوا۟ فَثَـمَّ وَجْـهُ ٱللَّهِۚ إِنَّ ٱللَّهَ
وَٰسِـعٌ عَلِيـمٌ ﴿١١٥﴾

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:** بۇ ئايەتلەردە ئەھلى كىتابنىڭ سەپسەتىلىرىدىن يەنە بىرىگە رەددىيە بېرىلگەن. چۈنكى ئۇلاردىن ھەر بىرى ئۆزلىرىنىڭ جەننەتكە لايىق ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلغان. يەھۇدىيلار جەننەتكە يەھۇدىي بولمىغان ئادەم كىرەلمەيدۇ، دېگەن؛ خىرىستىيانلار بولسا، جەننەتكە خىرىستىيان بولمىغان ئادەم كىرەلمەيدۇ، دېگەن. ھەر تەرەپ جەننەتنىڭ ئۆزلىرىگىلا خاس ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلغان ۋە قارشى تەرەپنىڭ دىنىنى سۆككەن. ھەربىرى قارشى تەرەپنى كاپىر دەپ ھۆكۈم قىلغان. نەتىجىدە، بۇنىڭدىن قاتتىق ئاداۋەت ۋە زىددىيەت پەيدا بولغان. شۇڭا ئاللاھ تائالا ھەر ئىككى پىرقىنىڭ يالغانچىلىقىنى بايان قىلىپ، جەننەتكە ھەقىقىي مۆمىن

بولغان ئادەملا كىرىدىغانلىقىنى بايان قىلغان.

**بۇ ئايەتلەرنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى:** ئىبنى ئابباستىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، نەجران خىرىستىيان ئەلچىلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلگەندە يەھۇدىيلارنىڭ ئۆلىمالىرىمۇ بىرگە كېلىپ، ئىككى تەرەپ جېدەل قىلىشىدۇ. يەھۇدىيلاردىن رافى ئىسىملىك بىرى ئىيسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىنجىلنى سۆكىدۇ، نەجرانلىق خىرىستىيانلاردىن بىرى يەھۇدىيلارنى سۆكىدۇ ۋە مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن تەۋراتنى ئىنكار قىلىدۇ. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن «يەھۇدىيلار: ‹ناسارالارنىڭ ھېچقانداق ئاساسى يوق› دېدى. ناسارالارمۇ: ‹يەھۇدىيلارنىڭ ھېچقانداق ئاساسى يوق (ئۇلار توغرا دىندا ئەمەس)› دېدى» دېگەن ئايەت چۈشىدۇ.

**تەپسىرى:** 111. يەھۇدىيلار «يەھۇدىي بولمىغان ئادەم ھەرگىزمۇ جەننەتكە كىرمەيدۇ» دېدى، خىرىستىيانلار «خىرىستىيان بولمىغان ئادەم ھەرگىزمۇ جەننەتكە كىرمەيدۇ» دېدى. بۇ، ئۇلارنىڭ قۇرۇق ئارزۇسى ۋە خام خىيالىدۇر. ئى مۇھەممەد، ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «ئەگەر دەۋايىڭلاردا راستچىل بولساڭلار، بۇ گۇمانىڭلارنىڭ راست ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىلىڭلار بولسا كەلتۈرۈڭلار.» 112. ئىش ئۇلار گۇمان قىلغاندەك ئەمەس، كىمكى پەيغەمبەرنى ئۈلگە قىلىپ ئاللاھنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇپ، ئەمەلىنى خالىس ئاللاھ ئۈچۈن قىلىدىكەن، ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا قىلغان ئەمەلىگە لايىق ساۋابتىن بەھرىمەن بولىدۇ. ئۇلارغا ئاخىرەتتە ھېچ قورقۇنچ ۋە غەم - قايغۇ بولمايدۇ، بەلكى ئۇلار نېمەت ئىچىدە بولىدۇ. 113. يەھۇدىيلار ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار

قىلدى، ئۇلار: خىرىستىيانلارنىڭ دىنى توغرا دىن ئەمەس، ئۇلار باتىل دىنغا ئەگەشكۈچىلەردۇر، دېدى. خىرىستىيانلارمۇ يەھۇدىيلار ھەققىدە شۇنداق دېدى ۋە مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلدى. ھالبۇكى، يەھۇدىيلار تەۋراتنى، خىرىستىيانلار ئىنجىلنى ئوقۇيدۇ، ئۇلار بىلىپ تۇرۇپ ئىنكار قىلدى، بىلمىسىز ئەرەب مۇشرىكلىرىمۇ ئۇلار دېگەندەك: «مۇھەممەدنىڭ دىنى ھەق ئەمەس» دېدى. ئاللاھ قىيامەت كۈنى يەھۇدىيلار بىلەن خىرىستىيانلار ئارىسىدا ئادىل ھۆكۈم چىقارغۇچى ۋە دىن ئىشىدا قىلىشقان ئىختىلاپلىرىنى بىر تەرەپ قىلغۇچىدۇر. ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئۆزئارا ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلىرى ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىدۇ. 114. ئاللاھنىڭ ئۆيلىرى بولغان مەسجىدلىرىدە ئاللاھنىڭ نامىنى ياد ئېتىپ، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشتىن كىشىلەرنى توسقان ۋە ئۇلارنى خۇددى رۇملۇق پاپالار مەسجىد ئەقسانى ۋەيران قىلغاندەك ۋەيران قىلىشقا ئۇرۇنغانلاردىنمۇ ياكى قۇرەيش كاپىرلىرىغا ئوخشاش ئىبادەت قىلىشتىن توسقانلاردىنمۇ زالىم كىشى بارمۇ؟ مەسجىدلەرگە ئۇلارنىڭ پەقەت ئاللاھنىڭ ھەيۋىتىدىن ئەيمەنگەن ھالدا، كەمتەرلىك بىلەن كىرىشى لايىق ئىدى، ئۇلار دۇنيادا رەسۋا بولىدۇ، خورلىنىدۇ. ئاخىرەتتە دوزاختىن ئىبارەت چوڭ ئازابقا دۇچار بولىدۇ. 115. كۈن چىقىدىغان جايمۇ، كۈن پاتىدىغان جايمۇ ئاللاھنىڭدۇر، ئۇنىڭ ئەمرى بىلەن قايسى تەرەپكە يۈزلىنىڭلار، ئۇ ئاللاھنىڭ سىلەرگە ئىختىيار قىلغان قىبلىسىدۇر. بۇ ئايەت قىبلىنى تاپالمىغانلار ھەققىدە چۈشكەن. ئاللاھنىڭ نېمىتى ۋە رەھمىتى ھەقىقەتەن كەڭدۇر، (ئاللاھ) ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە مەخپىي ئەمەس.

**مۇلاھىزە:** ئىمام رازى مۇنداق دېگەن: يۈزىنى (ئۆزىنى) ئاللاھقا تاپشۇرۇش دېگەنلىك، ئاللاھنىڭ تائىتى ئۈچۈن ئۆزىنى ئاتاش دېگەنلىكتۇر. «ئاللاھنىڭ يۈزىدىن باشقا ھەممە نەرسە يوقالغۇچىدۇر» دېگەندىن مەقسەت، ئاللاھنىڭ زاتىدۇر (قەسەس سۈرىسى 88 - ئايەت).

وَقَالُوا۟ ٱتَّخَذَ ٱللَّهُ وَلَدًا ۗ سُبْحَٰنَهُۥ ۖ بَل لَّهُۥ مَا فِى ٱلسَّمَٰوَٰتِ
وَٱلْأَرْضِ ۖ كُلٌّ لَّهُۥ قَٰنِتُونَ ﴿١١٦﴾ بَدِيعُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ ۖ
وَإِذَا قَضَىٰٓ أَمْرًا فَإِنَّمَا يَقُولُ لَهُۥ كُن فَيَكُونُ ﴿١١٧﴾ وَقَالَ
ٱلَّذِينَ لَا يَعْلَمُونَ لَوْلَا يُكَلِّمُنَا ٱللَّهُ أَوْ تَأْتِينَآ ءَايَةٌ ۗ
كَذَٰلِكَ قَالَ ٱلَّذِينَ مِن قَبْلِهِم مِّثْلَ قَوْلِهِمْ ۘ تَشَٰبَهَتْ
قُلُوبُهُمْ ۗ قَدْ بَيَّنَّا ٱلْءَايَٰتِ لِقَوْمٍ يُوقِنُونَ ﴿١١٨﴾ إِنَّآ أَرْسَلْنَٰكَ
بِٱلْحَقِّ بَشِيرًا وَنَذِيرًا ۖ وَلَا تُسْـَٔلُ عَنْ أَصْحَٰبِ ٱلْجَحِيمِ ﴿١١٩﴾
وَلَن تَرْضَىٰ عَنكَ ٱلْيَهُودُ وَلَا ٱلنَّصَٰرَىٰ حَتَّىٰ تَتَّبِعَ مِلَّتَهُمْ ۗ
قُلْ إِنَّ هُدَى ٱللَّهِ هُوَ ٱلْهُدَىٰ ۗ وَلَئِنِ ٱتَّبَعْتَ أَهْوَآءَهُم بَعْدَ
ٱلَّذِى جَآءَكَ مِنَ ٱلْعِلْمِ ۙ مَا لَكَ مِنَ ٱللَّهِ مِن وَلِىٍّ وَلَا
نَصِيرٍ ﴿١٢٠﴾ ٱلَّذِينَ ءَاتَيْنَٰهُمُ ٱلْكِتَٰبَ يَتْلُونَهُۥ حَقَّ تِلَاوَتِهِۦٓ
أُو۟لَٰٓئِكَ يُؤْمِنُونَ بِهِۦ ۗ وَمَن يَكْفُرْ بِهِۦ فَأُو۟لَٰٓئِكَ هُمُ
ٱلْخَٰسِرُونَ ﴿١٢١﴾ يَٰبَنِىٓ إِسْرَٰٓءِيلَ ٱذْكُرُوا۟ نِعْمَتِىَ ٱلَّتِىٓ أَنْعَمْتُ
عَلَيْكُمْ وَأَنِّى فَضَّلْتُكُمْ عَلَى ٱلْعَٰلَمِينَ ﴿١٢٢﴾ وَٱتَّقُوا۟ يَوْمًا
لَّا تَجْزِى نَفْسٌ عَن نَّفْسٍ شَيْـًٔا وَلَا يُقْبَلُ مِنْهَا عَدْلٌ
وَلَا تَنفَعُهَا شَفَٰعَةٌ وَلَا هُمْ يُنصَرُونَ ﴿١٢٣﴾

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:** ئاللاھ تائالا ئەھلى كىتابنىڭ سەپسەتىلىرىنى ۋە جەننەت ئۇلارغىلا خاس ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلىشتەك يالغانچىلىقىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ بەزى قاباھەتلىرىنى ۋە مۇشرىك ئەرەبلەرنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ بالىسى بار دېگەندەك دەۋالىرىنى بايان قىلىپ، ئۇلارغا رەددىيە بېرىدۇ. چۈنكى يەھۇدىيلار ئۇزەيرنى ئاللاھنىڭ ئوغلى دېسە، خىرىستىيانلار ئىيسانى ئاللاھنىڭ ئوغلى دەيدۇ؛ مۇشرىكلار بولسا، پەرىشتىلەر ئاللاھنىڭ قىزلىرى دەپ گۇمان قىلىشىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ بۇ ئورۇنسىز گۇمانىي ئېتىقادلىرىغا كۈچلۈك دەلىل - پاكىتلار بىلەن رەددىيە بېرىدۇ.

**تەپسىرى:** 116. يەھۇدىيلار، خىرىستىيانلار، مۇشرىكلار: «ئاللاھنىڭ بالىسى بار» دەيدۇ. يەھۇدىيلار ئۇزەيرنى ئاللاھنىڭ ئوغلى دېسە، خىرىستىيانلار ئىيسانى ئاللاھنىڭ ئوغلى دەيدۇ؛ مۇشرىكلار بولسا، پەرىشتىلەر ئاللاھنىڭ قىزلىرى دەپ گۇمان قىلىشىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ يالغان دەۋالىرىغا كۈچلۈك دەلىل - پاكىتلار بىلەن رەددىيە بېرىدۇ. ھەقىقەتتە، ئاللاھ ئۇلارنىڭ گۇمان قىلغان نەرسىسىدىن ئەلۋەتتە پاكتۇر، ئىش ئۇلار گۇمان قىلغاندەك ئەمەس، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ياراتقۇچىسى ئاللاھ تائالادۇر، ئۇزەير، مەسىھ ۋە پەرىشتىلەر بۇنىڭ ئىچىدە. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئەمرىگە، ئىرادىسىگە بويسۇنغۇچىدۇر. 117. ئاللاھ ئاسمانلار ۋە زېمىننى يوقتىن بار قىلغۇچى ۋە ئۈرنەكسىز ياراتقۇچىدۇر. بىرەر ئىشنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشنى ئىرادە قىلسا، «ۋۇجۇدقا كەل» دەيدۇ

- دە، ئۇ كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. ئۇنىڭ جىمى بۇيرۇقلىرى ۋە خاھىشى دەخلىسىز ئەمەلگە ئاشىدۇ. «بىزنىڭ ئەمرىمىز پەقەت بىر سۆزدۇر، ئۇ كۆزنى يۇمۇپ ئاچقاننىڭ ئورنىدا ئورۇندىلىدۇ.» (قەمەر سۈرىسى 50 ئايەت). 118. بىلمەيدىغان قۇرەيش كاپىرلىرى بويۇنتاۋلىقىدىن ھەددىدىن ئېشىپ: «ئاللاھ نېمە ئۈچۈن بىز بىلەن سۆزلەشمەيدۇ؟ ياكى نېمە ئۈچۈن بىزگە راست پەيغەمبەرلىكىنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە بىرەر مۆجىزە كەلمەيدۇ؟» دەيدۇ. ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەن ئىنكارچىلارمۇ پەيغەمبەرلىرىگە شۇنداق سۆزنى قىلغان ئىدى؛ ئۇلارنىڭ دىللىرى ھەقنى ئىنكار قىلىشتا، پەيغەمبەرلەرگە قارشى چىقىشتا ۋە كورلۇقتا بىر - بىرىگە ئوخشايدۇ. ئايەتلىرىمىزنى جەزمەن ئىشىنىدىغان ۋە ھەقىقەت ئىزدەيدىغان قەۋم ئۈچۈن بايان قىلدۇق. بۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن تەسەللىدۇر. 119. بىز سېنى ھەقىقەتەن مۆمىنلەرگە جەننەت بىلەن خۇش خەۋەر بەرگۈچى، كاپىرلارنى دوزاخ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ، نۇرلۇق شەرىئەت ۋە ھەق دىن بىلەن ئەۋەتتۇق. سەن ئۇلارغا ھەقنى يەتكۈزۈپ ۋەزىپەڭنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، دوزاخ ئەھلى بولىدىغان كاپىرلاردىن ئىمان ئېيتمىغانلار توغرىسىدا جاۋابكار ئەمەسسەن. 120. سەن نۇرلۇق ئىسلام دىنىنى تەرك ئېتىپ يەھۇدىيلار ۋە ناسارالارنىڭ باتىل دىنىغا كىرمىگىچە، ئۇلار سەندىن ھەرگىزمۇ رازى بولمايدۇ. (ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «توغرا دىن پەقەت ئاللاھنىڭ دىنىدۇر، باشقىسى باتىلدۇر». ساڭا كەسكىن پاكىت ۋە ئۆتكۈر دەلىللەر كەلگەندىن كېيىن، ئەگەر سەن ئۇلارنىڭ بۇزۇلغان نەپس - خاھىشلىرىغا ئەگىشىدىغان بولساڭ، (سېنى ئاللاھنىڭ

ئازابىدىن قۇتقۇزىدىغان) ھېچقانداق دوستمۇ بولمايدۇ ياكى مەدەتكارمۇ بولمايدۇ. 121. بىز كىتاب ئاتا قىلغان خىرىستىيانلار بىلەن يەھۇدىيلاردىن ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغانلار قۇرئاننى تېگىشلىك رەۋىشتە ئوقۇيدىغانلار بولۇپ، ئەنە شۇلار ھەقىقىي مۆمىنلەردۇر، ئاللاھنىڭ سۆزلىرىنى ئۆزگەرتىۋېتىدىغانلار بۇ نىڭدىن مۇستەسنا. كىملەركى قۇرئاننى ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر. 122. ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! سىلەرگە ۋە ئەجدادلىرىڭلارغا بەرگەن نېمىتىمنى ۋە سىلەرنى ئۇز ۋاقتىدا ھەممە جاھان ئەھلىدىن ئۈستۈن قىلغانلىق پەزل - كەرەمىمنى ياد ئېتىڭلار. 123. بىراۋغا بىراۋ قىلچىلىك ياردەم قىلالمايدىغان، ئازابتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ھېچ كىشىنىڭ فىدىيىسى قوبۇل قىلىنمايدىغان، كاپىر بولغانلىقى سەۋەبلىك ھېچ كىشىنىڭ شاپائىتى پايدا قىلمايدىغان، ئۇ كاپىرلار ۋە گۇناھكارلارغا ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ساقلىنىشى ئۈچۈن ياردەم قىلىنمايدىغان قورقۇنچلۇق قىيامەت كۈنىدىن قورقۇڭلار. «شاپائەت قىلغۇچىلارنىڭ شاپائىتى ئۇلارغا پايدا بەرمەيدۇ» (مۇددەسسىر سۈرىسى 48 - ئايەت).

**مۇلاھىزە:** قۇرتۇبىي مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ ئاسمانلار ۋە زېمىننى يوقتىن بار قىلغۇچىدۇر» دېگەننىڭ مەنىسى «ئاسمان ۋە زېمىننىڭ ئۆرنەكسىز ياراتقۇچىسى، پەيدا قىلغۇچىسى، ئىختىرا قىلغۇچىسى» دېگەنلىك بولۇپ، مىسلىسىز، ئۆرنەكسىز ھالدا بىر نەرسىنى ئىجاد قىلغان ئادەمنى «مۇبدىئ» دەيدۇ. شۇڭا ئەسلىسى بولمىغان بىر نەرسىنى پايدا قىلىش «بىدئەت» دەپ ئاتىلىدۇ. سەھىھۇلبۇخارىيدا

رامىزان كېچىلىرىدە تەراۋىھ نامىزى ئوقۇشنى «بۇ نېمىدېگەن ياخشى بىدئەت!» دېگەن ھەدىس رىۋايەت قىلىنغان. ئاندىن يەنە مۇنداق دېگەن: ھەرقانداق بىر بىدئەت شەرىئەتتىن ئەسلى بولغان بولىدۇ ياكى بولمايدۇ. ئەگەر ئەسلى بولسا، ئۇ ماختىلىدۇ. بۇ، ئۆمەرنىڭ يۇقىرىقى ھەدىسىنىڭ مەزمۇنىغا كىرىدۇ. ئەگەر شەرىئەتتىن ئەسلى بولمىسا سۆكۈلىدۇ ۋە رەت قىلىنىدۇ. بىر ھەدىستە: «كىمكى ياخشى بىر ئىشنى ئادەت قىلىپ قويۇپ كەتسە، ئۇنىڭ ئەجرىدىن ئۇ كىشىمۇ نېسىۋىدار بولىدۇ، كىمكى باشقىلارغا بىر يامان ئىشنى ئادەت قىلىپ قويۇپ كەتسە، ئۇنىڭ گۇناھىدىن نېسىۋىدار بولىدۇ» دېيىلگەن.

وَإِذِ ٱبْتَلَىٰٓ إِبْرَٰهِـۧمَ رَبُّهُۥ بِكَلِمَـٰتٍ فَأَتَمَّهُنَّ ۖ قَالَ إِنِّى جَاعِلُكَ لِلنَّاسِ إِمَامًا ۖ قَالَ وَمِن ذُرِّيَّتِى ۖ قَالَ لَا يَنَالُ عَهْدِى ٱلظَّـٰلِمِينَ ﴿١٢٤﴾ وَإِذْ جَعَلْنَا ٱلْبَيْتَ مَثَابَةً لِّلنَّاسِ وَأَمْنًا وَٱتَّخِذُوا۟ مِن مَّقَامِ إِبْرَٰهِـۧمَ مُصَلًّى ۖ وَعَهِدْنَآ إِلَىٰٓ إِبْرَٰهِـۧمَ وَإِسْمَـٰعِيلَ أَن طَهِّرَا بَيْتِىَ لِلطَّآئِفِينَ وَٱلْعَـٰكِفِينَ وَٱلرُّكَّعِ ٱلسُّجُودِ ﴿١٢٥﴾ وَإِذْ قَالَ إِبْرَٰهِـۧمُ رَبِّ ٱجْعَلْ هَـٰذَا بَلَدًا ءَامِنًا وَٱرْزُقْ أَهْلَهُۥ مِنَ ٱلثَّمَرَٰتِ مَنْ ءَامَنَ مِنْهُم بِٱللَّهِ وَٱلْيَوْمِ ٱلْـَٔاخِرِ ۖ قَالَ وَمَن كَفَرَ فَأُمَتِّعُهُۥ قَلِيلًا ثُمَّ أَضْطَرُّهُۥٓ إِلَىٰ عَذَابِ ٱلنَّارِ ۖ وَبِئْسَ ٱلْمَصِيرُ ﴿١٢٦﴾ وَإِذْ يَرْفَعُ إِبْرَٰهِـۧمُ ٱلْقَوَاعِدَ مِنَ ٱلْبَيْتِ وَإِسْمَـٰعِيلُ رَبَّنَا تَقَبَّلْ مِنَّآ ۖ إِنَّكَ أَنتَ ٱلسَّمِيعُ ٱلْعَلِيمُ ﴿١٢٧﴾ رَبَّنَا وَٱجْعَلْنَا مُسْلِمَيْنِ

لَكَ وَمِن ذُرِّيَّتِنَآ أُمَّةٗ مُّسۡلِمَةٗ لَّكَ وَأَرِنَا مَنَاسِكَنَا وَتُبۡ
عَلَيۡنَآۖ إِنَّكَ أَنتَ ٱلتَّوَّابُ ٱلرَّحِيمُ ﴿١٢٨﴾ رَبَّنَا وَٱبۡعَثۡ فِيهِمۡ
رَسُولٗا مِّنۡهُمۡ يَتۡلُواْ عَلَيۡهِمۡ ءَايَٰتِكَ وَيُعَلِّمُهُمُ ٱلۡكِتَٰبَ
وَٱلۡحِكۡمَةَ وَيُزَكِّيهِمۡۖ إِنَّكَ أَنتَ ٱلۡعَزِيزُ ٱلۡحَكِيمُ ﴿١٢٩﴾

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:** ئاللاھ تائالا ئۆتكەنكى ئايەتلەردە ئىسرائىل ئەۋلادىغا ئاتا قىلغان نېمەتلىرىنى زىكىر قىلىپ، ئۇلارنىڭ نېمەتكە كۇپرى ۋە ئىسيان بىلەن قانداق جاۋاب بەرگەنلىكىنى، ئىش - ھەرىكەتلىرىدە گۇناھ - مەسىيەتلەرنى تەرك ئەتمىگەنلىكىنى بايان قىلغان بولسا، بۇ ئايەتلەردە يەھۇدىيلار بىلەن خىرىستىيانلار ئۆزلىرىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلىشقان پەيغەمبەرلەر پېشۋاسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىنى بايان قىلىپ، ئۇلار ئەگەر بۇ دەۋالىرىدا راستچىل بولسا جەزمەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشلىرى كېرەك ئىكەنلىكىنى، چۈنكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا كەلگەن ئىسلام دىنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىنىڭ ئەسرى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

**تەپسىرى:** 124. ئى مۇھەممەد! شۇنى ياد ئەتكىنكى، ئۆز ۋاقتىدا پەيغەمبەرلەرنىڭ پېشۋاسى ئىبراھىمنى پەرۋەردىگارى بىر قانچە شەرىئەت تەكلىپلىرىنى ئورۇنلاشقا بۇيرۇش بىلەن سىنىدى، بۇيرۇلغان شەرىئەت تەكلىپلىرى ئىچىدە قىلىشقا بۇيرۇلغان ۋە قىلىشتىن چەكلەنگەن ئىشلار بار ئىدى. ئىبراھىم ئۇلارنى تولۇق بەجا كەلتۈردى. ئاللاھ ئۇنىڭغا: «كىشىلەرنىڭ سەن بىلەن ھىدايەت تېپىشى ئۈچۈن سېنى چوقۇم دىندا

ئۆلگە ۋە پېشىۋا قىلىمەن،» دېدى، ئىبراھىم: «مېنىڭ بىر قىسىم ئەۋلادىمنىمۇ پېشىۋا قىلساڭ» دېدى. ئاللاھ: «مېنىڭ بۇ پەزل - كەرەمىمگە كاپىرلاردىن ھېچبىرى ئېرىشەلمەيدۇ» دېدى. 125. ئۆز ۋاقتىدا بىز كەئبىنى كىشىلەر ئۈچۈن جەم بولىدىغان ۋە ئۇنىڭغا كىرگەن ئادەم ئامانلىقتا ئېرىشىدىغان جاي قىلىپ بەردۇق. كىشىلەرگە ماقامى ئىبراھىمنى، يەنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كەئبىنى بىنا قىلغاندا ئۇنىڭغا دەسسەپ تۇرغان تاشنى نامازگاھ قىلىپ، شۇ يەردە ناماز ئوقۇڭلار دېدۇق. ئىبراھىم بىلەن ئوغلى ئىسمائىلغا كەئبىنى تاۋاپ قىلغۇچىلار، ئېتىكاپ قىلغۇچىلار ۋە ناماز ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن بۇتلاردىن ھەم پاسكىنىلىقلاردىن ساقلاپ، پاك تۇتۇشنى بۇيرۇدۇق. بۇ ئايەت ھەرەمدە ئىبادەت قىلغۇچىلارنىڭ تۈرلىرىنى بايان قىلغان، ئۇلار تاۋاپ قىلغۇچىلار، ئېتىكاپ قىلغۇچىلار ۋە ناماز ئوقۇغۇچىلاردۇر. 126. ئاندىن ئاللاھ تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنى بايان قىلغان. ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم: «پەرۋەردىگارىم! بۇ شەھەرنى تىنچ شەھەر قىلىپ بەرگىن، ئاھالىسىدىن ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقانلارنى ئۇلارنىڭ ساڭا تېخىمۇ كۆپ ئىبادەت قىلىشى ۋە شۈكۈر قىلىشى ئۈچۈن تۈرلۈك مېۋىلەر بىلەن رىزىقلاندۇرغىن» دېدى. ئاللاھ دېدىكى، «كاپىر بولغان ئادەمنىمۇ خۇددى مۆمىنلەرنى رىزىقلاندۇرغاندەك ھاياتلىقىدا رىزىقتىن بەھرىمەن قىلىمەن، ئاندىن كېيىن ئۇنى ئاخىرەتتە دوزاختا ھەيدەيمەن، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش بولمايدۇ». دوزاخ نېمىدېگەن يامان ئاقىۋەت، كاپىرلارنىڭ جايى دوزاخ بولۇشى نېمىدېگەن بەختسىزلىك - ھە، ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ رىزىقنى پېشىۋالىققا قىياس قىلىپ، خۇددى

ھەممىگە ئوخشاش رىزىق بەرگىنىڭدەك، ئەۋلادلىرىمنىڭ ھەممىسىنى دىندا پېشىۋا قىلغىن دەپ سوراشتىكى خاتالىقىغا رەددىيە بېرىپ، رىزىقنىڭ مۆمىن ـ كاپىر ھەممىسىگە ئورتاق ئىكەنلىكى، ئەمما دىندا پېشىۋالىقنىڭ پەقەت ئىمان ئېيتقان مۆمىنلەرگىلا خاس ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتكەن. 127. ئاندىن ئاللاھ تائالا كەئبىنىڭ بىنا قىلىنىش قىسسىسىنى ھېكايە قىلىدۇ. ئۇ ۋاقىتتا ئىبراھىم بىلەن ئىسمائىل كەئبىنىڭ ئۇلىنى قوپۇرۇۋېتىپ: «پەرۋەردىگارىمىز! بىزنىڭ بۇ خىزمىتىمىزنى قوبۇل قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن دۇئايىمىزنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىسەن، نىيىتىمىزنى بىلىپ تۇرغۇچىسەن» دەپ دۇئا قىلدى. 128. ئۇلار يەنە: «پەرۋەردىگارىمىز! ئىككىمىزنى ئۆزۈڭگە ئىتائەتمەن، ھۆكمۈڭگە بويسۇنغۇچى قىلغىن، بىزنىڭ ئەۋلادلىرىمىزدىنمۇ ئۆزۈڭگە ئىتائەتمەن، ئۇلۇغلۇقىڭنى تونۇغۇچى، مۇسۇلمان ئۈممەت چىقارغىن، بىزگە ھەجىمىزنىڭ قائىدىلىرىنى بىلدۈرگىن، تەۋبىمىزنى قوبۇل قىلغىن، چۈنكى سەن تەۋبىنى ناھايىتى قوبۇل قىلغۇچىسەن، ناھايىتى مېھرىبانسەن» دەپ دۇئا قىلدى. 129. ئۇلار يەنە دۇئا قىلىپ: «پەرۋەردىگارىمىز! مۇسۇلمان ئۈممەتنىڭ ئىچىدىن ئايەتلىرىڭنى ئۇلارغا تىلاۋەت قىلىپ بېرىدىغان، ئۇلۇغ كىتابىڭ بولغان قۇرئاننى، سۈننەتنى ئۇلارغا ئۆگىتىدىغان، ئۇلارنى مۇشرىكلىق ۋە گۇناھلاردىن پاك قىلىدىغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتكىن، ھەقىقەتەن سەن غالىبسەن، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىسەن» دېدى. ئاللاھ تائالا ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلغانلىقتىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۇلارنىڭ نەسلىدىن چىقاردى.

**مۇلاھىزە:** 1. سىناش ئەسلىدە بىراۋنىڭ راستچىل ياكى يالغانچى ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈندۇر. ھالبۇكى ئاللاھ تائالا ھەممىنى بىلىدۇ، ئۇ سىناپ ئۇلتۇرۇشقا موھتاج ئەمەس. شۇڭا بۇ ئورۇندىكى سىناش ۋە ئىمتىھان قىلىشتىن مەقسەت، ئاللاھ تائالانىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا بىر سىنىغۇچى ياكى ئىمتىھان ئالغۇچى مۇئامىلىسىنى قىلغانلىقىدۇر. 2. ئۆلىمالار ئاللاھنىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى سىنىغان سۆزلىرى ھەققىدە ئىختىلاپلاشقان. ئىبنى ئابباس مۇنداق دېگەن: ئاللاھ ئىبراھىمنى سىنىغان سۆزلەر ئۇنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە بىنائەن قەۋمىدىن ئايرىلىشى، نەمرۇد بىلەن مۇجادىلە قىلىشى، ئوتقا تاشلىنىشقا رازى بولۇشى ۋە ئاخىرىدا بالىسىنى ئاللاھ تائالا ئۈچۈن قۇربان قىلماقچى بولۇشى قاتارلىق ئىشلاردۇر. 3. دىندا پېشۋا قىلىشتىن مەقسەت پەيغەمبەرلىك بولۇپ، ئۇ زالىملارغا بېرىلمەيدۇ. ئەگەر بۇ پېشۋالىق دۇنيالىق ئىشلاردا بولىدىغان بولسا ئىدى، بۇ ئەمەلىيەتكە زىت كەلگەن بولاتتى. چۈنكى زالىملاردىن كۆپلىرى بۇنىڭغا يەتكەن. 4. ئەللامە ئىبنى قەييىم مۇنداق دېگەن: قەدىمىي ئىبادەت ئۆيى كەئبىنى ئۇلۇغ قىلىشتىكى سىر، كىشىلەرنىڭ قەلبىنى ۋە سۆيگۈسىنى تارتىش ئۈچۈندۇر. قەلبلەرنىڭ ھەرەمگە بولغان تارتىشى ماگنىتنىڭ تۆمۈرنى تارتقىنىدىنمۇ كۈچلۈك بولغاچقا، ئىنسانلار بۇ قەدىمىي ئىبادەت ئۆيىگە دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدىن بەس- بەستە ئېقىپ كېلىدۇ.

وَمَن يَرْغَبُ عَن مِّلَّةِ إِبْرَٰهِـۧمَ إِلَّا مَن سَفِهَ نَفْسَهُۥ ۚ وَلَقَدِ ٱصْطَفَيْنَٰهُ فِى ٱلدُّنْيَا ۖ وَإِنَّهُۥ فِى ٱلْـَٔاخِرَةِ لَمِنَ ٱلصَّٰلِحِينَ ﴿١٣٠﴾

إِذۡ قَالَ لَهُۥ رَبُّهُۥٓ أَسۡلِمۡۖ قَالَ أَسۡلَمۡتُ لِرَبِّ ٱلۡعَٰلَمِينَ ﴿١٣١﴾
وَوَصَّىٰ بِهَآ إِبۡرَٰهِـۧمُ بَنِيهِ وَيَعۡقُوبُ يَٰبَنِيَّ إِنَّ ٱللَّهَ ٱصۡطَفَىٰ
لَكُمُ ٱلدِّينَ فَلَا تَمُوتُنَّ إِلَّا وَأَنتُم مُّسۡلِمُونَ ﴿١٣٢﴾ أَمۡ كُنتُمۡ
شُهَدَآءَ إِذۡ حَضَرَ يَعۡقُوبَ ٱلۡمَوۡتُ إِذۡ قَالَ لِبَنِيهِ مَا تَعۡبُدُونَ
مِنۢ بَعۡدِيۖ قَالُواْ نَعۡبُدُ إِلَٰهَكَ وَإِلَٰهَ ءَابَآئِكَ إِبۡرَٰهِـۧمَ
وَإِسۡمَٰعِيلَ وَإِسۡحَٰقَ إِلَٰهٗا وَٰحِدٗا وَنَحۡنُ لَهُۥ مُسۡلِمُونَ ﴿١٣٣﴾
تِلۡكَ أُمَّةٞ قَدۡ خَلَتۡۖ لَهَا مَا كَسَبَتۡ وَلَكُم مَّا كَسَبۡتُمۡۖ
وَلَا تُسۡـَٔلُونَ عَمَّا كَانُواْ يَعۡمَلُونَ ﴿١٣٤﴾

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:** ئاللاھ تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ بەزى ئۈلگىلىرى ۋە كەئبىنىڭ بىنا قىلىنىشى ھەققىدىكى قىسسىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، مۇشرىكلار، يەھۇدىيلار ۋە خرىستىيانلارنىڭ ئىچىدىكى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىغا مۇخالىپەتچىلىك قىلغۇچىلارغا قاتتىق كايىغان ۋە مۇنداقلارنىڭ ئەقىلسىز، جاھىل كىشىلەر ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان.

**تەپسىرى:** 130. ئۆزىنى ئەخمەق قىلغانلاردىن باشقا ھېچكىم ئىبراھىمنىڭ روشەن ھەقىقەت بولغان دىنىدىن يۈز ئۆرۈمەيدۇ، ھەقىقەتەن بىز ئۇنى بارچە ئىنسانلار ئارىسىدىن بۇ دۇنيادا پەيغەمبەرلىككە، دىنىدا پېشىۋالىققا تاللىدۇق. شەك - شۈبھىسىزكى، ئاخىرەتتە ئۇ يۇقىرى مەرتىۋىلىك ياخشىلار قاتارىدا بولىدۇ. 131. ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارى ئۇنىڭغا: «پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلغىن، ئۇنىڭغا ئىخلاس قىلغىن» دېگىنىدە، ئۇ: «ئالەملەرنىڭ

پەرۋەردىگارىغا ئىتائەت قىلدىم، ئۇنىڭ ئەمرىگە ۋە ھۆكمىگە بويسۇندۇم» دېدى. 132. ئىبراھىم ۋە يەئقۇب ئۆز ئوغۇللىرىغا ۋەسىيەت قىلىپ: «ئى ئوغۇللىرىم! ئاللاھ سىلەرگە مۇشۇ ئىسلام دىنىنى تاللىدى، ئىمانىڭلاردا مەھكەم تۇرۇپ، پەقەت مۇسۇلمان ھالىتىڭلارچە جان تەسلىم قىلىڭلار» دېدى. 133. يەئقۇب جان ئۈزۈۋاتقان ۋاقىتىدا سىلەر يېنىدا بارمىدىڭلار؟ شۇ چاغدا يەئقۇب ئوغۇللىرىدىن: «مەن ئۆلگەندىن كېيىن سىلەر كىمگە ئىبادەت قىلىسىلەر؟» دەپ سورىدى. ئۇلار: «سېنىڭ ۋە ئاتا - بوۋىلىرىڭ ئىبراھىم، ئىسمائىل، ئىسھاقلارنىڭ ئىلاھى بولغان ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان بىر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىمىز، ئۇنىڭدىن باشقىسىغا ئىبادەت قىلمايمىز، بىز ئۇنىڭغىلا ئىتائەت قىلغۇچى ۋە بويسۇنغۇچىمىز» دېدى. بۇنىڭدىن مەقسەت، شېرىكتىن بىزار بولۇش ۋە ئۇنىڭدىن قەتئىي يىراق تۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتۇر. 134. ئاللاھ تائالا ئاشۇ ياخشى ئەۋلادقا ئىشارەت قىلىپ: «ئۇلار ئۆتكەن بىر ئۈممەتتۇر» دەيدۇ. بۇ ئايەت ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرىغا قارىتىلغان. ئاندىن ئاللاھ يەنە ئۇلار توغرۇلۇق: «ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنىڭ ساۋابى ئۆزلىرى ئۈچۈندۇر، سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارنىڭمۇ ساۋابى ئۆزۈڭلار ئۈچۈندۇر. ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيادا قىلغان قىلمىشىغا سىلەر جاۋابكار ئەمەس، بەلكى ھەركىم ئۆزى قىلغان يامانلىقىنىڭ جازاسىنى ئۆزى كۆتۈرىدۇ» دەيدۇ.

مۇلاھىزە: ئەبۇ ھەييان مۇنداق دېگەن: ئۆلۈمنىڭ مۇقەددىمىسى بولغان سەكرات ئۆلۈم دەپ ئاتالغان. چۈنكى ھەقىقىي ئۆلۈم كەلگەندە ئادەم سۆز قىلالمايدۇ. ئۆلۈم كېلىشى ھەق

بولغان غائىب نەرسە بولۇپ، دۇئادا: «ئى ئاللاھ! ئۆلۈمنى بىز ئۇچۇن كۆتۈلگەن ياخشى غائىب قىلغىن» دېيىلگەن.

ئەسكەرتىش: «پەقەت مۇسۇلمان پېتىڭلارچە ئۆلۈڭلار» دېگەن ئايەتتە، مۇسۇلمان بولماستىن ئۆلۈش مەنئى قىلىنغان. بۇنىڭدىن مەقسەت ئىسلامدا هەمىشە ۋە مەڭگۈگە مەهكەم بولۇشنى تەلەپ قىلىش بولۇپ، مەنىسى ئىسلامدا سابىت قەدەم بولۇڭلار، ئۇنىڭدىن مەڭگۈ ئايرىلماڭلار، سىلەرگە ئۆلۈم كەلگەنگە قەدەر مۇسۇلمانلىقىڭلاردا چىڭ تۇرۇڭلار، دېگەنلىكتۇر. خۇددى «خۇشۇئ قىلماستىن ناماز ئوقۇما» دېگەنگە ئوخشاش.

وَقَالُواْ كُونُواْ هُودًا أَوْ نَصَٰرَىٰ تَهْتَدُواْۗ قُلْ بَلْ مِلَّةَ إِبْرَٰهِـۧمَ
حَنِيفًاۖ وَمَا كَانَ مِنَ ٱلْمُشْرِكِينَ ﴿١٣٥﴾ قُولُوٓاْ ءَامَنَّا بِٱللَّهِ وَمَآ
أُنزِلَ إِلَيْنَا وَمَآ أُنزِلَ إِلَىٰٓ إِبْرَٰهِـۧمَ وَإِسْمَٰعِيلَ وَإِسْحَٰقَ وَيَعْقُوبَ
وَٱلْأَسْبَاطِ وَمَآ أُوتِيَ مُوسَىٰ وَعِيسَىٰ وَمَآ أُوتِيَ ٱلنَّبِيُّونَ مِن
رَّبِّهِمْ لَا نُفَرِّقُ بَيْنَ أَحَدٍ مِّنْهُمْ وَنَحْنُ لَهُۥ مُسْلِمُونَ ﴿١٣٦﴾
فَإِنْ ءَامَنُواْ بِمِثْلِ مَآ ءَامَنتُم بِهِۦ فَقَدِ ٱهْتَدَواْۖ وَّإِن تَوَلَّوْاْ
فَإِنَّمَا هُمْ فِي شِقَاقٍۖ فَسَيَكْفِيكَهُمُ ٱللَّهُۚ وَهُوَ ٱلسَّمِيعُ
ٱلْعَلِيمُ ﴿١٣٧﴾ صِبْغَةَ ٱللَّهِ وَمَنْ أَحْسَنُ مِنَ ٱللَّهِ صِبْغَةًۖ وَنَحْنُ لَهُۥ
عَٰبِدُونَ ﴿١٣٨﴾ قُلْ أَتُحَآجُّونَنَا فِي ٱللَّهِ وَهُوَ رَبُّنَا وَرَبُّكُمْ
وَلَنَآ أَعْمَٰلُنَا وَلَكُمْ أَعْمَٰلُكُمْ وَنَحْنُ لَهُۥ مُخْلِصُونَ ﴿١٣٩﴾
أَمْ تَقُولُونَ إِنَّ إِبْرَٰهِـۧمَ وَإِسْمَٰعِيلَ وَإِسْحَٰقَ وَيَعْقُوبَ
وَٱلْأَسْبَاطَ كَانُواْ هُودًا أَوْ نَصَٰرَىٰۗ قُلْ ءَأَنتُمْ أَعْلَمُ أَمِ

ٱللَّهُۗ وَمَنۡ أَظۡلَمُ مِمَّن كَتَمَ شَهَٰدَةً عِندَهُۥ مِنَ ٱللَّهِۗ وَمَا ٱللَّهُ بِغَٰفِلٍ عَمَّا تَعۡمَلُونَ ﴿١٤٠﴾ تِلۡكَ أُمَّةٞ قَدۡ خَلَتۡۖ لَهَا مَا كَسَبَتۡ وَلَكُم مَّا كَسَبۡتُمۡۖ وَلَا تُسۡـَٔلُونَ عَمَّا كَانُواْ يَعۡمَلُونَ ﴿١٤١﴾

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:** ئاللاھ تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنى ھەقىقىي كەڭچىلىك ۋە ھەققانىيلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دىن ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلمىغان ۋە ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەن ئادەمنىڭ راستتىنلا ئەخمەق ۋە ئۇچىغا چىققان ئەقىلسىز ئىكەنلىكىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، ئەھلى كىتابنىڭ ئورۇنسىز يالغان دەۋالىرىغا، پەقەت يەھۇدىي ياكى خىرىستىيان دىنىغا ئەگەشكەنلەرلا ھىدايەت تاپقان بولىدۇ، دەيدىغان سەپسەتىلىرىگە رەددىيە بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ دەۋالىرىنىڭ ئاساسسىز قۇرۇق ئارمان ئىكەنلىكىنى، ھەقىقىي دىن ئىسلام دىنى بولۇپ، ھىدايەتنىڭ ئۇنىڭغا ئەگىشىشتە ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا ئىسلامنىڭ پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ دىنى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

**تەپسىرى:** 135. يەھۇدىيلار: «بىزنىڭ دىنىمىزغا كىرىپ يەھۇدىي بولۇڭلار، توغرا يول تاپىسىلەر» دەيدۇ؛ خىرىستىيانلار: «بىزنىڭ دىنىمىزغا كىرىپ خىرىستىيان بولۇڭلار، توغرا يول تاپىسىلەر» دەيدۇ. ھەربىر پىرقە ئۆزىنىڭ قىڭغىر دىنىنى ماختايدۇ ۋە توغرىلىقىنى دەۋا قىلىدۇ. «ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا ئېيتقىنكى: ئىش سىلەر دېگەندەك ئەمەس، بىز ئىبراھىمنىڭ ئىسلامغا ئۇيغۇن ھەق دىنىغا ئەگىشىمىز، ئۇ مۇشرىكلاردىن ئەمەس ئىدى، بەلكى ئاللاھنىڭ بىر

ئىكەنلىكىگە ئېتىقاد قىلىدىغان، ھەقىقىي توغرا ۋە كامىل بىر مۆمىن ئىدى». بۇنىڭدا ئەھلى كىتابنىڭ ئازغۇنلۇق ۋە زالالەت ئىچىدە ئىكەنلىكىنى تەنقىد قىلىش بار. 136. ئى مۆمىنلەر! ئېيتىڭلاركى، «بىز ئاللاھقا ئىمان ئېيتتۇق، بىزگە چۈشۈرۈلگەن قۇرئانغا، ئىبراھىمغا، ئىسمائىلغا، ئىسھاققا، يەئقۇبقا ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىغا چۈشۈرۈلگەن سەھىپىلەرگە، ئۇلار ئەمەل قىلغان ئەھكاملارغا، مۇساغا بېرىلگەن تەۋراتقا، ئىيساغا بېرىلگەن ئىنجىلغا ۋە پەيغەمبەرلەرگە پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن بېرىلگەن پۈتۈن مۆجىزىلەرگە ئىمان ئېيتتۇق، بىز خىرىستىيانلار بىلەن يەھۇدىيلارغا ئوخشاش ئۇلارنىڭ بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ بەزىسىنى ئىنكار قىلمايمىز، بىز ئاللاھقا بويسۇنغۇچىلارمىز، ھۆكۈملىرىگە رازى بولغۇچىلارمىز.» 137. ئى مۆمىنلەر! ئەگەر يەھۇدىيلار بىلەن خىرىستىيانلار سىلەر ئىمان ئېيتقاندەك ئىمان ئېيتسا، ئەلۋەتتە، خۇددى سىلەرگە ئوخشاشلا توغرا يول تاپقان بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار سىلەر دەۋەت قىلغان نەرسىلەرگە ئىمان ئېيتىشتىن يۈز ئۆرۈسە، بىلگىنكى، ئۇلارنىڭ مەقسىتى سەن بىلەن ئاداۋەتلىشىش ۋە ساڭا قارشى چىقىشتۇر. ئۇلار ھەرگىزمۇ ھەقىقەتنى ئىزدىگۈچىلەر ئەمەس. ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا قارشى ئاللاھ ساڭا ئەلۋەتتە يېتەرلىكتۇر، ئاللاھ سېنى ئۇلارنىڭ سۇيىقەستلىرىدىن ۋە يامانلىقلىرىدىن چوقۇم قوغدايدۇ. ئاللاھ ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، قەلبلىرىدە يوشۇرغان ھىيلە - مىكىرلىرىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. 138. بىز ئىمان ئېيتىپ قوبۇل قىلغان ئىسلام دىنى ئاللاھنىڭ فىترىتىمىزگە يەرلەشتۈرۈۋەتكەن ھەق دىنى بولۇپ، بىز شۇ دىن بىلەن نۇرلاندۇق، ئۇ بىزنىڭ قەلبىمىزگە سىڭىپ كەتكەن. ئۇنىڭ

ھەقلىقىنىڭ ئىزنالىرى خۇددى رەڭنىڭ تەسىرى كىيىمدە كۆرۈنگەندەك بىزدە كۆرۈنمەكتە. ئاللاھنىڭ دىنىدىن ياخشى ھېچقانداق دىن يوقتۇر. بىز پۈتۈن ئىخلاسىمىز بىلەن پەقەت ئاللاھنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلغۇچىلارمىز. 139. ئى مۇھەممەد ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «سىلەر ئۆزۈڭلارنى ئاللاھنىڭ باللىرى ۋە يېقىنلىرى، پەيغەمبەرلىك سىلەردىنلا كېلىدۇ، باشقا مىللەتلەردىن پەيغەمبەر كەلمەيدۇ، دەپ گۇمان قىلىپ بىز بىلەن ئاللاھ توغرۇلۇق مۇنازىرىلىشەمسىلەر؟ ھالبۇكى، ئۇ ھەم بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىز ھەم سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر، ھەممىمىز ئۇنىڭ قۇلىمىز. بىزنىڭ ئەمەللىرىمىز ئۆزىمىز ئۈچۈندۇر، سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارمۇ ئۆزۈڭلار ئۈچۈندۇر، ھېچكىم ھېچكىمنىڭ گۇناھىنى ئۈستىگە ئالمايدۇ. بىز دىنىمىزنى ۋە ئەمەلىمىزنى ئاللاھقىلا خاس قىلدۇق، بىز ئاللاھقا سادىقمىز.» 140. ئى ئەھلى كىتاب! ياكى سىلەر ئىبراھىم، ئىسمائىل، ئىسھاق، يەئقۇب ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادى يەھۇدىي ئىدى ياكى خىرىستىيان ئىدى، دەپ دەۋا قىلامسىلەر؟ ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «ئۇلارنىڭ قايسى دىندا ئىكەنلىكىنى سىلەر ئوبدان بىلەمسىلەر؟ ياكى ئاللاھ ئوبدان بىلەمدۇ؟ ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ ئىسلام دىنىدا ئىكەنلىكىگە، ئۇلارنىڭ يەھۇدىي ياكى خىرىستىيان ئەمەسلىكىگە ئاللاھ ئۆزى گۇۋاھلىق بەردى ئەمەسمۇ؟ ئىبراھىم يەھۇدىيمۇ ئەمەس، خىرىستىيانمۇ ئەمەس ئىدى، بەلكى ئۇ ھەق دىندىكى مۇسۇلمان ئىدى». ئەھۋال مۇنداق تۇرسا، سىلەر قانداقمۇ ئۇنى ئۆز دىنىڭلاردىن سانايسىلەر؟ قولىدىكى تەۋرات ۋە ئىنجىلدا ئاللاھ چۈشۈرگەن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ راست پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان

دەلىل - ئىسپاتلار تۇرۇپ، ئۇنى يوشۇرغان ئادەمدىنمۇ زالىم ئادەم يوقتۇر؛ ئاللاھ پەيغەمبەرلەر ھەققىدە چۈشۈرگەن خەۋەرلەرنى يوشۇرغان ئادەمدىنمۇ زالىم ئادەم يوقتۇر. ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلاردىن غاپىل ئەمەس، بەلكى كۆرۈپ، بىلىپ تۇرىدۇ. قىيامەت كۈنى سىلەرگە شۇنىڭغا ئاساسەن جازا بېرىدۇ. بۇنىڭدا ھەقىقەتنى يوشۇرغۇچىلارغا قاتتىق تەھدىت بار. 141. «ئۇلار ئۆتكەن بىر ئۈممەتتۇر، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرى ئۆزلىرى ئۈچۈندۇر. سىلەرنىڭ ئەمەلىڭلارمۇ ئۆزۈڭلار ئۈچۈندۇر، ئۇلارنىڭ قىلمىشىغا سىلەر جاۋابكار ئەمەسسىلەر». يەنى ئاشۇ پەيغەمبەرلەر ئۆزلىرىنىڭ يۇقىرى مەرتىۋىسى ۋە ئاللاھنىڭ نەزىرىدىكى چوڭ ھۆرمىتى بىلەن قىلغان ئىشلىرىدىن سوراق قىلىنىپ، ئىشلىگەنلىرىگە قارىتا مۇكاپاتلىنىدىغان تۇرسا، سىلەر بارلىق قىلمىشىڭلارنىڭ مۇكاپات ياكى جازاسىنى كۆرۈشكە ئەلۋەتتە ھەقلىقسىلەر. مەزكۇر ئايەتنىڭ بۇ ئورۇندا قايتا تەكرارلىنىشى ئۇنىڭ تەھدىد ۋە ئاگاھلاندۇرۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقىدىن ئىدى.

**مۇلاھىزە:** 1. «ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلاردىن غاپىل ئەمەستۇر» دېگەن ئايەتنىڭ قۇرئان كەرىمنىڭ كۆپ جايلىرىدا تەكرارلىنىپ كېلىشى توغرىسىدا، ئەبۇ ھەييان مۇنداق دېگەن: ئايەتنىڭ تەكرارلىنىپ كېلىشى پەقەت چوڭ بىر جىنايەت سادىر بولغاندا، ئاللاھنىڭ ئۇلارنى جازالىماي قويمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن تەھدىتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا بولىدۇ. 2. ئىبنى ئابباس مۇنداق دېگەن: خىرىستىيانلار بالا تۇغۇلۇپ يەتتە كۈندىن كېيىن، ئۇنى «مەمۇدى» دەپ ئاتىلىدىغان مەخسۇس سۇ بىلەن

يۇياتتى. ئۇلار بۇنىڭ بىلەن بوۋاقنى پاكلىغان بولاتتى ۋە ئۇنى پاكلاندى دەپ بىلىپ، ئۇنىڭ رەسمىي تۈردە خىرىستىيان بولغانلىقىنى جەزم قىلاتتى. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ بۇ ئادىتىگە رەددىيە بېرىپ، «ئاللاھنىڭ دىنىدا چىڭ تۇرۇڭلار، ئاللاھنىڭ دىنىدىن ياخشى كىمنىڭ دىنى بار؟» دېگەن ئايەتنى چۈشۈرگەن. 3. ئەھلى كىتاب تەۋراتنى ئىبرانى تىلىدا ئوقۇپ، ئۇنى مۇسۇلمانلارغا ئەرەب تىلىدا شەرھلەيتتى. ئىمام بۇخارىي رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارغا: «ئەھلى كىتابنىڭ بەرگەن خەۋەرلىرىگە ئىشىنىپمۇ كەتمەڭلار، يالغانغىمۇ چىقارماڭلار، <ئاللاھقا ۋە بىزگە نازىل بولغانلارغا ئىمان ئېيتتۇق> دەڭلار» دەپ تەلىم بەرگەن.

سَيَقُولُ ٱلسُّفَهَآءُ مِنَ ٱلنَّاسِ مَا وَلَّىٰهُمْ عَن قِبْلَتِهِمُ
ٱلَّتِي كَانُواْ عَلَيْهَاۚ قُل لِّلَّهِ ٱلْمَشْرِقُ وَٱلْمَغْرِبُۚ يَهْدِي
مَن يَشَآءُ إِلَىٰ صِرَٰطٍ مُّسْتَقِيمٍ ﴿١٤٢﴾ وَكَذَٰلِكَ جَعَلْنَٰكُمْ
أُمَّةً وَسَطًا لِّتَكُونُواْ شُهَدَآءَ عَلَى ٱلنَّاسِ وَيَكُونَ
ٱلرَّسُولُ عَلَيْكُمْ شَهِيدًاۗ وَمَا جَعَلْنَا ٱلْقِبْلَةَ ٱلَّتِي
كُنتَ عَلَيْهَآ إِلَّا لِنَعْلَمَ مَن يَتَّبِعُ ٱلرَّسُولَ مِمَّن
يَنقَلِبُ عَلَىٰ عَقِبَيْهِۚ وَإِن كَانَتْ لَكَبِيرَةً إِلَّا عَلَى ٱلَّذِينَ
هَدَى ٱللَّهُۗ وَمَا كَانَ ٱللَّهُ لِيُضِيعَ إِيمَٰنَكُمْۚ إِنَّ ٱللَّهَ بِٱلنَّاسِ
لَرَءُوفٌ رَّحِيمٌ ﴿١٤٣﴾ قَدْ نَرَىٰ تَقَلُّبَ وَجْهِكَ فِي ٱلسَّمَآءِۖ
فَلَنُوَلِّيَنَّكَ قِبْلَةً تَرْضَىٰهَاۚ فَوَلِّ وَجْهَكَ شَطْرَ ٱلْمَسْجِدِ
ٱلْحَرَامِۚ وَحَيْثُ مَا كُنتُمْ فَوَلُّواْ وُجُوهَكُمْ شَطْرَهُۥۗ وَإِنَّ

ٱلَّذِينَ أُوتُواْ ٱلْكِتَٰبَ لَيَعْلَمُونَ أَنَّهُ ٱلْحَقُّ مِن رَّبِّهِمْۗ وَمَا ٱللَّهُ بِغَٰفِلٍ عَمَّا يَعْمَلُونَ ﴿١٤٤﴾

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:** يەھۇدىيلار بىلەن خىرىستىيانلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە باشقا پەيغەمبەرلەرنى يەھۇدىي ئىدى ياكى خىرىستىيان ئىدى، دەپ گۇمان قىلىشىدۇ. بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ قىبلىسى بەيتۇلمۇقەددەس بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدىكى ۋاقتىدا بەيتۇلمۇقەددەسكە قاراپ ناماز ئوقۇيتتى. ئاللاھ تائالا ئۇنى كەئبىگە قاراپ ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇغاندىن كېيىن، يەھۇدىيلار بۇ ئىشنى ئۆزلىرىنىڭ يامان نىيەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا ئىسلامغا قارشى قالقان قىلىپ: «مۇھەممەد تۇغۇلغان يۇرتىنى سېغىندى، يېقىندا ئۆز قەۋمىنىڭ دىنىغا (مۇشرىكلىققا) قايتىدۇ» دەپ بىلجىرلاشتى. شۇ ۋاقىتتا، ئاللاھ تائالا ئەخمەقلەرنىڭ دەيدىغان سۆزلىرىدىن خەۋەر بېرىپ، ئۇلارغا قارشى رەددىيەلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۆگىتىدۇ ۋە ئۇلاردىن كېلىدىغان ئەزىيەتلەرگە سەۋرلىك بولۇشى ئۈچۈن ئۇنى تەييارلايدۇ. بۇ خەۋەر قىبلىنىڭ كەئبىگە ئۆزگەرتىلىشىدىن بۇرۇن بېرىلگەن بولۇپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**بۇ ئايەتلەرنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى:** بەرا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كەلگەندە بەيتۇلمۇقەددەسكە قاراپ 16 ئاي ياكى 17 ئاي ناماز ئوقۇدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەئبىنىڭ قىبلە

بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا: «بىز سېنىڭ (كەئبە قىبلەڭ بولۇشىنى تىلەپ) قايتا - قايتا ئاسمانغا قارىغانلىقىڭنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز...» دېگەن ئايەتنى چۈشۈردى. ئايەتتىكى ئەخمەقلەردىن مەقسەت يەھۇدىيلاردۇر (بۇخارىي رىۋايەت قىلغان ھەدىس).

**تەپسىرى:** 142. بەزى ئەخمەق، ئەقلى كەم كىشىلەر: «مۇھەممەد بىلەن ساھابىلىرىنى يۈزلىنىپ ناماز ئوقۇپ كېلىۋاتقان قىبلىسى بەيتۇلمۇقەددەستىن نېمە يۈز ئۆرۈگۈزگەندۇ؟» دەيدۇ. ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «مەشرىق ۋە مەغرىب، شۇنداقلا ھەممە تەرەپ ئاللاھنىڭدۇر، قايسى تەرەپكە قارىمايلى، ھەممىسى ئاللاھنىڭ تەرىپىدۇر. ئاللاھ مۆمىنلەرنى ئىككى دۇنيالىق سائادەتلەرگە ئېرىشتۈرىدىغان توغرا يولغا باشلايدۇ.» 143. ئى مۆمىنلەر جامائەسى! سىلەرنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلغاندەك، سىلەرنىڭ قىيامەت كۈنىدە باشقا ئۈممەتلەرگە ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ھەق دىنىنى يەتكۈزگەنلىكىگە شاھىت بولۇشۇڭلار ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سىلەرگە ھەق دىنىنى يەتكۈزگەنلىكىگە شاھىت بولۇشى ئۈچۈن، بىز سىلەرنى ئوتتۇراھال ياخشى ئۈممەت قىلدۇق. ئى مۇھەممەد! سەن يۈز كەلتۈرۈپ كېلىۋاتقان بەيتۇلمۇقەددەسنى قىبلە قىلغانلىقىمىز، ئاندىن سېنى ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈتۈپ كەئبىگە قاراشقا ئەمر قىلغانلىقىمىز، پەقەت پەيغەمبەرگە ھەقىقىي ئەگەشكەنلەرنى ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلىپ كۇپرىغا يېنىپ كېتىدىغانلاردىن ئايرىۋېلىشىمىز ئۈچۈنلا ئىدى. ئاللاھ ھىدايەت قىلغانلاردىن باشقىلارغا بۇ ئۆزگىرىش ھەقىقەتەن ئېغىر ۋە قىيىن تۇيۇلىدۇ.

ئاللاھ سىلەرنىڭ بۇرۇن بەيتۇلمۇقەددەسكە قاراپ ئوقۇغان نامازلىرىڭلارنىڭ ساۋابىنى بىكار قىلىۋەتمەيدۇ. قىبلە كەئبىگە ئۆزگىرىشتىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ نامىزى قانداق بولىدۇ دېگەن سوئالغا جاۋاب ئورنىدا: «ئاللاھ كىشىلەرگە ھەقىقەتەن مېھرىباندۇر، ناھايىتى كۆيۈمچاندۇر» دېگەن ئايەت چۈشكەن. يەنى ئاللاھنىڭ رەھمىتى كۆپ، شۇڭا ئۇ ھەركىمنىڭ ياخشى ئەمەلىنى قەتئىي بىكار قىلىۋەتمەيدۇ. 144. ئى مۇھەممەد! بىز سېنىڭ كەئبە قىبلەڭ بولۇشىنى تىلەپ قايتا - قايتا ئاسمانغا قارىغانلىقىڭنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز. سېنى چوقۇم سەن ياقتۇرىدىغان قىبلە ـ كەئبىدىن ئىبارەت بوۋاڭ ئىبراھىمنىڭ قىبلىسىگە يۈزلەندۈرىمىز. ناماز ئوقۇغاندا يۈزۈڭنى مەسجىدى ھەرەم تەرەپكە قىلغىن. ئى مۆمىنلەر! قەيەردە بولماڭلار نامازدا يۈزۈڭلارنى مەسجىدى ھەرەم تەرەپكە قىلىڭلار. ھەقىقەتەن يەھۇدىيلار بىلەن خىرىستىيانلار قىبلىنىڭ كەئبىگە ئۆزگەرتىلىشىنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن كەلگەن ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى چوقۇم بىلىدۇ، لېكىن ئۇلار كىشىلەرنى ئازدۇرۇش ئۈچۈن شەك ـ شۈبھىلەرنى پەيدا قىلىدۇ. ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلمىشىدىن غاپىل ئەمەس، ئۇلارنى چوقۇم جازالايدۇ. بۇنىڭدا ئەھلى كىتاب ئۈچۈن قاتتىق تەھدىت ۋە ئاگاھلاندۇرۇش بار.

مۇلاھىزە: 1. بۇخارىيدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قىيامەت كۈنى ئەڭ ئاۋۋال نۇھ ئەلەيھىسسالام چاقىرىلىپ، <ئۈممىتىڭگە دىنىنى يەتكۈزدۈڭمۇ؟> دەپ سورىلىدۇ، نۇھ ئەلەيھىسسالام: <ھەئە، يەتكۈزدۈم> دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئۈممەتلىرىدىن: <سىلەرگە يەتكۈزدىمۇ؟>

دەپ سورايدۇ. ئۇلار: <بىزگە پەيغەمبەر كەلمىگەنتى> دەيدۇ. ئاللاھ تائالا نۇھ ئەلەيھىسسالامدىن: <سېنىڭ سۆزۈڭگە كىم گۇۋاھلىق بېرىدۇ؟> دەپ سورايدۇ. نۇھ ئەلەيھىسسالام جاۋاب بېرىپ: <مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ ئۈممەتلىرى گۇۋاھلىق بېرىدۇ> دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىنى يەتكۈزگەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىدۇ. مانا بۇ ئاللاھ تائالانىڭ «بىز سىلەرنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلغاندەك، سىلەرنىڭ كىشىلەرگە (ئۆتكەنكى ئۈممەتلەرگە) شاھىت بولۇشۇڭلار ۋە پەيغەمبەرنىڭ سىلەرگە شاھىت بولۇشى ئۈچۈن، سىلەرنى ئادىل ئۈممەت قىلدۇق» ، دېگەن سۆزىدۇر. 2. ئاللاھ تائالا: «ئاللاھ سىلەرنىڭ ئىمانىڭلارنى بىكار قىلىۋەتمەيدۇ» دېگەن ئايەتتە نامازنى «ئىمان» دەپ ئاتىغان. بۇنىڭدىن ناماز ئوقۇمىغان ئادەمنىڭ ئىمانى كامىل ئەمەسلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. چۈنكى ناماز نىيەت، سۆز ۋە ئەمەللەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئىبادەتتۇر. 3. كەئبىنى «مەسجىدى ھەرەم» دەپ تەبىرلەش يىراقتىكىلەرنىڭ نامازدا يۈزىنى كەئبىنىڭ ئۆزىگە ئەمەس، تەرىپىگە قىلىشى كۇپايە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈندۇر. چۈنكى يىراقتىكىلەرنىڭ كەئبىنىڭ ئۆزىگە يۈزلىنەلىشى قىيىن ئىش.

وَلَئِنْ أَتَيْتَ ٱلَّذِينَ أُوتُوا۟ ٱلْكِتَٰبَ بِكُلِّ ءَايَةٍ مَّا تَبِعُوا۟
قِبْلَتَكَ ۚ وَمَآ أَنتَ بِتَابِعٍ قِبْلَتَهُمْ ۚ وَمَا بَعْضُهُم بِتَابِعٍ قِبْلَةَ
بَعْضٍ ۚ وَلَئِنِ ٱتَّبَعْتَ أَهْوَآءَهُم مِّنۢ بَعْدِ مَا جَآءَكَ مِنَ
ٱلْعِلْمِ إِنَّكَ إِذًا لَّمِنَ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿١٤٥﴾ ٱلَّذِينَ ءَاتَيْنَٰهُمُ ٱلْكِتَٰبَ
يَعْرِفُونَهُۥ كَمَا يَعْرِفُونَ أَبْنَآءَهُمْ ۖ وَإِنَّ فَرِيقًا مِّنْهُمْ لَيَكْتُمُونَ

ٱلْحَقَّ وَهُمْ يَعْلَمُونَ ﴿١٤٦﴾ ٱلْحَقُّ مِن رَّبِّكَ فَلَا تَكُونَنَّ
مِنَ ٱلْمُمْتَرِينَ ﴿١٤٧﴾ وَلِكُلٍّ وِجْهَةٌ هُوَ مُوَلِّيهَا ۖ فَٱسْتَبِقُوا۟
ٱلْخَيْرَٰتِ ۚ أَيْنَ مَا تَكُونُوا۟ يَأْتِ بِكُمُ ٱللَّهُ جَمِيعًا ۚ إِنَّ ٱللَّهَ
عَلَىٰ كُلِّ شَىْءٍ قَدِيرٌ ﴿١٤٨﴾ وَمِنْ حَيْثُ خَرَجْتَ فَوَلِّ وَجْهَكَ
شَطْرَ ٱلْمَسْجِدِ ٱلْحَرَامِ ۖ وَإِنَّهُۥ لَلْحَقُّ مِن رَّبِّكَ ۗ وَمَا
ٱللَّهُ بِغَٰفِلٍ عَمَّا تَعْمَلُونَ ﴿١٤٩﴾ وَمِنْ حَيْثُ خَرَجْتَ فَوَلِّ
وَجْهَكَ شَطْرَ ٱلْمَسْجِدِ ٱلْحَرَامِ ۚ وَحَيْثُ مَا كُنتُمْ فَوَلُّوا۟
وُجُوهَكُمْ شَطْرَهُۥ لِئَلَّا يَكُونَ لِلنَّاسِ عَلَيْكُمْ حُجَّةٌ
إِلَّا ٱلَّذِينَ ظَلَمُوا۟ مِنْهُمْ فَلَا تَخْشَوْهُمْ وَٱخْشَوْنِى وَلِأُتِمَّ
نِعْمَتِى عَلَيْكُمْ وَلَعَلَّكُمْ تَهْتَدُونَ ﴿١٥٠﴾

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:** ئاللاھ تائالا يەھۇدىيلارنىڭ ئىچىدىكى نادان كىشىلەرنىڭ قىبلە بەيتۇلمۇقەددەستىن كەئبە شەرىفكە ئۆزگەرتىلگەندە قىلغان سۆزلىرىنى خاتىرىلىتىش ۋە ئەلچىسىنى نامازدا قەدىمىي ئۆي، يەنى كەئبىگە يۈزلىنىشكە بۇيرۇش بىلەن بىرگە، بۇ ئايەتلەردە يەھۇدىيلارنىڭ تەكەببۇرلۇق ۋە تەرسالىقتا مۇسۇلمان بولۇشىدىن ئۈمىدسىزلەنگۈدەك دەرىجىگە يەتكەنلىكىنى بايان قىلدى. دېمەكچى: «ئۇلار سېنىڭ قىبلەڭنى پاكىت بىلەن يۇقاتقىلى بولىدىغان بىر شۈبھە يۈزىسىدىن تەرك ئەتكىنى يوق، بەلكى تەرسالىق ۋە تەكەببۇرلۇق تۈپەيلىدىن ساڭا قارشى چىقتى». بۇنىڭدىن مەقسەد ئەھلى كىتابنىڭ تۇزكورلۇقى ۋە ئىنكار قىلىشىغا قارىتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەسەللىي بېرىشتۇر.

**تەپسىرى:** 145. ئـى مۇھەممـەد! سـەن يەھۇدىـيلار بىلـەن خىرىسـتىيانلارغا قىبلـە مەسىلىسـىدە سـېنىڭ راسـتچىللىقىڭنى ئىسـپاتلايدىغان پۈتـۈن مۆجىزىلەرنـى كەلتۈرسـەڭمۇ، ئـۇلار سـېنىڭ قىبلەڭگـە ئەگەشـمەيدۇ، سـېنىڭ قىبلەڭگـە قـاراپ نامـاز ئوقۇمايـدۇ. ئاللاھ سـېنىڭ قىبلەڭنـى ئۆزگەرتىۋەتكەندىن كېيىن، سـەنمۇ ئۇلارنىـڭ قىبلىسـىگە ئەگەشمەيسـەن؛ يەھۇدىـيلار بىلـەن خىرىسـتىيانلارمۇ ھـەم ئۆزئـارا بىـر - بىرىنىـڭ قىبلىسـىگە ئەگەشـمەيدۇ. سـاڭا ۋەھيـى يولـى بىلـەن ھەقىقـەت ئوچـۇق بولغانـدىـن كېيىنمـۇ، مۇبـادا ئۇلارنىـڭ نەپـس - خاھىشـلىرىغا بويسۇنسـاڭ، ئـۇ چاغـدا سـەن چوقـۇم زۇلـۇم قىلغانلاردىـن بولىسـەن. بۇيـەردە سـۆز مىسـال ئۈچـۈن بولىۋاتىـدۇ. چۈنكـى، پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسـالام ئۇلارنىـڭ خاھىشـلىرىغا ئەگىشىشـتىن ئەلۋەتتـە پاكتـۇر. بـۇ، ھەقىقەتتـە چىـڭ تۇرۇشـقا تەشـەببۇس قىلىـش ئۇسـۇلىدۇر. 146. ئەھلـى كىتـاب (يەھۇدىـيلار بىلـەن خىرىسـتىيانلار) مۇھەممـەد ئەلەيھىسسـالامنى ئـۆز ئوغۇللىرىنـى تونۇغانـدەك ياخشـى تونۇيـدۇ. ئۇلارنىـڭ كاتتىباشـلىرىدىن ۋە جـان باقـار موللىلىرىدىـن بولغـان بىـر بۆلۈكـى، شۈبھىسـىزكى، ھەقىقەتنـى بىلىـپ تـۇرۇپ يوشـۇرىدۇ، ئۇنـى ئاشـكارا قىلمايـدۇ، مۇھەممـەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىنى بىلىپ تـۇرۇپ ئىنكار قىلىـدۇ. «ئـۇلار مۇھەممـەد ئەلەيھىسسـالامنىڭ سـۈپەتلىرىنىڭ ئۆزلىرىدىكـى تـەۋرات بىلـەن ئىنجىلـدا يېزىلغانلىقىنـى بىلىدۇ». 147. ئـى مۇھەممـەد! دىـن ۋە قىبلـە ھەققىـدە سـاڭا ۋەھيـى قىلىنغـان ھەقىقـەت ئاللـاھ تەرىپىدىـن كەلگەنـدۇر، بۇنىڭغـا ھەرگىـز شـەك كەلتۈرگۈچىلەردىـن بولمىغـىن، خىتـاب مۇھەممـەد ئەلەيھىسسـالامغا قارىتىلغـان بولـۇپ، ئۈممەتنى مەقسـەت قىلىنغان. 148. ھـەر (ئۈممەت)نىـڭ يـۈز كەلتۈرىدىغـان قىبلىسـى بـار. ئـى

مۆمىنلـەر! ياخشـى ئەمەللەرنـى قىلىشـقا ئالدىـراڭلار، دۇنيانىـڭ قانداقـلا يېرىــدە بولمـاڭلار، ھەتتـا تاغلارنىـڭ چوققىســدا بولساڭلارمۇ، قىيامـەت كۈنـى ئاللاھ تائـالا ھەممىڭلارنـى ھېساب ئېلىـش ئۈچـۈن يىغىـدۇ، شـۇ ۋاقىتتـا، ئـۇ ھـەق بىلـەن باتىـل ئوتتۇرىسـىدا ھۆكـۈم چىقىرىـدۇ. ئاللاھ تائـالا ھەقىقەتـەن ھەممـە نەرسـىگە قادىردۇركــى، بەدىنىــڭلار پارچىلىنىــپ كەتكــەن بولسـىمۇ ئۇلارنـى توپلىيالايـدۇ. 149. مەيلـى قەيەردىن سـەپەرگە چىقمىغــن، نامىزىڭـدا يۈزۈڭنـى مەسـجىدى ھەرەمدىكـى كەئبـە تەرەپكـە قىلغــن؛ ئـى مۆمىنلـەر! سـىلەرمۇ قەيـەردە بولمـاڭلار، نامىزىـڭلاردا يۈزۈڭلارنـى مەسـجىدى ھـەرەم تەرەپكە قىلىـڭلار. بۇ ھەقىقەتـەن پەرۋەردىگارىـڭ تەرىپىدىــن كەلگـەن ھەقىقەتتـۇر، ئاللاھ سـىلەرنىڭ قىلمىشـىڭلاردىن غاپىـل ئەمەسـتۇر. بـۇ ئايەتنىـڭ تەپسـىرى باشـتا سـۆزلەندى. 150. كىشـىلەر (يەھۇدىيلار ۋە مۇشـرىكلار)گە سـىلەرگە قارشـى دەلىل - ئىسـپات بولماسـلىقى ئۈچـۈن، (ئـى مۇھەممەد! سـەپەر قىلىشـقا) قەيەردىن چىقمىغــن، (نامىزىڭـدا) يۈزۈڭنـى مەسـجىدى ھـەرەم تەرەپكـە قىلغــن. سـىلەرمۇ قەيـەردە بولمـاڭلار، يۈزۈڭلارنـى مەسـجىدى ھـەرەم تەرەپكـە قىلىـڭلار. پەقـەت ئۇلارنىـڭ ئىچىدىكـى زۇلـۇم قىلغۇچىـلارلا (قىبلىنىــڭ ئۆزگەرگەنلىكىنــى سـىلەرگە قارشــى دەلىـل قىلىۋالىـدۇ)، ئۇلاردىـن قورقمـاڭلار، مەندىـن قورقـۇڭلار. (قىبلىنــى ئۆزگەرتىشـكە ئەمـر قىلىشـىم) سـىلەرگە بەرگـەن نېمىتىمنـى كامالەتكـە يەتكۈزۈشـۈم ئۈچـۈن ۋە توغـرا يولـدا بولۇشـۇڭلار ئۈچۈنـدۇر. بـۇ، نامـازدا كەئبىگـە قـاراش توغرۇلـۇق ئۈچىنچـى ئەمـر بولـۇپ، مۇنـداق تەكرارلاشـنىڭ ھېكمىتــى شـۇكى، قىبلـە ئىسـلام دىنىـدا تۇنجـى ئەمەلگـە ئاشـقان نەسـخ (ئەمەلدىـن قالـدۇرۇپ ئورنىغـا باشـقىنى قويـۇش) ئىـدى. شـۇڭا

شەكنى يوق قىلىش ۋە ئىشىنىڭ جىددىيلىكىنى تەكىتلەش ئۈچۈن تەكرارلانغان. يەھۇدىيلارنىڭ سىلەرنى «دىنىمىزنى ئىنكار قىلىپ تۇرۇپ، قىبلىمىزگە ئەگىشىدۇ» دېمەسلىكى ۋە مۇشرىكلار «مۇھەممەد ئۆزىنى ئىبراھىمنىڭ دىنىدا دەيدۇ، ئەمما ئۇنىڭ قىبلىسىگە ئەگەشمەيدۇ» دېمەسلىكى ئۈچۈن سىلەرگە قىبلىنىڭ ئىشىنى بىلدۈردۇق. پەقەت ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى زۇلۇم قىلغۇچىلارلا قىبلىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى سىلەرگە قارشى دەلىل قىلىۋالىدۇ، ئۇ زالىملاردىن قورقماڭلار، مېنىڭ ئەمرىمنى تۇتۇش بىلەن مەندىنلا قورقۇڭلار. قىبلىنى ئۆزگەرتىشكە ئەمر قىلىشىم سىلەرگە بەرگەن نېمىتىمنى كامالەتكە يەتكۈزۈشۈم ئۈچۈن ۋە توغرا يولدا بولۇشۇڭلار ئۈچۈندۇر.

**ئىلاۋە:** 1. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ئابدۇللاھ ئىبنى سالامغا: «سەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى بالاڭنى تونۇغاندەك تونۇمسەن؟» دەپ سورىغاندا، ئۇ: «مەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى بالامدىنمۇ بەك ياخشى تونۇيمەن، ئاسماندىن ئىشەنچلىك پەرىشتە چۈشۈپ زېمىندىكى ئەڭ راستچىل كىشىنى تونۇتۇپ بەرگەن تۇرسا، مەن ئۇنى قانداقمۇ تونۇمايمەن. شەكسىزكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەق پەيغەمبەردۇر. توغرا، بالامنى ئايالىم تۇغدى، ئۇ مېنىڭ بالام، لېكىن ئايالىمنىڭ ماڭا خىيانەت قىلىپ باشقىسىدىن تاپقان بولۇشىنى ئېھتىمال دەپ نەزەرگە ئالغاندا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ راستلىقىدا شەك يوق.» دەپ جاۋاب بەرگەن. شۇ ۋاقىتتا ئۆمەر ئۇنىڭ بېشىغا سۆيۈپ قويغان. 2. ئۆلىمالارنى ئاگاھلاندۇرۇش ئادەتتىكى كىشىلەرنى

ئاگاھلاندۇرۇشتىن كۈچلۈكتۇر. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئەھلى كىتابنى سۆكۈشتە ئالاھىدە قاتتىق ئىبارىلەرنى قوللانغان. «ئۇلار بىلىدۇ» دېگەن ئايەتنىڭ ئىپادىلىگىنىدەك، گۇناھنى بىلىپ قىلغاننىڭ جىنايىتى بىلمەستىن قىلغاندىن تېخىمۇ چوڭدۇر. 3. كەئبىگە يۈز كەلتۈرۈشنى ئۈچ قېتىم تەكرارلاش ھەققىدە ئىمام قۇرتۇبى مۇنداق دېگەن: بىرىنچى ئەمر ئەھلى مەككە ئۈچۈن، ئىككىنچى ئەمر باشقا جايدىكىلەر ئۈچۈن، ئۈچىنچى ئەمر سەپەرگە چىققانلار ئۈچۈندۇر.

كَمَآ أَرۡسَلۡنَا فِيكُمۡ رَسُولٗا مِّنكُمۡ يَتۡلُواْ عَلَيۡكُمۡ
ءَايَٰتِنَا وَيُزَكِّيكُمۡ وَيُعَلِّمُكُمُ ٱلۡكِتَٰبَ وَٱلۡحِكۡمَةَ
وَيُعَلِّمُكُم مَّا لَمۡ تَكُونُواْ تَعۡلَمُونَ (١٥١) فَٱذۡكُرُونِيٓ أَذۡكُرۡكُمۡ
وَٱشۡكُرُواْ لِي وَلَا تَكۡفُرُونِ (١٥٢) يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ
ٱسۡتَعِينُواْ بِٱلصَّبۡرِ وَٱلصَّلَوٰةِۚ إِنَّ ٱللَّهَ مَعَ ٱلصَّٰبِرِينَ (١٥٣) وَلَا
تَقُولُواْ لِمَن يُقۡتَلُ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ أَمۡوَٰتُۢۚ بَلۡ أَحۡيَآءٞ وَلَٰكِن
لَّا تَشۡعُرُونَ (١٥٤) وَلَنَبۡلُوَنَّكُم بِشَيۡءٖ مِّنَ ٱلۡخَوۡفِ وَٱلۡجُوعِ
وَنَقۡصٖ مِّنَ ٱلۡأَمۡوَٰلِ وَٱلۡأَنفُسِ وَٱلثَّمَرَٰتِۗ وَبَشِّرِ ٱلصَّٰبِرِينَ (١٥٥)
ٱلَّذِينَ إِذَآ أَصَٰبَتۡهُم مُّصِيبَةٞ قَالُوٓاْ إِنَّا لِلَّهِ وَإِنَّآ إِلَيۡهِ رَٰجِعُونَ (١٥٦)
أُوْلَٰٓئِكَ عَلَيۡهِمۡ صَلَوَٰتٞ مِّن رَّبِّهِمۡ وَرَحۡمَةٞۖ وَأُوْلَٰٓئِكَ
هُمُ ٱلۡمُهۡتَدُونَ (١٥٧)

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:** ئاللاھ تائالا ئالدىنقى ئايەتلەردە، ئۆز ۋاقتىدا ئىسرائىل ئەۋلادىغا ئاتا قىلغان ئىنئاملىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ نېمەتكە تۇزكورلۇق

قىلىپ، شۈكۈر ئورنىغا ئىنكار يولىنى تۇتقانلىقىنى بايان قىلغان، شۇنداقلا مۆمىنلەرنىڭ ئۇلاردىن ئىبرەت ئېلىشى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ جىنايەتلىرىنى ۋە گۇناھلىرىنى بىر-بىرلەپ سانىغان بولسا؛ بۇ ئايەتلەردە، سۆزنى مۆمىنلەرگە خىتاب قىلىش بىلەن باشلاپ، ئۇلارغا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئەۋەتىشتەك ئۇلۇغ ۋە كاتتا نېمىتنى خاتىرىلىتىدۇ.

**تەپسىرى:** 151. «ئۆز ئىچىڭلاردىن...» دېگەن ئايەت بۇ سۈرىنىڭ 150 - ئايىتىدىكى «سىلەرگە نېمىتىمنى كامالەتكە يەتكۈزۈش ئۈچۈن» دېگەن ئايەتكە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، مەنىسى، سىلەرگە نېمىتىمنى تولۇقلاپ بەرگەندەك، سىلەرگە ئۆز ئىچىڭلاردىن قۇرئاننى تىلاۋەت قىلىپ بېرىدىغان، سىلەرنى شېرىك ۋە يامان ئىشلاردىن پاكلايدىغان، قۇرئان ۋە سۈننەتنىڭ ئەھكاملىرىنى سىلەرگە ئۆگىتىدىغان، سىلەر بىلمەيدىغان دىن ۋە دۇنيالىق كۆپ ئىشلارنى سىلەرگە بىلدۈرىدىغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق، دېگەنلىكتۇر. 152. «سىلەر مېنى ماڭا تائەت-ئىبادەت قىلىش بىلەن ياد ئېتىڭلار، مېنى ياد ئەتسەڭلار، مەنمۇ سىلەرنى ساۋاب بېرىش بىلەن، مەغپىرەت قىلىش بىلەن ياد ئېتىمەن. ماڭا شۈكۈر قىلىڭلار، ئىسيانكارلىق ياكى ئىنكار بىلەن ناشۈكۈرلۈك قىلماڭلار.» رىۋايەت قىلىنىشىچە، مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھتىن «مەن ساڭا قانداق شۈكۈر ئادا قىلىمەن؟» دەپ سورىغاندا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا: «مېنى ھەر دائىم ياد ئەتكىن، ئۇنۇتمىغىن، مېنى ياد ئەتسەڭ ماڭا شۈكۈر قىلغان، ئەگەر مېنى ئۇنۇتساڭ ماڭا كۇپرىلىق قىلغان بولىسەن» دېگەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئاللاھ تائالا مۆمىنلەرگە ئۇلارنىڭ مۆمىنلىك سۈپىتى بىلەن

نىدا قىلىدۇ. بۇ، مۇشۇ سۈرىدىكى ئىككىنچى قېتىملىق نىدا ئىدى. 153. «ئى مۆمىنلەر! سەۋر ئارقىلىق ۋە ناماز ئارقىلىق ياردەم تىلەڭلار. ئاللاھ ھەقىقەتەن سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر» ، يەنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئىشلىرىڭلاردا ئاللاھ تائالادىن سەۋر ۋە ناماز بىلەن ياردەم سوراڭلار، سەۋر بىلەن بارلىق پەزىلەتلەرگە نائىل بولىسىلەر، ناماز بىلەن ھەممە رەزىللىكلەردىن ساقلىنىسىلەر. ئاللاھ تائالا سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن ھەمىشە بىللە بولۇپ، ئۇلارغا ياردەم قىلىدۇ، نۇسرەت ئاتا قىلىدۇ، ئۇلارنى قوغدايدۇ. 154. «ئاللاھنىڭ يولىدا ئۆلتۈرۈلگەنلەرنى (شەھىدلەرنى) ئۆلۈك دېمەڭلار، بەلكى ئۇلار تىرىكتۇر، لېكىن سىلەر بۇنى سەزمەيسىلەر» ، يەنى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىپ شەھىد بولغانلار «بەرزەخ» دەپ ئاتىلىدىغان، بۇ دۇنيا بىلەن ئاخىرەت ئوتتۇرىسىدىكى ئالەمدە ھېلىھەم ھاياتتۇر. ئەمما سىلەر ئۇلارنىڭ ھاياتلىقىنى ھېس قىلالمايسىلەر. 155. «بىز سىلەرنى بىرئاز قورقۇنچ بىلەن...» ، يەنى بىز سىلەرنى بالايىئاپەت تۈرلىرىدىن بەزىبىر ئاددىي مۇسىبەتلەر بىلەن سىنايمىز. مەسىلەن: بىرئاز قەھەتچىلىك بىلەن ۋە ماللىرىڭلارغا، جانلىرىڭلارغا، بالىلىرىڭلارغا، زىرائەتلىرىڭلارغا يېتىدىغان زىيان ـ زەخمەتلەرگە ئوخشاش. ئەمما بېشىغا كەلگەن مۇسىبەت، زىيان - زەخمەتلەرگە سەۋر قىلغۇچىلارغا ئۇلارنىڭ ئاخىرەتتىكى مۇكاپاتى ـ جەننەت بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن. ئاندىن ئاللاھ تائالا سەۋر قىلغۇچىلارنىڭ قانداق كىشىلەر ئىكەنلىكىنى تونۇتۇپ مۇنداق دەيدۇ: 156. «ئۇلارغا بىرەر مۇسىبەت كەلگەن چاغدا ...» ، يەنى ئاللاھنىڭ نەزىرىدە سەۋرچان سانالغان ئادەملەر شۇنداق كىشىلەركى،

ئۇلارنىڭ باشلىرىغا بىر ئەر بالايىئاپەت ياكى كۆڭۈلسىزلىك ياكى زىيان - زەخمەت كەلسە، ئۇلار سەۋرچانلىق بىلەن: «بىز ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى بەندىلەرمىز، بىز چوقۇم ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز» دەيدۇ. 157. «ئەنە شۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ مەغپىرىتى ۋە رەھمىتىگە ئېرىشكۈچىلەردۇر، ئەنە شۇلار ھىدايەت تاپقۇچىلاردۇر»، يەنى يۇقىرىدا سۈپەتلەنگەن كىشىلەر ئەبەدىي سائادەت يولىغا ھىدايەت تاپقۇچىلاردۇر.

ئىلاۋە: 1. ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب مۇنداق دېگەن ئىكەن: «ماڭا قانداقلا بىر مۇسىبەت يەتسە، مۇنۇ ئۈچ نېمەتنى تاپتىم: بىرى، مۇسىبەتنىڭ دىنىمغا بولمىغانلىقى، يەنە بىرى، بولغىنىدىن چوڭراقى بولمىغىنى، ئۈچىنچىسى، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنىڭ سەۋەبى بىلەن ماڭا ساۋاب بېرىشىدۇر.» ئاندىن ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ «ئەنە شۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ مەغپىرىتى ۋە رەھمىتىگە ئېرىشكۈچىلەردۇر، ئەنە شۇلار ھىدايەت تاپقۇچىلاردۇر» دېگەن ئايىتىنى تىلاۋەت قىلغان. 2. بىر ھەدىستە مۇنداق بايان قىلىنغان: بىراۋنىڭ بالىسى ئۆلسە، ئاللاھ تائالا پەرىشتىلەرگە: «بەندەمنىڭ بالىسىنىڭ جېنىنى ئالدىڭلار، شۇنداقمۇ؟» دەپ سورايدۇ، پەرىشتىلەر: «ھەئە» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئاللاھ تائالا يەنە ئۇلاردىن: «بەندەمنىڭ يۈرەك باغرىنى ئۇنىڭدىن ئايرىدىڭلار، شۇنداقمۇ؟» دەپ سورايدۇ، پەرىشتىلەر: «ھەئە» دەيدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇلاردىن يەنە: «بەندەم بۇ مۇسىبەتكە نېمە دېدى؟» دەپ سورايدۇ. پەرىشتىلەر: «ساڭا ھەمدۇسانا ئېيتتى ۋە سەۋر قىلدى» دەيدۇ. ئاندىن ئاللاھ تائالا: «بەندەمگە

جەننەتتىن بىر قەسىر ياساڭلار، ئۇنىڭ نامىنى بەيتۇلھەمد (شۈكۈر قىلغۇچىلارنىڭ قەسىرى) دەپ ئاتاڭلار» دەيدۇ.

إِنَّ ٱلصَّفَا وَٱلۡمَرۡوَةَ مِن شَعَآئِرِ ٱللَّهِۖ فَمَنۡ حَجَّ
ٱلۡبَيۡتَ أَوِ ٱعۡتَمَرَ فَلَا جُنَاحَ عَلَيۡهِ أَن يَطَّوَّفَ بِهِمَاۚ
وَمَن تَطَوَّعَ خَيۡرٗا فَإِنَّ ٱللَّهَ شَاكِرٌ عَلِيمٌ ﴿١٥٨﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ
يَكۡتُمُونَ مَآ أَنزَلۡنَا مِنَ ٱلۡبَيِّنَٰتِ وَٱلۡهُدَىٰ مِنۢ بَعۡدِ مَا بَيَّنَّٰهُ
لِلنَّاسِ فِي ٱلۡكِتَٰبِ أُوْلَٰٓئِكَ يَلۡعَنُهُمُ ٱللَّهُ وَيَلۡعَنُهُمُ
ٱللَّٰعِنُونَ ﴿١٥٩﴾ إِلَّا ٱلَّذِينَ تَابُواْ وَأَصۡلَحُواْ وَبَيَّنُواْ فَأُوْلَٰٓئِكَ
أَتُوبُ عَلَيۡهِمۡ وَأَنَا ٱلتَّوَّابُ ٱلرَّحِيمُ ﴿١٦٠﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ
وَمَاتُواْ وَهُمۡ كُفَّارٌ أُوْلَٰٓئِكَ عَلَيۡهِمۡ لَعۡنَةُ ٱللَّهِ وَٱلۡمَلَٰٓئِكَةِ
وَٱلنَّاسِ أَجۡمَعِينَ ﴿١٦١﴾ خَٰلِدِينَ فِيهَا لَا يُخَفَّفُ عَنۡهُمُ
ٱلۡعَذَابُ وَلَا هُمۡ يُنظَرُونَ ﴿١٦٢﴾

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:** ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنى زىكىر ۋە شۈكۈرگە بۇيرۇغىنىدا، ئۇلارنى ناماز ۋە سەۋر بىلەن ئاللاھتىن ياردەم سوراشقا بۇيرۇغان. بۇ ئايەتلەر ھەجنىڭ ئەھمىيىتى، ئىلمنى تارقىتىشنىڭ زۆرۈرلىكى ۋە ئۇنى يوشۇرۇشنىڭ گۇناھى، يەھۇدىي ۋە خرىستىيانلارغا ئوخشاش ئاللاھتىن كەلگەن ھىدايەتنى، دەلىل - پاكىتلارنى يوشۇرۇشنىڭ خەتىرى ھەققىدە توختالغان. ئەھلى كىتاب ھەقىقەتنى يوشۇرغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ئازابىغا دۇچار بولغان.

**تەپسىرى:** 158. «سەفا بىلەن مەرۋە» ھەرەمنىڭ يېنىدىكى

ئىككى تاغنىڭ ئىسمى. «ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ (دىنىنىڭ) ئالامەتلىرىدىندۇر» ، يەنى ئاللاھنىڭ دىنىنىڭ ئالامەتلىرى ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇغان پائالىيەتلەرنىڭ بەلگىلىرىدۇر. ھەج قىلغان ياكى ئۆمرە قىلغان ئادەم ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سەئيى قىلسا ھېچ گۇناھ يوق (مۇشرىكلار ئىلاھلىرىنى رازى قىلىش ئۈچۈن بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا سەئيى قىلسا، سىلەر ئاللاھ ئۈچۈن سەئيى قىلىڭلار). كىمكى پەرز ھەجنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، نەپلە ھەج ياكى ئۆمرەگە ئوخشاش ئۆز ئىختىيارى بىلەن بىرەر ياخشىلىق قىلىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭ ئەمەلىنىڭ مۇكاپاتىنى بېرىدۇ، ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرىنى بىكار قىلىۋەتمەيدۇ، ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر. 159. «بۇ كىتابتا (تەۋراتتا) كىشىلەرگە توغرا يولنى ئېنىق بايان قىلغىنىمىزدىن كېيىن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ راست پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان، بىز نازىل قىلغان روشەن دەلىللەرنى ۋە توغرا يولنى يوشۇرىدىغانلارغا ئاللاھ لەنەت قىلىدۇ ۋە ئۇلارنى رەھمىتىدىن يىراق قىلىدۇ؛ پەرىشتىلەر ۋە مۆمىنلەرمۇ ئۇلارغا شۇنداق لەنەت قىلىدۇ.» چۈنكى ئۇلار ھەقىقەتنى يوشۇرغۇچى، تەۋراتنى بۇرمىلىغۇچى لەنەتكەردىلەردۇر. 160. پەقەت گۇناھلىرىغا پۇشايمان قىلىپ تەۋبە قىلغانلار، ھەقىقەتنى يوشۇرۇش بىلەن بۇرۇن بۇزغانلىرىنى ئىسلاھ قىلىپ تۈزەتكەنلەر ۋە تەۋراتنىڭ ئەھكاملىرىدىن يوشۇرغانلىرىنى كىشىلەرگە بايان قىلغانلارلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئەنە شۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىمەن، ئۇلارنىڭ خاتالىقلىرىنى كەچۈرۈۋېتىمەن، مەن تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇرمەن. ناھايىتى مېھرىباندۇرمەن. چۈنكى بەندىلىرىم ئۈچۈن مېنىڭ

رەھمىتىم كەڭ، مەغپىرىتىم كۆپتۇر. 161. شۈبھىسىزكى، كاپىر بولۇپ، كاپىرلىقىغا داۋام قىلىپ، ئاخىرى شۇ پېتى ئۆلگەنلەر بار، ئەنە شۇلار چوقۇم ئاللاھنىڭ، پەرىشتىلەرنىڭ ۋە پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ لەنىتىگە ئۇچرايدۇ، ئۇلار كاپىرلارنىڭمۇ لەنىتىگە ئۇچرايدۇ، چۈنكى كاپىرلار قىيامەت كۈنى بىر - بىرىگە لەنەت قىلىشىدۇ. 162. ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ، ئازاب ئۇلاردىن يېنىكلىتىلمەيدۇ، ئۇلارغا بېرىلىدىغان ئازاب كىچىكلىتىلمەيدۇ، ئۇلار بۇ دۇنيادىن ئايرىلغان ھامان ئازاب ئۇلارنى تۇتىدۇ. «ئۇلاردىن ئازاب بىردەممۇ يېنىكلىتىلمەيدۇ، ئۇلار دوزاختا ھەر قانداق بىر ياخشىلىقتىن ئۈمىدسىزدۇر.»

**بۇ ئايەتلەرنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى:** ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ سەفا - مەرۋە ھەققىدە سورالغىنىدا، «سەفا بىلەن مەرۋە ئارىسىدا سەئيى قىلىشنى بىز جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ ئادەتلىرى دەپ بىلەتتۇق، ئىسلام كەلگەندىن كېيىن ئۇنىڭدىن ساقلاندۇق» دېگەندە، ئاللاھ تائالا: «سەفا بىلەن مەرۋە ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ (دىنىنىڭ) ئالامەتلىرىدۇر» دېگەن ئايەتنى چۈشۈرگەن.

**ئىلاۋە:** 1. جاھىلىيەت دەۋرىدە، سەفا تېغىدا «ئەساف»، مەرۋە تېغىدا «نائىلە» دەپ ئاتىلىدىغان ئىككى بۇت بار ئىدى، مۇشرىكلار بۇ ئىككىسىنى تەۋەررۇك بىلىپ تاۋاپ قىلاتتى. شۇڭا مۇسۇلمانلار سەفا - مەرۋىنى سەئيى قىلىش ئىشىدا مۇشرىكلارغا ئوخشاپ قېلىشتىن قورقىدۇ. شۇ ۋاقىتتا بۇ ئايەت چۈشۈپ ئۇلارغا چۈشەنچە بېرىدۇ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ سەئيى قىلىشى ئاللاھ ئۈچۈن بولغاچقا، مۇشرىكلارنىڭكىگە

ئوخشىمايدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. 2. شۈكۈرنىڭ مەنىسى ياخشىلىق قىلغان بىرىگە ياخشى سۆزلەر بىلەن رەھمەت ۋە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش دېگەنلىك بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۆز بەندىلىرىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشى مۇمكىن بولمايدىغان ۋە ئاللاھنىڭ شەنىگە لايىق كەلمەيدىغان ئىش. چۈنكى ئاللاھ ھېچكىمگە موھتاج ئەمەس. شۇڭا ئۆلىمالار ئايەتتىكى «شاكىر»، يەنى «شۈكۈر قىلغۇچى» دېگەن سۆزنى ساۋاپ بەرگۈچى دېگەن مەنىدە شەرھلىگەن. 3. دەيمىزكى، سەلەف سالىھنىڭ ئەقىدىسى بويىچە، ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىنى كەلگەن پېتى ئىسپات قىلىمىز. بۇ ئاللاھقا لايىق كېلىدىغان شۈكۈر بولىدۇ.

وَإِلَٰهُكُمۡ إِلَٰهٞ وَٰحِدٞۖ لَّآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ ٱلرَّحۡمَٰنُ ٱلرَّحِيمُ ١٦٣
إِنَّ فِي خَلۡقِ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ وَٱخۡتِلَٰفِ ٱلَّيۡلِ وَٱلنَّهَارِ
وَٱلۡفُلۡكِ ٱلَّتِي تَجۡرِي فِي ٱلۡبَحۡرِ بِمَا يَنفَعُ ٱلنَّاسَ وَمَآ أَنزَلَ
ٱللَّهُ مِنَ ٱلسَّمَآءِ مِن مَّآءٖ فَأَحۡيَا بِهِ ٱلۡأَرۡضَ بَعۡدَ مَوۡتِهَا وَبَثَّ
فِيهَا مِن كُلِّ دَآبَّةٖ وَتَصۡرِيفِ ٱلرِّيَٰحِ وَٱلسَّحَابِ ٱلۡمُسَخَّرِ
بَيۡنَ ٱلسَّمَآءِ وَٱلۡأَرۡضِ لَأٓيَٰتٖ لِّقَوۡمٖ يَعۡقِلُونَ ١٦٤ وَمِنَ ٱلنَّاسِ
مَن يَتَّخِذُ مِن دُونِ ٱللَّهِ أَندَادٗا يُحِبُّونَهُمۡ كَحُبِّ ٱللَّهِۖ وَٱلَّذِينَ
ءَامَنُوٓاْ أَشَدُّ حُبّٗا لِّلَّهِۗ وَلَوۡ يَرَى ٱلَّذِينَ ظَلَمُوٓاْ إِذۡ يَرَوۡنَ
ٱلۡعَذَابَ أَنَّ ٱلۡقُوَّةَ لِلَّهِ جَمِيعٗا وَأَنَّ ٱللَّهَ شَدِيدُ ٱلۡعَذَابِ ١٦٥
إِذۡ تَبَرَّأَ ٱلَّذِينَ ٱتُّبِعُواْ مِنَ ٱلَّذِينَ ٱتَّبَعُواْ وَرَأَوُاْ ٱلۡعَذَابَ
وَتَقَطَّعَتۡ بِهِمُ ٱلۡأَسۡبَابُ ١٦٦ وَقَالَ ٱلَّذِينَ ٱتَّبَعُواْ لَوۡ أَنَّ لَنَا

كَرَّةً فَنَتَبَرَّأَ مِنْهُمْ كَمَا تَبَرَّءُواْ مِنَّاۗ كَذَٰلِكَ يُرِيهِمُ ٱللَّهُ
أَعْمَٰلَهُمْ حَسَرَٰتٍ عَلَيْهِمْۖ وَمَا هُم بِخَٰرِجِينَ مِنَ ٱلنَّارِ ﴿١٦٧﴾

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:** ئاللاھ تائالا كاپىرلارنىڭ ھالىنى ۋە ئۇلارغا ئاخىرەتتە تەييارلانغان ئازابنىڭ قاتتىقلىقىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، بۇ يەردە ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىنى ۋە بىرلىكىنى بايان قىلىپ، ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىغا دەلىل - پاكىتلارنى زىكىر قىلىدۇ. ئالدى بىلەن يۇقىرى ئالەملەرنى، ئاندىن تۆۋەن ئالەملەرنى، كېچە بىلەن كۈندۈزنى، ئاندىن دېڭىزلاردا يۈرىدىغان كېمىلەرنى، ئاندىن جانلىقلار ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ھاياتى بولغان يامغۇرنى، يەر يۈزىدىكى ھايۋانلارنى، شامال، بۇلۇتلارنى بايان قىلىپ، ئاخىرىدا، ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ئاجايىب سەنئەتلىرى ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىشقا، ئەقىل ئىشلىتىشكە چاقىرىدۇ.

**بۇ ئايەتلەرنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى:** ئەتادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا »سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار بىر ئىلاھتۇر» دېگەن ئايەت چۈشكەندە، قۇرەيش كاپىرلىرى ئىنسانلار بىرلا ئىلاھقا قانداق سىغىدۇ؟ دېيىشكەن. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن «ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىشىدە، كىشىلەرگە پايدىلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ دېڭىزدا ئۈزۈپ يۈرگەن كېمىلەردە، ئاللاھ بۇلۇتتىن ياغدۇرۇپ بەرگەن، ئۆلگەن زېمىننى تىرىلدۈرىدىغان يامغۇردا، يەر يۈزىگە تارقىتىۋەتكەن ھايۋاناتلاردا، شامال يۆنىلىشلىرىنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرۇشىدا، ئاسمان - زېمىن ئارىسىدا بويسۇندۇرۇلغان بۇلۇتلاردا، چۈشىنىدىغان كىشىلەر

ئۈچۈن ئەلۋەتتە (ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) دەلىللەر باردۇر» دېگەن ئايەت نازىل بولغان.

**تەپسىرى:** 163. سىلەرنىڭ ئىبادەت قىلىشقا ھەقلىق بولغان ئىلاھىڭلار، زاتىدا ياكى سۈپەتلىرىدە ياكى ئىشلىرىدا ئوخشىشى بولمىغان يېگانە ئىلاھتۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق ھەقىقىي ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ نېمەت ۋە ئاتا - ئېھسانىنىڭ مەنبەسىدۇر؛ ناھايىتى شەپقەتلىكتۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر. 164. ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ ئاجايىپ ھېكمەتلىك شەكىلدە يارىتىلىشىدا، بۇ ئىككىسى ئارىسىدىكى ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان ئاجايىپ سەنئەتلەردە، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ مۇكەممەل ئىنتىزام بىلەن نۆۋەتلىشىشىدە، كېچىدىن كېيىن كۈندۈز، كۈندۈزدىن كېيىن كېچە كېلىشتەك ئالمىشىشتا، كۈندۈز ئۇزۇن، كېچە قىسقا ۋە بەزىدە ئەكسىچە بولۇشىدا، كىشىلەرگە پايدىلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ دېڭىزدا ئۈزۈپ يۈرگەن چوڭ كېمە - پاراخوتلاردا، ئاللاھ بۇلۇتتىن ياغدۇرۇپ بەرگەن، ئۆلگەن زېمىننى تىرىلدۈرىدىغان، ئىنسانلار ۋە جىمى جانلىقلارنىڭ ھاياتى بولغان يامغۇردا، تۈرى، رەڭگى ۋە ئاۋازى بىر - بىرىدىن پەرقلىق ھالدا يەر يۈزىگە تارقىتىۋەتكەن ھايۋاناتلاردا، شامال يۆنىلىشلىرىنىڭ شىمال، جەنۇب تەرەپلەرگە بۇرۇلۇشىدا، سوغۇق - ئىسسىق بولۇپ ئۆزگىرىپ تۇرۇشىدا، ئاسمان - زېمىن ئارىسىدا، ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتى بىلەن بويسۇندۇرۇلغان، ئاللاھ تائالا خالىغان تەرەپلەرگە ۋە جايلارغا يامغۇرلارنى ياغدۇرىدىغان بۇلۇتلاردا، ئەقىل ئىشلىتىپ چۈشىنىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى، ئاجايىپ ھېكمىتىنى،

كـەڭ رەھمىتىنـى كۆرسـىتىدىغان دەلىللـەر بـار. 165. بـەزى ئادەملەردىكـى جاھالـەت شـۇ دەرىجىگـە يەتكەنكـى، ئـۇلار بۇتلارنـى، كاتتىباشـلارنى ئاللاھقا شـېرىك قىلىۋالـىدۇ، ئۇلارنـى خـۇددى مۆمىنلەرنىـڭ ئاللاھنـى دوسـت تۇتقىنىـدەك دوسـت تۇتـىدۇ، ئۇلۇغلايـدۇ ۋە ئۇلارغـا بويسـۇنىدۇ. مۆمىنلـەر ئاللاھنـى ھەممىدىن ـ مۇشـرىكلار يالغان ئىلاھلىرىنى دوست تۇتقىنىدىنمۇ بـەك دوسـت تۇتقۇچـىلاردۇر، زالىمـلار (قىيامـەت كۈنـى ئۆزلىرىگە تەييارلانغـان) ئازابنـى كۆرگـەن چاغـدا پۈتـۈن كـۈچ - قۇۋۋەتنىڭ ئاللاھقا مەنسـۇپ ئىكەنلىكىنـى ۋە ئاللاھنىـڭ ئازابىنىـڭ قاتتىـق ئىكەنلىكىنـى كاشـكى بىلسـە ئىـدى. دۇنيـادا ئاللاھقـا شـېرىك كەلتۈرگەنلىكلىرىگـە ھەددىدىـن زىيـادە پۇشـايمان قىلاتتـى. 166. ئەگەشـتۈرگۈچىلەر ئاخىرەتتىكـى قاتتىـق ئازابنـى كـۆرۈپ، ئەگەشـكۈچىلەردىن ئـادا - جـۇدا بولـىدۇ. ئۇلارنىـڭ ئۆزئـارا مۇناسـىۋىتى ـ دۇنيادىكـى دوسـتلۇقى، يېقىنلىقـى ۋە ھەرقانـداق رىشتىسـى پۈتۈنلـەي ئۈزۈلـىدۇ. 167. ئەگەشـكۈچىلەر «كاشـكى، بىزلەرگـە دۇنياغـا قايتىشقا مۇمكىـن بولسـا ئىـدى، ئـۇلار بىزدىـن ئـادا - جـۇدا بولغانـدەك بىزمـۇ ئۇلاردىـن ئـادا - جـۇدا بولاتتۇق» دەپ، بـۇ دۇنيـادا ئۆزلىرىنـى ئازدۇرغـان ئازغـۇن يولباشـچىلىرى ئاخىرەتتىكـى قاتتىـق كۈنـدە ئۇلاردىـن ئـادا - جـۇدا بولغانـدەك، ئۇلارمـۇ بـۇ دۇنياغـا قايتىـپ ئازدۇرغۇچىلىرىدىـن ئـادا - جـۇدا بولۇشـنى ئـارزۇ قىلـىدۇ. ئاللاھ ئۇلارنىـڭ ھەسـرەت - نادامىتىنـى تېخىمـۇ ئاشـۇرۇش ئۈچـۈن، ئۇلارغـا يامان ئىشـلىرىنى مۇشـۇنداق كۆرسـىتىدۇ، ئـۇلار دوزاختىـن چىقالمايـدۇ، چۈنكـى چىقىشـقا ھېچقانـداق يـول يـوق، ئـۇلار دوزاختـا مەڭگـۈ قالـىدۇ.

ئىـلاۋە: 1. ئاللاھ تائـالا يۇقىرىقـى ئايەتلـەردە ئۆزىنىـڭ

بىرلىكىگە ئىشارەت قىلىپ مەخلۇقاتلىرىنىڭ ئاجايىپلىرىدىن سەككىز تۈرنى بايان قىلغان. بۇلارنىڭ بىرىنچىسى، ئاسمانلارنى ۋە ئۇلاردىكى قۇياش، ئاي، يۇلتۇزلارنى ياراتقانلىقى؛ ئىككىنچىسى، زېمىن ۋە ئۇنىڭدىكى تاغ، دەريا، دەرەخ، مەدەن قاتارلىقلار؛ ئۈچىنچىسى، كېچە - كۈندۈزنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىق ئەھۋالى، يورۇق ۋە قاراڭغۇلۇق ئۆزگىرىشى؛ تۆتىنچىسى، تاغلارغا ئوخشايدىغان چوڭ پاراخوتلارنىڭ دېڭىزلاردا يۈرۈشى؛ بەشىنچىسى، ئىنسان، ھايۋان ۋە ئۆسۈملۈكتىن ئىبارەت جىمى مەۋجۇداتنىڭ ھاياتى ئۈچۈن شەرت بولغان يامغۇرنىڭ يېتەرلىك مىقداردا چۈشۈرۈلىشى؛ ئالتىنچىسى، زېمىن يۈزىدە ئىنسانلاردىن ۋە ھايۋانلاردىن ھەرخىل شەكىللىك ۋە ھەرخىل رەڭلىك قىلىپ ياراتقانلىقى؛ يەتتىنچىسى، كۈچى بىلەن تاشلارنى ۋە دەرەخلەرنى ئۆرۈپ تاشلايدىغان شامالنىڭ ئىنتايىن لەرزان ھالدا نازۇكلۇق بىلەن يۈرۈشى؛ سەككىزىنچىسى، زور مىقداردىكى سۇنى كۆتۈرۈپ ماڭغان بۇلۇتلارنىڭ شۇنچە ئېغىر تۇرۇپ ئاسمان بىلەن زېمىن ئوتتۇرىسىدا مۇئەللەقتە تۇرۇشىدۇر. 2. «شامال يۆنىلىشلىرىنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرۇشىدا» دېگەن سۆز قۇرئان كەرىمدە بىرلىك ۋە كۆپلۈك شەكىللىرى بىلەن كەلگەن. رەھمەت سۆزى بىلەن ياندىشىپ كەلگەندە كۆپلۈك شەكلىدە، ئازاب سۆزى بىلەن ياندىشىپ كەلگەندە بىرلىك شەكلى بىلەن كەلگەن. مەسىلەن: «ئاللاھنىڭ سىلەرگە ئۆزىنىڭ رەھمىتىنى تېتىتىش، ئەمرى بويىچە كېمىلەرنى دېڭىزلاردا ماڭدۇرۇش، ئۆزىنىڭ مەرھەمىتىدىن تىلىشىڭلار ۋە شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈن شاماللارنى يامغۇر بىلەن خۇش خەۋەر بەرگۈچى قىلىپ ئەۋەتىشى ئاللاھنىڭ (كامالى قۇدرىتىنى

كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر» (رۇم سۈرىسى -46ئايەت).
«رەھمىتىنى (يامغۇرنى) ياغدۇرۇش ئالدىدا شامالنى خۇش
خەۋەر قىلىپ ئەۋەتكەن زات ئاللاھتۇر. ئاسماندىن پاك
سۇنى چۈشۈرۈپ بەردۇق» (فۇرقان سۈرىسى -48ئايەت). بۇ
ئايەتلەردە رەھمەت بىلەن بايان قىلىنىپ كۆپلۈك شەكلىدە
كەلگەن. ئەمما تۆۋەندىكى ئايەتلەردە بىرلىك شەكلى بىلەن
كەلگەن: «ئاد بولسا ھەددىدىن زىيادە قاتتىق ۋە سوغۇق
بوران بىلەن ھالاك قىلىندى» (ھاققە سۈرىسى-6ئايەت).
«ئۇ (بوران) ھەر قانداق نەرسىنىڭ يېنىدىن ئۆتسە، ئۇنى
چىرىگەن سۆڭەكتەك (تىتما - تالان) قىلىۋېتەتتى» (زارىيات
سۈرىسى -41ئايەت).

يَـٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ كُلُواْ مِمَّا فِى ٱلْأَرْضِ حَلَـٰلًا طَيِّبًا وَلَا تَتَّبِعُواْ
خُطُوَٰتِ ٱلشَّيْطَـٰنِ ۚ إِنَّهُۥ لَكُمْ عَدُوٌّ مُّبِينٌ ﴿١٦٨﴾ إِنَّمَا يَأْمُرُكُم
بِٱلسُّوٓءِ وَٱلْفَحْشَآءِ وَأَن تَقُولُواْ عَلَى ٱللَّهِ مَا لَا تَعْلَمُونَ ﴿١٦٩﴾
وَإِذَا قِيلَ لَهُمُ ٱتَّبِعُواْ مَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ قَالُواْ بَلْ نَتَّبِعُ مَآ
أَلْفَيْنَا عَلَيْهِ ءَابَآءَنَآ ۗ أَوَلَوْ كَانَ ءَابَآؤُهُمْ لَا يَعْقِلُونَ شَيْـًٔا
وَلَا يَهْتَدُونَ ﴿١٧٠﴾ وَمَثَلُ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ كَمَثَلِ ٱلَّذِى يَنْعِقُ
بِمَا لَا يَسْمَعُ إِلَّا دُعَآءً وَنِدَآءً ۚ صُمٌّۢ بُكْمٌ عُمْىٌ فَهُمْ لَا
يَعْقِلُونَ ﴿١٧١﴾ يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ كُلُواْ مِن طَيِّبَـٰتِ مَا
رَزَقْنَـٰكُمْ وَٱشْكُرُواْ لِلَّهِ إِن كُنتُمْ إِيَّاهُ تَعْبُدُونَ ﴿١٧٢﴾ إِنَّمَا حَرَّمَ
عَلَيْكُمُ ٱلْمَيْتَةَ وَٱلدَّمَ وَلَحْمَ ٱلْخِنزِيرِ وَمَآ أُهِلَّ بِهِۦ لِغَيْرِ
ٱللَّهِ ۖ فَمَنِ ٱضْطُرَّ غَيْرَ بَاغٍ وَلَا عَادٍ فَلَآ إِثْمَ عَلَيْهِ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ

غَفُورٌ رَّحِيمٌ ﴿١٧٣﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ يَكۡتُمُونَ مَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ مِنَ
ٱلۡكِتَٰبِ وَيَشۡتَرُونَ بِهِۦ ثَمَنٗا قَلِيلًا أُوْلَٰٓئِكَ مَا يَأۡكُلُونَ
فِي بُطُونِهِمۡ إِلَّا ٱلنَّارَ وَلَا يُكَلِّمُهُمُ ٱللَّهُ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ
وَلَا يُزَكِّيهِمۡ وَلَهُمۡ عَذَابٌ أَلِيمٌ ﴿١٧٤﴾ أُوْلَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ
ٱشۡتَرَوُاْ ٱلضَّلَٰلَةَ بِٱلۡهُدَىٰ وَٱلۡعَذَابَ بِٱلۡمَغۡفِرَةِۚ فَمَآ
أَصۡبَرَهُمۡ عَلَى ٱلنَّارِ ﴿١٧٥﴾ ذَٰلِكَ بِأَنَّ ٱللَّهَ نَزَّلَ ٱلۡكِتَٰبَ بِٱلۡحَقِّۗ
وَإِنَّ ٱلَّذِينَ ٱخۡتَلَفُواْ فِي ٱلۡكِتَٰبِ لَفِي شِقَاقِۭ بَعِيدٖ ﴿١٧٦﴾

**تەپسىرى:** 168. «ئى ئىنسانلار! يەر يۈزىدىكى ھالال - پاكىز نەرسىلەردىن يەڭلار» دېگەن بۇيرۇق پۈتۈن ئىنسانلار جىنسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەنى ئەقىلگە، تەن ساقلىققا زىيانلىق بولمىغان، ئاللاھ ھالال قىلغان پاك نەرسىلەردىن يەڭلار. «شەيتاننىڭ يوللىرىغا ئەگەشمەڭلار»، يەنى شەيتاننىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشمەڭلار، گۇناھنى ۋە يامان ئىشلارنى چىرايلىق كۆرسەتكەن ئالدامچىلىقىغا ئىشەنمەڭلار. چۈنكى شەيتان سىلەرگە ئوچۇق دۈشمەندۇر. 169. شەيتان سىلەرنى ھەرگىز ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇمايدۇ، پەقەت يامانلىقلارغا، قەبىھ گۇناھلارغا ۋە ئاللاھ نامىدىن يالغاندىن ھالالنى ھارام قىلىش ۋە ھارامنى ھالال قىلىشتەك ئېغىر گۇناھلارغا بۇيرۇيدۇ. سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى ئېيتىشقا بۇيرۇيدۇ. 170. مۇشرىكلارغا ھەرقاچان «ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىگە چۈشۈرگەن ۋەھيىگە، قۇرئانغا ئەگىشىڭلار، سىلەر ئەگىشىۋاتقان جاھالەت ۋە خۇراپاتلارنى تاشلاڭلار» دېيىلسە، ئۇلار: «ياق، بىز ئاتا - بوۋىلىرىمىزدىن قالغان

دىنغا ئەگىشىمىز» دېيىشىدۇ. مۇشرىكلارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى هېچ نەرسىنى چۈشەنمىگەن، ئەقىلسىز ۋە توغرا يولدا بولمىغان تۇرسا، يەنە ئۇلارغا ئەگىشەمدۇ؟» بۇ جايدىكى سوراق ئىشارىتى ئۇلارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىنى قارىغۇلارچە دورۇشىغا كايىش، هالىدىن ئەجەبلىنىش ۋە قىلغانلىرىنى رەت قىلىش مەنىسىدە كەلگەن. 171. ئاندىن ئاللاھ تائالا كاپىرلار ئۈچۈن ناهايىتى ئوچۇق بىر مىسالنى كەلتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: كاپىرلار ئوپئوچۇق دەلىل ـ پاكىتلاردىن، قۇرئان كەرىمدىن ئىبارەت روشەن نۇردىن هېچقانداق مەنپەئەت ئالماسلىقتا، ئۇلارنى هىدايەتكە دەۋەت قىلغۇچىنىڭ سۆزىنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمەي تاۋۇشىنى ۋە نىدانىلا ئاڭلايدىغان چاھارپايلارغا ئوخشاش بولۇپ، ئۇلار ھەقنى ئاڭلاشتىن گاستۇر، ھەقنى سۆزلەشتىن گاچىدۇر، ھەقنى كۆرۈشتىن كوردۇر، ئۇلار ۋەز - نەسىھەتنى چۈشەنمەيدۇ. بۇ ئايەت شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، كاپىرلار سۆزلەرنى ئاڭلايدۇ، ئەمما مەنىسىنى چۈشەنمەيدۇ، ئۇلار خۇددى چاھارپايلارغا ئوخشاشتۇر. شۇڭا قۇرئان سۈرىسىدە «ئۇلار هايۋانلارغا ئوخشاشتۇر، بەلكى هايۋاندىنمۇ ئازغۇندۇر» دېيىلگەن. 172. ئاندىن ئاللاھ تائالا مۆمىنلەرگە خىتاب قىلغان، چۈنكى ئۇلار ۋەز - نەسىھەتنى قوبۇل قىلىدىغان، ھەقنى چۈشىنىدىغان كىشىلەردۇر. ئى مۆمىنلەر! بىز سىلەرنى رىزىقلاندۇرغان هالال نەرسىلەردىن يەڭلار، ئەگەر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىدىغان بولساڭلار، ئاللاھنىڭ سىلەرگە ئاتا قىلغان ھەددى - ھېسابسىز نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىڭلار. 173. ئاللاھ سىلەرگە ئۆزى ئۆلۈپ قالغان هايۋاننىڭ گۆشىنى، قاننى، چوشقا گۆشىنى، ئاللاھنىڭ نامى ئېيتىلماستىن بۇتلارنىڭ ياكى باشقا ساختا ئىلاھلارنىڭ نامى ئېيتىلىپ

بوغۇزلانغان ھايۋاننىڭ گۆشىنى يېيىشنى ھارام قىلدى، كىمكى ئۆز ئىختىيارىچە ئەمەس، ئىلاجسىزلىقتىن (يۇقىرىقى ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن) ھاياتىنى ساقلاپ قالغۇدەك مىقداردا يېسە، ئۇنىڭغا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. ھەقىقەتەن ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر، بەندىلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرىدۇ، خۇسۇسەن مۇنداق شارائىتلاردا ئىختىيارسىز ئىشلەپ سالغان گۇناھلىرىنى ئەپۇ قىلغۇچىدۇر. 174. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاخىر زامان پەيغەمبىرى ئىكەنلىكى ھەققىدە ئاللاھ تەۋراتتا خەۋەر بەرگەن ھەقىقەتلەرنى يوشۇرىدىغان ۋە ئۇنى ئازغىنا پۇلغا ساتىدىغان يەھۇدىيلارنىڭ قارنىغا يېگىنى قىيامەت كۈنى ئۇلار ئۈچۈن پەقەت ئوتتىن ئىبارەت، ئاللاھ قىيامەت كۈنى ئۇلارغا مۆمىنلەرگە قىلغاندەك چىرايلىق سۆز قىلمايدۇ، ئۇلارنى جىنايەت ۋە گۇناھلىرىدىن ھېچ پاكلىمايدۇ، ئۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ. 175. ئەنە شۇلار ھىدايەتنى زالالەتكە، مەغپىرەتنى ئازابقا، جەننەتنى دوزاخقا تېگىشتى، ئۇلار دوزاخ ئازابىغا نېمىدېگەن چىداملىق! بۇ، مۆمىنلەرنى كاپىرلارنىڭ شۇنداق چوڭ گۇناھلارنى قورقماستىن ئىشلەۋاتقانلىقىغا ئەجەبلەندۈرۈش ئۈچۈندۇر. 176. ئاندىن ئاللاھ تائالا ئازاب ۋە جازانىڭ سەۋەبىنى بايان قىلىدۇ. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئاللاھ ئۇلارغا نۇرلۇق كىتاب تەۋراتنى چۈشۈرگەن، ئەمما يەھۇدىيلار ئۇنىڭدىكى تەلىماتلارنى ۋە بىشارەتلەرنى ئۆزگەرتىۋەتتى، ئاندىن ئۇلار، يەنى ئىختىلاپ قىلغۇچىلار ئۆزلىرى ئۆزگەرتكەن ۋە تەۋىل قىلغان بۇ كىتاب توغرىسىدا ھەقىقەتتىن يىراق ھالدا چوڭقۇر نىزادىدۇر.

**بۇ ئايەتلەرنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى:** ئىبنى ئابباس مۇنداق دېگەن: بۇ ئايەت يەھۇدىيلارنىڭ كەئب ئىبنى ئەشرەف، مالىك ئىبنى سەيف، ھەييى ئىبنى ئەختەب قاتارلىق كاتتىباشلىرى ھەققىدە چۈشكەن. ئۇلار ئەگەشكۈچىلىرىدىن سوۋغاتلارنى ئالاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەلگەندىن كېيىن، ئۇلار بۇ ماددىي مەنپەئەتلەردىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقۇپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى يوشۇردى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن: «ئاللاھ كىتابتا نازىل قىلغان نەرسىلەرنى يوشۇرىدىغان ۋە ئۇنى ئازغىنە پۇلغا ساتىدىغانلارنىڭ قارنىغا يېگىنى پەقەت ئوتتۇر» دېگەن ئايەت چۈشكەن.

**ئىلاۋە:** 1. ئىبنى ئابباستىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا «ئى ئىنسانلار! زېمىندىكى ھالال - پاكىز نەرسىلەردىن يەڭلار، شەيتاننىڭ يوللىرىغا ئەگەشمەڭلار» ، دېگەن ئايەت ئوقۇلۇۋېدى، سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس: «يا رەسۇلەللاھ! ماڭا دۇئا قىلسىڭىز، دۇئايىم ئىجابەت قىلىنىدىغان بولسام» دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ھالال يېگىن، دۇئايىڭ ئىجابەت بولىدۇ، ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بىر لوقما ھارام يېگەن ئادەمنىڭ قىرىق كۈنلۈك ئىبادىتى قوبۇل بولمايدۇ، بەدىنى ھارام بىلەن ئۆسكەن ئادەم دوزاخقا ئەڭ لايىقتۇر» دېگەن. 2. بەزى سەلەف سالىھلار «شەيتاننىڭ يوللىرى...» دېگەن ئايەت پۈتۈن گۇناھلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ۋە ھەرقانداق يامان ئىشقا قىلىنغان ۋەدىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، دەيدۇ. 3. ئىبنى قەييىم مۇنداق دېگەن: «كاپىرلارنى ھىدايەتكە دەۋەت قىلغۇچى

خۇددى مەنىسىنى چۈشەنمەي تاۋۇشىنى ۋە نىدانىلا ئاڭلايدىغان چاھارپايلارنى چاقىرغان ئادەمگە ئوخشايدۇ، (كاپىرلار ھەقنى ئاڭلاشتىن) گاستۇر، (ھەقنى سۆزلەشتىن) گاچىدۇر، (ھەقنى كۆرۈشتىن) كوردۇر، ئۇلار (ۋەز - نەسىھەتنى) چۈشەنمەيدۇ» دېگەن ئايەتنى مۇرەككەپ ئوخشىتىش ياكى ئالاھىدە پەرقلىق ئوخشىتىش دەپ چۈشىنەلەيسىز. ئەگەر مۇرەككەپ ئوخشىتىش دەپ چۈشەنسىڭىز، بۇ ئوخشىتىش كاپىرلارنىڭ ھەقىقەتنى چۈشەنمەيدىغان ھالىنى پادىچى چاقىرسا قۇلاق سالمىغان قويغا ئوخشاتقانلىق بولىدۇ؛ ئەگەر بۇ ئوخشىتىشنى ئايرىم ئوخشىتىش دەپ چۈشەنسىڭىز، كاپىرلارنىڭ ئەقىلسىزلىق ھالىنى ھايۋانلارنىڭ ھالىغا ئوخشاتقانلىق بولىدۇ.

لَّيْسَ ٱلْبِرَّ أَن تُوَلُّوا۟ وُجُوهَكُمْ قِبَلَ ٱلْمَشْرِقِ وَٱلْمَغْرِبِ
وَلَٰكِنَّ ٱلْبِرَّ مَنْ ءَامَنَ بِٱللَّهِ وَٱلْيَوْمِ ٱلْءَاخِرِ وَٱلْمَلَٰٓئِكَةِ
وَٱلْكِتَٰبِ وَٱلنَّبِيِّـۧنَ وَءَاتَى ٱلْمَالَ عَلَىٰ حُبِّهِۦ ذَوِى ٱلْقُرْبَىٰ
وَٱلْيَتَٰمَىٰ وَٱلْمَسَٰكِينَ وَٱبْنَ ٱلسَّبِيلِ وَٱلسَّآئِلِينَ وَفِى
ٱلرِّقَابِ وَأَقَامَ ٱلصَّلَوٰةَ وَءَاتَى ٱلزَّكَوٰةَ وَٱلْمُوفُونَ بِعَهْدِهِمْ
إِذَا عَٰهَدُوا۟ ۖ وَٱلصَّٰبِرِينَ فِى ٱلْبَأْسَآءِ وَٱلضَّرَّآءِ وَحِينَ ٱلْبَأْسِ ۗ
أُو۟لَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ صَدَقُوا۟ ۖ وَأُو۟لَٰٓئِكَ هُمُ ٱلْمُتَّقُونَ ﴿١٧٧﴾ يَٰٓأَيُّهَا
ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ كُتِبَ عَلَيْكُمُ ٱلْقِصَاصُ فِى ٱلْقَتْلَى ۖ ٱلْحُرُّ
بِٱلْحُرِّ وَٱلْعَبْدُ بِٱلْعَبْدِ وَٱلْأُنثَىٰ بِٱلْأُنثَىٰ ۚ فَمَنْ عُفِىَ لَهُۥ
مِنْ أَخِيهِ شَىْءٌ فَٱتِّبَاعٌۢ بِٱلْمَعْرُوفِ وَأَدَآءٌ إِلَيْهِ بِإِحْسَٰنٍ ۗ
ذَٰلِكَ تَخْفِيفٌ مِّن رَّبِّكُمْ وَرَحْمَةٌ ۗ فَمَنِ ٱعْتَدَىٰ بَعْدَ

ذَٰلِكَ فَلَهُۥ عَذَابٌ أَلِيمٌ ﴿١٧٨﴾ وَلَكُمْ فِى ٱلْقِصَاصِ حَيَوٰةٌ
يَٰٓأُو۟لِى ٱلْأَلْبَٰبِ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ ﴿١٧٩﴾ كُتِبَ عَلَيْكُمْ إِذَا
حَضَرَ أَحَدَكُمُ ٱلْمَوْتُ إِن تَرَكَ خَيْرًا ٱلْوَصِيَّةُ لِلْوَٰلِدَيْنِ
وَٱلْأَقْرَبِينَ بِٱلْمَعْرُوفِ ۖ حَقًّا عَلَى ٱلْمُتَّقِينَ ﴿١٨٠﴾ فَمَنۢ بَدَّلَهُۥ
بَعْدَ مَا سَمِعَهُۥ فَإِنَّمَآ إِثْمُهُۥ عَلَى ٱلَّذِينَ يُبَدِّلُونَهُۥٓ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ
سَمِيعٌ عَلِيمٌ ﴿١٨١﴾ فَمَنْ خَافَ مِن مُّوصٍ جَنَفًا أَوْ إِثْمًا
فَأَصْلَحَ بَيْنَهُمْ فَلَآ إِثْمَ عَلَيْهِ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ غَفُورٌ رَّحِيمٌ ﴿١٨٢﴾

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:** بۇ سۈرىنىڭ بېشىدىن بۇ يەرگىچىلىك ئاساسەن ئىمان، ئەقىدە ۋە ئىسرائىل ئەۋلادلىرىنىڭ قەبىھ يامانلىقلىرى بايان قىلىنغان بولۇپ، كېيىنكى يېرىمى شەرىئەتنىڭ شاخچە مەسىلىلىرىنى بايان قىلغان. بۇ يەردىكى مۇناسىۋەت شۇكى، ئاللاھ تائالا ئىلگىرىكى ئايەتتە ئەھلى كىتابنىڭ دىن ئىشلىرىدا ئۆزئارا ئىختىلاپلىشىپ، بىر - بىرىگە دۈشمەن پىرقىلەرگە ئايلىنىپ قالغانلىقىنى بايان قىلغان. ئۇلارنىڭ دىن ئىشلىرىدىكى چوڭ ئىختىلاپلىرىنىڭ بىرى قىبلە مەسىلىسى بولۇپ، ئەھلى كىتاب مۇسۇلمانلارنىڭ كەئبىگە يۈز كەلتۈرۈشىنى قوبۇل قىلالمىدى. يەھۇدىيلار بىلەن خىرىستىيانلارنىڭ ھەر بىرى ھىدايەت، توغرا يول ۋە توغرا دىنىنىڭ ئۇلارنىڭ قىبلىسىگە ئەگىشىشتە ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلىشتى. شۇڭا ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتلەردە ئۇلارنىڭ گۇمانلىرىغا رەددىيە بېرىپ، ھەقىقىي ئىبادەت، مەشرىق ياكى مەغرىبكە قاراش ئەمەس، ئىمان ئېيتىش، ياخشى ئىش قىلىش، ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىش بىلەن

بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

**بۇ ئايەتلەرنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى:** قەتادەدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، جاھىلىيەتتە ئىنسانلار شەيتانلارغا ئىتائەت قىلغانلىقتىن، ئادالەتلىك ئىش قىلىشتىن يىراق ئىدى. ئۇلار بىر - بىرىگە ئۆكتەملىك قىلاتتى. بىرسىنىڭ قۇلى يەنە بىرىنىڭ قۇلىنى ئۆلتۈرىۋەتكەن بولسا، ئۆلگەن قۇلنىڭ ئىگىسى قىساس ئۈچۈن ھۆر ئادەمنى ئۆلتۈرىمىز دەيتتى، بىر قەبىلە يەنە بىر قەبىلىدىن بىر ئايالنى ئۆلتۈرىۋەتكەن بولسا، ئۆلتۈرۈلگەن ئايالنىڭ قەبىلىسى ئۇنىڭ قىساسى ئۈچۈن ئەرنى ئۆلتۈرىمىز، دەپ تۇرىۋالاتتى. ئاللاھ تائالا بۇ ئادالەتسىزلىكنى يوق قىلىش ئۈچۈن «ئى مۆمىنلەر! ئۆلتۈرۈلگەنلەر ئۈچۈن قىساس ئېلىش سىلەرگە پەرز قىلىندى، ھۆر ئادەم ئۈچۈن ھۆر ئادەمدىن، قۇل ئۈچۈن قۇلدىن، ئايال ئۈچۈن ئايالدىن قىساس ئېلىنىدۇ...» دېگەن ئايەتنى چۈشۈرگەن.

**تەپسىرى:** 177. ياخشى ئىش قىلىش ئىنساننىڭ نامازدا قىبلە تەرەپكە قارىشى بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. يەنى ناماز ئوقۇش بىلەنلا ھەممە ياخشىلىقنى قىلغان بولمايدۇ. لېكىن ھەقىقىي ياخشىلىق ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە، ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىگە، پەيغەمبەرلىرىگە ۋە كىتابلىرىغا ئىمان ئېيتىش، يېقىن تۇغقانلىرىدىن باشلاپ يېقىر - بىچارىلەرگە، يېتىملەرگە، ھېچ نەرسىسى يوق كىشىلەرگە، سەپەر ئۈستىدە پۇلىدىن ئايرىلىپ يولدا قالغان مۇساپىرلارغا، مەجبۇرلۇقتىن نەرسە سورىغانلارغا، قۇللارنى ۋە ئەسىرلەرنى ئازات قىلىش ئىشلىرىغا مال - دۇنيا بېرىش، سەرپ قىلىش، نامىزىنى تولۇق ئادا قىلىپ، زاكاتنى ھەقلىق بولغانلارغا

يەتكۈزۈپ بېرىش، بالا - قازاغا سەۋر قىلىش، كېسەللىك، پېقىرلىق كۈنلىرىدە سەۋر قىلىپ ئاللاھتىن ياردەم سوراش قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. مۇنداق كىشىلەر ئىمانى كامىل ۋە تەقۋالىقى جايىدا بولغان كىشىلەردۇر. 178. ئى مۆمىنلەر! ئۆلتۈرۈلگەنلەر ئۈچۈن ئاشۇرۇۋەتمەستىن، ھەددىڭلاردىن ئاشماستىن، ئادالەتلىك ھالدا قىساس ئېلىش سىلەرگە پەرز قىلىندى، ھۆر ئادەم ئۈچۈن ھۆر ئادەمدىن، قۇل ئۈچۈن قۇلدىن، ئايال ئۈچۈن ئايالدىن قىساس ئېلىنىدۇ، يەنى جىنايەتچىنىڭ ئۆزىدىنلا قىساس ئېلىنىدۇ. ھۆر ئادەم ھۆر ئادەمنى ئۆلتۈرگەن بولسا، شۇ ھۆر قاتىلنى مەزكۇر ھۆر ئۆلتۈرۈلگۈچى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈڭلار، قۇل ۋە ئايالمۇ شۇنداق. قاتىلدىن باشقىلارنى ئۆلتۈرۈش زۇلۇمدۇر. قاتىل ئۈچۈن (دىنىي) قېرىندىشى تەرىپىدىن بىرنەرسە كەچۈرۈم قىلىنسا، يەنى ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىسى قاتىلدىن دىيەت ئېلىشقا رازى بولۇپ، قىساس ئېلىشتىن ۋاز كەچسە، ئۇ ھالدا جىنايەتچىدىن دىيەتنى چىرايلىقچە تەلەپ قىلىشى لازىم، جىنايەتچىمۇ دىيەتنى كېچىكتۈرمەستىن، كېمەيتىۋەتمەستىن ياخشىلىقچە ۋە تولۇق بېرىشى لازىم. بۇ (ھۆكۈم) پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن (سىلەرگە بېرىلگەن) يېنىكلىتىش ۋە رەھمەتتۇر. چۈنكى دىيەتتە قاتىل ئۈچۈن ۋە ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىلىرى ئۈچۈن پايدا بار. دىيەتنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن چېكىدىن ئېشىپ، قاتىلنى ئۆلتۈرگەن ئادەم ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ. 179. ئى ئەقىل ئىگىلىرى! سىلەرگە قىساستا ھاياتلىق بار، چۈنكى كىشى بىراۋنى ئۆلتۈرگەن تەقدىردە ئۆزىنىڭمۇ ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىنى بىلسە، ئۇ، ئادەم ئۆلتۈرۈشتىن يانىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ۋە ئۇ ئۆلتۈرمەكچى

بولغان ئادەممۇ ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىنسانلارنىڭ قېنى ناھەق تۆكۈلۈشتىن ساقلىنىپ قالىدۇ. شۇڭا، ناھەق قان تۆكۈشتىن ساقلىنىشنىڭلار ئۈچۈن قىساس يولغا قويۇلدى. 180. ئەگەر سىلەردىن بىرەيلەن ئۆلۈش ئالدىدا كۆپ مال قالدۇرسا، ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىغا ۋە خىش - ئەقرىبالىرىغا مال - مۈلكىنىڭ ئۈچتىن بىرىدىن ئارتۇق بولماسلىقى ۋە بايلارغا بەرمەسلىكى شەرتى بىلەن ئادالەتلىك ھالدا ۋەسىيەت قىلىشى تەقۋادارلارنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك بۇرچى سۈپىتىدە پەرز قىلىندى. بۇ ئايەت مىراس ئايىتى چۈشۈشتىن بۇرۇن نازىل بولغان بولۇپ، مىراس ئايىتىنىڭ چۈشۈشى بىلەن ھۆكمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. 181. ۋەسىيەتنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، كىمكى ئۇنى ئۆزگەرتىدىكەن، ئۇنىڭ گۇناھى ئۆزگەرتكەنلەرگە يۈكلىنىدۇ. چۈنكى مۇنداق قىلغۇچىلار ۋەسىيەتكە خىيانەت قىلغان ۋە ئاللاھنىڭ ھۆكمىنى ئۆزگەرتكەنلەردۇر. ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچى ۋە ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. بۇ ئايەتتە ۋەسىيەتنى ئۆزگەرتكۈچىلەر ئۈچۈن تەھدىت بار. 182. كىمكى ۋەسىيەت قىلغۇچىنىڭ سەۋەنلىكى ياكى قەستەن ناتوغرا قىلغانلىقىنى بىلىپ، ۋەسىيەت قىلغۇچىلار بىلەن ۋەسىيەت قىلىنغۇچىلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەپ قويسا، بۇ ئۆزگەرتىش بىلەن ئۇنىڭغا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، ئاللاھ ئىشىنى خالىس قىلغۇچىلارغا ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

**ئىلاۋە:** 1. ئايەتتە قاتىل بىلەن ئۆلتۈرۈلگۈچى ئوتتۇرىسىدا قېرىنداش سۆزىنى زىكىر قىلىش كەچۈرۈمچانلىققا ئېلىپ

بارىدىغان مېھرىبانلىقنى قوزغاش ئۈچۈندۇر. قاتىلنى ئۆلگۈچىنىڭ ئىگىلىرى ئۈچۈن قېرىنداش قىلىپ بايان قىلىشتىن مەقسەتمۇ، ئۇلارنىڭ دىنىي قېرىنداشلىق رىشتىسىنى خاتىرلىتىش ئۈچۈن. مۇنداق قىلىش ھەر ئىككى تەرەپنى بىر - بىرىگە يۇمشاشقا ئېلىپ بېرىپ كەچۈرۈمچانلىقنى قوزغايدۇ، ئاخىرىدا ئۆزئارا كەچۈرۈۋېتىدۇ. 2. يەھۇدىيلاردا قىساس بار، دىيەت يوق ئىدى، خرىستىيانلاردا دىيەت بار، قىساس يوقتۇر. ئاللاھ تائالا ئىسلام ئۇممىتىگە ئىككىسىنىڭ بىرىنى تاللاشنى بۇيرۇش ئارقىلىق ئۇلارغا ئوڭايلىق تۇغدۇرۇپ بەرگەن. 3. تىل ۋە ئىستىلىستىكا ئالىملىرى «سىلەرگە قىساستا ھاياتلىق بار» دېگەن ئايەتنىڭ بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئۆلگىسى ئىكەنلىكىدە بىردەك ئىتتىپاقتۇر. چۈنكى ئەرەبلەرنىڭ جاھىلىيەتتە پەخىرلىنىپ كەئبىگە ئاسقان «القتل انفى للقتل» دېگەن مەشھۇر بەدىئىي سۆزىدىن «سىلەرگە قىساستا ھاياتلىق بار» دېگەن ئايەتنىڭ 19 تەرەپتىن ئالاھىدە يۇقىرى بەدىئىيلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئەدەبىيات ۋە ئىستىلىستىكا ئالىملىرى بىردەك تەكىتلىمەكتە. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى بىلەن بەندىنىڭ سۆزى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەردىن بىرىدۇر.

يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ كُتِبَ عَلَيۡكُمُ ٱلصِّيَامُ كَمَا كُتِبَ
عَلَى ٱلَّذِينَ مِن قَبۡلِكُمۡ لَعَلَّكُمۡ تَتَّقُونَ ﴿١٨٣﴾ أَيَّامٗا مَّعۡدُودَٰتٖۚ
فَمَن كَانَ مِنكُم مَّرِيضًا أَوۡ عَلَىٰ سَفَرٖ فَعِدَّةٞ مِّنۡ أَيَّامٍ أُخَرَۚ
وَعَلَى ٱلَّذِينَ يُطِيقُونَهُۥ فِدۡيَةٞ طَعَامُ مِسۡكِينٖۖ فَمَن تَطَوَّعَ
خَيۡرٗا فَهُوَ خَيۡرٞ لَّهُۥۚ وَأَن تَصُومُواْ خَيۡرٞ لَّكُمۡ إِن كُنتُمۡ

تَعۡلَمُونَ ١٨٤ شَهۡرُ رَمَضَانَ ٱلَّذِيٓ أُنزِلَ فِيهِ ٱلۡقُرۡءَانُ هُدٗى
لِّلنَّاسِ وَبَيِّنَٰتٖ مِّنَ ٱلۡهُدَىٰ وَٱلۡفُرۡقَانِۚ فَمَن شَهِدَ مِنكُمُ
ٱلشَّهۡرَ فَلۡيَصُمۡهُۖ وَمَن كَانَ مَرِيضًا أَوۡ عَلَىٰ سَفَرٖ فَعِدَّةٞ
مِّنۡ أَيَّامٍ أُخَرَۗ يُرِيدُ ٱللَّهُ بِكُمُ ٱلۡيُسۡرَ وَلَا يُرِيدُ
بِكُمُ ٱلۡعُسۡرَ وَلِتُكۡمِلُواْ ٱلۡعِدَّةَ وَلِتُكَبِّرُواْ ٱللَّهَ عَلَىٰ مَا
هَدَىٰكُمۡ وَلَعَلَّكُمۡ تَشۡكُرُونَ ١٨٥ وَإِذَا سَأَلَكَ عِبَادِي
عَنِّي فَإِنِّي قَرِيبٌۖ أُجِيبُ دَعۡوَةَ ٱلدَّاعِ إِذَا دَعَانِۖ
فَلۡيَسۡتَجِيبُواْ لِي وَلۡيُؤۡمِنُواْ بِي لَعَلَّهُمۡ يَرۡشُدُونَ ١٨٦ أُحِلَّ
لَكُمۡ لَيۡلَةَ ٱلصِّيَامِ ٱلرَّفَثُ إِلَىٰ نِسَآئِكُمۡۚ هُنَّ لِبَاسٞ
لَّكُمۡ وَأَنتُمۡ لِبَاسٞ لَّهُنَّۗ عَلِمَ ٱللَّهُ أَنَّكُمۡ كُنتُمۡ
تَخۡتَانُونَ أَنفُسَكُمۡ فَتَابَ عَلَيۡكُمۡ وَعَفَا عَنكُمۡۖ فَٱلۡـَٰٔنَ
بَٰشِرُوهُنَّ وَٱبۡتَغُواْ مَا كَتَبَ ٱللَّهُ لَكُمۡۚ وَكُلُواْ وَٱشۡرَبُواْ حَتَّىٰ
يَتَبَيَّنَ لَكُمُ ٱلۡخَيۡطُ ٱلۡأَبۡيَضُ مِنَ ٱلۡخَيۡطِ ٱلۡأَسۡوَدِ مِنَ
ٱلۡفَجۡرِۖ ثُمَّ أَتِمُّواْ ٱلصِّيَامَ إِلَى ٱلَّيۡلِۚ وَلَا تُبَٰشِرُوهُنَّ وَأَنتُمۡ
عَٰكِفُونَ فِي ٱلۡمَسَٰجِدِۗ تِلۡكَ حُدُودُ ٱللَّهِ فَلَا تَقۡرَبُوهَاۗ كَذَٰلِكَ
يُبَيِّنُ ٱللَّهُ ءَايَٰتِهِۦ لِلنَّاسِ لَعَلَّهُمۡ يَتَّقُونَ ١٨٧

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:**
ئاللاھ تائالا ئالدىنقى ئايەتلەردە قىساس، ۋەسىيەت ۋە بۇ ئىككىسىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى بايان قىلغان بولسا، بۇ ئايەتلەردە روزىنىڭ ئەھكاملىرىنى تولۇق ۋە تەپسىلىي بايان قىلغان. چۈنكى بۇ سۈرىنىڭ بۇ قىسمى شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، رامىزان روزىسى

ئىسلام پەرزلىرىنىڭ ئەڭ ئاساسلىقلىرىدىن سانىلىدۇ.

**بۇ ئايەتلەرنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى:** رىۋايەت قىلىنىشىچە، بىر توپ سەھرالىق ئەرەبلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: «ئى مۇھەممەد! ئاللاھ بىزگە يېقىنمۇ ياكى يىراقمۇ؟» دەپ سورىغاندا، «مېنىڭ بەندىلىرىم سەندىن مەن توغرۇلۇق سورىسا (ئۇلارغا ئېيتقىنكى)، مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا يېقىنمەن» دېگەن ئايەت چۈشكەن.

**تەپسىرى:** 183. ئاللاھ تائالا مۆمىنلەرنىڭ ئىتائەتچانلىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۇلارنى مۆمىنلىك سۈپىتى بىلەن چاقىرىپ مۇنداق دېگەن: «ئى مۆمىنلەر! گۇناھلاردىن ساقلىنىشىڭلار ۋە تەقۋالىق مەرتىۋىسىگە يېتىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ (رامىزان روزىسى) پەرز قىلىندى». 184. سىلەرگە پەرز قىلىنغان بۇ روزا ساناقلىق كۈنلەردۇر، سىلەرگە يىلىنىڭ ھەممە كۈنىدە روزا تۇتۇش پەرز قىلىنغىنى يوق. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتى ۋە كەڭچىلىكى ئىدى. سىلەردىن كىمكى كېسەل ياكى سەپەر ئۈستىدە بولۇپ روزا تۇتمىغان بولسا، تۇتمىغان كۈنلەرنىڭ قازاسىنى باشقا كۈنلەردە تۇتسۇن؛ روزىنى (قېرىلىق ياكى ئاجىزلىق تۈپەيلىدىن مۇشەققەت بىلەن) ئاران تۇتىدىغان كىشىلەر ئەگەر روزا تۇتمىسا، تۇتمىغان ھەر بىر كۈنلۈكى ئۈچۈن بىر مىسكىن تويغۇدەك تاماق پىدىيە بېرىشى لازىم. كىمكى فىدىيىنى (بەلگىلەنگەن مىقداردىن) ئارتۇق بەرسە، بۇ ئۆزى ئۈچۈن ياخشىدۇر، روزا تۇتۇشنىڭ پەزىلىتىنى ۋە كۆپ ئەجرىنى بىلسەڭلار، روزا تۇتۇش سىلەر ئۈچۈن ئېغىر ئوچۇق يۈرۈشتىن ۋە پىدىيە بېرىشتىن ئەلۋەتتە

ياخشىدۇر. 185. ئاللاھ تائالا روزا تۇتۇشنىڭ ۋاقتىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «رامىزان ئېيىدا قۇرئان نازىل بولۇشقا باشلىدى، قۇرئان ئىنسانلار ئۈچۈن توغرا يولغا يېتەكچىدۇر، ھىدايەت قىلغۇچى ۋە ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىغۇچى روشەن ئايەتلەردۇر. سىلەردىن كىمكى رامىزان ئېيىدا ھازىر بولسا رامىزان روزىسىنى تۇتسۇن؛ كىمكى كېسەل ياكى سەپەر ئۈستىدە (مۇساپىر) بولۇپ رامىزان روزىسىنى تۇتمىغان بولسا، تۇتمىغان كۈنلەر ئۈچۈن باشقا كۈنلەردە تۇتسۇن. ئاللاھ بۇ رۇخسەتلەر ئارقىلىق پەقەت سىلەرگە ئاسانلىقنى خالايدۇ، تەسلىكنى خالىمايدۇ، رامىزاندا يۇقىرىقى ئۆزرىلەر تۈپەيلى ئاغزىڭلار ئوچۇق يۈرگەن كۈنلەرنىڭ قازاسىنى باشقا كۈنلەردە قىلىش بىلەن رامىزان روزىسىنىڭ سانىنى تولدۇرۇشۇڭلارنى، سىلەرنى ئىسلامدىن ئىبارەت توغرا يولغا ھىدايەت قىلغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھنى ئۇلۇغلىشىڭلارنى، ئۇنىڭ كاتتا ئىنئاملىرىغا شۈكۈر قىلىشىڭلارنى خالايدۇ». 186. ئاندىن ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ ئۇنى چاقىرغۇچىلارغا ئەڭ يېقىن ئىكەنلىكىنى، دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ھەمىشە ئاڭلاپ تۇرىدىغانلىقىنى ۋە ھاجەتلىرىنى راۋا قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭ بەندىلىرىم سەندىن مەن توغرۇلۇق سورىسا (ئۇلارغا ئېيتقىنكى)، مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا يېقىنمەن، يەنى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى، سۆزلىرىنى بىلىپ تۇرىمەن. ماڭا دۇئا قىلسا، مەن دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن، ئۇلار ئىككى دۇنيالىق سائادەتمەنلەردىن بولۇشقا توغرا يول تېپىش ئۈچۈن مېنىڭ دەۋىتىمنى قوبۇل قىلسۇن ۋە ھەمىشە ئىمان بىلەن بولسۇن». قاف سۈرىسىنىڭ 16 - ئايىتىدە، ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە بولغان يېقىنلىقى «بىز ئۇلارغا ئۇلارنىڭ

جان تومۇرىدىنمۇ بەك يېقىنمىز» دەپ بايان قىلىنغان. 187. ئاندىن ئاللاھ تائالا روزىنىڭ ئەھكاملىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «روزا كېچىلىرىدە ئاياللىرىڭلارغا يېقىنچىلىق قىلىش سىلەرگە ھالال قىلىندى. ئۇلار سىلەر ئۈچۈن كىيىمدۇر. سىلەرمۇ ئۇلار ئۈچۈن كىيىمسىلەر». ئىبنى ئابباس مۇنداق دېگەن: ئۇلار سىلەر ئۈچۈن كىيىم، سىلەرمۇ ئۇلار ئۈچۈن كىيىمسىلەر دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى، ئۇلار سىلەر ئۈچۈن ئارامگاھتۇر، سىلەرمۇ ئۇلار ئۈچۈن ئارامگاھسىلەر، دېگەنلىكتۇر. «ئاللاھ ئۆز ئۆزۈڭلارنى ئالدىغانلىقىڭلارنى بىلدى» ، يەنى رامىزان كېچىلىرىدە ئاياللىرىڭلارغا يېقىنچىلىق قىلىپ ئەمرگە خىلاپلىق قىلغانلىقىڭلارنى بىلدى. چۈنكى ئىسلامنىڭ ئاۋۋالقى دەۋرىدە رامىزان كېچىلىرىدە ئەر - خوتۇنلارنىڭ يېقىنچىلىق قىلىشى چەكلەنگەن بولۇپ، كېيىن بۇ ھۆكۈم ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى بىلەن ئەمەلدىن قالغان ئىدى. ئىمام بۇخارىي مۇنداق دېگەن: ئىسلامنىڭ ئاۋۋالقى دەۋرىدە، رامىزان كېچىلىرىدە ئەرلەر ئاياللارغا يېقىنچىلىق قىلمايتتى. ئەمما بەزى كىشىلەر بۇ ئەمرگە خىلاپلىق قىلىپ، ئاياللىرىغا يېقىنچىلىق قىلىپ قويغان. شۇڭا ئاللاھ تائالا: «ئاللاھ تەۋبەڭلەرنى قوبۇل قىلدى، سىلەرنى ئەپۇ قىلدى» دېگەن ئايەتنى چۈشۈرگەن. «ئەمدى رامىزان كېچىلىرىدىمۇ ئاياللىرىڭلارغا يېقىنچىلىق قىلىڭلار، ئاللاھ سىلەرگە تەقدىر قىلغان نەرسىنى (پەرزەنتنى) تەلەپ قىلىڭلار، تاكى تاڭنىڭ ئاق يىپى قارا يىپىدىن ئايرىلغانغا (تاڭ يورۇغانغا) قەدەر يەڭلار، ئىچىڭلار، ئاندىن كەچ كىرگۈچە روزا تۇتۇڭلار. سىلەر مەسجىدتە ئېتىكاپتا ئولتۇرغان چېغىڭلاردا، كۈندۈز بولسۇن ياكى كېچە بولسۇن، ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلماڭلار. ئەنە

شۇلار ئاللاھ بەلگىلىگەن چېگرىلاردۇر، ئەمر - پەرمانلاردۇر ۋە شەرىئەت ئەھكاملىرىدۇر. ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلماڭلار. كىشىلەرنىڭ ھارام قىلىنغان ئىشلاردىن ساقلىنىشلىرى ئۈچۈن، ئاللاھ ئايەتلىرىنى ئۇلارغا مۇشۇنداق بايان قىلىدۇ».

**ئىلاۋە:** 1. ھەسەندىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېگەن: ئاللاھ تائالا رامىزان روزىسىنى ئىلگىرى يەھۇدىيلار بىلەن خىرىستىيانلارغىمۇ پەرز قىلغان بولۇپ، يەھۇدىيلار بۇ ئاينى تاشلاپ باشقا بىر كۈندە روزا تۇتۇشنى ئادەت قىلىۋالغان ۋە ئۇ كۈننى ئاللاھ مۇسا ئەلەيھىسسالامنى غەرق قىلغان كۈن دەپ گۇمان قىلىشقان. خىرىستىيانلار بولسا، رامىزان ئېيىدا روزا تۇتاتتى، رامىزان ئېيى قاتتىق ئىسسىق كۈنلەرگە توغرا كېلىپ قالغاندىن كېيىن، روزا تۇتۇشنى ۋاقتى ئۆزگەرمەيدىغان قىلىپ باشقا ۋاقىتلارغا بەلگىلىۋالغان. ئاندىن ئۇلار روزا كۈننى ئۇزارتىمىز دەپ ئون كۈننى قوشۇۋالغان، كېيىنچە ئۇلارنىڭ پادىشاھى يەتتە كۈننى قوشۇۋالغان، ئاندىن باشقا بىر پادىشاھ كېلىپ، ئۈچ كۈن كەم قاپتۇ دەپ يەنە ئۈچ كۈن قوشۇپ، روزا تۇتۇشنى 50 كۈن قىلىپ بەلگىلىۋالغان. ئاللاھ تائالانىڭ تەۋبە سۈرىسى 31 - ئايەتتىكى «ئۇلار ئۆلىمالىرىنى ۋە راھىبلىرىنى ئىلاھ قىلىۋالغان» دېگەن سۆزى بۇ مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. 2. ئىبنى كەسىر مۇنداق دېگەن: ئاللاھ تائالانىڭ روزىنىڭ بايانىدىكى سۆزىدە «مېنىڭ بەندىلىرىم سەندىن مەن توغرۇلۇق سورىسا...» دېگەن ئايەتنى بايان قىلىشى، رامىزان ئېيىدىكى ئېيتار ۋە سەھەر ۋاقىتلىرىدا دۇئانى كۆپ قىلىشنىڭ خاسىيىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈندۇر. بىر ھەدىستە: «روزا تۇتقان كىشىنىڭ ئېيتار

ۋاقتىدا قىلغان دۇئاسى رەت قىلىنمايدۇ» دېيىلگەن. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ھەر ئىپتار ۋاقتىدا: «ئى ئاللاھ، ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ رەھمىتىڭگە سېغىنىپ، گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلىشىڭنى سورايمەن» دەپ دۇئا قىلاتتى. 3. «ماڭا دۇئا قىلسا، مەن دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن» دېگەن ئايەتنىڭ زاھىرىي مەنىسى ئۇلارنىڭ ئاللاھتىن سورايدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. سوئال ئاللاھنىڭ زاتىدىن ئەمەس، بەلكى شۇ زاتنىڭ ئىشلىرىدىن بولىدۇ. يۇقىرىقى جۈملىنىڭ جاۋابىدىكى «مەن يېقىنمەن» دېگەن سۆز، ئۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ ئۇلاردىن يېقىن ياكى يىراقلىقىنى سورىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ يەردە «دېگىن» دېگەن سۆز قوللىنىلماستىن، ئاللاھ جاۋابنى بىۋاستە بېرىۋەتكەن. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە ناھايىتى بەك يېقىنلىقىنى، ھەرقانداق دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىشتا ۋاسىتىگە قاراشلىق ئەمەسلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. 4. ئىمام ئىبنى قەييىم مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا ئەرشنىڭ ئۈستىدە مەخلۇقاتلىرىنى كۆزىتىپ تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى بىلىپ تۇرىدۇ. ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگە يېقىن ئىكەنلىكىگە ئېتىقاد قىلىش ئىماننىڭ تەلەپلىرىدىن سانىلىدۇ». سەھىھ ھەدىستە: «سىلەر چاقىرىۋاتقان زات سىلەرگە سىلەر مىنىۋاتقان ئۇلاغنىڭ بوينىدىنمۇ بەك يېقىندۇر» دېيىلگەن. قۇرئان ۋە سۈننەتتىكى ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە يېقىن ئىكەنلىكى ھەققىدىكى بايانلار ئۇنىڭ ئۈستۈنلۈكىگە زىت كەلمەيدۇ. چۈنكى ئۈستۈنلۈك ئاللاھنىڭ شەنىگە قارىتىلغان بولۇپ، ئەمما يېقىنلىق ئۇنىڭ ھامىيلىقى ۋە قوغدىشىنى ئىپادىلەيدۇ. 5. ئاللاھ تائالا ئەر - خوتۇنلار ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان جىنسىي

مۇناسىۋەتنى ئىنتايىن ئېسىل ۋە چىرايلىق ئىبارە بىلەن بايان قىلغان. بۇ بىزگە ئەر - خوتۇنچىلىق ئەدەبلىرىنى ئۆگىتىش ئۈچۈندۇر. ئىبنى ئابباس ئاللاھ تائالانى تەرىپلەپ: «ئاللاھ تولىمۇ سېخىي، مېھرىبان زاتتۇر» دېگەن.

وَلَا تَأۡكُلُوٓاْ أَمۡوَٰلَكُم بَيۡنَكُم بِٱلۡبَٰطِلِ وَتُدۡلُواْ بِهَآ إِلَى
ٱلۡحُكَّامِ لِتَأۡكُلُواْ فَرِيقٗا مِّنۡ أَمۡوَٰلِ ٱلنَّاسِ بِٱلۡإِثۡمِ وَأَنتُمۡ
تَعۡلَمُونَ ﴿١٨٨﴾ يَسۡـَٔلُونَكَ عَنِ ٱلۡأَهِلَّةِۖ قُلۡ هِيَ مَوَٰقِيتُ لِلنَّاسِ
وَٱلۡحَجِّۗ وَلَيۡسَ ٱلۡبِرُّ بِأَن تَأۡتُواْ ٱلۡبُيُوتَ مِن ظُهُورِهَا
وَلَٰكِنَّ ٱلۡبِرَّ مَنِ ٱتَّقَىٰۗ وَأۡتُواْ ٱلۡبُيُوتَ مِنۡ أَبۡوَٰبِهَاۚ وَٱتَّقُواْ
ٱللَّهَ لَعَلَّكُمۡ تُفۡلِحُونَ ﴿١٨٩﴾ وَقَٰتِلُواْ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ ٱلَّذِينَ
يُقَٰتِلُونَكُمۡ وَلَا تَعۡتَدُوٓاْۚ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يُحِبُّ ٱلۡمُعۡتَدِينَ ﴿١٩٠﴾
وَٱقۡتُلُوهُمۡ حَيۡثُ ثَقِفۡتُمُوهُمۡ وَأَخۡرِجُوهُم مِّنۡ حَيۡثُ
أَخۡرَجُوكُمۡۚ وَٱلۡفِتۡنَةُ أَشَدُّ مِنَ ٱلۡقَتۡلِۚ وَلَا تُقَٰتِلُوهُمۡ عِندَ
ٱلۡمَسۡجِدِ ٱلۡحَرَامِ حَتَّىٰ يُقَٰتِلُوكُمۡ فِيهِۖ فَإِن قَٰتَلُوكُمۡ
فَٱقۡتُلُوهُمۡۗ كَذَٰلِكَ جَزَآءُ ٱلۡكَٰفِرِينَ ﴿١٩١﴾ فَإِنِ ٱنتَهَوۡاْ
فَإِنَّ ٱللَّهَ غَفُورٞ رَّحِيمٞ ﴿١٩٢﴾ وَقَٰتِلُوهُمۡ حَتَّىٰ لَا تَكُونَ
فِتۡنَةٞ وَيَكُونَ ٱلدِّينُ لِلَّهِۖ فَإِنِ ٱنتَهَوۡاْ فَلَا عُدۡوَٰنَ
إِلَّا عَلَى ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿١٩٣﴾ ٱلشَّهۡرُ ٱلۡحَرَامُ بِٱلشَّهۡرِ ٱلۡحَرَامِ
وَٱلۡحُرُمَٰتُ قِصَاصٞۚ فَمَنِ ٱعۡتَدَىٰ عَلَيۡكُمۡ فَٱعۡتَدُواْ
عَلَيۡهِ بِمِثۡلِ مَا ٱعۡتَدَىٰ عَلَيۡكُمۡۚ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ وَٱعۡلَمُوٓاْ
أَنَّ ٱللَّهَ مَعَ ٱلۡمُتَّقِينَ ﴿١٩٤﴾ وَأَنفِقُواْ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ وَلَا

تُلْقُواْ بِأَيْدِيكُمْ إِلَى ٱلتَّهْلُكَةِ وَأَحْسِنُوٓاْ إِنَّ ٱللَّهَ يُحِبُّ ٱلْمُحْسِنِينَ ﴿١٩٥﴾

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:** ئاللاھ تائالا ئالدىنقى ئايەتلەردە روزا ھەققىدىكى ئەھكاملارنى بايان قىلىپ، رامىزان كېچىلىرى يېمەك - ئىچمەك بىلەن نىمەتلىنىش ۋە جىنسىي مۇناسىۋەتنىڭ مۇباھ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن بولسا، بۇ ئايەتلەردە باشقىلارنىڭ ماللىرىنى ناھەق يەۋېلىشتىن توسىدۇ. چۈنكى، مۇسۇلماننىڭ باشقىلارنىڭ ماللىرىنى يەۋېلىشى، رامىزاندا بولسۇن ياكى رامىزاندىن باشقا ۋاقىتتا بولسۇن ھارام قىلىنغان. سۆز روزا ھەققىدە داۋام قىلىۋېتىپ، يېڭى چىققان ئاينىڭ زىكىر قىلىنىشى كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا سوئال تۇغدۇرۇشى مۇمكىن. ئەمما بۇ ئايەتلەر، يېڭى چىققان ئاي كىشىلەرگە روزا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئۇلارنى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرىدىغان ئىبادەتلەرنىڭ ۋاقىتلىرىنى ھېسابلاش ئۈچۈن زۆرۈر ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

**بۇ ئايەتلەرنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى:** رىۋايەت قىلىنىشىچە بىر بۆلۈك ساھابىلەر: ئى رەسۇللاھ، ئاي نېمە ئۈچۈن باشتا يىپتەك ئىنچىكە كۆرۈنۈپ، كېيىن ئاستا - ئاستا كېڭىيىپ تولىدۇ، كېيىن يەنە باشتا چىققىنىدەك ئىنچىكىلەيدۇ. نېمە ئۈچۈن قۇياشقا ئوخشاش بىر خىل تۇرمايدۇ؟ دەپ سورىغان. بۇنىڭغا جاۋابەن، «(ئى مۇھەممەد!) سەندىن يېڭى چىققان ئاي (ئاينىڭ كىچىك چىقىپ چوڭىيىدىغانلىقى، ئاندىن كىچىكلەيدىغانلىقى) توغرۇلۇق سورىشىدۇ.» دېگەن ئايەتنى

چۈشۈرگەن.

ئەنسارلاردىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، جاھىلىيەت دەۋرىدە بىر كىشى ئېھرام باغلىسا ئۆيگە ئىشىكتىن كىرمەي، ئۆيلەرنىڭ ئارقىسىدىن تۆشۈك ئېچىپ كىرەتتى، ياكى شوتا قويۇپ ئاتلاپ كىرەتتى، بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا «ئۆيلەرنىڭ ئارقىسىدىن تۆشۈك ئېچىپ كىرىش ياخشىلىقفا ياتمايدۇ» دېگەن ئايەتنى چۈشۈرگەن.

**تەپسىرى:** 188. «بىر - بىرىڭلارنىڭ ماللىرىنى ناھەق يەۋالماڭلار»، يەنى سىلەر بەزىڭلار بەزىڭلارنىڭ ماللىرىنى باتىل يوللار بىلەن يەۋېلىشكە ياردەم قىلىشى ئۈچۈن، ھاكىملارغا پارا بەرمەڭلار! ھالبۇكى سىلەر باتىل يولدا ئىكەنلىكىڭلارنى ۋە ھارام مالنى يېگەنلىكىڭلارنى بىلىسىلەر.
189. ئى مۇھەممەد، ئۇلار سەندىن يېڭى چىققان ئاي (ئاينىڭ نېمە ئۈچۈن باشتا يىپتەك كىچىك چىقىپ، كېيىن چوڭىيىپ يۇملاق بولىدىغانلىقى، كېيىن دەسلەپ چىققىنىدەك كىچىكلەپ قالىدىغانلىقى) ھەققىدە سورىشىدۇ. ئۇلارغا ئېيتقىنكى، ئۇ (كىشىلەرنىڭ تىرىكچىلىك، سودا - سېتىق، مۇئامىلە) روزا، ھەج ۋە زاكاتقا ئوخشاش ئىبادەتلەرنىڭ ۋاقىتلىرىنى بىلىش ئۈچۈن بىر ئالامەتتۇر. سىلەرنىڭ جاھىلىيەت دەۋرىدە قىلغىنىڭلاردەك، ئېھرامدىكى چېغىڭلاردا ئۆيلەرگە ئۆينىڭ ئارقىسىدىن تۆشۈك ئېچىپ كىرىش ياخشىلىقفا كىرمەيدۇ. لېكىن ئاللاھ تائالاغا يېقىنلاشتۇرىدىغان ياخشى ئەمەل ئاللاھنىڭ ئەمرىگە مۇخالىپ كېلىدىغان ۋە ئاللاھ ھارام قىلغان ئىشلاردىن ساقلىنىشتۇر. ئېھرامدىكى چېغىڭلاردا ئۆيلەرگە كىشىلەرنىڭ ئادەتتە كىرگىنىدەكلا، ئۆيۈڭلارنىڭ

دەرۋازىسىدىن كىرىڭلار، ئاللاھنىڭ رىزاسىغا ۋە بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھتىن قورقۇڭلار. 190. «ئاللاھنىڭ دىنىنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، سىلەرگە ئۇرۇش ئاچقان كاپىرلارغا قارشى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىڭلار. تاجاۋۇز قىلماڭلار، تاجاۋۇز قىلغۇچىلارنى ئاللاھ ھەقىقەتەن دوست تۇتمايدۇ»، يەنى ئۇلارغا ئاۋۋال ئۇرۇش ئاچماڭلار، ئاللاھ تائالا زۇلۇم قىلغانلارنى، چېكىدىن ئاشقۇچىلارنى ياخشى كۆرمەيدۇ. بۇ ھۆكۈم ئىسلامنىڭ باشلانغۇچىدىكى ھۆكۈم بولۇپ، كېيىن سۈرە تەۋبىدىكى «مۇشرىكلار سىلەرگە بىرلىكتە ھۇجۇم قىلغاندەك، سىلەرمۇ ئۇلارغا قارشى بىرلىكتە ھۇجۇم قىلىڭلار» دېگەن ئايەتنىڭ چۈشۈشى بىلەن بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمى ئەمەلدىن قالغان. يەنە بىر رىۋايەتكە كۆرە، بۇ ئايەتتىن كېيىن كېلىدىغان «(ئۇلارنى، يەنى مۇشرىكلارنى، ئۇلار ھەرەمدە بولسۇن، باشقا يەردە بولسۇن، ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايلاردا بولسۇن) ئۇچراتقان يەردە ئۆلتۈرۈڭلار»، دېگەن ئايەت بىلەن ئەمەلدىن قالغان دېيىلگەن. 191. ئۇلارنى نەدە تاپساڭلار، شۇ يەردە ئۆلتۈرۈڭلار، يەنى مۇشرىكلارنى مەيلى ئۇلار ھەرەمدە ياكى باشقا يەردە بولسۇن ياكى ئۇرۇش ھارام قىلىنغان يەردە بولسۇن، تاپقان يەردە ئۆلتۈرۈڭلار. ئۇلار سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن چىقىرىۋەتكەندەك، سىلەرمۇ ئۇلارنى يۇرتىدىن چىقىرىۋېتىڭلار. مۆمىننى دىنىدىن چىقارماق ئۇنى ئۆلتۈرمەكتىن بەكرەك يامانلار دۇر. ۋەھالەنكى، مۇشرىكلار ھەرەمدە ئۇرۇش قىلىش بەك ئېغىر گۇناھ دەپ قارايدىغان بولسا، ئۇلار شۇنى بىلسۇنكى، ئۇلارنىڭ كاپىرلىقى بەكرەك يامانلار دۇر. تاكى ئۇلار سىلەرگە ئۇرۇش ئاچمىغۇچە، سىلەر مەسجىدى ھەرەم ئەتراپىدا ئۇلارغا ئۇرۇش ئاچماڭلار.

ئەگەر ئۇلار مەسجىدى ھەرەم ئەتراپىدا ئۆزلىرى ئۇرۇش ئاچسا، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋېرىڭلار. چۈنكى ئۇلار ھەرەمنىڭ ھۆرمىتىنى دەپسەندە قىلىپ، سىلەرگە ئاۋۋال ئۇرۇش ئاچتى. يامان ئىشنى باشلىغۇچى تېخىمۇ بەكرەك زالىمدۇر. پۈتۈن كاپىرلارنىڭ جازاسى مانا مۇشۇنداق بولىدۇ. 192. ئەگەر ئۇلار مۇشرىكلىقتىن ۋاز كېچىپ مۇسۇلمان بولسا، ئۇرۇشتىن قولىنى تارتسا، ئاللاھ تەۋبە قىلغۇچىلارغا ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر. 193. مۇشرىكلارغا قارشى تاكى ئۇلارنىڭ شەۋكىتى يوقالغان، يەر يۈزىدە شېرىك قالمىغان ۋە ئاللاھنىڭ دىنى پۈتۈن دىنلاردىن ئۈستۈن بولغانغا قەدەر ئۇرۇش قىلىڭلار. ئەگەر ئۇلار سىلەرگە قارشى ئۇرۇشنى توختاتسا، سىلەرمۇ ئۇلارغا قارشى ئۇرۇشنى توختىتىڭلار. كىمكى ئۇلار ئۇرۇش توختاتقاندىن كېيىنمۇ ئۇلارغا قارشى ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرسا زۇلۇم قىلغان بولىدۇ. زالىملاردىن باشقىلارغا دۈشمەنلىك قىلىشقا بولمايدۇ. ياكى ئۇلار مۇشرىكلىقتىن ۋاز كېچىپ مۇسۇلمان بولسا، ئۇلارغا قارشى ئۇرۇشنى توختىتىڭلار.

ئاللاھ تائالا تۆۋەندە كېلىدىغان ئايەتتە، مۇشرىكلارنىڭ ھۇجۇمى ۋە دۈشمەنلىكلىرىدىن مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن، ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايلاردىمۇ ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشنىڭ مۇباھ ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: 194. «ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئاي ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايغا تەڭدۇر». ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايلاردا دۈشمىنىڭلار سىلەرگە چېقىلسا، شۇ ئايلاردا سىلەرمۇ ئۇلارغا چېقىلساڭلار بولىدۇ. ھۆرمىتى ساقلىنىشقا تېگىشلىك نەرسە تەڭ -

باراۋەردۇر. يەنى ھۆرمىتى ساقلىنىشقا تېگىشلىك نەرسىلەرنى باشقىلار دەپسەندە قىلسا، ئىنتىقام ئېلىش يۈزىسىدىن، سىلەرمۇ ئۇلارنى دەپسەندە قىلساڭلار ھېچ يامىنى يوق. «بىراۋ سىلەرگە قانچىلىك چېقىلغان بولسا، سىلەرمۇ ئۇنىڭغا شۇنچىلىك چېقىلىڭلار»، يەنى ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايلاردا سىلەرگە بىراۋ ھۇجۇم قىلسا، سىلەرمۇ ئۆزۈڭلارنى قوغداش ئۈچۈن ئۇلارغا شۇنچىلىك ھۇجۇم قىلىڭلار. پۈتۈن ئىشلىرىڭلاردا ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلىڭلار، بىلىڭلاركى، ئاللاھ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە تەقۋادارلار بىلەن بىللىدۇر. 195. «ئاللاھنىڭ يولىدا پۇل - مال سەرپ قىلىڭلار، ئۆزۈڭلارنى ھالاكەتكە تاشلىماڭلار»، يەنى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشقا ۋە ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرىدىغان باشقا ياخشى ئەمەللەر ئۈچۈن پۇل - مال سەرپ قىلىڭلار. ئاللاھ يولىدا نەپىقە قىلىشتا بېخىللىق قىلماڭلار. ئەگەر ئاللاھ يولىدا پۇل - مال سەرپ قىلىشتىن بېخىللىق قىلىدىكەنسىلەر، دۈشمەنلەر ئۈستۈڭلاردىن غالىب كېلىدۇ ۋە ھالاكەتكە دۇچار بولىسىلەر. «ئېھسان قىلىڭلار، ئېھسان قىلغۇچىلارنى ئاللاھ ھەقىقەتەن دوست تۇتىدۇ.»

**ئىلاۋە:** قۇرئان كەرىمدە جىھاد ياكى ئۇرۇش (قىتال) كەلىمىسى زىكىر قىلىنىپلا قالىدىكەن، «ئاللاھ يولىدا» دېگەن كەلىمە ياندىشىپ كېلىدۇ. بۇنىڭ مۇنداق بولۇشىدا، ئۇرۇش قىلىش غايىسىنىڭ ئاللاھنىڭ سۆزىنى ئۈستۈن قىلىشتىن ئىبارەت ناھايىتى يۈكسەك ۋە شەرەپلىك بىر غايە ئىكەنلىكى، ھاكىمىيەت، غەنىمەت، ياكى زېمىندا ئۈستۈنلۈكنى قولغا كەلتۈرۈشتەك رەزىل مەقسەتلەر ئەمەسلىكىگە ناھايىتى روشەن دەلىل باردۇر.

دىققەت: قۇرئان كەرىمدە، سوئال مەنىسىدە كەلگەن بارلىق جاۋاب جۈملىلەر « » ھەرپىسىز (قۇل)، يەنى دېگىن سۆزى بىلەن باشلىنىدىغان بولۇپ، پەقەت تاھا سۈرىسىدىلا ««پەرۋەردىگارىم ئۇلارنى كۇكۇم-تالقان قىلىپ (ئاندىن شامالنى ئەۋەتىپ ئۇنى سورۇيدۇ)» دېگەن جۈملىنىڭ جاۋابى « » ھەرپى بىلەن قوشۇلۇپ «فەقۇل» دەپ باشلانغان. بۇنىڭ ھېكمىتى شۇكى، باشقا يەرلەرنىڭ ھەممىسىدە «قۇل» بىلەن باشلانغان جاۋاب سورالغان سوئالنىڭ جاۋابى ئۈچۈن كەلگەن بولسا، بۇ ئايەتتە تېخى سورالمىغان، لېكىن سورىلىش ئېھتىمالى بولغان سوئالنىڭ جاۋابى بولغانلىقى ئۈچۈن «فەقۇل» دەپ باشلانغان. يەنى ئۇنىڭ مەنىسى، ئەگەر ئۇلار سەندىن تاغلار ھەققىدە سوئال سوراپ قالسا، «ئېيتقىنكى، پەرۋەردىگارىم ئۇلارنى كۇكۇم - تالقان قىلىپ ئاندىن شامالنى ئەۋەتىپ ئۇنى سورۇيدۇ».

**ئىلاۋە:**

رىۋايەت قىلىنىشىچە، مۇسۇلمانلاردىن بىر كىشى رۇم قوشۇنىغا ھۇجۇم قىلىپ، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئىچىگە بۆسۈپ كىردى. كىشىلەر «سۇبھانەللاھ» دەپ ۋارقىراپ - جارقىرىشىپ، بۇ كىشى ئۆز قولى بىلەن ئۆزىنى ھالاكەتكە تاشلىدى، دېيىشتى. ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارى مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەت بىز ئەنسارلار گۇرۇھى ھەققىدە چۈشكەن. قاچانكى ئاللاھ ئىسلامنى ئەزىز قىلىپ، ئىسلامنى قوللاپ ياردەم بېرىدىغانلارنىڭ سانى كۆپىيىۋېدى، بىز ماللىرىمىز بىلەن مەشغۇل بولۇپ. زايا بولۇپ كەتكەن ماللىرىمىزنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋالساق دېيىشتۇق. نەتىجىدە، بۇ ھەقتە، «ئاللاھنىڭ

يولىدا (پۇل - مال) سەرپ قىلىڭلار، ئۆزۈڭلارنى ھالاكەتكە تاشلىماڭلار، ئېھسان قىلىڭلار، ئېھسان قىلغۇچىلارنى ئاللاھ ھەقىقەتەن دوست تۇتىدۇ»، دېگەن بۇ ئايەت چۈشتى. بۇ ئايەتكە كۆرە ئۆزىنى ھالاكەتكە تاشلاش، مال - دۇنيا بىلەن مەشغۇل بولۇپ، ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشنى تاشلاشتۇر. ئەبۇ ئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاللاھ يولىدا جىھادقا ئاتلىنىپ چىققىنىچە ئاللاھ يولىدا شەھىد بولۇپ، رۇم زېمىنىغا دەپنە قىلىنىدى.

وَأَتِمُّواْ ٱلۡحَجَّ وَٱلۡعُمۡرَةَ لِلَّهِۚ فَإِنۡ أُحۡصِرۡتُمۡ فَمَا ٱسۡتَيۡسَرَ
مِنَ ٱلۡهَدۡيِۖ وَلَا تَحۡلِقُواْ رُءُوسَكُمۡ حَتَّىٰ يَبۡلُغَ
ٱلۡهَدۡيُ مَحِلَّهُۥۚ فَمَن كَانَ مِنكُم مَّرِيضًا أَوۡ بِهِۦٓ أَذٗى
مِّن رَّأۡسِهِۦ فَفِدۡيَةٞ مِّن صِيَامٍ أَوۡ صَدَقَةٍ أَوۡ نُسُكٖۚ فَإِذَآ
أَمِنتُمۡ فَمَن تَمَتَّعَ بِٱلۡعُمۡرَةِ إِلَى ٱلۡحَجِّ فَمَا ٱسۡتَيۡسَرَ
مِنَ ٱلۡهَدۡيِۚ فَمَن لَّمۡ يَجِدۡ فَصِيَامُ ثَلَٰثَةِ أَيَّامٖ فِي
ٱلۡحَجِّ وَسَبۡعَةٍ إِذَا رَجَعۡتُمۡۗ تِلۡكَ عَشَرَةٞ كَامِلَةٞۗ ذَٰلِكَ
لِمَن لَّمۡ يَكُنۡ أَهۡلُهُۥ حَاضِرِي ٱلۡمَسۡجِدِ ٱلۡحَرَامِۚ
وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ وَٱعۡلَمُوٓاْ أَنَّ ٱللَّهَ شَدِيدُ ٱلۡعِقَابِ ١٩٦
ٱلۡحَجُّ أَشۡهُرٞ مَّعۡلُومَٰتٞۚ فَمَن فَرَضَ فِيهِنَّ ٱلۡحَجَّ فَلَا رَفَثَ
وَلَا فُسُوقَ وَلَا جِدَالَ فِي ٱلۡحَجِّۗ وَمَا تَفۡعَلُواْ مِنۡ خَيۡرٖ يَعۡلَمۡهُ
ٱللَّهُۗ وَتَزَوَّدُواْ فَإِنَّ خَيۡرَ ٱلزَّادِ ٱلتَّقۡوَىٰۖ وَٱتَّقُونِ يَٰٓأُوْلِي
ٱلۡأَلۡبَٰبِ ١٩٧ لَيۡسَ عَلَيۡكُمۡ جُنَاحٌ أَن تَبۡتَغُواْ فَضۡلٗا مِّن
رَّبِّكُمۡۚ فَإِذَآ أَفَضۡتُم مِّنۡ عَرَفَٰتٖ فَٱذۡكُرُواْ ٱللَّهَ عِندَ ٱلۡمَشۡعَرِ

ٱلْحَرَامِ ۖ وَٱذْكُرُوهُ كَمَا هَدَىٰكُمْ وَإِن كُنتُم مِّن قَبْلِهِۦ
لَمِنَ ٱلضَّآلِّينَ ﴿١٩٨﴾ ثُمَّ أَفِيضُوا۟ مِنْ حَيْثُ أَفَاضَ ٱلنَّاسُ
وَٱسْتَغْفِرُوا۟ ٱللَّهَ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ غَفُورٌ رَّحِيمٌ ﴿١٩٩﴾ فَإِذَا قَضَيْتُم
مَّنَٰسِكَكُمْ فَٱذْكُرُوا۟ ٱللَّهَ كَذِكْرِكُمْ ءَابَآءَكُمْ أَوْ أَشَدَّ ذِكْرًا ۗ
فَمِنَ ٱلنَّاسِ مَن يَقُولُ رَبَّنَآ ءَاتِنَا فِى ٱلدُّنْيَا وَمَا لَهُۥ فِى
ٱلْءَاخِرَةِ مِنْ خَلَٰقٍ ﴿٢٠٠﴾ وَمِنْهُم مَّن يَقُولُ رَبَّنَآ ءَاتِنَا فِى ٱلدُّنْيَا
حَسَنَةً وَفِى ٱلْءَاخِرَةِ حَسَنَةً وَقِنَا عَذَابَ ٱلنَّارِ ﴿٢٠١﴾ أُو۟لَٰٓئِكَ
لَهُمْ نَصِيبٌ مِّمَّا كَسَبُوا۟ ۚ وَٱللَّهُ سَرِيعُ ٱلْحِسَابِ ﴿٢٠٢﴾
وَٱذْكُرُوا۟ ٱللَّهَ فِىٓ أَيَّامٍ مَّعْدُودَٰتٍ ۚ فَمَن تَعَجَّلَ فِى يَوْمَيْنِ
فَلَآ إِثْمَ عَلَيْهِ وَمَن تَأَخَّرَ فَلَآ إِثْمَ عَلَيْهِ ۖ لِمَنِ ٱتَّقَىٰ ۗ
وَٱتَّقُوا۟ ٱللَّهَ وَٱعْلَمُوٓا۟ أَنَّكُمْ إِلَيْهِ تُحْشَرُونَ ﴿٢٠٣﴾

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:** ئاللاھ تائالا ئىلگىرىكى ئايەتلەردە روزا ھەققىدىكى ھۆكۈملەرنى بايان قىلغان ئىدى. بۇ ئايەتلەردە بولسا ھەجگە مۇناسىۋەتلىك ئەھكاملارنى بايان قىلىدۇ. چۈنكى ھەج ئايلىرى رامىزان ئايلىرىدىن كېيىنلا كېلىدۇ. ئەمما ئۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر بولسا، ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايلار ۋە ئۇ ئايلاردا ئۇرۇش قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك بەزى مۇھىم مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى ئۈچۈن بايان قىلىندى. جۈملىدىن، كاپىرلار ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايلاردا مۆمىنلەرگە ھۇجۇم قىلىپ قالسا، مۆمىنلەرنىڭ ئۆزلىرىنى قوغداش ئۈچۈن ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشى مۇباھمۇ؟ دېگەندەك مەسىلىلەر بايان قىلىندى. ئىلگىرىكى ئايەتلەردە يەنە يېڭى چىققان (ھىلال)

ئاينىڭ روزا ۋە ھەجگە ئوخشاش ئىبادەتلەرنىڭ ۋاقىتلىرىنى بەلگىلەشتەك مۇھىم ھېكمەتلىرى بارلىقى، شۇنىڭدەك يەنە ئىلگىرىكى ئايەتلەردە ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايلاردا ئۇرۇش قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك مۇسۇلمانلارنىڭ تۇتقان پوزىتسىيەسى بايان قىلىندى. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىگە بېرىپ ئۆمرە قىلىشنى نىيەت قىلىپ يولغا چىققاندا، مۇشرىكلار ئۇنى مەككىگە كىرىشتىن توسۇپ قويغان ۋە بۇ سەۋەبتىن ھۇدەيبىيە كېلىشىمى ئىمزالانغان ئىدى. ئىككىنچى يىلى كېلىپ، ئالدىنقى يىلدىكى ئۆمرىنىڭ قازاسىنى قىلماقچى بولغاندا، ساھابىلەر كاپىرلارنىڭ كېلىشىمگە رىئايە قىلماي مۇسۇلمانلارنى ئالدىشىدىن ۋە ئۇلار ئېھرامدىكى چاغلىرىدا ھۇجۇم قىلىشىدىن ئەندىشە قىلدى. ئاللاھ تائالا مۆمىنلەر ئۇرۇشنى بۇرۇن باشلىماستىن، كاپىرلار ئۇلارغا ئاۋۋال ھۇجۇم قىلسا، ئۆزلىرىنى مۇداپىئە قىلىش ۋە قىساس ئېلىش ئۈچۈن ئۇلارغا قارشى ئۇرۇشنىڭ مۇباھ ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ، ئۇرۇش بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەرنى نازىل قىلغان ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، سۆز تېمىسى ھەج ۋە ھەجنى ئادا قىلىشتا توسقۇنلۇققا ئۇچراپ قالغاندا قانداق قىلىشقا دائىر بايانلارغا قايتتى، مانا بۇلار، بۇ ئايەتلەر بىلەن ئىلگىرىكى ئايەتلەرنىڭ مۇناسىۋەتلىرىدۇر.

بۇ ئايەتلەرنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى 1. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن كەلگەن بىر رىۋايەتتە، ئۇ مۇنداق دېگەن: يەمەن ئەھلى بىز ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلغۇچىلارمىز دەپ، ئوزۇق ئالماستىنلا مەككىگە كېلىپ ھەج قىلاتتى، مەككىگە يېتىپ كەلگىنىدە، مەككە ئەھلىدىن يېمەك -

ئىچمەك سورايتتى. نەتىجىدە بۇ ھەقتە، «ئاخىرەتلىكىڭلار ئۈچۈن زاد - راھىلە ئېلىۋېلىڭلار، ئەڭ ياخشى زاد - راھىلە تەقۋادارلىقتۇر. ئى ئەقىل ئىگىلىرى! ماڭا تەقۋادارلىق قىلىڭلار.» دېگەن ئايەت چۈشكەن. 2. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىپ، ئۇ مۇنداق دېگەن: قۇرەيشلەر ۋە ئۇلار بىلەن دىنى يېقىن بولغانلار مۇزدەلىفىدە قوناتتى ۋە ئۆزىنى ھۇمس دەپ ئاتايتتى. باشقا ئەرەبلەر بولسا ئەرەپاتتا قوناتتى. ئىسلام كېلىشى بىلەن ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئەرەپاتقا كېلىپ قونغاندىن كېيىن قايتىشنى بۇيرۇدى. قۇرەيش مەشئەرىل ھەرەمدە سەل كەبى توپلىنىپ قايتاتتى. بۇ ھەقتە، «ئاندىن كېيىن، سىلەر (ئەرەپاتتىن) كىشىلەر قايتقان جاي بىلەن قايتىڭلار» دېگەن ئايەت چۈشكەن.

**تەپسىرى:** 196. ھەج ۋە ئۆمرىنى ئەركان ۋە شەرتلىرىگە رىئايە قىلغان ھالدا تولۇق ئورۇنداڭلار. ئەگەر سىلەر كېسەل ياكى دۈشمەنلەر سەۋەبىدىن ھەج ياكى ئۆمرىنى ئادا قىلىشتا توسقۇنلۇققا ئۇچراپ قېلىپ، ئېھرامدىن چىقىشنى ئىرادە قىلساڭلار، نېمە ئاسان بولسا، يەنى تۆگە، كالا، قويدىن نېمىنى تاپالىساڭلار، شۇنى قۇربانلىق قىلىڭلار. قۇربانلىق قىلماقچى بولغان مال قۇربانلىق قىلىنىدىغان يەرگە يەتمىگۈچە، چېچىڭلارنى قىسقارتىش ياكى چۈشۈرۈش ئارقىلىق ئېھرامدىن چىقماڭلار. سىلەردىن كىمكى كېسەل ياكى بېشىدا ئىللەت، يەنى باش ئاغرىقى، پىتقا ئوخشاشلار بولۇپ، چېچىنى چۈشۈرمىسە، پىدىيە قىلىش يۈزىسىدىن ئۈچ كۈن روزا تۇتسۇن، ياكى ئالتە مىسكىنگە سەدىقە بەرسۇن،

ياكى بىرەر مال قۇربانلىق قىلسۇن، پۇلى يوقلۇقىدىن ياكى قۇربانلىق مال يوقلۇقىدىن قۇربانلىق مال تاپالمىغان ئادەم ھەج جەريانىدا ئۈچ كۈن، يۇرتىغا قايتقاندىن كېيىن يەتتە كۈن روزا تۇتسۇن، ئۇنىڭ ھەممىسى ئون كۈن بولىدۇ. مانا بۇ، يەنى ئۆمرە قىلغان ئادەمگە قۇربانلىق قىلىش لازىملىقى ياكى روزا تۇتۇش ھەققىدىكى ھۆكۈم مەسجىدى ھەرەم دائىرىسىدە، يەنى مەككە چېگرىسى ئىچىدە ئولتۇرۇشلۇق بولمىغان كىشىلەر ئۈچۈندۇر. ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىغا بويسۇنغان، توسقان ئىشلىرىدىن يىراقلاشقان ھالدا، ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلىڭلار، بىلىڭلاركى، ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلغانلار ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر. 197. بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا ھەج ۋاقىتلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ھەج ۋاقتى مەلۇم بىرقانچە ئايدۇر»، يەنى ھەج ئايلىرى ھەممە كىشىلەرگە مەلۇم بولغان شەۋۋال، زۇلقەئدە ئايلىرى ۋە زۇلھەججە ئېيىنىڭ ئون كۈنىدىن ئىبارەت. بۇ ئايلاردا ھەج قىلىش نىيىتى بىلەن ئېھرام باغلاپ تەلبىيە ئوقۇغان كىشىنىڭ جىنسىي ئالاقە قىلىشى، گۇناھ قىلىشى ۋە ھەج سەپەداشلىرى بىلەن جاڭجال قىلىشى مەنئى قىلىنىدۇ. چۈنكى ئۇ ئاللاھنىڭ رىزاسىنى ئىزدەپ ئاللاھقا يۈزلەنگەندۇر. سىلەر قانداقلىكى ياخشى ئەمەلنى قىلساڭلار، ئاللاھ ئۇنىڭ مۇكاپىتىنى ئەڭ ياخشى شەكىلدە بېرىدۇ. ئاخىرەتلىكىڭلار ئۈچۈن زاد - راھىلە ئېلىۋېلىڭلار، ئەڭ ياخشى زاد - راھىلە تەقۋادارلىقتۇر. ئى ئەقىل ئىگىلىرى! مېنىڭ ئازابىمدىن قورقۇڭلار ۋە ماڭا تەقۋادارلىق قىلىڭلار. 198. پەرۋەردىگارىڭلاردىن ھەج مەۋسۇمىدە تىجارەت ۋە باشقا ئوقەت ئارقىلىق رىزىق تەلەپ قىلساڭلار، سىلەرگە ھېچ گۇناھ

بولمايدۇ. چۈنكى سىلەرنىڭ دۇنيالىق ئۈچۈن تىرىكچىلىك قىلىشىڭلار دىنىي ئىبادەتلىرىڭلارغا زىت كەلمەيدۇ (بۇنىڭدىن ئىلگىرى مۇسۇلمانلار ھەج مەۋسۇمىدە تىجارەت قىلىشنى گۇناھ دەپ بىلەتتى، ئاللاھ ئۇلارغا ھەج مەۋسۇمىدە تىجارەت قىلىشنى مۇباھ قىلىپ بۇ ئايەتنى چۈشۈرگەن). ئەرەپاتتىن قايتقان چېغىڭلاردا مەشئەرىل ھەرەمدە (مۇزدەلىفەدە) ئاللاھنى ياد ئېتىڭلار، ئاللاھ سىلەرنى ھىدايەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى ياد ئېتىڭلار. چۈنكى سىلەر ئىلگىرى ئىمان ۋە شەرىئەت ئەھكاملىرىنى بىلمەيتتىڭلار، سىلەر ھەقىقەتەن گۇمراھلىقتا ئىدىڭلار. 199. ئاندىن كېيىن سىلەر ئەرەپاتتىن، يەنى مۇزدەلىفەدىن ئەمەس، بەلكى كىشىلەر قايتقان جاي بىلەن قايتىڭلار. بۇ يەردىكى خىتاب قۇرەيش خەلقىگە بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنى ئاللاھنىڭ دوستلىرى ۋە ھەرەم ئەھلى، ھەرەمنىڭ سىرتىغا چىقمايمىز، دەپ ئەرەپاتتا تۇرماي مۇزدەلىفەدە تۇرۇپ، شۇ يەردىنلا قايتىپ كىرەتتى، مۇنداق قىلىش «ھۇمس» دەپ ئاتىلاتتى. ئاللا تائالا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ئەرەپاتقا چىقىپ ئەرەپاتتا تۇرۇشقا ۋە شۇ يەردىن قايتىشقا بۇيرۇدى. ئىلگىرى ئىشلىگەن گۇناھىڭلار ئۈچۈن ئاللاھتىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىڭلار. ئاللاھ ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر. 200. «سىلەر ھەجگە ئائىت ئىبادەتلەرنى ئادا قىلغاندىن كېيىن، ئاللاھنى ئاتا - بوۋاڭلارنى پەخىرلىنىپ ياد ئەتكەندەك ياكى ئۇنىڭدىنمۇ زىيادە ياد ئېتىڭلار.» مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: ئىلگىرىكى ئەرەبلەر ھەج پائالىيەتلىرىنى تۈگىتىپ بولغاندىن كېيىن مىنادا مەسجىد

بىلەن تاغ ئۈتتۈرىسىدا بىر يەردە تۇرۇپ، ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ پەخىرلىك ۋە گۈزەل كۈنلىرىنى ياد ئېتەتتى. شۇڭا ئاللاھ تائالا پەقەت بىر ئاللاھنىلا ياد ئېتىشنى بۇيرۇدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە پەقەت دۇنيانىڭلا غېمىنى يەيدىغان بەزى كىشىلەر بار بولۇپ، ئۇلار: «ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە نېسىۋىمىزنى بۇ دۇنيادىلا بەرگىن دەيدۇ. ھالبۇكى، ئۇنىڭغا ئاخىرەتتە ياخشىلىقتىن ھېچ نېسىۋە يوقتۇر.» 201. يەنە ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىر بۆلۈك مۆمىن كىشىلەر بولۇپ ئۇلار: «ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، بىزنى دەۋزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن» دەيدۇ. بۇ دۇئا پۈتۈن ياخشىلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ، پۈتۈن يامانلىقلاردىن يىراقلاشتۇرىدۇ. دۇنيادىكى ياخشىلىق تەن سالامەتلىكى، ياخشى ئۆي، سالىھ خوتۇن، مول رىزىققا ئوخشاش نەرسىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەمما ئاخىرەتتىكى ياخشىلىق بولسا، چوڭ قورقۇنچتىن ئامان بولۇش، سوئال - سوراقتا يەڭگىللىك، جەننەتكە كىرىش ۋە ئاللاھنىڭ جامالىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولۇش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 202. ئەنە شۇ ئىككىلا دۇنيادا بەخت - سائادەت تىلىگەنلەر قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنىڭ مۇكاپاتلىرىنى تولۇق ئالىدۇ. ئاللاھنىڭ ھېساب ئېلىشى ناھايىتى تېزدۇر، ئۇ كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بارلىق ئىنسانلاردىن ھېساب ئېلىپ بولىدۇ. 203. ساناقلىق كۈنلەردە ئاللاھنى ياد ئېتىڭلار، يەنى تەشرىق كۈنلىرىدە (قۇربانلىق قىلغان كۈندىن كېيىنكى ئۈچ كۈن) نامازلىرىڭلارنىڭ ئاخىرىدا ۋە شەيتانغا تاش ئاتقان چاغلىرىڭلاردا تەكبىر ئېيتىڭلار، مىنادىن ئالدىراپ ئىككى كۈندە قايتقان ئادەمگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، تەخىر قىلىپ

قايتقان ئادەمگىمۇ ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. يۇقىرىقى ئەھكاملار تەقۋادارلىق قىلىپ ھەجنى تولۇق ئادا قىلماقچى بولغان ئادەم ئۈچۈندۇر. ئاللاھتىن قورقۇڭلار، بىلىڭلاركى، سىلەر ھېساب ئۈچۈن ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا يىغىلىسىلەر.

ئىلاۋە: دۇنيانىڭ زاد - راھىلىسى نەپسىنىڭ ھاۋايى - ھەۋەسلىرىگە يەتكۈزسە، ئاخىرەتنىڭ ھاۋايى ھەۋەسلىرى تۈگىمەس دائىمى نېمەتلەرگە يەتكۈزىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا ئاخىرەتنىڭ زاد - راھىلىسىنىڭ مەنپەئەت بېرىدىغان زاد ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

وَمِنَ ٱلنَّاسِ مَن يُعْجِبُكَ قَوْلُهُۥ فِى ٱلْحَيَوٰةِ ٱلدُّنْيَا
وَيُشْهِدُ ٱللَّهَ عَلَىٰ مَا فِى قَلْبِهِۦ وَهُوَ أَلَدُّ ٱلْخِصَامِ ﴿٢٠٤﴾
وَإِذَا تَوَلَّىٰ سَعَىٰ فِى ٱلْأَرْضِ لِيُفْسِدَ فِيهَا وَيُهْلِكَ ٱلْحَرْثَ
وَٱلنَّسْلَ ۗ وَٱللَّهُ لَا يُحِبُّ ٱلْفَسَادَ ﴿٢٠٥﴾ وَإِذَا قِيلَ لَهُ ٱتَّقِ ٱللَّهَ
أَخَذَتْهُ ٱلْعِزَّةُ بِٱلْإِثْمِ ۚ فَحَسْبُهُۥ جَهَنَّمُ ۚ وَلَبِئْسَ ٱلْمِهَادُ ﴿٢٠٦﴾
وَمِنَ ٱلنَّاسِ مَن يَشْرِى نَفْسَهُ ٱبْتِغَآءَ مَرْضَاتِ ٱللَّهِ ۗ
وَٱللَّهُ رَءُوفٌۢ بِٱلْعِبَادِ ﴿٢٠٧﴾ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ ٱدْخُلُوا۟ فِى
ٱلسِّلْمِ كَآفَّةً وَلَا تَتَّبِعُوا۟ خُطُوَٰتِ ٱلشَّيْطَٰنِ ۚ إِنَّهُۥ لَكُمْ
عَدُوٌّ مُّبِينٌ ﴿٢٠٨﴾ فَإِن زَلَلْتُم مِّنۢ بَعْدِ مَا جَآءَتْكُمُ
ٱلْبَيِّنَٰتُ فَٱعْلَمُوٓا۟ أَنَّ ٱللَّهَ عَزِيزٌ حَكِيمٌ ﴿٢٠٩﴾ هَلْ يَنظُرُونَ
إِلَّآ أَن يَأْتِيَهُمُ ٱللَّهُ فِى ظُلَلٍ مِّنَ ٱلْغَمَامِ وَٱلْمَلَٰٓئِكَةُ وَقُضِىَ
ٱلْأَمْرُ ۚ وَإِلَى ٱللَّهِ تُرْجَعُ ٱلْأُمُورُ ﴿٢١٠﴾ سَلْ بَنِىٓ إِسْرَٰٓءِيلَ كَمْ
ءَاتَيْنَٰهُم مِّنْ ءَايَةٍۭ بَيِّنَةٍ ۗ وَمَن يُبَدِّلْ نِعْمَةَ ٱللَّهِ مِنۢ

بَعۡدِ مَا جَآءَتۡهُ فَإِنَّ ٱللَّهَ شَدِيدُ ٱلۡعِقَابِ ﴿٢١١﴾ زُيِّنَ لِلَّذِينَ
كَفَرُواْ ٱلۡحَيَوٰةُ ٱلدُّنۡيَا وَيَسۡخَرُونَ مِنَ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْۘ
وَٱلَّذِينَ ٱتَّقَوۡاْ فَوۡقَهُمۡ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِۗ وَٱللَّهُ يَرۡزُقُ مَن يَشَآءُ
بِغَيۡرِ حِسَابٖ ﴿٢١٢﴾

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:** ئاللاھ تائالا ئىلگىرىكى ئايەتلەردە قىبلىلەر ۋە نەپسلەرنى پاكلايدىغان روزا، سەدىقە، زاكات ۋە ھەجگە ئوخشاش ئىبادەتلەرنى زىكىر قىلدى. يەنە، كىشىلەرنىڭ ئىچىدە دۇنيانى غايىسىزلا تەلەپ قىلىدىغان بىر بۆلۈك كىشىلەرنىڭ بارلىقىنى ئاگاھلاندۇرۇش بىلەن بىرگە، كىشىلەر ئىچىدە پۈتۈن مۇراد - مەقسىتى پەقەت ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا يېتىشلا بولغان يەنە بىر تۈرلۈك ھەقىقىي مۆمىن كىشىلەرنىڭمۇ بارلىقىنى زىكىر قىلغان ئىدى. شۇنىڭغا ئەگەشتۈرۈپ بۇ ئايەتلەردە بايان قىلغان كىشىلەر ئىچىدە، بىرى، ئۆزىنى شەيتانغا تاپشۇرغان ئازغۇنلار گۇرۇپپىسى، يەنە بىرى، ئۆزىنى ئاللاھقا تاپشۇرغانلار گۇرۇپپىسىدۇر. شۇنىڭدەك يەنە، ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتلەردە بىزنى شەيتانغا ئەگىشىش ۋە ئۇنىڭ بىزگە بولغان ئەشەددىي دۈشمەنلىكلىرىدىن ئاگاھلاندۇرىدۇ.

**بۇ ئايەتلەرنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى:** 1. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئەخنەس ئىبنى شەرىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئاشكارا قىلدى ۋە ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقى ھەققىدە قەسەم قىلدى. ھالبۇكى، ئۇ تېشى پال - پال، ئىچى غال - غال مۇناپىق ئىدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدىن

چىققاندىن كېيىن، مۇسۇلمانلارغا ئائىت بىر ئېكىنزارلىق ۋە ئېتىزلىقلەرنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ، زىرائەتلەرگە ئوت قويۇپ، ئېشەكلەرنى ئۆلتۈردى. بۇ ئەھۋال ھەققىدە ئاللاھ تائالا: «كىشىلەر ئارىسىدا شۇنداق ئادەم باركى، ئۇنىڭ دۇنيا تىرىكچىلىكى توغرىسىدىكى سۆزى سېنى قىزىقتۇرىدۇ، لېكىن ئۇ يالغانچى مۇناپىقتۇر.» ۋە «ئۇ (ھۇزۇرۇڭدىن) قايتقاندىن كېيىن، زېمىندا بۇزۇقچىلىق قىلىش ئۈچۈن ۋە زىرائەتلەرنى، ھايۋاناتلارنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ (ئۇنىڭ بۇزغۇنچىلىقى ئەمەلدە ئىنسانلارنى ھالاك قىلىش ئۈچۈندۇر، چۈنكى زىرائەتلەرسىز ۋە ھايۋاناتلارسىز ئىنسانلارنىڭ ياشىيالىشى مۇمكىن ئەمەس). ئاللاھ بۇزۇقچىلىقنى ياقتۇرمايدۇ.» دېگەن ئايەتلەرنى چۈشۈرگەن. 2. رىۋايەت قىلىنىشىچە، سۇھەيب رۇمى مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشنى مەقسەت قىلىپ ماڭغان ۋاقتىدا، قۇرەيشلەردىن بىر بۆلۈك كىشى ئۇنىڭ كەينىدىن قوغلاپ كېلىپ قايتۇرۇپ كېتىشكە ئۇرۇندى. ئۇ ئۇلىغىدىن چۈشۈپ ئوق خالتىسىدىكى ئوقلارنى چىقىرىپ، ئوقيانى قولىغا ئېلىپ مۇنداق دېدى: ئى قۇرەيشلەر گۇرۇھى، سىلەر مېنىڭ ئوق ئېتىشقا ئۇستا كىشى ئىكەنلىكىمنى بىلىسىلەر، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن ئوقداندىكى ھەممە ئوقنى تۈگىتىپ بولغۇچە ماڭا يېقىنلىشالمايسىلەر، ئاندىن كېيىن قىلىچىمنىڭ كىچىك بىر پارچىسى قالغانغا قەدەر ئېلىشىمەن. ئۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلساڭلار شۇنداق قىلىڭلار دېدى. مۇشرىكلار مۇنداق دېدى: سەن بىزنىڭ يېنىمىزغا ھېچ نېمەڭ يوق پېقىر ھالدا كەلدىڭ، ئەمدى ناھايىتى كۆپ مال ئىگىسى بولۇپ قالدىڭ، دېدى. سۇھەيب ئۇلارغا، ئەگەر مېلىم بار يەرگە باشلاپ بارسام مېنى يولۇمغا قويۇپ بېرەمسىلەر؟

دېيىشىدى، ئۇلار: شۇنداق، قويۇپ بېرىمىز دېدى، سۈھەيب ئۇلارنى مەككىدىكى مېلى بار يەرگە باشلاپ قويۇپ، ئۆزى مەدىنىگە ـ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كىرگىنىدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: تىجارىتىڭ پايدىلىق بولسۇن سۈھەيب، تىجارىتىڭ پايدىلىق بولسۇن سۈھەيب، دەپ دۇئا قىلدى. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا: «شۇنداق كىشىلەر باركى، ئۇلار ئاللاھنىڭ رىزاسى ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىدۇ (قىلغان ئەمەلى بىلەن پەقەت ئاللاھنىڭ رازىلىقىنىلا تىلەيدۇ). ئاللاھ بەندىلىرىگە تولىمۇ مەرھەمەتلىكتۇر.» دېگەن ئايەتنى چۈشۈرگەن.

**تەپسىرى:** 204. «كىشىلەرنىڭ ئىچىدە شۇنداق كىشىلەر باركى، ئۇنىڭ سۆزلىرىنىڭ گۈزەللىكى ۋە پاساھەتلىكى سېنى قىزىقتۇرىدۇ. لېكىن ئۇ يالغانچى مۇناپىقتۇر.» ، «ئۇنىڭ بۇ ئىشى پەقەت مۇشۇ دۇنيادىلا ئەسقاتىدۇ، ئەمما ئاخىرەتتە بولسا ھۆكۈم قىلغۇچى، قەلبلەردىكىنى، مەخپىي ۋە غەيىپنى بىلگۈچى ئاللاھتۇر.» ، «ئۇ دىلى باشقا، تىلى باشقا ئەمەسلىكىگە ئاللاھنى گۇۋاھ قىلىدۇ. ھالبۇكى، ئۇ ساختا ۋە ساختا ئەگەشكۈچىلەرگە ئەشەددىي دۈشمەندۇر. كۆرۈنۈشتە ئۇ شېرىن سۆزلىرى بىلەن دىندار قىياپەتكە كىرىۋالىدۇ.» 205. ئۇ ھۇزۇرۇڭدىن قايتقاندىن كېيىن، زېمىندا بۇزۇقچىلىق قىلىدى. بۇ ئايەت ئەخنەس ھەققىدە چۈشكەن بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭ ھۆكمى تىلى باشقا، دىلى باشقا سۆزلەيدىغان پۈتۈن مۇناپىقلار ئۈچۈن ئومۇمىدۇر. بۇ ھەقتە ئەرەبلەردە مۇنداق بىر مىسال بار. تىلىدىن ھەسەل تامىدىغان، سېنى خۇددى تۈلكىگە ئوخشاش ئالداپ قويۇپ، زىرائەتلەرنى ۋە

ھايۋانلارنــى ھــالاك قىلىــش ئۈچــۈن تىرىشــىدۇ. ئەمەلىيەتتــە ئۇنىــڭ بۇزغۇنچىلىقــى ئومۇمىــي بولــۇپ، شــەھەرلەرنى ۋە يېزىلارنــى ئــۆز ئىچىگــە ئالىــدۇ. چۈنكــى ئېكىنزارلىقلار زىرائەتلــەر ۋە مېۋىلەرنىــڭ پىشــىپ يېتىلىدىغــان يېــرى، نەســىللەر بولســا ئىنسانســىز مەۋجــۇت بولمايدىغــان ھايۋانلارنىــڭ نەســىللىرىدۇر، بــۇ ئىككىســىگە بولغــان بۇزغۇنچىلىــق ئىنســانلارغا قىلىنغــان بۇزغۇنچىلىقتــۇر. ئاللــاھ بۇزغۇنچىلىقنــى ۋە بۇزغۇنچىلىــق قىلغۇچىلارنــى ياقتۇرمايــدۇ. 206. ئەگــەر ئۇنىڭغــا ۋەز - نەســىھەت قىلىنىــپ، يامــان ســۆز - ھەرىكەتلىرىڭدىــن قايتىــپ ئاللاھتىــن قورققىــن دېيىلســە، غــۇرۇرى ۋە تەكەببۇرلۇقــى ئۇنىڭغــا گۇنــاھ يۈكلــەپ قويىــدۇ. يەنــى ھەقتىــن تەكەببۇرلــۇق بىلــەن بــاش تارتىــپ، پىتنــە - پاســاتتا تېخىمۇ ھەددىدىــن ئاشــىدۇ. ئۇنىڭغا كۆرپــە ۋە تۆشــەكتىن بولغــان جەھەننــەم كۇپايىــدۇر، بــۇ جەھەننــەم نېمدېگــەن يامــان جــاي - ھــە؟! 207. «ئىنســانلار ئىچىــدە يەنــە بىــر تۈركــۈم كىشــىلەر بــار بولــۇپ، ئــۇلار ئاللــاھ رىزاســى ۋە ئۇنىــڭ مۇكاپاتىنــى قولغــا كەلتــۈرۈش ئۈچــۈن جېنىنــى پىــدا قىلالايــدۇ، قىلغــان ئەمەللىرىــدە پەقــەت ئاللــاھ رازىلىقىنىــلا تىلەيــدۇ» ، بــۇلار ياخشــى كىشــىلەردۇر. ئاللاھ تائــالا يۇقىرىــدا مۇناپىقلارنىــڭ ناچــار ســۈپەتلىرىنى بايــان قىلىــپ بولغاندىــن كېيىــن، مۆمىنلەرنىــڭ گــۈزەل ســۈپەتلىرىنى بايــان قىلىــدۇ. «ئاللــاھ بەندىلىرىگــە ناھايىتــى مېھرىبانــدۇر» ، ئۇلارغــا مۇكاپاتنــى ھەسســىلەپ بېرىــدۇ، خاتالىقلىرىنــى ئەپــۇ قىلىــدۇ، ئاســىيلىق قىلغانلارنــى جازالاشــقا ئالدىــراپ كەتمەيــدۇ.

ئۇنىڭدىــن كېيىــن ئاللــاھ تائــالا مۆمىنلەرنى ئۆزىنىــڭ ھۆكمىگە بويسۇنۇشــقا، ئىســلامغا كىرىشــكە، ئىســلامدىن باشــقا ھېچقانــداق

دىنىنى قوبۇل قىلماسلىقتا بۇيرۇدى. 208. ئى مۆمىنلەر! ئىسلام دىنىغا پۈتۈنلەي كىرىڭلار، يەنى ئىسلام دىنىنىڭ پۈتۈن ئەھكاملىرىغا بويسۇنۇڭلار، بەزى ئەھكاملىرىغا ئەمەل قىلىپ، بەزى ئەھكاملىرىنى تەرك ئەتمەڭلار (مەسىلەن: ناماز ئوقۇپ، زاكات بېرىشنى تەرك ئەتمەڭلار). شەيتانىنىڭ يوللىرىغا (ۋە ئىغۋاسىغا) ئەگەشمەڭلار، شەيتان سىلەرگە ھەقىقەتەن ئاشكارا دۈشمەندۇر. 209. سىلەرگە ئىسلام دىنىنىڭ ھەقلىقىنى كۆرسىتىدىغان روشەن دەلىللەر كەلگەندىن كېيىن توغرا يولدىن تېيىپ كەتسەڭلار، بىلىڭلاركى، سىلەر جازالىنىسىلەر، چۈنكى ئاللاھ غالىبتۇر. يەنى سىلەردىن ئىنتىقام ئېلىشتىن ئاجىز ئەمەستۇر، پۈتۈن ئىشلىرىدا ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. 210. ئۇلار، يەنى ئىسلامغا كىرىشنى تەرك ئەتكەنلەر پەقەت ئاللاھنىڭ قىيامەت كۈنى خالايىقنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن بۇلۇت پارچىلىرى ئىچىدە كېلىشىنى، پەرىشتىلەرنىڭ كېلىشىنى ۋە خالايىقنىڭ ئارىسىدىن ھۆكۈم چىقىرىلىپ، بىر گۇرۇھ جەننەتتى، بىر گۇرۇھ دوۋزىخى بولۇپ ئايرىلىش بىلەن خالايىقنىڭ ئىشىنىڭ پۈتۈشىنى كۈتەمدۇ؟ پەرىشتىلەر يۇقىرى ئاۋاز بىلەن پۈتۈن پادىشاھلىقنىڭ ئىگىسى ئاللاھنى جىمى نۇقسانلاردىن پاك دەپ بىلىمىز، ئىززەت ۋە قۇدرەت ئىگىسى بولغان ئاللاھ نۇقسانلاردىن پاكتۇر، ھېچ ئۆلمەيدىغان، دائىم تىرىك بولغان، مەخلۇقاتلارنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزى ئۆلمەيدىغان ئاللاھ ھەممە نۇقساندىن پاكتۇر، ئۇ پۈتۈن يامانلىقلاردىن خالىي ۋە پاكتۇر، مالائىكىلەرنىڭ ۋە روھنىڭ رەببىدۇر. خالايىقلارنىڭ ياخشىسىنى ۋە يامىنىنى ئايرىش ئىشى تۈگىگەندۇر. بەندىلەرنىڭ ھەممە ئىشى ئاللاھقا قايتۇرۇلىدۇ. «ئۇ كۈندە بىر پىرقە كىشىلەر جەننەتتە ۋە بىر

پىرقە كىشىلەر جەھەننەمدە بولىدۇ.» (سۈرە شۇرا 7 - ئايەت). ئاللاھنىڭ بۇ شەكىلدە بايان قىلىشىدىن مەقسەت، قىيامەت كۈنىنىڭ قورقۇنچ ۋە دەھشەتلىرىنى، ئۇ كۈندە ھەقىقىي ھۆكۈمنىڭ ھۆكمىگە ھېچكىم قارشى چىقالمايدىغان، قىلغان ھۆكمىنىمۇ ھېچكىم ياندۇرالمايدىغان زات ئاللاھ تائالاغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈندۇر. كېيىن ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: 211. ئى مۇھەممەد! ئىسرائىل ئەۋلادىدىن سورىغىنكى، بىز ئۇلارغا مۇسانىڭ ھەقىقىي پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدىغان شۇنچە كۆپ روشەن دەلىللەرنى ئاتا قىلغان بولساقمۇ، ئۇلار نېمىشقا مۇساغا ئىمان ئېيتمىدى، كىمكى ئاللاھنىڭ نېمىتىگە ئېرىشكەندىن كېيىن ئۇنى كۇپرىلىق قىلىپ ئۆزگەرتىۋەتسە، ئاللاھ ئۇنىڭغا ئازاب قىلىدۇ، ئاللاھنىڭ ئازابى ھەقىقەتەن قاتتىقتۇر. 212. «كاپىرلارغا دۇنيا تىرىكچىلىكى چىرايلىق كۆرسىتىلدى (ئۇلار دۇنيانىڭ شەھۋەتلىرىگە، نېمەتلىرىگە مەپتۇن بولىدۇ، ئەبەدىي يۇرت بولغان ئاخىرەتتىن يۈز ئۆرۈيدۇ)، مۆمىنلەرنى مەسخىرە قىلىدۇ». دۇنيا ھاياتىدىن ئاخىرەتنى ئارتۇق كۆرگەنلىكلىرى ئۈچۈن، كاپىرلار مۆمىنلەرنى كەم ئەقىل، دۆت دېيىشىدۇ. ھالبۇكى قىيامەت كۈنى تەقۋادارلار ئۇلاردىن دەرىجە جەھەتتە ئۈستۈن تۇرىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ بۇ ئەھۋالىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «كاپىرلار ھەقىقەتەن مۆمىنلەرنى مەسخىرە قىلىپ كۈلەتتى» (سۈرە مۇتەففىفىن 29 ـ ئايەت). ئاللاھ تائالا ئۇلارغا جاۋابەن مۇنداق دەيدۇ: «ھالبۇكى قىيامەت كۈنى تەقۋادارلار ئۇلاردىن (دەرىجە جەھەتتە) ئۈستۈن تۇرىدۇ». يەنى ئاللاھتىن ھەقىقىي قورققان مۆمىنلەر

ئورۇن ۋە مەرتىۋە جەھەتتە كاپىرلاردىن ئۈستۈندۇر، مۆمىنلەر ئىللىيۇندا، كاپىرلار بولسا دوزاخنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلاملىرىدا قالىدۇ. مۆمىنلەر ئاخىرەتتە ئەڭ ئۈستۈن كەرەم ۋە ئىززەت ئىچىدە، كاپىرلار بولسا خارلىق ۋە رەسۋالىق ئىچىدە بولىدۇ. «ئاللاھ خالىغان كىشىگە ھېسابسىز رىزىق بېرىدۇ.»، يەنى «ئەنە شۇلار جەننەتكە كىرىدۇ، جەننەتتە ئۇلارغا ھېسابسىز رىزىق بېرىلىدۇ» (سۈرە غافىر 40 ـ ئايەت). يەنى ئاللاھ ئۆز بەندىلىرى ئىچىدىن، مۆمىن ياكى كاپىر بولسۇن، سالىھ ياكى فاجىر بولسۇن، خالىغان كىشىگە ھېسابسىز رىزىق بېرىدۇ، بۇ ھەقتە ھېچكىم ئاللاھتىن ھېساب سورىيالمايدۇ.

دىققەت: ئىبنى تەيمىيە «تەدمىرىيە» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ تائالانىڭ ئۆز زاتىنى بۇلۇت پارچىلىرى ئارىسىدا كېلىش بىلەن سۈپەتلىشى، باشقا ئايەتلەردە ئۆزىنى كەلمەك بىلەن سۈپەتلىشى بىلەن ئوخشاش. مەيلى قۇرئان كەرىمدە بولسۇن، مەيلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كەلگەن ھەدىسلەردە بولسۇن، ئاللاھ ئۆز زاتىنى سۈپەتلىگەن سۈپەتلەرنىڭ ھەممىسى ئوخشاش بىر جىنستىن بولۇپ، بۇ، سەلەپلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئىماملىرىنىڭ مەزھىبىدۇر. سەلەپلەر ئاللاھ تائالانى ئاللاھ ئۆزىنى سۈپەتلىگەن سۈپەتلەر بىلەن ھېچقانداق ئۆزگەرتمەستىن، خاراكتېرىنى سۈرۈشتە قىلماستىن ۋە ئوخشاتماستىن سۈپەتلەيدۇ. ئاللاھنىڭ زاتى ھەققىدە نېمە دېيىلسە، سۈپەتلەشتىمۇ ئوخشاش سۆز ئىشلىتىلىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ زاتى سۈپىتى ۋە ئىش - ھەرىكىتى جەھەتتىن ئوخشىشى يوقتۇر. ئەگەر بىر كىشى ئاللاھ قانداق كېلىدۇ دەپ سورىسا، ئۇنىڭغا شۇنداق جاۋاب بەرگىن: ئاللاھنىڭ

زاتىنىڭ قانداقلىقى بىلىنمىگىنىدەك، ئاللاھنىڭ سۈپىتىمۇ بىلىنمەيدۇ.

كَانَ ٱلنَّاسُ أُمَّةً وَٰحِدَةً فَبَعَثَ ٱللَّهُ ٱلنَّبِيِّـۧنَ مُبَشِّرِينَ
وَمُنذِرِينَ وَأَنزَلَ مَعَهُمُ ٱلْكِتَٰبَ بِٱلْحَقِّ لِيَحْكُمَ بَيْنَ
ٱلنَّاسِ فِيمَا ٱخْتَلَفُوا۟ فِيهِ ۚ وَمَا ٱخْتَلَفَ فِيهِ إِلَّا ٱلَّذِينَ
أُوتُوهُ مِنۢ بَعْدِ مَا جَآءَتْهُمُ ٱلْبَيِّنَٰتُ بَغْيًۢا بَيْنَهُمْ ۖ فَهَدَى
ٱللَّهُ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ لِمَا ٱخْتَلَفُوا۟ فِيهِ مِنَ ٱلْحَقِّ بِإِذْنِهِۦ ۗ
وَٱللَّهُ يَهْدِى مَن يَشَآءُ إِلَىٰ صِرَٰطٍ مُّسْتَقِيمٍ ﴿٢١٣﴾ أَمْ حَسِبْتُمْ
أَن تَدْخُلُوا۟ ٱلْجَنَّةَ وَلَمَّا يَأْتِكُم مَّثَلُ ٱلَّذِينَ خَلَوْا۟ مِن
قَبْلِكُم ۖ مَّسَّتْهُمُ ٱلْبَأْسَآءُ وَٱلضَّرَّآءُ وَزُلْزِلُوا۟ حَتَّىٰ يَقُولَ
ٱلرَّسُولُ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ مَعَهُۥ مَتَىٰ نَصْرُ ٱللَّهِ ۗ أَلَآ إِنَّ نَصْرَ
ٱللَّهِ قَرِيبٌ ﴿٢١٤﴾ يَسْـَٔلُونَكَ مَاذَا يُنفِقُونَ ۖ قُلْ مَآ أَنفَقْتُم مِّنْ
خَيْرٍ فَلِلْوَٰلِدَيْنِ وَٱلْأَقْرَبِينَ وَٱلْيَتَٰمَىٰ وَٱلْمَسَٰكِينِ وَٱبْنِ
ٱلسَّبِيلِ ۗ وَمَا تَفْعَلُوا۟ مِنْ خَيْرٍ فَإِنَّ ٱللَّهَ بِهِۦ عَلِيمٌ ﴿٢١٥﴾
كُتِبَ عَلَيْكُمُ ٱلْقِتَالُ وَهُوَ كُرْهٌ لَّكُمْ ۖ وَعَسَىٰٓ أَن
تَكْرَهُوا۟ شَيْـًٔا وَهُوَ خَيْرٌ لَّكُمْ ۖ وَعَسَىٰٓ أَن تُحِبُّوا۟ شَيْـًٔا
وَهُوَ شَرٌّ لَّكُمْ ۗ وَٱللَّهُ يَعْلَمُ وَأَنتُمْ لَا تَعْلَمُونَ ﴿٢١٦﴾ يَسْـَٔلُونَكَ
عَنِ ٱلشَّهْرِ ٱلْحَرَامِ قِتَالٍ فِيهِ ۖ قُلْ قِتَالٌ فِيهِ كَبِيرٌ ۚ وَصَدٌّ
عَن سَبِيلِ ٱللَّهِ وَكُفْرٌۢ بِهِۦ وَٱلْمَسْجِدِ ٱلْحَرَامِ وَإِخْرَاجُ
أَهْلِهِۦ مِنْهُ أَكْبَرُ عِندَ ٱللَّهِ ۚ وَٱلْفِتْنَةُ أَكْبَرُ مِنَ ٱلْقَتْلِ ۗ
وَلَا يَزَالُونَ يُقَٰتِلُونَكُمْ حَتَّىٰ يَرُدُّوكُمْ عَن دِينِكُمْ إِنِ

ٱسۡتَطَٰعُواْۚ وَمَن يَرۡتَدِدۡ مِنكُمۡ عَن دِينِهِۦ فَيَمُتۡ وَهُوَ
كَافِرٞ فَأُوْلَٰٓئِكَ حَبِطَتۡ أَعۡمَٰلُهُمۡ فِي ٱلدُّنۡيَا وَٱلۡأٓخِرَةِۖ
وَأُوْلَٰٓئِكَ أَصۡحَٰبُ ٱلنَّارِۖ هُمۡ فِيهَا خَٰلِدُونَ ﴿٢١٧﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ
ءَامَنُواْ وَٱلَّذِينَ هَاجَرُواْ وَجَٰهَدُواْ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ أُوْلَٰٓئِكَ
يَرۡجُونَ رَحۡمَتَ ٱللَّهِۚ وَٱللَّهُ غَفُورٞ رَّحِيمٞ ﴿٢١٨﴾

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:** ئاللاھ تائالا ئىلگىرىكى ئايەتلەردە ئىنسانلارنىڭ ئىككى گۇرۇپپا ئىكەنلىكىنى، بىر گۇرۇپپىنىڭ سۆزىنىڭ پاساھەتلىكى، تىلىنىڭ تاتلىقلىقى بىلەن كىشىلەرنى ئازدۇرۇش ۋە زېمىندا بۇزۇقچىلىق قىلىشقا تىرىشىدىغانلىقىنى، يەنە بىر گۇرۇپپا بولسا، ئاللاھ ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىدىغان ۋە قىلغان ئەمەللىرىنىڭ مۇكاپاتىنى پەقەت ئاللاھتىنلا تىلەيدىغانلىقىنى بايان قىلغان ئىدى. ياخشىلىق بىلەن يامانلىق ئوتتۇرىسىدىكى تالاش ـ تارتىش بولمىسا بولمايدىغان بىر ئىش بولغىنىدەك، ھەق ئۈچۈن قىلىچ تۇتىدىغان جۈرئەتلىك كىشىلەرنىڭ بولۇشى ھەم لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا مۆمىنلەرنىڭ قىلىچ كۆتۈرۈشىنى، زۇلۇم ۋە تاجاۋۇزغا قارشى جىھاد قىلىشىنى يولغا قويىدى.

**بۇ ئايەتلەرنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى:** پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئابدۇللاھ ئىبنى جەھشنى بىر قوشۇنغا باشلىق قىلىپ، (ئىچىدە ئەمرى ئىبنى ھەزرەمى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۈچ كىشى بولغان) قۇرەيشنىڭ بىر كارۋىنىنى كۆزىتىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن ئىدى. ئۇلار ئابدۇللاھ ئىبنى ھەزرەمىنى ئۆلتۈرۈپ، ئىككى كىشىنى ئەسىرگە ئېلىپ

تىجارەت ماللىرى بىلەن بىرگە ئېلىپ كەلدى. بۇ ۋەقە رەجەپ ئېيىنىڭ بىرىنچى كۈنى يۈز بەرگەن بولۇپ، ئۇلار بۇ ۋاقىتنى جامادىيەلئەۋۋەلنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى دەپ ئويلاپ قالغان ئىدى. بۇنىڭغا قارىتا قۇرەيشلەر، «مۇھەممەد ئۇرۇش هارام قىلىنغان ئاينىڭ هەق - هۆرمىتىنى دەپسەندە قىلدى، بۇ ئاي قورققانلار ئامان بولىدىغان، كىشىلەر تۇرمۇش ئېھتىياجلىرىنى قامداش ئۈچۈن هەر تەرەپكە چېچىلىپ كېتىدىغان بىر ئاي تۇرسا» دېيىشتى. بۇ ئىش مۇسۇلمانلارغا ناھايىتى ئېغىر كەلدى. بۇ ئەھۋالنى بايان قىلىش ئۈچۈن ئاللاھ تائالا: «(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار سەندىن: <هارام قىلىنغان ئايدا ئۇرۇش قىلىشقا بولامدۇ؟> دەپ سورايدۇ...» دېگەن ئايەتنى چۈشۈردى.

**تەپسىرى:** 213. ئىنسانلار دەسلەپتە بىر ئۈممەت، يەنى هەق دىندا ئىدى. كېيىن ئۇلارنىڭ بەزىسى ئىمان ئېيتىپ، بەزىسى ئىمان ئېيتماي ئىختىلاپ قىلىشتى. بۇ سەۋەبتىن ئاللاھ كىشىلەرنى ھىدايەتكە باشلاش ئۈچۈن، مۆمىنلەرگە جەننەت بىلەن خۇش خەۋەر بەرگۈچى، كاپىرلارنى دوزاختىن ئاگاھلاندۇرغۇچى پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتى. (ئاللاھ) كىشىلەرنىڭ ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلىرى ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىشى ئۈچۈن، ئۇلارغا هەق كىتابنى نازىل قىلدى. ئۇلارغا كىتابنىڭ هەق ئىكەنلىكى ھەققىدە روشەن دەلىللەر كەلگەندىن كېيىن، ئۆزئارا ھەسەت قىلىشىپ (كاپىرلار مۆمىنلەرگە ھەسەت قىلىپ) ئىختىلاپ قىلىشتى. ئۇلار بىلمەسلىكتىن ئىختىلاپ قىلمىدى، بەلكى بىلىپ تۇرۇپ ئىختىلاپ قىلدى. ئاللاھ ئۆز ئىرادىسى بويىچە مۆمىنلەرنى

ئۇلار (گۇمراھلار) ئىختىلاپ قىلىشقان ھەقىقەتكە ھىدايەت قىلدى. ئاللاھ خالىغان كىشىنى جەننەتكە ئېلىپ بارىدىغان توغرا يولغا باشلايدۇ. 214. «ئى مۆمىنلەر گۇرۇھى! سىلەر تېخى ئىلگىرىكىلەر ئۇچرىغان كۈلپەتلەرگە ئۇچرىماي تۇرۇپ جەننەتكە كىرىشنى ئويلامسىلەر؟» ، يەنى سىلەرگە ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە يەتكەن ئەزىيەتلەر يەتمىدى، ئۇلار سىنالغان ۋە ئىمتىھان قىلىنغاندەك ئىمتىھان قىلىنمىدىڭلار. ئىلگىرى ئۆتكەن مۆمىنلەر ئېغىرچىلىقلارغا، كۈلپەتلەرگە ئۇچرىغان ئىدى. ئۇلار يەر تەۋرىگەندەك قاتتىق چۆچۈتىۋېتىلگەن ئىدى، ھەتتا پەيغەمبەر ۋە مۆمىنلەر: «ئاللاھنىڭ بىزگە ۋەدە قىلغان ياردىمى قاچان كېلىدۇ؟» دېگەن ئىدى. چۈنكى ئۇلارغا ناھايىتى قاتتىق ئېغىرچىلىق ۋە كۈلپەتلەر كەلگەن بولسىمۇ، ياردەمنىڭ كېچىككەنلىكىنى جەزم قىلىشقان ئىدى. بۇ ئەھۋال ئۇلار دۇچ كەلگەن ئىمتىھاننى ناھايىتى گۈزەل بىر شەكىلدە تەسۋىرلەپ بېرىدۇ. پەيغەمبەرلەر سەۋر ۋە چىدامچانلىقتا مۇستەھكەم بولغان بولسىمۇ، ئەمما سەۋر تېشىپ ئەھۋالنىڭ بۇ دەرىجىگە يەتكەنلىكى، ئۇلار دۇچ كەلگەن كۈلپەتلەرنىڭ نەقەدەر ئېغىر ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇلارغا جاۋابەن مۇنداق دېدى: «بىلىڭلاركى، ئاللاھنىڭ ياردىمى ھەقىقەتەن يېقىندۇر» ، «كىمكى ئاللاھنىڭ دىنىغا ياردەم بېرىدىكەن، ئەلۋەتتە ئاللاھ ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدۇ، ئاللاھ ئەلۋەتتە كۈچلۈكتۇر، غالىپتۇر.» بەزى ساھابىلەر، ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ماللىرىمىزدىن نېمىنى، قەيەرگە سەرپ قىلىمىز؟ دەپ سورىدى. بۇ ھەقتە تۆۋەندىكى ئايەتلەر نازىل بولدى. 215. ئى مۇھەممەد! سەندىن ماللىرىنى قانداق بىر تەرەپ قىلسا بولىدىغانلىقىنى سورايدۇ، ئېيتقىنكى،

مال - مۈلكۈڭلاردىن نېمىنى سەرپ قىلماڭلار، ئۇنى ئاتا - ئاناڭلارغا، خىش - ئەقرىبالىرىڭلارغا، مىسكىنلەرگە ۋە ئىبنى سەبىللەرگە سەرپ قىلساڭلار بولىدۇ. ياخشىلىقتىن نېمىنى قىلماڭلار، ئاللاھ ئۇنى بىلىپ تۇرىدۇ ۋە ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى ئەڭ مۇكەممەل شەكىلدە بېرىدۇ.

ئاللاھ تائالا ئىسلامدا جىھادنىڭ يولغا قويۇلۇشىنىڭ ھېكمىتىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: 216. ئى مۆمىنلەر! سىلەرگە كاپىرلارغا قارشى جىھاد پەرز قىلىندى. جىھادتا مال سەرپ قىلىش ۋە جان تەھلىكىسى بولغانلىقى ئۈچۈن، سىلەر ئۇنى ياقتۇرمايسىلەر. ھالبۇكى، سىلەر بىر نەرسىنى ياقتۇرماسلىقىڭلار مۇمكىن، ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر؛ سىلەر بىر نەرسىنى ياقتۇرۇشۇڭلار مۇمكىن، ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن زىيانلىقتۇر. ئۈمىدكى، سىلەر جىھادنى ياقتۇرمىساڭلارمۇ سىلەرگە ياخشىلىق باردۇر. چۈنكى ئۇنىڭدا غەلىبە قىلىپ غەنىيمەتكە ياكى شەھىد بولۇپ ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىسىلەر. ئۈمىدكى، جىھادنى تەرك ئېتىشنى ياخشى كۆرسەڭلارمۇ سىلەرگە يامانلىق بار. چۈنكى جىھادنى تەرك ئېتىشتە خارلىق، پېقىرلىق ۋە ئاللاھنىڭ بېرىدىغان ساۋابىدىن مەھرۇمىيەت باردۇر. دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە قايسى ئىشنىڭ ۋە نېمىنىڭ سىلەرگە پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ئاللاھ بىلىدۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ بۇيرۇغانغا ئالدىراڭلار. 217. ئى مۇھەممەد! ئۇلار سەندىن ھارام قىلىنغان ئايدا ئۇرۇش قىلىشقا بولامدۇ؟ دەپ سورايدۇ. ئېيتقىنكى، بۇ ئايدا ئۇرۇش قىلىش چوڭ گۇناھتۇر؛ ئاللاھنىڭ يولىدىن توسۇش، ئاللاھقا كۇپرىلىق قىلىش، مەسجىدى

ھەرەمدە ئىبادەت قىلىشتىن توسۇش ۋە مەسجىدى ھەرەمدىن ئاھالىسىنى ھەيدەپ چىقىرىش ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا تېخىمۇ چوڭ گۇناھتۇر. سىلەرنىڭ ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايلاردا مۇشرىكلارنى ئۆلتۈرگەنلىكىڭلار جىنايەت ھېسابلىنىدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر ۋە مۆمىنلەرگە قارشى ئىشلىگەن جىنايەتلىرى ئاللاھنىڭ نەزىرىدە بەكرەك گۇناھتۇر. پىتنە، يەنى مۆمىنلەرگە زىيانكەشلىك قىلىش ئادەم ئۆلتۈرۈشتىنمۇ قاتتىق گۇناھتۇر. ئۇلار (كاپىرلار) قولىدىن كەلسىلا سىلەرنى دىنىڭلاردىن قايتۇرۇۋەتكەنگە قەدەر سىلەر بىلەن داۋاملىق ئۇرۇشىدۇ. سىلەردىن كىمكى ئۆز دىنىدىن قايتىپ كاپىر پېتى ئۆلسە، ئۇنىڭ ئەمەللىرى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بىكار بولۇپ كېتىدۇ. بۇنداق ئادەملەر دوۋزاخ ئەھلىدۇر، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر. 218. شۈبھىسىزكى، ئىمان ئېيتقانلار، ئائىلىلىرىنى ۋە ۋەتەنلىرىنى تاشلاپ ھىجرەت قىلغانلار، ئاللاھنىڭ دىنىنى ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلار ـ ئەنە شۇنداق كىشىلەر ئاللاھنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىدۇ، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

**ئىلاۋە:** ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلەرنىڭ كىتابلىرىنى بىرلىك شەكلى بىلەن كەلتۈرگەن. پەيغەمبەرلەرگە چۈشۈرۈلگەن كىتاب بىر قانچە بولسىمۇ بىرلىك شەكلىنى ئىشلىتىشى، پۈتۈن كىتابلارنىڭ بىر شەرىئەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى ۋە ئەسلىي جەۋھىرى بىرلىكىگە دالالەت قىلىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ سىلەرگە دىنىدىن نۇھقا تەۋسىيە قىلغان نەرسىنى، ساڭا، يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بىز

ۋەھيي قىلغان نەرسىنى، ئىبراھىمغا، مۇساغا ۋە ئىيساغا بىز تەۋسىيە قىلغان نەرسىنى بايان قىلدى».

ئاگاھلاندۇرۇش: خەبباب ئىبنى ئەرت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ، بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا شىكايەت قىلغىلى كەلسەك، ئۇ كەئبىنىڭ سايىسىدا توپىنى ياستۇق قىلىپ يېتىپتۇ. بىز: «دۇئا قىلىپ بىزگە نۇسرەت تەلەپ قىلغان بولساڭ» دېسەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئۈممەتلەردىكى كاپىرلار مۆمىنلەرنى تۇتۇپ كېلىپ، زېمىننى كولاپ ئۇلارنى شۇ يەرگە تاشلايتتى. ئاندىن ھەرە ئېلىپ كېلىپ ئۇلارنىڭ باشلىرىنىڭ ئۈستىلىرىگە قويۇپ ھەرىدەپ، ئۇلارنى ئىككى پارچە قىلىۋېتەتتى ۋە تۆمۈر تاغاقلار بىلەن تاراپ ئۇلارنىڭ گۆشلىرىنى ئۇستىخانلىرىدىن ئايرىۋېتەتتى. شۇنداق ئازابلارمۇ ئۇلارنى دىنىدىن ياندۇرۇۋېتەلمىگەن ئىدى. ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئاللاھ ئىسلام دىنىنى ئەلۋەتتە ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىدۇ. ھەتتا سەنئادىن ھەزرەمەۋتكىچە ئۇلاغ بىلەن سەپەر قىلغان كىشىلەر پەقەت ئاللاھ تائالادىن ۋە قويلىرىنى بۆرىلەرنىڭ يەپ كېتىشىدىن باشقا ھېچنىمىدىن قورقمايدۇ. لېكىن سىلەر ئالدىراپ كېتىۋاتىسىلەر» دېدى (بۇخارىيدىن).

يَسۡـَٔلُونَكَ عَنِ ٱلۡخَمۡرِ وَٱلۡمَيۡسِرِۖ قُلۡ فِيهِمَآ إِثۡمٞ كَبِيرٞ وَمَنَٰفِعُ لِلنَّاسِ وَإِثۡمُهُمَآ أَكۡبَرُ مِن نَّفۡعِهِمَاۗ وَيَسۡـَٔلُونَكَ مَاذَا يُنفِقُونَۖ قُلِ ٱلۡعَفۡوَۗ كَذَٰلِكَ يُبَيِّنُ ٱللَّهُ لَكُمُ ٱلۡأٓيَٰتِ لَعَلَّكُمۡ تَتَفَكَّرُونَ ﴿٢١٩﴾ فِي ٱلدُّنۡيَا وَٱلۡأٓخِرَةِۗ وَيَسۡـَٔلُونَكَ عَنِ

ٱلۡيَتَٰمَىٰۖ قُلۡ إِصۡلَاحٞ لَّهُمۡ خَيۡرٞۖ وَإِن تُخَالِطُوهُمۡ فَإِخۡوَٰنُكُمۡۚ
وَٱللَّهُ يَعۡلَمُ ٱلۡمُفۡسِدَ مِنَ ٱلۡمُصۡلِحِۚ وَلَوۡ شَآءَ ٱللَّهُ لَأَعۡنَتَكُمۡۚ
إِنَّ ٱللَّهَ عَزِيزٌ حَكِيمٞ ﴿٢٢٠﴾ وَلَا تَنكِحُواْ ٱلۡمُشۡرِكَٰتِ حَتَّىٰ
يُؤۡمِنَّۚ وَلَأَمَةٞ مُّؤۡمِنَةٌ خَيۡرٞ مِّن مُّشۡرِكَةٖ وَلَوۡ أَعۡجَبَتۡكُمۡۗ
وَلَا تُنكِحُواْ ٱلۡمُشۡرِكِينَ حَتَّىٰ يُؤۡمِنُواْۚ وَلَعَبۡدٞ مُّؤۡمِنٌ
خَيۡرٞ مِّن مُّشۡرِكٖ وَلَوۡ أَعۡجَبَكُمۡۗ أُوْلَٰٓئِكَ يَدۡعُونَ إِلَى
ٱلنَّارِۖ وَٱللَّهُ يَدۡعُوٓاْ إِلَى ٱلۡجَنَّةِ وَٱلۡمَغۡفِرَةِ بِإِذۡنِهِۦۖ وَيُبَيِّنُ
ءَايَٰتِهِۦ لِلنَّاسِ لَعَلَّهُمۡ يَتَذَكَّرُونَ ﴿٢٢١﴾ وَيَسۡـَٔلُونَكَ عَنِ
ٱلۡمَحِيضِۖ قُلۡ هُوَ أَذٗى فَٱعۡتَزِلُواْ ٱلنِّسَآءَ فِي ٱلۡمَحِيضِ وَلَا
تَقۡرَبُوهُنَّ حَتَّىٰ يَطۡهُرۡنَۖ فَإِذَا تَطَهَّرۡنَ فَأۡتُوهُنَّ مِنۡ حَيۡثُ
أَمَرَكُمُ ٱللَّهُۚ إِنَّ ٱللَّهَ يُحِبُّ ٱلتَّوَّٰبِينَ وَيُحِبُّ ٱلۡمُتَطَهِّرِينَ ﴿٢٢٢﴾
نِسَآؤُكُمۡ حَرۡثٞ لَّكُمۡ فَأۡتُواْ حَرۡثَكُمۡ أَنَّىٰ شِئۡتُمۡۖ وَقَدِّمُواْ
لِأَنفُسِكُمۡۚ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ وَٱعۡلَمُوٓاْ أَنَّكُم مُّلَٰقُوهُۗ وَبَشِّرِ
ٱلۡمُؤۡمِنِينَ ﴿٢٢٣﴾ وَلَا تَجۡعَلُواْ ٱللَّهَ عُرۡضَةٗ لِّأَيۡمَٰنِكُمۡ أَن تَبَرُّواْ
وَتَتَّقُواْ وَتُصۡلِحُواْ بَيۡنَ ٱلنَّاسِۚ وَٱللَّهُ سَمِيعٌ عَلِيمٞ ﴿٢٢٤﴾ لَّا
يُؤَاخِذُكُمُ ٱللَّهُ بِٱللَّغۡوِ فِيٓ أَيۡمَٰنِكُمۡ وَلَٰكِن يُؤَاخِذُكُم
بِمَا كَسَبَتۡ قُلُوبُكُمۡۗ وَٱللَّهُ غَفُورٌ حَلِيمٞ ﴿٢٢٥﴾

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:** ئاللاھ تائالا ئىلگىرىكى ئايەتلەردە جىھادقا مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەرنى ۋە جىھادنىڭ پەرز قىلىنىشىدىكى ھەقكە ياردەم بېرىش، دىنىنى ئۇستۇنلۇككە ئېرىشتۇرۇش ۋە ئۇممەتنى

تاشقى كۆچلەرنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىدىن ساقلاشتەك يۈكسەك ھېكمەتلەرنى بايان قىلغاندىن كېيىن، تۆۋەندىكى ئايەتلەردە جەمئىيەتنى پەزىلەت ۋە گۈزەل ئەخلاقلار بىلەن ئىچكى جەھەتتىن ئىسلاھ قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەرنى زىكىر قىلدى. چۈنكى دۆلەتنىڭ ئاساسىنىڭ دولقۇنلارغا قارشى بەرداشلىق بېرەلەيدىغان ھالدا مۇستەھكەم تۇرالىشى ئۈچۈن، دۆلەت ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتىن ئىسلاھ قىلىنىشى لازىم.

**بۇ ئايەتلەرنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى:** ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قاتارلىق بىر بۆلۈك ساھابىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، بىزگە ھاراق ۋە قىمار ھەققىدە پەتىۋا بەرسەڭ» دېۋىدى، ئۇ: «بۇ ئىككىسى ئەقىلنى كاردىن چىقىرىدىغان، مالنى بۇزىدىغان نەرسىلەردۇر» دېدى. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە: ««ئى مۇھەممەد! ئۇلار سەندىن ھاراق ۋە قىمارنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا سورىشىدۇ، سەن ئۇلارغا: بۇنىڭ ھەر ئىككىسىدە چوڭ زىيان، بۇيۈك گۇناھ ۋە كىشىلەرگە ئازغىنا ماددىي پايدىمۇ بار بولۇپ، ئۇ ئىككىسىدىن كېلىپ چىقىدىغان زىيان، پايدىسىدىن كۆپتۇر، دېگىن» دېگەن ئايەتنى چۈشۈرگەن.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىپ، ئۇ مۇنداق دېگەن: «يېتىمنىڭ مېلىنى تاكى ئۇ بالاغەتكە يەتكەنگە قەدەر ئۇنىڭغا ئەڭ پايدىلىق ئۇسۇلدا تەسەررۇپ قىلىڭلار» دېگەن ئايەت چۈشكەن چاغدا، يېنىدا يېتىمنىڭ مېلى بولغان كىشى يېتىمنىڭ مېلىنى ئۆزىنىڭ مېلىدىن، ئىچىملىكىنى ئۆزىنىڭ ئىچىملىكىدىن ئايرىدى. ئۆزىنىڭ يەيدىغان تامىقىدىن بىر قىسمىنى ئايرىپ يېتىمگە ئېلىپ

قويۇپ، ئۇ يېمەكنى يېگەنگە ياكى بۇزۇلۇپ كەتكەنگە قەدەر ساقلىدى. بۇنداق قىلىش ئۇلارغا تەس كېلىپ، ئەھۋالنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئېيتتى. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا «(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار سەندىن يېتىملەر توغرۇلۇق سورىشىدۇ، ئېيتقىنكى، <(تەربىيەلەش، ماللىرىنى كۆپەيتىپ) ئۇلارنى تۈزەش ياخشىدۇر>» دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، يەھۇدىيلار، ئۆز ئىچىدە بىر ئايال ھەيز كۆرسە، ئۇ ئايالنى ئۆيدىن چىقىراتتى، ئۇلار بىلەن بىرگە ئولتۇرۇپ تاماق يېمەيتتى، ئىچمەيتتى ۋە ئۇلار بىلەن جىما (جىنسىي ئالاقە) قىلمايتتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشلىرى ھەققىدە سورالدى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا: «(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار سەندىن ھەيز توغرۇلۇق (ھەيزدار ئايال بىلەن جىنسى ئالاقە قىلىشنىڭ دۇرۇسلۇقى ياكى دۇرۇس ئەمەسلىكى توغرۇلۇق) سورايدۇ. ئېيتقىنكى، <ھەيز زىيانلىقتۇر (ھەيز مەزگىلىدە جىنسى ئالاقە قىلىش ئەر - خوتۇن ھەر ئىككىسىگە زىيانلىقتۇر>» دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى.

**تەپسىرى:** 219. «ئى مۇھەممەد! ئۇلار سەندىن ھاراق ۋە قىمارنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا سورىشىدۇ، سەن ئۇلارغا: بۇنىڭ ھەر ئىككىسىدە (ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناشتا) چوڭ زىيان، بۈيۈك گۇناھ ۋە كىشىلەرگە ئازغىنا ماددىي پايدىمۇ بار بولۇپ، ئۇ ئىككىسىدىن كېلىپ چىقىدىغان زىيان، پايدىسىدىن كۆپتۇر، دېگىن. مەسىلەن: ھاراق ئەقىلنىڭ كاردىن چىقىشى، مالنىڭ بۇزۇلۇپ - چېچىلىشى،

بەدەننىڭ كېسەلگە گىرىپتار بولۇشىغا ئوخشاش زىيانلارنى ئېلىپ كەلسە، قىمار ئۆي ۋە ئائىلىنىڭ ۋەيران بولۇشى، قىمار ئوينىغۇچىلار ئارىسىدا ئاداۋەت ۋە ئۆچمەنلىككە ئوخشاش نۇرغۇن زىيانلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى كۆرۈپ مۆلچەرلىگىلى بولىدىغان زىيانلاردۇر. ئەگەر بۇ ئېغىر زىيانلار بىلەن ئازغىنا ماددىي پايدا سېلىشتۇرۇلىدىغان بولسا، ھاراق ۋە قىمارنىڭ نە قەدەر زىيانلىق ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئۇلار سەندىن ماللىرىدىن نېمىنى سەدىقە قىلىپ، نېمىنى سەدىقە قىلماي جۇغلاش توغرۇلۇق سورايدۇ، سەن ئۇلارغا، ئېھتىياجىدىن ئارتۇقىنى سەدىقە قىلىڭلار، سىلەرگە ئېھتىياجلىق بولغان نەرسىلەرنى سەدىقە قىلىپ، ئۆزۈڭلارنى مەھرۇم قىلماڭلار، دېگىن». ئاللاھ سىلەرگە ئەھكاملارنى بايان قىلغاندەك، سىلەرگە مەنپەئەتلىك ۋە زىيانلىق بولغان نەرسىلەرنى، ھالال - ھارامنى بايان قىلىدۇ. دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ئىشلىرىنى تەپەككۇر قىلىشىڭلار، دۇنيانىڭ پانىي، ئاخىرەتنىڭ باقىي ۋە نېمىنىڭ مەنپەئەتلىكرەك ئىكەنلىكىنى بىلىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھ ئۆز ئايەتلىرىنى سىلەرگە شۇنداق بايان قىلىدۇ. چۈنكى، ئاقىل - باقىينى پانىيدىن ئەۋزەل كۆرگەن كىشىدۇر. 220. ئى مۇھەممەد! ئۇلار سەندىن يېتىملەرنىڭ ماللىرىنى ئۆز ماللىرىغا قېتىش ياكى قاتماسلىق توغرىسىدا سورىشىدۇ. ئېيتقىنكى، ئۇلارنى تەربىيەلەش، ماللىرىنى كۆپەيتىپ ئۇلارنى تۈزەش ۋە ئۇلار بىلەن پايدىلىق رەۋىشتە ئارىلىشىپ ياشاش ئۇلارغا ئارىلاشماي ياشاشتىن ياخشىدۇر. ئۇلارغا قېرىنداشلارچە مۇئامىلە قىلىپ، مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ماللىرىنى ئۆز ماللىرىڭلارغا ئارىلاشتۇرۇڭلار، چۈنكى ئۇلار

سىلەرنىڭ دىنىي قېرىنداشلىرىڭلاردۇر. دىنىي قېرىنداشلىق نەسەب قېرىنداشلىقىدىن كۈچلۈكتۇر. شۇڭا ئۇلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈش تەرىقىسىدە ماللىرىنى ئۆزۈڭلارنىڭ ماللىرىڭلارغا قېتىش قېرىنداشلىق ھەقلىرىنىڭ جۈملىسىدىن. ئاللاھ يېتىملەرنىڭ ماللىرىنى ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى بۇزۇش، خىيانەت قىلىش مەقسىتىدە قاتقۇچىلارنى بىلگىنىدەك، ئۇلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈش مەقسىتىدە قاتقانلارنىمۇ بىلىپ تۇرىدۇ ۋە ھەر ئىككىسىنىڭ تېگىشلىك مۇكاپاتىنى بېرىدۇ. ئەگەر ئاللاھ خالىسا سىلەرنى قىيىن ئىشقا تەكلىپ قىلىش بىلەن چوقۇم جاپاغا سالاتتى. ئاللاھ ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

ئاندىن كېيىن ئاللاھ تائالا ئەھلى كىتابتىن بولمىغان ئاياللار بىلەن توي قىلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: 221. «ئى مۇسۇلمانلار! ئەھلى كىتاب بولمىغان مۇشرىك ئاياللار ئىمان ئېيتمىغۇچە ئۇلارنى نىكاھىڭلارغا ئالماڭلار». ھۆر مۇشرىك ئايال ھۆسن - جامالى ۋە مېلى بىلەن سىلەرنى مەپتۇن قىلغان تەقدىردىمۇ، مۆمىن دېدەك ئەلۋەتتە ئۇنىڭدىن ئارتۇقتۇر. بۇتپەرەس بولسۇن ياكى ئەھلى كىتابتىن بولسۇن، مۇشرىك ئەرلەر ئىمان ئېيتمىغۇچە مۆمىن قىزلىرىڭلارنى ئۇلارغا ياتلىق قىلماڭلار، ھۆر مۇشرىك ئەر سىلەرنى مەپتۇن قىلغان تەقدىردىمۇ، مۆمىن قۇل ئەلۋەتتە ئۇنىڭدىن ئارتۇقتۇر. ئەنە شۇلار، توي قىلىش ۋە ئۇ ئارقىلىق ئۇرۇق - تۇغقان بولۇشىڭلار چەكلەنگەن كىشىلەردۇر. مۇشرىك ئەر ۋە ئاياللار سىلەرنى كۇپرى - پىسىقتىن ئىبارەت دوزاخقا ئېلىپ بارىدىغان نەرسىگە چاقىرىدۇ. سىلەرنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك

ئىشىڭلار ئۇلار بىلەن ئۆيلەنمەسلىك ۋە ئۆيلەندۈرمەسلىكتۇر. ئاللاھ ئۆز ئىرادىسى بويىچە سىلەرنى جەننەتكە ئېلىپ بارىدىغان، گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدىغان ئەمەللەرگە چاقىرىدۇ، كىشىلەر پەند - نەسىھەت ئالسۇن دەپ، ئاللاھ ئۇلارغا ئۆز ئايەتلىرىنى بايان قىلىدۇ.

بۇنىڭدىن كېيىن ئاللاھ ھەيزگە ئالاقىدار ئەھكاملارنى بايان قىلىدۇ. 222. «ئى مۇھەممەد! ئۇلار سەندىن ھەيز توغرۇلۇق، يەنى ھەيزدار ئايال بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلىشنىڭ دۇرۇس ياكى ئەمەسلىكى توغرۇلۇق سورايدۇ. ئېيتقىنكى، ھەيز مەينەتتۇر ۋە ھەيز مەزگىلىدە جىنسىي ئالاقە قىلىش ئەر - خوتۇن ھەر ئىككىسىگە زىيانلىقتۇر»، ھەيز مەزگىلىدە ئاياللىرىڭلاردىن نېرى تۇرۇڭلار. «ھەيزدىن پاك بولغۇچە ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلماڭلار». بۇ ئايەتتىن مەقسەت، ئۇلار بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەسلىكلا بولۇپ، يەھۇدىيلارغا ئوخشاش ئاياللار ئادەت كۆرگەن ۋاقىتلىرىدا ئۇلار بىلەن بىرگە ئولتۇرماسلىق، بىر داستىخاندا يېمەك يېمەسلىكتەك ئىشلار مەقسەت قىلىنغان ئەمەس. ئۇلار پاك بولغاندا، ئۇلارغا ئاللاھ بۇيرۇغان جايدىن يېقىنچىلىق قىلىڭلار. ئاللاھ ھەقىقەتەن تەۋبە قىلغۇچىلارنى، ھارامدىن ۋە نىجاسەتتىن پاك بولغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ. 223. «ئاياللىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن خۇددى ئېكىنزارلىقتۇر» يەنى، نەسىل تېرىيدىغان جايدۇر. بالا ئۇلارنىڭ بالىياتقۇلىرىدا مەيدانغا كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، سىلەر ئېكىنزارلىقىڭلارغا باشقا بىر تەرەپتىن ئەمەس، بالا بولىدىغان يەردىن خالىغان رەۋىشتە كېلىڭلار. ئىبنى ئابباس مۇنداق دېگەن: ئۆسۈملۈكنى

ئۇنىڭەن يىپىرىدىن سۇغارغىن. «خالىغان رەۋىشتە» دېگەندىن مەقسەت، ئۆرە تۇرغان، ئولتۇرغان، ياتقان... قانداق ھالەتتە بولسا بولسۇن، ئېكىنزارلىقتا (بالا بولىدىغان يەرگە) كېلىڭلار دېمەكچى. بۇ ئايەت يەھۇدىيلارنىڭ، ئەگەر بىر كىشى ئايالىنى ئارقا تەرىپىدىن كېلىپ ئالدىغا جىنسىي مۇناسىۋەت قىلسا، بالىسى ئالغاي تۇغۇلىدۇ، دېگەن سۆزىگە رەددىيەدۇر. ئاخىرەتتە سىلەر ئۈچۈن زاپاس ساقلىنىپ تۇرىدىغان ياخشى ئەمەللەرنى ئالدىنئالا تەييارلاڭلار، گۇناھتىن چەكلىنىش بىلەن ئاللاھتىن قورقۇڭلار، بىلىڭلاركى، سىلەر ئاللاھقا مۇلاقات بولىسىلەر، ئۇ سىلەرنى ئەمەللىرىڭلارغا كۆرە مۇكاپاتلايدۇ. مۆمىنلەرگە جەننەت بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن. 224. ياخشىلىق قىلماسلىقتا، تەقۋادار بولماسلىقتا ۋە كىشىلەرنى ئەپلەشتۈرمەسلىكتە قەسەم قىلىپ، بۇ ئىشلارنى قىلىشتا ئاللاھنى توسالغۇ قىلماڭلار (ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىشنى ياخشى ئىشلارنى قىلماسلىقنىڭ سەۋەبى قىلماڭلار)، ئاللاھ سۆزلىرىڭلارنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ئەھۋالىڭلارنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىشنى ياخشى ئىشلارنى قىلماسلىقنىڭ سەۋەبى قىلىۋالما. لېكىن قەسىمىڭگە كاپارەت بېرىپ ياخشى ئىشنى قىلىۋەر. بۇ ئايەت ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە ھەققىدە چۈشكەن بولۇپ، ئۇ كۈيئوغلى نۇئمان ئىبنى بەشىرگە گەپ قىلماسلىق ۋە سىڭلىسى بىلەن ئۇنىڭ ئارىسىنى ئەپلەشتۈرمەسلىككە قەسەم قىلغان ئىدى. 225. مەقسەتسىز ئىچكەن قەسەمڭلار ئۈچۈن ئاللاھ سىلەرنى جازاغا تارتمايدۇ، قەستەن ئىچكەن قەسىمڭلار ئۈچۈن ئاللاھ سىلەرنى جازاغا تارتىدۇ. ئاللاھ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ھەلىمدۇر (بەندىلىرىنى جازالاشقا

ئالدىراپ كەتمەيدۇ).

**ئىلاۋە:** 1. هاراق پۈتۈن يامانلىقلارنىڭ ئانىسى دەپ ئاتىلىدۇ. چۈنكى ئۇ بارلىق يامانلىقلارغا سەۋەب بولىدۇ. نەسەئىنىڭ ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىشىچە، ئۇ مۇنداق دېگەن: هاراقتىن ساقلىنىڭلار! چۈنكى ئۇ بارلىق يامانلىقلارنىڭ ئانىسى، سىلەردىن ئىلگىرى بىر ئابىد ئۆتكەن ئىدى. ئۇنىڭغا ناهايىتى گۈزەل بىر ئايال ئاشىق بولۇپ قالىدى. بىر كۈنى ئۇ ئايال دېدىكىنى بۇ ئابىدقا ئەۋەتتى. ئۇ دېدەك ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، بىز سېنى شاهىتلىققا دەۋەت قىلىمىز، دېدى. ئۇ ئابىد دېدەككە ئەگىشىپ مېڭىپ بىر ئۆيگە كەلدى. هەر ئىشىكتىن كىرگەندە دېدەك ئىشىكنى ئەتتى. شۇنداق قىلىپ ئاخىرى چىرايلىق بىر ئايالنىڭ يېنىغا كەلدى. ئايالنىڭ يېنىدا بىر بالا ۋە بىر قەدەھ هاراق بار ئىدى. ئۇ ئايال ئابىدقا، مەن سېنى شاهىتلىققا چاقىرمىدىم، بەلكى مەن بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشىڭ ئۈچۈن چاقىردىم. سەن يا مەن بىلەن جىنسى مۇناسىۋەت ئۆتكۈزىسەن، ياكى بۇ بالىنى ئۆلتۈرىسەن، ياكى بۇ هاراقتىن بىر قەدەھ ئىچىسەن دېدى. ئابىد، ماڭا بىر قەدەھ هاراق بەر دەپ هاراقنى ئىچتى. بىر قەدەھ هاراقنى ئىچىپ بولۇپ، يەنە بىر قەدەھ بەر دەپ، يەنە بىر قەدەھ ئىچىپ مەس بولدى. شۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەتمۇ ئۆتكۈزدى، بالىنىمۇ ئۆلتۈردى، هاراقنىمۇ ئىچتى. شۇنىڭ ئۈچۈن هاراقتىن ساقلىنىڭلار. ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئىمان ۋە هاراققا خۇمار بولۇپ قېلىش ئىككىسى بىر يەرگە كەلمەيدۇ. بىر يەرگە كېلىپ قالسا، چوقۇم بىرى يەنە بىرىنى هەيدەپ

چىقىرىدۇ. 2. قانداقىسىگە هاراقتا مەنپەئەت بولىدۇ. هالبۇكى، ئۇ ئەقىلنى ۋە مالنى يوق قىلىدىغان تۇرسا؟ جاۋاب: ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان مەنپەئەتتىن مەقسەت، ماددىي مەنپەئەتلەر بولۇپ، كىشىلەر ئۇنىڭ بىلەن تىجارەت قىلاتتى ۋە هېسابسىز پايدا قولغا كەلتۈرەتتى. قۇرتۇبى مۇنداق دېگەن: هاراق ئىچكەن كىشى ئەقىللىقلەرنىڭ كۈلكىسىگە قالىدۇ. هاراقكەش - مەس ئۆزىنىڭ چوڭ - كىچىك تەرەتلىرى بىلەن ئوينايدۇ، بەزىلىرىنىڭ ئۇنى يۈزلىرىگە سۈركەپ تۇرۇپ، ئى ئاللاھ! مېنى تەۋبە قىلغۇچى، پاك بەندىلىرىڭدىن قىل، دېگەنلىكلىرى كۆرۈلسە، يەنە بەزىلىرىنىڭ يۈزىنى ئىت يالاۋاتسا، سەن مېنى هۆرمەتلىگىنىڭدەك سېنىمۇ ئاللاھ هۆرمەتلىك قىلسۇن، دەۋاتقان ئەهۋاللار كۆرۈلگەن. 3. زەمەخشەرىي مۇنداق دېگەن: «هەيزدىن پاك بولغۇچە ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلماڭلار»، «ئۇلارغا ئاللاھ بۇيرۇغان جايدىن يېقىنچىلىق قىلىڭلار»، «بالا بولىدىغان يەردىن خالىغان رەۋىشتە كېلىڭلار» دېگەن بۇ جۈملىلەردە كىنايە ۋە گۈزەل بايان قىلىنىشلار بولۇپ، بۇلار قۇرئاننىڭ گۈزەل ئەدەپلىرىدىن هېسابلىنىپ، مۆمىنلەرنىڭ بۇلارنى ئۆگىنىشى، باشقىلار بىلەن بولغان سۆهبەت خىتابلىرىدا بۇ ئۇسلۇبلارغا ئەگىشىشى لازىم.

لِّلَّذِينَ يُؤۡلُونَ مِن نِّسَآئِهِمۡ تَرَبُّصُ أَرۡبَعَةِ أَشۡهُرٖۖ فَإِن فَآءُو فَإِنَّ ٱللَّهَ غَفُورٞ رَّحِيمٞ ﴿٢٢٦﴾ وَإِنۡ عَزَمُواْ ٱلطَّلَٰقَ فَإِنَّ ٱللَّهَ سَمِيعٌ عَلِيمٞ ﴿٢٢٧﴾ وَٱلۡمُطَلَّقَٰتُ يَتَرَبَّصۡنَ بِأَنفُسِهِنَّ ثَلَٰثَةَ قُرُوٓءٖۚ وَلَا يَحِلُّ لَهُنَّ أَن يَكۡتُمۡنَ مَا خَلَقَ ٱللَّهُ فِيٓ أَرۡحَامِهِنَّ إِن كُنَّ يُؤۡمِنَّ بِٱللَّهِ وَٱلۡيَوۡمِ ٱلۡأٓخِرِۚ وَبُعُولَتُهُنَّ أَحَقُّ

بِرَدِّهِنَّ فِي ذَٰلِكَ إِنۡ أَرَادُوٓاْ إِصۡلَٰحٗاۚ وَلَهُنَّ مِثۡلُ ٱلَّذِي
عَلَيۡهِنَّ بِٱلۡمَعۡرُوفِۚ وَلِلرِّجَالِ عَلَيۡهِنَّ دَرَجَةٞۗ وَٱللَّهُ
عَزِيزٌ حَكِيمٌ ﴿٢٢٨﴾ ٱلطَّلَٰقُ مَرَّتَانِۖ فَإِمۡسَاكُۢ بِمَعۡرُوفٍ
أَوۡ تَسۡرِيحُۢ بِإِحۡسَٰنٖۗ وَلَا يَحِلُّ لَكُمۡ أَن تَأۡخُذُواْ مِمَّآ
ءَاتَيۡتُمُوهُنَّ شَيۡـًٔا إِلَّآ أَن يَخَافَآ أَلَّا يُقِيمَا حُدُودَ ٱللَّهِۖ فَإِنۡ
خِفۡتُمۡ أَلَّا يُقِيمَا حُدُودَ ٱللَّهِ فَلَا جُنَاحَ عَلَيۡهِمَا فِيمَا
ٱفۡتَدَتۡ بِهِۦۗ تِلۡكَ حُدُودُ ٱللَّهِ فَلَا تَعۡتَدُوهَاۚ وَمَن يَتَعَدَّ
حُدُودَ ٱللَّهِ فَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلظَّٰلِمُونَ ﴿٢٢٩﴾ فَإِن طَلَّقَهَا
فَلَا تَحِلُّ لَهُۥ مِنۢ بَعۡدُ حَتَّىٰ تَنكِحَ زَوۡجًا غَيۡرَهُۥۗ فَإِن
طَلَّقَهَا فَلَا جُنَاحَ عَلَيۡهِمَآ أَن يَتَرَاجَعَآ إِن ظَنَّآ أَن
يُقِيمَا حُدُودَ ٱللَّهِۗ وَتِلۡكَ حُدُودُ ٱللَّهِ يُبَيِّنُهَا لِقَوۡمٖ
يَعۡلَمُونَ ﴿٢٣٠﴾

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:** ئاللاھ تائالا بۇنىڭدىن بۇرۇنقى ئايەتلەردە ئۈممەتنىڭ ئاساسىنى قۇرۇتىدىغان، جەمئىيەتنىڭ بىرلىكىنى بۇزۇپ، كىشىلەر ئارىسىدا ئاداۋەت ۋە ئۆچمەنلىك پەيدا قىلىدىغان ھاراق ۋە قىمارغا ئوخشاش ئىجتىمائىي كېسەللەر ھەققىدە توختالغاندىن كېيىن، تۆۋەندىكى ئايەتلەردە ئېسىل - پەزىلەتلىك بىر جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ تۈپ ئاساسلىرىدىن بىرى بولغان ئائىلىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ئۈستىدە توختىلىدۇ. چۈنكى ئائىلىنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشى بىلەن جەمئىيەت ئىسلاھ قىلىنىدۇ، ئائىلىنىڭ بۇزۇلۇشى بىلەن جەمئىيەت بۇزۇلىدۇ.

ئاللاھ تائالا ئائىلىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى ئەر ـ ئايال مۇناسىۋىتى بىلەن باشلىدى. ئەر - ئايال مۇناسىۋىتىنىڭ سۆيگۈ، مەرھەمەت ۋە سەممىيەت بىلەن داۋام قىلىشى ئۈچۈن، جۈپ تاللىغاندا دىندار بولغىنىنى تاللاشنى ئالاھىدە تەكىتلىدى. چۈنكى مۇشرىك بىر ئايالنىڭ مۇسۇلمان بىر ئەرنىڭ نىكاھىدا بولۇشى، مۆمىن بىر ئايالنىڭمۇ مۇشرىك بىر ئەرنىڭ نىكاھىدا بولۇشى ھالال ئەمەس. بۇ سەۋەبتىن مۇشرىك ئاياللار بىلەن ئۆيلىنىشنى، مۆمىن ئاياللارنىڭمۇ مۇشرىك ئەرلەر بىلەن ئۆيلىنىشنى ھارام قىلدى. ئەمدى بۇ ئايەتلەردە بولسا، ئائىلىدە مەيدانغا كېلىدىغان ۋە ئائىلىنىڭ داۋام قىلىشىنى تەھدىتكە ئۇچرىتىدىغان ئاياللارغا يېقىنچىلىق قىلماسلىقتا قەسەم ئىچىش، تالاق، پۇل ياكى باشقا مال ئورنىدا تۇرىدىغان نەرسىلەر بەدىلىگە ئايالنى تالاق قىلىش مەنىسىدە كەلگەن «خۇلئى»غا ئوخشاش بەزى كىسەللەرنى ۋە ئۇنى داۋالاش ئۇسۇللىرىنى زىكىر قىلدى.

**بۇ ئايەتلەرنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى:** جاھىلىيەتتە بىر كىشى ئايالىنى تالاق قىلسا، خالىغىنىچە تالاق قىلاتتى، ئايالىنى مىڭ قېتىم تالاق قىلغان بولسىمۇ، تالاق قىلىنغان ئايالنىڭ ئىددىتى توشماستىنلا يەنە خالىغان ۋاقىتتا يېنىۋېلىپ، ئايالى بىلەن ئەپلىشەتتى. بىر كىشى ئايالىغا زۇلۇم قىلىش مەقسىتى بىلەن: سېنى ھىمايەمگىمۇ ئالمايمەن، قويۇپمۇ بەرمەيمەن، دېدى. ئايالى، بۇنى قانداق قىلىسەن، دەپ سورىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: سېنى تالاق قىلىمەن، ئىددىتىڭ تۈگەشكە يېقىنلاشقاندا يەنە قايتۇرۇۋالىمەن، دېدى. بۇ ئايال ئەھۋالنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە شىكايەت قىلغاندىن

كېيىن، ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە: «قايتا يارىشىشقا بولىدىغان تالاق ئىككى قېتىمدۇر» دېگەن ئايەتنى چۈشۈردى.

**تەپسىرى:** 226. «ئاياللىرىغا زىيان يەتكۈزۈش مەقسىتىدە يېقىنچىلىق قىلماسلىققا قەسەم ئىچكەن كىشىلەر تۆت ئاي كۈتىدۇ. ئەگەر ئۇلار بۇ مۇددەت ئىچىدە ئاياللىرى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ئۇلارغا قايتسا، ئاياللىرىغا يامانلىق قىلغان گۇناھىنى ئاللاھ ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر. ئاللاھ ناھايىتى مېھرىباندۇر.» 227. ئايالى بىلەن جىنسى مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەسلىك ۋە ئۇلار بىلەن بىرگە بولماسلىق نىيىتىگە كەلسە، ئۇلار شۇنى بىلىپ قويسۇنكى، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، نىيەتلىرىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، بۇ ئايەتتىن مەقسەت شۇدۇر. ئەگەر بىر كىشى ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەسلىك ئۈچۈن قەسەم قىلسا، ئايالى تۆت ئاي ساقلايدۇ. ئەگەر تۆت ئاي ئىچىدە جىنسى مۇناسىۋەت ئۆتكۈزسە، قەسىمى بۇزۇلۇپ ياخشى ئىش قىلغان بولىدۇ، قەسەمنى بۇزغانلىق ئۈچۈن كاپارەت بېرىدۇ. ئەگەر بۇ مۇددەت ئىچىدە ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمىسە ھەنەفى مەزھىبىدە ئەر - ئايال ئاجرىشىپ، تالاق كۈچىنى كۆرسىتىدۇ. شافىئى مەزھىبىدە ئايال بۇ مەسىلىنى ھاكىمغا ئېلىپ بارىدۇ، ھاكىم ئەرگە يا ئايالىغا قايتىشىنى ھۆكۈم قىلىدۇ ياكى ئاجرىشىپ كېتىشكە بۇيرۇيدۇ. ئەگەر ئەر ھەر ئىككىسىنى قوبۇل قىلمىسا ھاكىم ئاجرىشىش بۇيرۇقى بېرىدۇ. بۇ تالاقتا مۇناسىۋەتلىك سۆزلەرنىڭ يىغىندىسى.

تۆۋەندە ئاللاھ تائالا ئىددەت ۋە شەرئىي تالاقنىڭ

ھۆكۈملىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: 228. «ئەرلىرى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەندىن كېيىن تالاق قىلىنغان ھۆر ئاياللار ئۈچ ھەيز ئۆتكىچە ئىددەت تۇتىدۇ.» ئىمام شافىئى ۋە ئىمام مالىكقا كۆرە ئۈچ پاكلىق، يەنى ئۈچ قېتىملىق ھەيزدىن پاكلىنىش؛ ئىمام ئەبۇ ھەنىفە ۋە ئىمام ئەھمەدكە كۆرە ئۈچ ھەيز ساقلايدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن خالىغان زامان توي قىلالايدۇ. بۇ، ئېرى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەندىن كېيىن تالاق قىلىنغان ئايالنىڭ ھۆكمى بولۇپ، جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمىگەن ئايال ئۈچۈن ئاللاھنىڭ «ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلىشتىن بۇرۇن ئۇلارنى قويۇۋەتسەڭلار، بۇ چاغدا ئۇلار سىلەر ئۈچۈن ئىددەت تۇتماسلىقى كېرەك» (سۈرە ئەھزاب 49 - ئايەت) دېگەن سۆزىگە ئاساسەن ئىددەت ۋاجىپ ئەمەس. ئۇلار، يەنى تالاق قىلىنغان ئاياللار ئەگەر ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىپ، ئازابىدىن قورقىدىكەن، ئىددىتىم تېز توشسۇن، ياكى ئېرىمنىڭ مەن بىلەن قايتا ئەپلىشىش ھەققى يوق بولسۇن دەپ بەچچىدانلىرىدىكى ئاللاھ ياراتقان نەرسىنى (بالىنى ياكى ھەيزنى) يوشۇرۇشى دۇرۇس ئەمەس. بۇ، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى كەم - زىيادە قىلماستىن تولۇق خەۋەر قىلىشى ئۈچۈن، ئاللاھ تەرىپىدىن بولغان بىر ئاگاھلاندۇرۇش. چۈنكى بۇ ئىشلار پەقەت ئاياللار تەرىپىدىنلا بىلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىددەتلىرى توشمىغان مۇددەت ئىچىدە، ئەگەر ئەرلىرى ئۇلارغا زىيان سېلىشنى مەقسەت قىلماستىن ھەقىقىي ئەپلىشىپ قېلىشنى خالىسا، شۇ مۇددەت ئىچىدە ئۇلارنى قايتۇرۇپ كېلىشكە باشقىلارغا قارىغاندا ئەڭ ھەقلىقتۇر، بۇ رەجئىي تالاقنىڭ ھۆكمىدۇر. ئاياللارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش ۋە ئۇلارغا زىيان

يەتكۈزمەسلىككە ئوخشاش ئەرلەرنىڭ ئۈستىدە ئاياللارنىڭ هەقلىرى بولغىنىدەك، ئاياللارنىڭ ئۈستىدىمۇ ئەرلەرنىڭ هەقلىرى بار. ئەرلەر ئاياللاردىن بىر دەرىجە ئۈستۈنلۈككە ئىگە. بۇ ئۈستۈنلۈك ئاللاھنىڭ بۇيرۇغىنىدەك، ئاياللارغا تويلۇق بېرىش، ئائىلىنىڭ تۇرمۇشىنى قامداش، بۇيرۇقنىغا ئىتائەت قىلىشقا ئوخشاش ئۈستۈنلۈكلەر بولۇپ، دىققەت قىلىنىدىغان بولسا، بۇ ئۈستۈنلۈك شەرەپ ئۈستۈنلۈكى ئەمەس، بەلكى ئەرلەرگە يۈكلەنگەن مەجبۇرىيەت ئۈستۈنلىكىدۇر. «ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر» (سۈرە ھۇجۇرات 49 - ئايەت). ئاللاھ غالىبتۇر، چىقارغان قانۇن، بۇيرۇقلىرىدا ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. 229. قايتا يارىشىشقا بولىدىغان تالاق ئىككى قېتىمدۇر. ئۇنىڭدىن كېيىن خوتۇننى چىرايلىقچە تۇتۇش، ياكى ياخشىلىق بىلەن زۇلۇم قىلماي، يامان گېپىنى قىلماي، كىشىلەرنى ئۇنىڭدىن يىراقلاشتۇرماي قويۇۋېتىش لازىم. ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە رىئايە قىلالماسلىق خەۋپى (ياخشى ئۆتەلمەسلىك، ئاللاھ بەلگىلىگەن ئەر - خوتۇنلۇق ھوقۇقلىرىغا رىئايە قىلالماسلىق خەۋپى) بولمىسىلا، ئۆزۈڭلارنىڭ ئاياللىرىڭلارغا تويلۇق ئۈچۈن بەرگەن مال - مۈلۈكتىن ھېچقانداق نەرسىنى قايتۇرۇۋېلىش دۇرۇس بولمايدۇ. ئەگەر سىلەر ئۇلار (ئەر - ئايال)نىڭ ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە رىئايە قىلالماسلىقىدىن قورقساڭلار، خوتۇنىنىڭ تالاق خېتىنى ئېلىش مەقسىتىدە مال بەرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ ئىككىسىگە (ئەر - خوتۇنغا) گۇناھ بولمايدۇ. ئەنە شۇلار تالاق، رەجئى تالاق، خۇلئى ۋە باشقا شەرئىي ھۆكۈملەردىن ئىبارەت ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىلىرىدۇر.

كىمكى ئاللاھنىڭ ھۆكۈملىرىگە خىلاپلىق قىلىپ، ئۆزىنى ئاللاھنىڭ غەزىپىگە تاشلايدىكەن، ئاللاھنىڭ ئازابىغا ھەقلىق بولغان زالىملارنىڭ جۈملىسىدىن بولىدۇ. 230. ئەگەر بىر كىشى خوتۇنىنى ئۈچ قېتىم تالاق قىلسا، (خوتۇن) باشقا ئەرگە تېگىپ بىر - بىرىنىڭ تەمىنى رەسمىي تېتىغاندىن (ئۇنىڭ بىلەن رەسمىي جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەندىن) كېيىن ئۇنىڭدىن تالاق قىلىنىپ ئايرىلمىغۇچە، ئۇنىڭغا دۇرۇس بولمايدۇ (بۇ ئىش ھەدىس شەرىپتىمۇ مۇشۇ شەكىلدە بايان قىلىنغان بولۇپ، بۇ خىل ئۇسۇل ئايالىنى ياخشى كۆرگەن بىر ئەرنىڭ ئايالىنى ئۈچ قېتىم تالاق قىلىشتىن توسۇپ قالىدىغان بىر تەدبىر ئىكەنلىكى زىكىر قىلىنماقتا. چۈنكى ھەرقانداق بىر شەرەپلىك كىشى ئايالىنىڭ باشقىلار بىلەن يېتىشىنى يامان كۆرىدۇ). كېيىنكى ئەر ئۇنى تالاق قىلغاندىن كېيىن ئىددىتىنى توشقۇزۇپ، بۇرۇنقى ئەر بىلەن قايتا ياراشسا، ئۇلارغا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. ئەگەر ئۇلار ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە رىئايە قىلالايدىغانلىقىنى (قايتا ياراشقاندىن كېيىن ياخشى ئۆتەلەيدىغانلىقىنى) تەسەۋۋۇر قىلسا، بۇ ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىلىرىدۇركى، ئاللاھ ئۇنى بىلىدىغان (ئىشنىڭ ئاقىۋىتىگە پەمى يېتىدىغان) قەۋم ئۈچۈن بايان قىلىدۇ.

**ئىلاۋە:** ئىسلامدا دەسلەپكى خۇلئى سابىت ئىبنى قەيسنىڭ ئايالى ھەققىدە بولغان. سابىتنىڭ ئايالى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە كېلىپ، ئاللاھ مېنىڭ بېشىم بىلەن ئۇنىڭ بېشىنى بىر يەرگە ئەكەلمىسۇن، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇنى ئەخلاقى ۋە دىندارلىقى ھەققىدە

ئەيىپلىمەيمەن، لېكىن مەن ئىسلامغا كىرگەندىن كېيىن كۇپرىغا ئېلىپ بارىدىغان ئىش قىلىپ سېلىشتىن قورقىمەن، دېدى. رەسۇلۇللاھ، ئۇنىڭغا تويلۇق قىلىپ بەرگەن بېغىنى قايتۇرۇپ بېرەمسەن؟ دېۋىدى، ئۇ ماقۇل بولدى ۋە ئىككىسىنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋەتتى.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: مەن ئاياللىم ئۈچۈن زىننەتلىنىشنى خۇددى ئۇ ماڭا زىننەتلەنگىنىدەك ياخشى كۆرىمەن. چۈنكى ئاللاھ تائالا «ئاياللىرى ئۈستىدە ئەرلەرنىڭ ھەقلىرى بولغىنىدەك، ئەرلىرى ئۈستىدە ئاياللارنىڭمۇ ھەقلىرى بار» دەيدۇ.

وَإِذَا طَلَّقۡتُمُ ٱلنِّسَآءَ فَبَلَغۡنَ أَجَلَهُنَّ فَأَمۡسِكُوهُنَّ بِمَعۡرُوفٍ
أَوۡ سَرِّحُوهُنَّ بِمَعۡرُوفٖۚ وَلَا تُمۡسِكُوهُنَّ ضِرَارٗا لِّتَعۡتَدُواْۚ وَمَن
يَفۡعَلۡ ذَٰلِكَ فَقَدۡ ظَلَمَ نَفۡسَهُۥۚ وَلَا تَتَّخِذُوٓاْ ءَايَٰتِ ٱللَّهِ
هُزُوٗاۚ وَٱذۡكُرُواْ نِعۡمَتَ ٱللَّهِ عَلَيۡكُمۡ وَمَآ أَنزَلَ عَلَيۡكُم
مِّنَ ٱلۡكِتَٰبِ وَٱلۡحِكۡمَةِ يَعِظُكُم بِهِۦۚ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ وَٱعۡلَمُوٓاْ
أَنَّ ٱللَّهَ بِكُلِّ شَيۡءٍ عَلِيمٞ ﴿٢٣١﴾ وَإِذَا طَلَّقۡتُمُ ٱلنِّسَآءَ فَبَلَغۡنَ
أَجَلَهُنَّ فَلَا تَعۡضُلُوهُنَّ أَن يَنكِحۡنَ أَزۡوَٰجَهُنَّ إِذَا تَرَٰضَوۡاْ
بَيۡنَهُم بِٱلۡمَعۡرُوفِۗ ذَٰلِكَ يُوعَظُ بِهِۦ مَن كَانَ مِنكُمۡ
يُؤۡمِنُ بِٱللَّهِ وَٱلۡيَوۡمِ ٱلۡأٓخِرِۗ ذَٰلِكُمۡ أَزۡكَىٰ لَكُمۡ وَأَطۡهَرُۚ
وَٱللَّهُ يَعۡلَمُ وَأَنتُمۡ لَا تَعۡلَمُونَ ﴿٢٣٢﴾

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:** بۇ ئايەتلەر تالاققا مۇناسىۋەتلىك ھۆكۈملەرنى، تالاقنىڭ

ئەدەب - ئەركانلىرىنى بايان قىلىشنى داۋام قىلىدۇ ۋە تالاق قىلىنغان ئاياللارغا زىيان يەتكۈزۈشتىن توسىدۇ. بۇلارغا قارىغىنىمىزدا، بۇ ئايەتلەرنىڭ ئىلگىرىكى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى كۆرۈۋالالايمىز.

**بۇ ئايەتلەرنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى:** رىۋايەت قىلىنىشىچە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم زامانىسىدا، مەئقەل ئىبنى ياشار قىز بىر تۇغقىنىنى مۇسۇلمانلاردىن بىر كىشىگە تويلاپ قويىدى. قىز ئېرى بىلەن بىر مۇددەت ياشىغاندىن كېيىن، ئېرى ئۇنى تالاق قىلدى. تالاقتىن كېيىنكى ئىددەت مۇددىتى توشقىچە ئەپلىشىپ قېلىش ئۈچۈن ئايالىنى قايتۇرۇپ ئەكەلمەستىن ئايالىنىڭ ئىددىتى توشۇپ قالدى. بىر مۇددەتتىن كېيىن ئۇلار بىر - بىرى بىلەن قايتا ئۆيلىنىشنى ئىرادە قىلدى. ئېرى بىر ئەلچى بىلەن بىرلىكتە مەئقەلنىڭ يېنىغا بېرىپ، سىڭلىسى بىلەن قايتا ئۆيلىنىشنى تەلەپ قىلدى. مەئقەل، ئى مەلئۇن، مەن ئۇنى ساڭا بېرىپ تويۇڭنى قىلىپ قويدۇم، سەن ئۇنى تالاق قىلدىڭ. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇ ساڭا ھەرگىز قايتمايدۇ، دېدى. ھالبۇكى، ئاللاھ بۇ ئىككى كونا ئەر - خوتۇنلارنىڭ بىر - بىرىگە موھتاجلىقىنى بىلەتتى. بۇ ھەقتە ئاللاھ: «سىلەر ئاياللارنى تالاق قىلغان بولساڭلار، ئۇلارنىڭ ئىددىتى توشاي دەپ قالغان بولسا،...» دېگەن ئايەتنى چۈشۈردى. مەئقەل بۇ ئايەتنى ئاڭلاپ، ئى ئاللاھ! ساڭا ئىتائەت قىلىمەن ۋە ساڭا بويسۇنىمەن، دەپ سىڭلىسىنىڭ ئېرىنى چاقىرىپ، سېنى ئۆيلەپ قويىمەن، ساڭا ئۇنى ئىكرام قىلىمەن، دېدى. مانا بۇ ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا ئەڭ مۇكەممەل دەرىجىدە ئىتائەت

قىلىشتۇر.

**تەپسىرى:** 231. ئى ئەرلەر، سىلەر ئاياللارنى رەجئى تالاق قىلغان بولساڭلار، ئۇلارنىڭ ئىددىتى توشاي دەپ قالغان بولسا، ئۇلارنىڭ باشقىلار بىلەن نىكاھلىنىشىنى توسۇپ، ئۇلارغا زىيان يەتكۈزمەستىن، ئۇلار بىلەن چىرايلىقچە يارىشىپ، ئۇلارنى نىكاھىڭلاردا تۇتۇڭلار ياكى ئۇلارنى ياخشىلىق بىلەن قويۇۋېتىڭلار، زۇلۇم قىلىش مەقسىتىدە ئۇلارنى تۇتىۋالماڭلار. كىمكى شۇنداق قىلىدىكەن (كىمكى چىرايلىقچە ئۆي تۇتۇش نىيىتى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئىددىتىنى ئۇزارتىپ زۇلۇم قىلىش نىيىتىدە خوتۇنى بىلەن يارىشىدىكەن)، ئۇ ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلغان بولىدۇ. بۇ ئايەت كىشىلەر ئارىسىدا داۋاملىشىپ كەلگەن بىر ئادەتنى چەكلەيدۇ. بۇنىڭدىن ئىلگىرى كىشىلەر ئايالىنى تالاق قىلىپ، ئىددەت مۇددىتى تۈگەشكە ئاز قالغاندا، ئۇنىڭ بىلەن ئەپلىشىپ قېلىش نىيىتىدە ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزۈش مەقسىتىدە يارىشاتتى. مەزكۇر ئايەت بۇنى چەكلەيدۇ. ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى كۈلكە قىلىۋالماڭلار (ئاللاھنىڭ ئەھكاملىرىنى خىلاپلىق قىلىش يولى بىلەن مەسخىرە قىلماڭلار)، ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن ئىسلام ۋە ھىدايىتىدىن ئىبارەت نېمىتىنى، سىلەرگە ۋەز - نەسىھەت قىلىش ئۈچۈن نازىل قىلغان كىتابىنى، ھېكمىتىنى (كىتابىدىكى ئەھكاملارنى) ياد ئېتىڭلار، ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلىڭلار. بىلىڭلاركى، ئاللاھ ھەر نەرسىنى بىلگۈچىدۇر.

ئاللاھ ئېرىگە قايتماقچى بولغان ئاياللارنى توسماسلىققا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: 232. ئەگەر سىلەر ئاياللارنى تالاق

قىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىددەتتە توشقاندىن كېيىن ئۆزئارا كېلىشىپ، پۇشايمان قىلغانلىقىنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلسە ۋە قائىدە بويىچە تەگمەكچى بولغان ئېرى بىلەن يۈتۈشكەن بولسا، ئۇلارنى نىكاھلىنىشتىن توسماڭلار. ئۇلارغا زىيان يەتكۈزمەسلىك ۋە ئۇلارنى ئۆيلىنىشتىن توسماسلىقتىن ئىبارەت بۇ نەسىھەتلەر بىلەن ئىچىڭلاردىن ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەنلەرگە نەسىھەت قىلىنىدۇ. بۇ، يەنى ۋەز - نەسىھەت ئېلىش ۋە ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىنى تۇتۇش سىلەر ئۈچۈن ئەڭ پايدىلىقتۇر ۋە ئەڭ پاكتۇر، شەرىئەت ئەھكاملىرىدىن سىلەرگە نېمىلەرنىڭ ئەڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ئاللاھ بىلىدۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر.

**ئىلاۋە:** فەخرىددىن رازى مۇنداق دەيدۇ: ئىسلام قانۇنىدىكى تالاق قىلىنغان ئايالنىڭ ئىددەتتە ئىچىدە ئېرىگە ئۇنى قايتۇرۇۋېلىش ھەققىنى بېرىشنىڭ ھېكمىتى، ئايالى ئۇنىڭ يېنىدا بىرگە بولغاندا ئۇنىڭدىن ئايرىلىشنىڭ تەس كېلىپ - كەلمەيدىغانلىقىنى بىلەلمەيدۇ. بەلكى ئايرىلغاندا ئاندىن بىلىنىدۇ. ئەگەر ئاللاھ بىر تالاق بىلەن يېنىۋېلىشتىن توسقان بولسا، ئايرىلغاندىن كېيىن مۇھەببەت ئاشكارىلانسا، ئۇ ھالدا ئىنسانغا ھەقىقەتەن ئېغىر كېلەتتى. ئىنسان بۇنى بىر قېتىمدىلا تەجرىبە قىلىپ بولالمىغانلىقتىن، ئاللاھ ئىككى قېتىم قايتۇرۇۋېلىشنى جائىز قىلغان. مانا بۇ، ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە بولغان رەھمىتى ۋە مېھرىبانلىقىنىڭ نە قەدەر بۈيۈك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

وَٱلْوَٰلِدَٰتُ يُرْضِعْنَ أَوْلَٰدَهُنَّ حَوْلَيْنِ كَامِلَيْنِ ۖ لِمَنْ أَرَادَ

أَن يُتِمَّ ٱلرَّضَاعَةَۚ وَعَلَى ٱلۡمَوۡلُودِ لَهُۥ رِزۡقُهُنَّ وَكِسۡوَتُهُنَّ
بِٱلۡمَعۡرُوفِۚ لَا تُكَلَّفُ نَفۡسٌ إِلَّا وُسۡعَهَاۚ لَا تُضَآرَّ وَٰلِدَةُۢ
بِوَلَدِهَا وَلَا مَوۡلُودٞ لَّهُۥ بِوَلَدِهِۦۚ وَعَلَى ٱلۡوَارِثِ مِثۡلُ ذَٰلِكَۗ فَإِنۡ
أَرَادَا فِصَالًا عَن تَرَاضٖ مِّنۡهُمَا وَتَشَاوُرٖ فَلَا جُنَاحَ
عَلَيۡهِمَاۗ وَإِنۡ أَرَدتُّمۡ أَن تَسۡتَرۡضِعُوٓاْ أَوۡلَٰدَكُمۡ فَلَا جُنَاحَ
عَلَيۡكُمۡ إِذَا سَلَّمۡتُم مَّآ ءَاتَيۡتُم بِٱلۡمَعۡرُوفِۗ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ
وَٱعۡلَمُوٓاْ أَنَّ ٱللَّهَ بِمَا تَعۡمَلُونَ بَصِيرٞ ﴿٢٣٣﴾ وَٱلَّذِينَ يُتَوَفَّوۡنَ
مِنكُمۡ وَيَذَرُونَ أَزۡوَٰجٗا يَتَرَبَّصۡنَ بِأَنفُسِهِنَّ أَرۡبَعَةَ
أَشۡهُرٖ وَعَشۡرٗاۖ فَإِذَا بَلَغۡنَ أَجَلَهُنَّ فَلَا جُنَاحَ عَلَيۡكُمۡ
فِيمَا فَعَلۡنَ فِيٓ أَنفُسِهِنَّ بِٱلۡمَعۡرُوفِۗ وَٱللَّهُ بِمَا تَعۡمَلُونَ
خَبِيرٞ ﴿٢٣٤﴾ وَلَا جُنَاحَ عَلَيۡكُمۡ فِيمَا عَرَّضۡتُم بِهِۦ مِنۡ
خِطۡبَةِ ٱلنِّسَآءِ أَوۡ أَكۡنَنتُمۡ فِيٓ أَنفُسِكُمۡۚ عَلِمَ ٱللَّهُ أَنَّكُمۡ
سَتَذۡكُرُونَهُنَّ وَلَٰكِن لَّا تُوَاعِدُوهُنَّ سِرًّا إِلَّآ أَن تَقُولُواْ
قَوۡلٗا مَّعۡرُوفٗاۚ وَلَا تَعۡزِمُواْ عُقۡدَةَ ٱلنِّكَاحِ حَتَّىٰ يَبۡلُغَ
ٱلۡكِتَٰبُ أَجَلَهُۥۚ وَٱعۡلَمُوٓاْ أَنَّ ٱللَّهَ يَعۡلَمُ مَا فِيٓ أَنفُسِكُمۡ
فَٱحۡذَرُوهُۚ وَٱعۡلَمُوٓاْ أَنَّ ٱللَّهَ غَفُورٌ حَلِيمٞ ﴿٢٣٥﴾ لَّا جُنَاحَ
عَلَيۡكُمۡ إِن طَلَّقۡتُمُ ٱلنِّسَآءَ مَا لَمۡ تَمَسُّوهُنَّ أَوۡ تَفۡرِضُواْ
لَهُنَّ فَرِيضَةٗۚ وَمَتِّعُوهُنَّ عَلَى ٱلۡمُوسِعِ قَدَرُهُۥ وَعَلَى ٱلۡمُقۡتِرِ
قَدَرُهُۥ مَتَٰعَۢا بِٱلۡمَعۡرُوفِۖ حَقًّا عَلَى ٱلۡمُحۡسِنِينَ ﴿٢٣٦﴾ وَإِن
طَلَّقۡتُمُوهُنَّ مِن قَبۡلِ أَن تَمَسُّوهُنَّ وَقَدۡ فَرَضۡتُمۡ لَهُنَّ
فَرِيضَةٗ فَنِصۡفُ مَا فَرَضۡتُمۡ إِلَّآ أَن يَعۡفُونَ أَوۡ يَعۡفُوَاْ

ٱلَّذِى بِيَدِهِۦ عُقْدَةُ ٱلنِّكَاحِ ۚ وَأَن تَعْفُوٓا۟ أَقْرَبُ لِلتَّقْوَىٰ ۚ
وَلَا تَنسَوُا۟ ٱلْفَضْلَ بَيْنَكُمْ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ بِمَا تَعْمَلُونَ بَصِيرٌ ﴿٢٣٧﴾

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:** ئاللاھ تائالا ئالدىنقى ئايەتلەردە ئۆيلىنىش، تالاق، ئىددەت، رەجئى (ئەرنىڭ تالاق قىلغان ئايالىغا ئىددەت ئىچىدە قايتىشى) گە مۇناسىۋەتلىك ھۆكۈملەرنى بايان قىلغاندىن كېيىن، تۆۋەندىكى ئايەتلەردە بالىلارنى ئېمىتىشكە مۇناسىۋەتلىك ھۆكۈملەرنى بايان قىلىدۇ. چۈنكى، بەزى كىشىلەر ئېمىدىغان بالىسى بار ئايالنى تالاق قىلىدۇ. بۇ ئەھۋالدا بەزى ئاياللار ئېرىدىن ئىنتىقام ئېلىش ياكى بوۋاقنىڭ باھانىسىدا ئېرىگە زىيان يەتكۈزۈش ئۈچۈن بەزەن ئۇنى سۈتتىن مەھرۇم قويسا، بەزەن ئۇنى زايە قىلىدۇ. بۇ سەۋەبتىن، بۇ ئايەتلەر تالاق قىلىنغان ئانىلارنى بوۋاقلىرىنى ئاسراشقا ۋە ئۇلارغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلۈشكە چاقىرىدۇ.

**بۇ ئايەتلەرنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى:** رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئەنسارلاردىن بىر كىشى بەنى ھەنىفە قەبىلىسىدىن بىر ئايال بىلەن ئۇنىڭ تويلۇقىنى بېكىتمەستىنلا ئۆيلەندى. لېكىن ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتىن بۇرۇن تالاق قىلىۋەتتى. نەتىجىدە، بۇ ھەقتە «ئەگەر سىلەر ئاياللىرىڭلارغا يېقىنچىلىق قىلماي ياكى مېھىر ھەققى تەيىنلىمەي تۇرۇپ ئۇلارنى تالاق قىلساڭلار (نىكاھىڭلارغا ئالغان ئايال بىلەن بىر يەردە بولمىغان ياكى مېھىر ھەققىنى مۇئەييەنلەشتۈرمىگەن شارائىتتا ئۇنى قويۇۋەتسەڭلار)، سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ» دېگەن ئايەت چۈشتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ

ئەلەيھى ۋەسەللەم ھېلىقى ئەنسارغا، دوپپىسىنى بولسىمۇ بەر، دېدى.

**تەپسىرى:** 233. ئانىلار بالىلارنى ئېمىتىش مۇددىتىدە تولۇق ئېمىتمەكچى بولسا، ساق ئىككى يىل ئېمىتىشى لازىم. ئاتىلار قائىدە بويىچە ئانىلارنى يېمەك - ئىچمەك ۋە كىيىم - كېچەك بىلەن ئىسراپمۇ قىلماي، قىسىپمۇ قويماستىن ۋاقتىدا تەمىنلەپ تۇرۇشى كېرەك. نەپىقە ئەرنىڭ ماددىي ئەھۋالىغا قاراپ بېرىلىدۇ. چۈنكى كىشى پەقەت قولىدىن كېلىدىغان ئىشقىلا تەكلىپ قىلىنىدۇ. ئەر - ئايال ئۆزئارا ئىتتىپاق كەلگىنى بويىچە ئادا قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيەتلەرنى تولۇق ئادا قىلماي بالىغا، شۇنداقلا بالا سەۋەبلىك ئەر - ئايال بىر - بىرىگە زىيان سالماسلىقى لازىم. مەسىلەن، ئانا بالىنى تەربىيەلەش جەريانىدا دادىغا زىيان سېلىش ئۈچۈن بالىنى ئېمىتىشنى رەت قىلماسلىقى، دادىمۇ ئانىغا زىيان سېلىش ئۈچۈن، ئانىنىڭ بالىنى ئېمىتىش رىغبىتى بولسىمۇ بالىنى قەستەن ئۇنىڭدىن تارتىۋالماسلىقى لازىم. بۇ ئايەتنى مۇجاھىد يۇقىرىقىدەك تەپسىر قىلغان. «ئەگەر ئاتا ئۆلۈپ كەتسە ئۇنىڭ ۋارىسى ئاتىغا ئوخشاش مەسئۇلىيەتنى، يەنى ئانا بولغۇچىغا نەپىقە بېرىش ۋە ئۇنىڭ ھەقلىرىگە رىئايە قىلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى، ئانىغا زىيان سالماسلىقى كېرەك. ئەگەر ئاتا - ئانا كېڭىشىپ بالىنى ئىككى يىل توشماستىنلا ئايرىۋەتمەكچى بولسا، شۇنداقلا ئۇنى بالىغا پايدىلىق دەپ قارىسا، ئۇلارغا ھېچبىر گۇناھ بولمايدۇ. ئانا بالىنى بېقىشتىن ئاجىز كەلسە ياكى توي قىلىش سەۋەبلىك بالىلىرىڭلارنى ئىنىكئانىلارغا ئېمىتمەكچى بولساڭلار،

ئىتتىپاق كەلگىنىڭلار بويىچە ئۇلارنىڭ ھەققىنى بەرسەڭلار سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. چۈنكى ئىنىكئانىنىڭ ھەققى بېرىلمىسە، بالىنى بېقىش ۋە ئېمىتىش ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلمەيدۇ. ئاللاھتىن (ئاللاھنىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلىشتىن) قورقۇڭلار، بىلىڭلاركى، ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلغان ئەمەلىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر. 234. ئىچىڭلاردا ئۆزى ۋاپات بولۇپ ئاياللىرى قېلىپ قالغان كىشىلەر بولسا، ئاياللىرى تۆت ئاي ئون كۈن ئىددەت تۇتۇشى لازىم. بۇ ھامىلدار بولمىغان ئاياللارنىڭ ھۆكمى بولۇپ، ھامىلدار ئاياللىنىڭ ئىددىتى بالىنى تۇغۇش بىلەن تۈگەيدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ھامىلدار ئاياللارنىڭ ئىددىتى (مەيلى قويۇۋېتىلگەن بولسۇن، مەيلى ئېرى ئۆلۈپ قالغان بولسۇن،) بوشىنىش بىلەنلا تۈگەيدۇ». (سۈرە تالاق 4 - ئايەت). ئى ۋەلىيلەر! ئۇلارنىڭ ئىددىتى توشقاندىن كېيىن ئۆزلىرى توغرۇلۇق قائىدە بويىچە ئىش قىلسا، يەنى سىلەر ئۇلارنىڭ زىنەتلىنىشىگە، ئۆيلىنىش تەكلىپى بەرگەنلەرگە كۆرۈنۈشىگە رۇخسەت قىلساڭلار، سىلەرگە (شۇ ئاياللارغا ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىلارغا) ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلغان ئەمەللىرىڭلاردىن خەۋەرداردۇر. 235. ئىددىتى توشمىغان ئاياللارغا ئۇلارنى ئالىدىغانلىقىڭلارنى پۇرىتىپ ئۆتسەڭلار ياكى بۇنى دىللىرىڭلاردا يوشۇرۇن تۇتساڭلار، سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: بۇ تەكلىپ ئەرلەرنىڭ ئاياللارغا «ئاللاھ ماڭا ياخشى، سالىھە بىر ئايال بىلەن توي قىلىشنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەرسە دەپ ئۈمىد قىلىمەن» ياكى «مېنىڭ ئاياللارغا ئېھتىياجىم بار» دېگەنىدەك سۆزلەرنى قىلىشى بىلەن بولىدۇ. ئۇلارغا ئېغىز

ئاچىدىغانلىقىنىڭلار ئاللاھقا مەلۇمدۇر، لېكىن ئۇلار بىلەن يوشۇرۇن ۋەدىلىشىپ قويماڭلار، پەقەت ئاشكارا ئېيتىلسا كىشى خىجىل بولمايدىغان مۇۋاپىق سۆزلەرنى قىلساڭلار بولىدۇ، ئىددەت توشمىغۇچە ئۇلارنى نىكاھىڭلارغا ئېلىشقا بەل باغلىماڭلار. بىلىڭلاركى، ئاللاھ دىلىڭلاردىكىنى بىلىپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭدىن، يەنى ئاللاھنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىپ جازالىنىشتىن ھەزەر ئەيلەڭلار. بىلىڭلاركى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ئاللاھتىن قورقۇپ گۇناھتىن چەكلەنگەنلەرگە ھەلىمدۇر، يەنى تەۋبە قىلغانلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ، ئاسىيلىق قىلغانلارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ. 236. ئەگەر سىلەر ئاياللىرىڭلارغا يېقىنچىلىق قىلماي ياكى مېھر ھەققى تەيىنلىمەي تۇرۇپ ئۇلارنى تالاق قىلساڭلار (نىكاھىڭلارغا ئالغان ئايال بىلەن بىر يەردە بولمىغان ياكى مېھر ھەققىنى مۇئەييەنلەشتۈرمىگەن شارائىتتا ئۇنى قويۇۋەتسەڭلار)، سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. لېكىن ئۇلارنى تالاق قىلغان چېغىڭلاردا ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ۋە دەرتلىرىگە دەرمان بولۇشى ئۈچۈن، مۇتئە، يەنى بەلگىلىك مىقداردا پۇل - مال بېرىشىڭلار كېرەك. ئۇلارغا نەرسە بېرىڭلار، باي ئۆز ھالىغا يارىشا، كەمبەغەلمۇ ئۆز ھالىغا يارىشا قائىدە بويىچە بەرسۇن، (بۇ) ياخشى ئادەملەرنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىدۇر. 237. ئەگەر سىلەر ئۇلارغا مۇئەييەن مېھر ھەققى تەيىنلەپ ئۆيلىنىپ، جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتىن بۇرۇن تالاق قىلساڭلار، تەيىنلەنگەن مېھر ھەققىنىڭ يېرىمىنى بېرىڭلار. چۈنكى بۇ يېقىنچىلىق قىلىشتىن بۇرۇن قىلىنغان تالاقتۇر. لېكىن ئاياللار ئۆتۈنسە، يەنى مېھر ھەققىدىن ۋاز كېچىپ پۈتۈنلەي ئالمىسا،

ياكى نىكاھىنىڭ تۈگۈنى ئۆز ئىلكىدە بولغان ئەرلەر ئۆتۈنسە، يەنى تەيىنلەنگەن مەھر ھەققىنىڭ ھەممىسىنى بەرسە، بۇ ئىش مۇستەھسەندۇر. شۇ بويىچە بىر تەرەپ قىلىش لازىم. يەنە بىر كۆز قاراشقا كۆرە، نىكاھىنىڭ تۈگۈنى ئۆز ئىلكىدە بولغان كىشى ئېرى بولۇپ، ئۇنىڭ ھەققىدىن ئۆتۈنۈپ بېرىشى بولسا ئايالغا بەرگەن مەھر ھەققىنىڭ ھەممىسىنى ئايالغا بېرىۋېتىشىدۇر. ئىبنى جەرىر بۇ كۆز قاراشنى تاللىسا، زەمەخشەرىي، نىكاھ تۈگۈنى ئىلكىدە بولغان كىشىدىن مەقسەت ۋەلىيدۇر، دېگەننى تاللايدۇ. سىلەر ئۆتۈنسەڭلار، (ئۆتۈنگەن ئادەم) تەقۋادارلىققا ئەڭ يېقىندۇر. ئۆزئارا ئېھسان قىلىشنى ئۇنتۇماڭلار. ئاللاھ ھەقىقەتەن قىلغان ئەمەلىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.

**ئىلاۋە:** 1. تالاق قىلىنغانلار، ياكى تالاق قىلىنغان ئاياللار، دەپ ئىبارە قوللانماي، «ئانىلار» دەپ ئىبارە قوللىنىشى، ئانىنىڭ بالىلارغا بولغان مېھىر - شەپقىتىنى نامايەن قىلىش ئۈچۈندۇر. ئاللاھ تائالا «ئانىنى بالىسى سەۋەبلىك زىيان تارتقۇزماسلىق، ئاتىنى بالىسى سەۋەبلىك زىيان تارتقۇزماسلىق لازىم» بۇ ئايەت كەرىمدە، بالىنى ئاتا - ئانا ھەر ئىككى تەرەپكە تەۋە قىلغان. بۇنداق قىلىشتىكى سەۋەب بالىغا مېھىر - شەپقەت كۆرسىتىش ئۈچۈن بولۇپ، بالا ئاتا ـ ئانىغا نىسبەتەن يات ئەمەس، يەنى بىرى ئانىسى، يەنە بىرى ئاتىسىدۇر، شۇڭا بۇ ئىككىسىنىڭ بالىغا شەپقەت قىلىشى، ئۇ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا مەيدانغا كەلگەن ئاداۋەت بالىغا زىيان سېلىشقا سەۋەب بولماسلىقى كېرەك. 2. تالاق قىلىنغان ئايالغا مال بېرىشنى ۋاجىپ قىلىشتىكى ھېكمەت، تالاق قىلىنىشتىن كېلىپ

چىققان دەرت - ئەلەملىرىنى پەسەيتىش ئۈچۈندۇر. بۇ ھەقتە ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: تالاق قىلغۇچى كەمبەغەل بولسا ئۈچ قۇر كىيىم، باي بولسا بىر خىزمەتچى مۇتئە بەرسۇن. 3. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئوغلى ھەسەن تالاق قىلغان ئايالىغا ئون مىڭ دىرھەم بەرگەن. بۇنىڭغا قارىتا ئايال، ئايرىلغان مۇھەببەتتىن ئازغىنا مال، دېگەن. رىۋايەتكە كۆرە ئۇنىڭ ئايالىنى تالاق قىلىشتىكى سەۋەب، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شەھىد قىلىنىپ ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا بەيئەت قىلىنغاندا، ئايالى ئۇنىڭغا: ئى مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى، سېنى خىلاپەت ئاجىزلاشتۇرىدۇ. دېدى. ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئەلى ئۆلتۈرۈلگەن تۇرسا، سەن خۇشاللىق ئىزھار قىلىۋاتامسەن، كەت، سەن ئۈچ تالاق، دېدى. ئايالى جىلبابى بىلەن يۆگىنىپ ئىددىتى توشقۇچە ئولتۇردى. ئىددىتى توشقىنىدە مۇتئە ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئون مىڭ دىرھەم بىلەن بىرگە، مېھر ھەققىنىڭ بېرىلمەي قېلىپ قالغىنىنى ئەۋەتتى. پۇل ئۇنىڭغا يەتكەندە، ئۇ يۇقىرىدىكى سۆزنى قىلدى. ئەلچى ئەھۋالنى ھەسەنگە يەتكۈزگەندە، ھەسەن يىغلاپ، كاشكى ئۈچ تالاق قىلمىغان بولسام قايتۇرۇۋالغان بولاتتىم، دېدى.

حَٰفِظُواْ عَلَى ٱلصَّلَوَٰتِ وَٱلصَّلَوٰةِ ٱلۡوُسۡطَىٰ وَقُومُواْ لِلَّهِ
قَٰنِتِينَ ﴿٢٣٨﴾ فَإِنۡ خِفۡتُمۡ فَرِجَالًا أَوۡ رُكۡبَانٗاۖ فَإِذَآ أَمِنتُمۡ
فَٱذۡكُرُواْ ٱللَّهَ كَمَا عَلَّمَكُم مَّا لَمۡ تَكُونُواْ تَعۡلَمُونَ ﴿٢٣٩﴾
وَٱلَّذِينَ يُتَوَفَّوۡنَ مِنكُمۡ وَيَذَرُونَ أَزۡوَٰجٗا وَصِيَّةٗ
لِّأَزۡوَٰجِهِم مَّتَٰعًا إِلَى ٱلۡحَوۡلِ غَيۡرَ إِخۡرَاجٖۚ فَإِنۡ خَرَجۡنَ فَلَا
جُنَاحَ عَلَيۡكُمۡ فِي مَا فَعَلۡنَ فِيٓ أَنفُسِهِنَّ مِن مَّعۡرُوفٖۗ

وَٱللَّهُ عَزِيزٌ حَكِيمٌ ﴿٢٤٠﴾ وَلِلۡمُطَلَّقَٰتِ مَتَٰعُۢ بِٱلۡمَعۡرُوفِۖ حَقًّا
عَلَى ٱلۡمُتَّقِينَ ﴿٢٤١﴾ كَذَٰلِكَ يُبَيِّنُ ٱللَّهُ لَكُمۡ ءَايَٰتِهِۦ لَعَلَّكُمۡ
تَعۡقِلُونَ ﴿٢٤٢﴾

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:** نامازنى داۋاملاشتۇرۇشقا بۇيرۇغان ئايەتنىڭ ئۆتكەن ئايەتلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك، تالاق ياكى ئەر - ئايالنىڭ ئايرىلىشىغا مۇناسىۋەتلىك ھۆكۈملەر بىلەن بىرگە كېلىشىدە ئالاھىدە ھېكمەت بار. ئۇ بولسىمۇ، ئاللاھ تائالا تالاقتىن كېيىن ئەر - ئايالنىڭ بىر - بىرىگە ئەپۇچانلىق بىلەن ياخشى مۇئامىلە قىلىشنى ئۇنۇتماسلىقنى بۇيرۇغاندىن كېيىن، نامازنى داۋاملاشتۇرۇشنى بۇيرۇيدۇ. چۈنكى ناماز دۇنيانىڭ غەم - قايغۇلىرىنى ئۇنتۇشنىڭ ئەڭ چوڭ ۋەسىلىلىرىدىن بىرىدۇر. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى غەم باسسا، دەرھال نامازغا ئالدىرايتتى. تالاق ئەر - ئايال ئوتتۇرىسىدا غەزەپ ۋە ئۆچمەنلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ناماز بولسا ئېھسانغا، ئۆزئارا ئەپۇچانلىققا چاقىرىپ، قەبىھ ئىش ۋە مۇنكەردىن چەكلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ناماز ئىنساننىڭ نەپسىنى تەربىيەلەش ئۈچۈن، ئەڭ ئەۋزەل ۋەسىلەلەرنىڭ بىرىدۇر.

**تەپسىرى:** 238. ئى مۆمىنلەر! نامازلارنى، بولۇپمۇ ناماز ئەسىرنى ۋاقتىدا، پۈتۈن شەرتلىرى بىلەن تولۇق ئادا قىلىڭلار. چۈنكى پەرىشتىلەر ناماز ۋاقتىدا ھازىر بولىدۇ. ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا (نامازدا) ئىتائەتمەنلىك بىلەن تۇرۇڭلار. 239. ئەگەر دۈشمەندىن ياكى باشقا نەرسىدىن قورقساڭلار،

نامازنى مېڭىۋېتىپ ياكى ئۇلاغلارنىڭ ئۈستىدە ئوقۇڭلار. قورقۇنچ تۈگەپ خاتىرجەملىك ھۆكۈم سۈرسە نامازنى پۈتۈن ئەركانلىرى بىلەن ئاللاھ بۇيرۇغان شەكىلدە ئادا قىلىڭلار. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «خاتىرجەم بولغان چېغىڭلاردا نامازنى (پۈتۈن شەرتلىرى بىلەن) مۇكەممەل ئادا قىلىڭلار. شۈبھىسىزكى، ناماز مۆمىنلەرگە ۋاقتى بەلگىلەنگەن پەرز قىلىندى». (سۈرە نىسا 103 - ئايەت) بۇ ئايەتتە زىكىر قىلىنغان «زىكىر» كەلىمىسىدىن، پۈتۈن ئەركانلىرى بىلەن تولۇق ئادا قىلىنغان ناماز مەقسەت قىلىنىدۇ. زەمەخشەريي مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ تائالا سىلەرگە قورقۇنچ ۋە خاتىرجەملىك ۋاقتىلىرىدا نامازنى قانداق ئادا قىلىش يوللىرىنى ئۆگەتتى. ئاللاھ سىلەرگە قانداق ئۆگەتكەن بولسا، شۇ بويىچە ئىبادەت قىلىڭلار.

ئاللاھ تائالا ئىددەتكە مۇناسىۋەتلىك ھۆكۈملەرنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: 240. سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردا ئۆزى ۋاپات بولۇپ، ئاياللى قالغانلار ئاياللىرىنىڭ بىر يىلغىچە يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك بىلەن تەمىنلىنىشىنى، ئۆيدىن ھەيدەپ چىقىرىلماسلىقنى ۋەسىيەت قىلسۇن. بۇ ئىسلامنىڭ باشلىنىشىدىكى ھۆكۈم بولۇپ، ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان ۋە ئىددەت مۇددىتى تۆت ئاي ئون كۈن قىلىپ بېكىتىلگەن. ئەگەر ئاياللىرى ئۆزلىرى چىقىپ كەتسە، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن قىلغان زىننەتلىنىش ۋە خۇشپۇراق ئىشلىتىشتەك شەرئەت يولغا قويغان قائىدىلىك ئىشلىرى ئۈچۈن سىلەرگە (مېيىتنىڭ ئىگىلىرىگە) ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. 241. تالاق قىلىنغان

ئاياللارغا قۇدرىتىنىڭ يېتىشىچە، ئۇلارنىڭ ئايرىلىشتىن كېلىپ چىققان دەرت - ئەلەملىرىنى پەسەيتىش ئۈچۈن، فائىدە بويىچە نەپىقە بېرىش لازىم. نەپىقە بېرىش تەقۋادارلارنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىدۇر. 242. سىلەرنىڭ چۈشىنىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ ئۆز ئەھكاملىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئايەتلىرىنى سىلەرگە مۇشۇنداق بايان قىلىدۇ.

ئاگاھلاندۇرۇش: كۈچلۈك قاراشقا كۆرە «سالاتى ۋۇستا» دىن مەقسەت ئەسىر نامىزىدۇر. چۈنكى ئۇ بامدات بىلەن پېشىن، خۇپتەن بىلەن ناماز شامنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئوقۇلىدۇ. بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان بۇ ھەدىس شەرىپ مۇشۇ كۆز قاراشنى كۈچلەندۈرىدۇ. بىزنى ئوتتۇرا (ناماز ئەسىر)دىن توسۇپ قويدى، ئاللاھ ئۇلارنىڭ قەلبلىرىنى ۋە ئۆيلىرىنى ئوت بىلەن توشقۇزسۇن. يەنە بىر ھەدىستە، ناماز ئەسىرنى قولدىن بېرىپ قويغان كىشى خۇددى مېلى ۋە ئائىلە ئەزالىرى كېمىيىپ قالغان كىشىگە ئوخشايدۇ.

أَلَمۡ تَرَ إِلَى ٱلَّذِينَ خَرَجُواْ مِن دِيَٰرِهِمۡ وَهُمۡ أُلُوفٌ حَذَرَ
ٱلۡمَوۡتِ فَقَالَ لَهُمُ ٱللَّهُ مُوتُواْ ثُمَّ أَحۡيَٰهُمۡۚ إِنَّ ٱللَّهَ لَذُو
فَضۡلٍ عَلَى ٱلنَّاسِ وَلَٰكِنَّ أَكۡثَرَ ٱلنَّاسِ لَا يَشۡكُرُونَ ﴿٢٤٣﴾
وَقَٰتِلُواْ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ وَٱعۡلَمُوٓاْ أَنَّ ٱللَّهَ سَمِيعٌ عَلِيمٞ ﴿٢٤٤﴾
مَّن ذَا ٱلَّذِي يُقۡرِضُ ٱللَّهَ قَرۡضًا حَسَنٗا فَيُضَٰعِفَهُۥ لَهُۥٓ
أَضۡعَافٗا كَثِيرَةٗۚ وَٱللَّهُ يَقۡبِضُ وَيَبۡصُۜطُ وَإِلَيۡهِ تُرۡجَعُونَ ﴿٢٤٥﴾
أَلَمۡ تَرَ إِلَى ٱلۡمَلَإِ مِنۢ بَنِيٓ إِسۡرَٰٓءِيلَ مِنۢ بَعۡدِ مُوسَىٰٓ إِذۡ
قَالُواْ لِنَبِيّٖ لَّهُمُ ٱبۡعَثۡ لَنَا مَلِكٗا نُّقَٰتِلۡ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِۖ قَالَ

هَلۡ عَسَيۡتُمۡ إِن كُتِبَ عَلَيۡكُمُ ٱلۡقِتَالُ أَلَّا تُقَٰتِلُواْۖ قَالُواْ
وَمَا لَنَآ أَلَّا نُقَٰتِلَ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ وَقَدۡ أُخۡرِجۡنَا مِن دِيَٰرِنَا
وَأَبۡنَآئِنَاۖ فَلَمَّا كُتِبَ عَلَيۡهِمُ ٱلۡقِتَالُ تَوَلَّوۡاْ إِلَّا قَلِيلٗا مِّنۡهُمۡۚ
وَٱللَّهُ عَلِيمُۢ بِٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٢٤٦﴾ وَقَالَ لَهُمۡ نَبِيُّهُمۡ إِنَّ ٱللَّهَ قَدۡ بَعَثَ
لَكُمۡ طَالُوتَ مَلِكٗاۚ قَالُوٓاْ أَنَّىٰ يَكُونُ لَهُ ٱلۡمُلۡكُ عَلَيۡنَا وَنَحۡنُ
أَحَقُّ بِٱلۡمُلۡكِ مِنۡهُ وَلَمۡ يُؤۡتَ سَعَةٗ مِّنَ ٱلۡمَالِۚ قَالَ إِنَّ ٱللَّهَ
ٱصۡطَفَىٰهُ عَلَيۡكُمۡ وَزَادَهُۥ بَسۡطَةٗ فِي ٱلۡعِلۡمِ وَٱلۡجِسۡمِۖ
وَٱللَّهُ يُؤۡتِي مُلۡكَهُۥ مَن يَشَآءُۚ وَٱللَّهُ وَٰسِعٌ عَلِيمٞ ﴿٢٤٧﴾
وَقَالَ لَهُمۡ نَبِيُّهُمۡ إِنَّ ءَايَةَ مُلۡكِهِۦٓ أَن يَأۡتِيَكُمُ ٱلتَّابُوتُ
فِيهِ سَكِينَةٞ مِّن رَّبِّكُمۡ وَبَقِيَّةٞ مِّمَّا تَرَكَ ءَالُ مُوسَىٰ
وَءَالُ هَٰرُونَ تَحۡمِلُهُ ٱلۡمَلَٰٓئِكَةُۚ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَأٓيَةٗ لَّكُمۡ إِن
كُنتُم مُّؤۡمِنِينَ ﴿٢٤٨﴾ فَلَمَّا فَصَلَ طَالُوتُ بِٱلۡجُنُودِ قَالَ إِنَّ
ٱللَّهَ مُبۡتَلِيكُم بِنَهَرٖ فَمَن شَرِبَ مِنۡهُ فَلَيۡسَ مِنِّي وَمَن لَّمۡ
يَطۡعَمۡهُ فَإِنَّهُۥ مِنِّيٓ إِلَّا مَنِ ٱغۡتَرَفَ غُرۡفَةَۢ بِيَدِهِۦۚ فَشَرِبُواْ مِنۡهُ
إِلَّا قَلِيلٗا مِّنۡهُمۡۚ فَلَمَّا جَاوَزَهُۥ هُوَ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ مَعَهُۥ
قَالُواْ لَا طَاقَةَ لَنَا ٱلۡيَوۡمَ بِجَالُوتَ وَجُنُودِهِۦۚ قَالَ ٱلَّذِينَ
يَظُنُّونَ أَنَّهُم مُّلَٰقُواْ ٱللَّهِ كَم مِّن فِئَةٖ قَلِيلَةٍ غَلَبَتۡ فِئَةٗ
كَثِيرَةَۢ بِإِذۡنِ ٱللَّهِۗ وَٱللَّهُ مَعَ ٱلصَّٰبِرِينَ ﴿٢٤٩﴾ وَلَمَّا بَرَزُواْ لِجَالُوتَ
وَجُنُودِهِۦ قَالُواْ رَبَّنَآ أَفۡرِغۡ عَلَيۡنَا صَبۡرٗا وَثَبِّتۡ أَقۡدَامَنَا
وَٱنصُرۡنَا عَلَى ٱلۡقَوۡمِ ٱلۡكَٰفِرِينَ ﴿٢٥٠﴾ فَهَزَمُوهُم بِإِذۡنِ ٱللَّهِ
وَقَتَلَ دَاوُۥدُ جَالُوتَ وَءَاتَىٰهُ ٱللَّهُ ٱلۡمُلۡكَ وَٱلۡحِكۡمَةَ وَعَلَّمَهُۥ

مِمَّا يَشَآءُۗ وَلَوۡلَا دَفۡعُ ٱللَّهِ ٱلنَّاسَ بَعۡضَهُم بِبَعۡضٖ لَّفَسَدَتِ ٱلۡأَرۡضُ وَلَٰكِنَّ ٱللَّهَ ذُو فَضۡلٍ عَلَى ٱلۡعَٰلَمِينَ ﴿٢٥١﴾ تِلۡكَ ءَايَٰتُ ٱللَّهِ نَتۡلُوهَا عَلَيۡكَ بِٱلۡحَقِّۚ وَإِنَّكَ لَمِنَ ٱلۡمُرۡسَلِينَ ﴿٢٥٢﴾

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:** ئاللاھ تائالا ئائىلە ئەھكاملىرىنى ۋە ئائىلە ئەزالىرىنى بىر - بىرىگە باغلايدىغان نىزاملارنى تەپسىلىي بايان قىلغاندىن كېيىن، ياخشى بىر جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ مۇھىم ئاساسلىرىدىن بىرى بولغان ئائىلىنى ئىسلاھ قىلىش ھەققىدە توختالدى. ئەمدى بۇ ئايەتلەردە جىھادقا مۇناسىۋەتلىك ھۆكۈملەرنى بايان قىلىدۇ. چۈنكى ئەقىدىنى ھىمايە قىلىش، مۇقەددەس ئورۇنلارنى قوغداش ۋە بەختلىك ھايات ئۈچۈن، مۇسۇلمان ئائىلىلەرگە ياخشى مۇھىت بەرپا قىلىش ناھايىتى مۇھىمدۇر. ياخشى بىر جەمئىيەتسىز ياخشى ئائىلە بولمايدۇ. ياخشى ئائىلە ھەقىقەت ۋە ئۇنىڭ ياردەمچىلىرىسىز داۋام قىلالمايدۇ ۋە پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا جىھادنى پەرز قىلدى ۋە ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنىڭ قانداق جىھاد قىلغانلىقى، ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ سانى ئاز تۇرۇپ، سان جەھەتتە ئۆزىدىن كۆپ بولغان كاپىرلار ئۈستىدىن قانداق غەلىبە قىلغانلىقىنى مىسال كەلتۈردى. مەسىلە كاپىرلار سانىنىڭ كۆپلۈكىدە ئەمەس، بەلكى ھەقىقەت ئەھلىنىڭ كاپىرلارغا قارشى جىھاد ۋە كۈرەشلىرىدە مۇستەھكەم تۇرۇشىدا.

**تەپسىرى:** 243. ئى مۇھەممەد ياكى ئى مۇخاتەپ، ئۆزلىرى مىڭلارچە تۇرۇقلۇق ئۆلۈمدىن قورقۇپ، يۇرتلىرىدىن قېچىپ

چىققان كىشىلەرنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟ بۇ يەردىكى سوراق ئىشارىتىدىن مەقسەت، خىتاب قىلىنغۇچىلارنى ئەجەبلەندۈرۈش ۋە سانى يەتمىش مىڭدىن ئارتۇق ئۇ كىشىلەرنىڭ قىسسىسىنى ئاڭلاشقا ئۈندەشتۇر. ئاللاھ ئۇلارنى ئۆلۈڭلار دەپ ئۆلتۈردى ۋە كېيىن تىرىلدۈردى. ئۇلار ئىسرائىل ئەۋلادىدىن بىر بۆلۈك كىشىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ پادىشاھى ئۇلارنى جىھادقا چاقىرغانىدى، ئەمما ئۇلار جىھادتىن قورقۇپ قاچتى. بۇ سەۋەبتىن ئاللاھ ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ، سەككىز كۈندىن كېيىن پەيغەمبىرى ھىزقىلنىڭ دۇئاسى بىلەن ئۇلارنى قايتا تىرىلدۈردى. ئۇلار تىرىلىپ بىر مۇددەت ياشىدى. بىر رىۋايەتكە كۆرە ئۇلار ۋابا كېسىلىدىن قاچقانلىقى سەۋەبلىك ئاللاھ ئۇلارنى ئۆلتۈرگەن. بۇ قىسسە ھەققىدە ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: بۇنىڭدىكى ئىبرەت، قورقۇشنىڭ ئاللاھنىڭ تەقدىرىگە ئارا تۇرالمايدىغانلىقى ۋە بەندىنىڭ پەقەت ئاللاھنىڭ تەقدىرىدىن يەنىلا ئاللاھنىڭ تەقدىرىگە يۈزلىنىدىغانلىقىنى بايان قىلىشتۇر. ئاللاھ ئىنسانلارغا ھەقىقەتەن مەرھەمەتلىكتۇر، لېكىن ئىنسانلارنىڭ كۆپچىلىكى (ئاللاھنىڭ نېمىتىگە) شۈكۈر قىلمايدۇ. 244. ئاللاھنىڭ يولىدا ئۇنىڭ دىنىنى ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن كاپىرلار بىلەن جىھاد قىلىڭلار، ھاۋايى - ھەۋەسلىرىڭلار ئۈچۈن جىھاد قىلماڭلار. بىلىڭلاركى، ئاللاھ ھەقىقەتەن سۆزۈڭلارنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، نىيىتىڭلارنى، ئەھۋالىڭلارنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. شۇنىڭدەك، قورقۇش ئاللاھنىڭ تەقدىرىگە ئارا تۇرالمايدۇ ۋە جىھادتىن قېچىش كىشىنىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتالمايدۇ ياكى قىسقارتالمايدۇ. 245. كىمكى ئاللاھقا قەرزى ھەسەنە بېرىدىكەن، يەنى ئاللاھنىڭ يولىدا پۇل - مېلىنى خۇشاللىق بىلەن سەرپ قىلىدىكەن،

ئاللاھ ئۇنىڭغا نەچچە ھەسسە (ئون ھەسسىدىن يەتتە يۈز ھەسسىگىچە) كۆپ قايتۇرىدۇ. چۈنكى ئۇ، بايلارنىڭ بېيى بولغان ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھقا قەرز بېرىشتۇر. ھەدىس شەرىپتە مۇنداق دېيىلىدۇ: «پەقەت پېقىر بولمىغان، ھېچ زۇلۇم قىلمىغان ئاللاھقا كىم قەرز بېرىدۇ؟» ئاللاھ سىناش ئۈچۈن بەزى كىشىلەرنىڭ رىزقىنى تار قىلىدۇ، بەزى كىشىلەرنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلىدۇ، قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر، ئاللاھ سىلەرنى قىلغان ئەمەللىرىڭلارغا كۆرە جازالايدۇ. 246. ساڭا مۇسا ۋاپاتىدىن كېيىن ئىسرائىل ئەۋلادىدىن بولغان بىر جامائەنىڭ خەۋىرى يەتمىدىمۇ؟ (بۇ يەردىكى سوراقمۇ يۇقىرىدىكىگە ئوخشاشلا ئەجەبلەندۈرۈش، قىزىقتۇرۇش ئۈچۈندۇر) ئۇلار ئۆز ۋاقتىدا ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبىرىگە، يەنى ھارۇننىڭ نەسلىدىن بولغان شەمئۇنغا: بىزگە پادىشاھ تىكلەپ بەرگىن، ئۇنىڭ بىلەن دۈشمەنلەرگە قارشى ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلايلى، دېيىشتى. پەيغەمبەر: سىلەرگە جىھاد پەرز قىلىنسا ئۇلار بىلەن ئۇچرىشىشتىن قېچىپ، جىھاد قىلماي قالارسىلەرمۇ؟ دەپ قورقىمەن، دېدى. ئۇلار: يۇرتلىرىمىزدىن ھەيدەپ چىقىرىلغان ۋە ئوغۇللىرىمىزدىن جۇدا قىلىنغان تۇرساق قانداقمۇ ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلمايلى؟ دېيىشتى. ئاللاھ ئۇلارغا چۈشكەن قورقۇنچ ۋە ئالاقزادىلىكنى تەسۋىرلەپ مۇنداق دەيدۇ: ئۇلارغا جىھاد پەرز قىلىنغان چاغدا، ئازغىنىسىدىن باشقا ھەممىسى جىھادتىن باش تارتتى. ئاز ساندىكى بىر بۆلۈك كىشىلەرلا سەۋر قىلىپ مۇستەھكەم تۇردى. شۇ كىشىلەر تالۇت بىلەن دەريادىن ئۆتتى. بۇ ھەقتە قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: مانا بۇ راھەت - پاراغەت ئىچىدە ياشىغان كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىدۇر.

مەغـرۇر چاغلىرىـدا ئۇرۇشنى ئـارزۇ قىلىـدۇ، ئـۇرۇش بولسـا قورقـۇپ، تەبىئىتىدىكـى قورقۇنچقـا بويـۇن ئېگىـپ قاچىـدۇ. ئاللاھ زالىملارنـى ئوبـدان بىلگۈچىـدۇر. بـۇ، جىھادنـى تـەرك ئېتىشـتىن ئىبـارەت ئاللاھقـا قىلغـان ئىسـيانكارلىققا بېرىلگـەن بىـر تەھدىتتـۇر. 247. پەيغەمبـەر ئۇلارغـا: ئـۇرۇش تاكتىكىلىرىـدا بويسۇنۇشـۇڭلار ئۈچـۈن، ئاللاھ ھەقىقەتـەن سـىلەرگە تالۇتنـى پادىشـاھ قىلىـپ ئەۋەتتـى، دېۋىـدى، ئـۇلار پەيغەمبەرگـە ئېتىـراز بىلـدۈرۈپ: ئـۇ قانداقمـۇ بىزگـە پادىشـاھ بولىـدۇ؟ ئارىمىـزدا پادىشـاھ ئەۋلادلىـرى بولغانلىقتىـن پادىشـاھلىققا بىـز ئۇنىڭدىـن ھەقلىقمىز، ئۇنىـڭ ئۈسـتىگە ئۇنىـڭ مال - مۈلكى كـۆپ بولمىغان تۇرسـا، دېـدى. پەيغەمبـەر: ئاللاھ ھەقىقەتـەن سـىلەرگە پادىشـاھ قىلىشـقا ئۇنـى ئىختىيـار قىلـدى، ئۇنىـڭ ئىلمىنـى زىيـادە ۋە بەدىنىنـى قاۋىـل قىلـدى، دېـدى. پادىشـاھ تاللاشـتا ئىككـى مۇھـم پرىنسـىپ بولـۇپ، بىرىنچىسـى، سىياسـەت ئىشـلىرىنى بىلەلىگـۈدەك ئىلىـم؛ ئىككىنچىسـى، قەلبلـەردە ھەيـۋە، دۈشـمەنگە قارشـى تۇرالىغـۇدەك ۋە قىيىنچىلىقلارغـا بەرداشـلىق بېرەلىگـۈدەك كۈچلـۈك بەدەنـدۇر. ئاللاھ ئۇنىڭغـا بـۇ ئالاھىدىلىكنـى تولـۇق بەرگـەن. ئىبنـى كەسـىر بـۇ ھەقتـە: بـۇ سـەۋەبتىن پادىشـاھ ئىلىملىـك، قـەددى - قامەتلىـك، روھـي ۋە جىسـمانىي جەھەتتىـن كۈچلـۈك بولۇشـى كېـرەك، دەيـدۇ. ئاللاھ سـەلتەنەتنى خالىغـان ئادەمگـە بېرىـدۇ. ئاللاھنىـڭ پەزلـى كەڭـدۇر، ئۇنىڭغـا كىمنىـڭ لايىـق بولىدىغانلىقىنـى ئوبـدان بىلىـدۇ، دېـدى. 248. ئـۇلار پەيغەمبىرىدىـن، تالۇتنـى پادىشـاھ قىلىـپ تاللىغانلىقىغـا دالالـەت قىلىدىغـان بىـر دەلىـل تەلـەپ قىلـدى. پەيغەمبىـرى ئۇلارغـا جـاۋاب بېرىـپ مۇنـداق دېـدى: «ئۇنىـڭ پادىشـاھلىقىنىڭ ئالامىتـى شـۇكى، سـىلەرگە

بىر ساندۇق كېلىدۇ (زەمەخشەرىي بۇ ساندۇقنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇرۇشقا چىققاندا، ئىسرائىل ئوغۇللىرىنىڭ قەلبىگە تەمكىنلىك ئېلىپ كېلىپ، ئۇرۇشتىن قاچماسلىقى ئۈچۈن ئالدىنقى سەپتە كۆتۈرۈپ ماڭىدىغان ساندۇق ئىكەنلىكىنى زىكىر قىلىدۇ). ئۇنىڭدا رەببىڭلار تەرىپىدىن سىلەرنى تەسكىن تاپقۇزىدىغان نەرسە ۋە مۇسانىڭ، ھارۇننىڭ تەۋەللىرى قالدۇرۇپ كەتكەن نەرسىلەر، يەنى مۇسانىڭ ھاسىسى، كىيىمى ۋە تەۋرات يېزىلغان بەزى تاختىلار قاچىلانغان بولىدۇ، ئۇنى پەرىشتىلەر كۆتۈرۈپ كېلىدۇ. ئەگەر ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىغان بولساڭلار، بۇنىڭدا، يەنى تابۇتنىڭ نازىل بولۇشىدا ئاللاھنىڭ تالۇتنى سىلەرگە پادىشاھلىققا تاللىغانلىقىغا ئەلۋەتتە سىلەر ئۈچۈن روشەن ئالامەت بار». 249. تالۇت سەكسەن مىڭ كىشىلىك ئەسكىرى بىلەن بەيتۇلمۇقەددەستىن ئايرىلغان چاغدا، ئۇلارنى چۆلدەك بىر يەردە توختاتتى، بۇ يەردە ئۇلارنى ئىسسىق ۋە ئۇسسۇزلۇق باستى. تالۇت ئۇلارغا، ئاللاھ سىلەرنى بىر دەريا (ئىئوردانىيە بىلەن پەلەستىن ئوتتۇرىسىدىكى مەشھۇر شەرىئە دەرياسى) بىلەن سىنايدۇ، كىمكى ئۇنىڭدىن ئىچىدىكەن، ئۇ ماڭا تەۋە ئەمەس، كىمكى دەريا سۈيىدىن تېتىمايدىكەن، ئۇ ھەقىقەتەن ماڭا تەۋەدۇر، ئۇنىڭدىن ئۇسسۇزلۇقنى بىر ئاز بېسىش ئۈچۈن ئىچكەن ئادەم بۇيرۇققا خىلاپلىق قىلغان بولمايدۇ، دېدى. ئۇ، بۇ سۆزلەرنى ئۇرۇشقا رەسمىي كىرىشتىن بۇرۇن، ئەسكەرلىرىنى سىناش ئۈچۈن دېگەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئازغىنا كىشىدىن باشقا ھەممىسى ئۇنىڭدىن ئىچتى. سۇددى، يەتمىش ئالتە مىڭ كىشى سۇ ئىچكەن، پەقەت تۆت مىڭ كىشى ئىچمىگەن

دەيدۇ. تالۇت ۋە ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقان كىشىلەر دەريادىن ئۆتكەن چاغدا دۈشمەنىنىڭ كۆپلۈكىنى كۆرۈپ قورقۇنچقا چۈشتى، ئۇلارنىڭ بىر تۈركۈمى: بۈگۈن بىز جالۇت ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇرۇشۇشقا تاقەت كەلتۈرەلمەيمىز، دېدى. پەقەت تالۇتنىڭ قوشۇنىدىكى ئاللاھقا مۇلاقات بولۇشقا ئىشىنىدىغان ئېتىقادلىق كىشىلەرلا: ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن ئاز جامائە كۆپ جامائەنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ، غەلىبە سانىنىڭ كۆپلىكى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئاللاھتىن دېدى. ئاللاھ چىداملىق كۆرسەتكۈچىلەر بىلەن بىللىدۇر. 250. ئۇلار كەڭ بىر مەيداندا جالۇت ۋە ئۇنىڭ ئەسكىرىي تەربىيە كۆرگەن لەشكەرلىرى بىلەن ئۇچراشقان چاغدا، غەلىبە قىلىشقا پايدىسى بولىدىغان تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل دۇئا قىلدى. «پەرۋەردىگارىمىز! قەلبىمىزنى چىداملىقلىق بىلەن تولدۇرغىن، بولۇپمۇ بىزنىڭ نەپسىمىزگە سەۋر ئاتا قىلغىنكى، دۈشمەنگە قارشى مۇستەھكەم تۇرايلى» ، «قەدەملىرىمىزنى ئۇرۇش مەيدانىدا ساباتلىق قىلغىنكى، ئۇرۇشتا قەلبىمىزگە ئۇرۇش مەيدانىدىن قېچىش پىكرى كېلىپ قالمىسۇن» ، «سەن ۋە سېنىڭ پەيغەمبىرىڭنى ئىنكار قىلغان جالۇت ۋە ئۇنىڭ قەۋمىگە قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن». 251. ئاللاھ مۆمىنلەرنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدى. ئاللاھنىڭ ئىرادىسى ۋە ياردىمى بىلەن مۆمىنلەر كاپىرلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى. كاپىرلارنىڭ سانى مۆمىنلەرنىڭ سانىدىن كۆپ بولسىمۇ مەغلۇپ بولدى. تالۇت بىلەن بىرلىكتە مۆمىنلەر قوشۇنىدا بولغان داۋۇت كاپىرلارنىڭ كاتتىبېشى جالۇتنى ئۆلتۈردى. ئاللاھ داۋۇتقا سەلتەنەتنى، ھېكمەتنى (پەيغەمبەرلىكنى) بەردى. ئۇنىڭغا خالىغان نەرسىلىرىنى (پايدىلىق ئىلىملەرنى)

بىلـدۈردى. ئىبنـى كەسـىر مۇنـداق دەيـدۇ: تالـۇت ئەگـەر داۋۇد جالۇتنـى ئۆلتۈرسـە، داۋۇدقـا قىزىنـى بېرىدىغانلىقىنـى، مىلىنىـڭ يېرىمىنـى بۆلـۈپ بېرىدىغانلىقىنـى ۋە ھۆكۈمدارلىقتـا ئۇنـى ياردەمچـى قىلىدىغانلىقىنـى ۋەدە قىلغـان ئىـدى. تالـۇت بـۇ ۋەدىسـىگە ئەمـەل قىلـدى. كېيىـن ئاللاھ داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا ئىنئـام قىلىدىغـان پەيغەمبەرلىـك بىلـەن بىرلىكتـە، ھاكىمىيـەت ئۇنىـڭ قولىغـا ئۆتتى. ئەگـەر ئاللاھ تاجاۋۇزچىلارنىـڭ يامانلىقىنى ياخشـىلارنىڭ جىھادى ئارقىلىـق مۇداپىئـە قىلمىسـا ئىـدى، يـەر يـۈزى ئەلۋەتتـە پاسـاتقا ئايلىنىـپ، خارابلىققـا يۈزلىنەتتـى، لېكىـن، ئاللاھ يامانلىقنـى ئۈسـتۈنلۈككە ئىگـە قىلماسـلىق بىلەن پۈتـۈن جاھـان ئەھلىگـە مەرھەمـەت قىلغۇچـىدۇر. 252. ئـى مۇھەممـەد، بىـز سـاڭا سـۆزلەپ بەرگـەن ئىسـرائىل ئوغۇللىرىنىڭ ېىشـىدىن ئۆتكـەن بـۇ ھەيـران قالارلىـق ئىـش ۋە قىسسـىلەر ئاللاھنىـڭ ئايەتلىرىدۇركـى، ئۇنـى بىـز سـاڭا توغـرا رەۋىشـتە ئوقـۇپ بېرىمىـز. ئـى مۇھەممـەد! سـەن ئەلۋەتتـە ئاللاھنىـڭ دەۋىتىنـى يەتكـۈزۈش ئۈچـۈن ئەۋەتىلگـەن پەيغەمبەرلەرنىـڭ بىرىسـەن.

ئىـلاۋە: 1. گەرچـە ئاللاھ تائـالا موھتاجلىقتىـن بىھاجـەت بولسـىمۇ، ئايەتتە قەرز تەلەپ قىلىشـنى ئۆزىگە نىسـبەت بەرگەن. بۇنـداق قىلىشـتىكى سـەۋەب، ئاللاھ يولـدا سـەدىقە قىلىشـقا رىغبەتلەنـدۈرۈش ئۈچۈنـدۇر. بۇخارىـي ۋە مۇسـلىمدا رىۋايـەت قىلىنغـان بىـر ھەدىـس قۇدسـىيدا، كېسـەل، ئـاچ، ئۇسسـۇزغا قىلىنغـان ياخشـىلىقلار ئاللاھ تائالاغـا قىلىنغـان ياخشـىلىق دەپ ھېسـابلانغان. ھەدىسـتە ئاللاھ تائـالا، «ئـى ئىنسـان بالىسـى، مـەن كېسـەل بولـۇپ قالدىـم، مېنـى يوقلىمىدىـڭ؛ تامـاق

تەلەپ قىلدىم، تاماق بەرمىدىڭ؛ سۇ تەلەپ قىلدىم، سۇ بەرمىدىڭ» دەيدۇ. بۇ ھەدىسنى بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان. 2. رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇ ئايەتلەر چۈشكەن چاغدا ئەبۇ دەھداھ ئەنسارىي پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئى رەسۇلۇللاھ، ئاللاھ بىزدىن قەرز تەلەپ قىلامدۇ، دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «شۇنداق، ئى ئەبۇ دەھداھ» دېدى. ئەبۇ دەھداھ: ئى رەسۇلۇللاھ، ماڭا قولۇڭنى بەر، دەپ رەسۇلۇللاھنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، مەن بېغىمنى ئاللاھقا قەرز بەردىم دېدى. ئۇنىڭ بېغىدا ئالتە يۈز تۈپ خورما دەرىخى بار ئىدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئايالى ۋە باللىرى ئۇ باغدا ئىدى، ئەبۇ دەھداھ كېلىپ: ئى ئۇممۇ دەھداھ، دەپ ئايالىنى چاقىردى. ئۇ خوش مانا، دېدى. ئەبۇ دەھداھ ئۇنىڭغا: باغدىن چىق، باغنى ئاللاھقا قەرز بەردىم، دېدى. يەنە بىر رىۋايەتكە كۆرە ئۇنىڭ ئايالى: سوداڭ مەنپەئەتلىك بولسۇن، دەپ باللىرىنى ئېلىپ باغدىن چىقىپ كەتكەن. 3. بەقائى مۇنداق دەيدۇ: ئىسرائىل ئوغۇللىرى ھەققىدىكى ئايەتلەرنىڭ بۇ قىسسە بىلەن تۈگىگەنلىكىنىڭ سەۋەبى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ پەيغەمبەرلىكىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە ئۇچۇق دەلىل بولغانلىقىدىندۇر. چۈنكى بۇ قىسسىنى ئىسرائىل ئوغۇللىرىدىن تاللانغان بىر قانچە كىشىلا بىلەتتى.

تِلۡكَ ٱلرُّسُلُ فَضَّلۡنَا بَعۡضَهُمۡ عَلَىٰ بَعۡضٖۘ مِّنۡهُم مَّن كَلَّمَ ٱللَّهُۖ وَرَفَعَ بَعۡضَهُمۡ دَرَجَٰتٖۚ وَءَاتَيۡنَا عِيسَى ٱبۡنَ مَرۡيَمَ ٱلۡبَيِّنَٰتِ وَأَيَّدۡنَٰهُ بِرُوحِ ٱلۡقُدُسِۗ وَلَوۡ شَآءَ ٱللَّهُ مَا ٱقۡتَتَلَ

ٱلَّذِينَ مِنۢ بَعۡدِهِم مِّنۢ بَعۡدِ مَا جَآءَتۡهُمُ ٱلۡبَيِّنَٰتُ
وَلَٰكِنِ ٱخۡتَلَفُواْ فَمِنۡهُم مَّنۡ ءَامَنَ وَمِنۡهُم مَّن كَفَرَۚ
وَلَوۡ شَآءَ ٱللَّهُ مَا ٱقۡتَتَلُواْ وَلَٰكِنَّ ٱللَّهَ يَفۡعَلُ مَا يُرِيدُ ﴿٢٥٣﴾
يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ أَنفِقُواْ مِمَّا رَزَقۡنَٰكُم مِّن قَبۡلِ أَن
يَأۡتِيَ يَوۡمٞ لَّا بَيۡعٞ فِيهِ وَلَا خُلَّةٞ وَلَا شَفَٰعَةٞۗ وَٱلۡكَٰفِرُونَ
هُمُ ٱلظَّٰلِمُونَ ﴿٢٥٤﴾

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:** ئاللاھ تائالا بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ئايەتلەردە تالۇتنى ئىسرائىل ئوغۇللىرىنىڭ ئۈستىگە تۇرغۇزغانلىقى، داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا پادىشاھ ۋە پەيغەمبەرلىك ئاتا قىلغانلىقى ھەققىدە توختالغاندىن كېيىن، بۇ ئايەتلەردە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلەر قاتارىدىن ئىكەنلىكى، كەلىمە ئېتىبارى بىلەن پۈتۈن پەيغەمبەرلەر ئوخشاشتەك مەلۇم بولسىمۇ، پەيغەمبەرلەرنىڭ دەرىجىسىنىڭ باراۋەر ئەمەسلىكى، ئۇلارنىڭ بەزىسى بەزىسىدىن ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

**تەپسىرى:** 253. ئى مۇھەممەد! بىز ساڭا قىسسىلىرىنى سۆزلەپ ئۆتكەن ئەنە شۇ پەيغەمبەرلەر ئاللاھنىڭ ھەق پەيغەمبەرلىرىدۇر. ھەقىقەتەن، بىز مەرتىۋە ۋە ماكان جەھەتتىن ئۇلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن ئۈستۈن قىلدۇق. ئاللاھ ئۇلارنىڭ بەزىسى (مۇسا ئەلەيھىسسالام) بىلەن سۆزلەشتى ۋە بەزىسىنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە پەيغەمبەرلەرنىڭ خوجىسى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دەرىجىسىنى

يۈزى كۆتۈردى. پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاتىسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭمۇ شۇنداق ئىدى. مەريەم ئوغلى ئىيسا ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈش، گاچىلارنى، بەرەس كېسىلىنى ساقايتىشقا ئوخشاش روشەن مۆجىزىلەرنى ئاتا قىلدۇق. ئۇنى روھۇل قۇددۇس (جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام) بىلەن كۈچلەندۈردۇق. ئەگەر ئاللاھ خالىغان بولسا ئىدى، ئۇلاردىن كېيىن كەلگەن ئۈممەتلەرگە پەيغەمبەرلىرى روشەن دەلىللەر كەلتۈرگەندىن كېيىن ئۆزئارا ئۇرۇشماس ئىدى. يەنە ئاللاھ خالىغان بولسا ئىدى، ئۇلار ئۆزئارا ئىختىلاپ قىلىشمىغان، ئۆزئارا ئۇرۇشمىغان بولاتتى. بەلكى پەيغەمبەرلىرى ھەق دىن يولىدا ئىتتىپاقلاشقىنىدەك ئۇلارمۇ ئىتتىپاقلاشقان بولاتتى. لېكىن ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئىختىلاپ قىلىشقانلىقلىرى، ھەرخىل مەزھەپ ۋە بۆزۈق كۆز قاراشلارغا ئايرىلغانلىقلىرى سەۋەبلىك ئۇلارنىڭ ھىدايەت تېپىشىنى خالىمىدى. ئۇلارنىڭ بەزىسى ئىمان ئېيتتى، بەزىسى كاپىر بولدى. ئەگەر ئاللاھ خالىغان بولسا ئىدى، ئىنسانلارنى مالائىكە تەبىئىتىدە ياراتقان ۋە ئۇلار ئۆزئارا ئۇرۇشمىغان، بىر - بىرىنى ئۆلتۈرۈشمىگەن بولاتتى. لېكىن ئاللاھ ھېكمەت ئىگىسى بولۇپ، ئىنسانلارغا پايدىلىق ئىشلارنى قىلغۇچىدۇر. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ تەقدىرى بويىچە ۋۇجۇتقا چىققان بولۇپ، ئاللاھ خالىغىنىنى قىلىدۇ. 254. ئى مۆمىنلەر! ئاللاھ سىلەرگە رىزىق قىلىپ بەرگەن مال - مۈلۈكلەردىن سودا - سېتىق، دوستلۇق ۋە ئاللاھنىڭ ئىجازىتىسىز شاپائەت بولمايدىغان كۈنى (قىيامەت كۈنى) يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن، ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلىڭلار، زاكات بېرىڭلار، ياخشىلىق يولىدا ۋە ياخشى ئىشلار ئۈچۈن چىقىم قىلىڭلار. كۈپۈرنى نېمەت قىلغۇچىلار

ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچىلاردۇر.

ئىلاۋە: ئەتا ئىبنى دىناردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ: «زالىملار كاپىر بولغۇچىلار دۇر» دېمەي «كاپىر بولغۇچىلار زالىملاردۇر» دېگەن ئاللاھ تائالاغا شۈكرىلەر بولسۇن. چۈنكى، ئەگەر مۇشۇنداق چۈشۈپ قالغان بولسا، ھەر قانداق زالىمغا كاپىرلىق بىلەن ھۆكۈم قىلىنغان بولاتتى. چۈنكى زۇلۇمدىن پەقەت ئاللاھ ساقلاپ قالغان كىشىلەرلا قۇتۇلۇپ قالىدۇ، دېگەن.

ئاگاھلاندۇرۇش: بۇ ئايەتتىكى كۇپۇر كەلىمىسى بىلەن ھەقىقىي ياكى مەجازىي مەنىسىنىڭ مەقسەت قىلىنىش ئېھتىمالى بار. ئۇنداق بولغاندا كۇپرىدىن مەقسەت، زەمەخشەرىينىڭ دېگىنىدەك، زاكات بەرمىگەن كىشى بولىدۇ. زەمەخشەرىيمۇ ئوخشاش قاراشتا بولۇپ، ئۇ: ئاللاھ تائالا زاكات بېرىشنى تەرك ئەتكەنلەر ئۇلار كاپىرلاردۇر، دېمەكچى دەيدۇ. زاكاتنى تەرك ئەتكەنلەر كەلىمىسىنىڭ ئورنىغا كاپىر كەلىمىسىنى ئىشلىتىشى، تەھدىت ۋە قاتتىق تېگىش ئۈچۈندۇر. بۇ خۇددى ھەج ئايىتىدە، كىم ھەج قىلمىسا دېيىشنىڭ ئورنىغا «كىم كاپىر بولسا» دېگىنىگە ئوخشاش. چۈنكى زاكات بېرىشنى تەرك ئېتىش كاپىرلارنىڭ سۈپەتلىرىدىندۇر.

بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «مۇشرىكلارغا ۋاي، ئۇلار زاكات بەرمەيدۇ».

ٱللَّهُ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ ٱلۡحَيُّ ٱلۡقَيُّومُۚ لَا تَأۡخُذُهُۥ سِنَةٞ وَلَا نَوۡمٞۚ لَّهُۥ مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِي ٱلۡأَرۡضِۗ مَن ذَا ٱلَّذِي يَشۡفَعُ

عِندَهُۥٓ إِلَّا بِإِذۡنِهِۦۚ يَعۡلَمُ مَا بَيۡنَ أَيۡدِيهِمۡ وَمَا خَلۡفَهُمۡۖ
وَلَا يُحِيطُونَ بِشَيۡءٖ مِّنۡ عِلۡمِهِۦٓ إِلَّا بِمَا شَآءَۚ وَسِعَ
كُرۡسِيُّهُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضَۖ وَلَا يَـُٔودُهُۥ حِفۡظُهُمَاۚ وَهُوَ ٱلۡعَلِيُّ
ٱلۡعَظِيمُ ٢٥٥ لَآ إِكۡرَاهَ فِي ٱلدِّينِۖ قَد تَّبَيَّنَ ٱلرُّشۡدُ مِنَ ٱلۡغَيِّۚ
فَمَن يَكۡفُرۡ بِٱلطَّٰغُوتِ وَيُؤۡمِنۢ بِٱللَّهِ فَقَدِ ٱسۡتَمۡسَكَ
بِٱلۡعُرۡوَةِ ٱلۡوُثۡقَىٰ لَا ٱنفِصَامَ لَهَاۗ وَٱللَّهُ سَمِيعٌ عَلِيمٌ ٢٥٦
ٱللَّهُ وَلِيُّ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ يُخۡرِجُهُم مِّنَ ٱلظُّلُمَٰتِ إِلَى ٱلنُّورِۖ
وَٱلَّذِينَ كَفَرُوٓاْ أَوۡلِيَآؤُهُمُ ٱلطَّٰغُوتُ يُخۡرِجُونَهُم مِّنَ ٱلنُّورِ
إِلَى ٱلظُّلُمَٰتِۗ أُوْلَٰٓئِكَ أَصۡحَٰبُ ٱلنَّارِۖ هُمۡ فِيهَا خَٰلِدُونَ ٢٥٧

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:** ئاللاھ تائالا ئىلگىرىكى ئايەتلەردە پەيغەمبەرلەرنىڭ بىر - بىرىدىن ئۈستۈنلۈكلىرىنى، ئۇلاردىن كېيىن كەلگەن ئىنسانلارنىڭ ئىختىلاپلاشقانلىقلىرىنى ۋە دىن سەۋەبىدىن جېدەللەشكەنلىكلىرىنى بايان قىلدى. بۇ ئايەتلەردە بولسا، پەيغەمبەرلەر ئارىسىدىكى بىر - بىرىدىن ئۈستۈنلۈكلەرنىڭ ئۇلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئارىسىدا تالاش - تارتىش، دۈشمەنلىككە سەۋەب بولمىغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ. پەيغەمبەرلەر پەزىلەت جەھەتتە بىر - بىرىدىن ئارتۇق بولسىمۇ، ئەمما ھەممىسى بىردەك تەۋھىدتىن ئىبارەت ئوخشاش بىر دەۋەتكە چاقىرغان، چۈنكى ئۇلارنىڭ دىنى ۋە ۋەزىپىسى بىردۇر. يەنە دىندا (ئۇنىڭغا كىرىشكە) زورلاش يوقتۇر، ھىدايەت گۇمراھلىقتىن ئېنىق ئايرىلدى.

**بۇ ئايەتلەرنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى:** ئەنسارلاردىن بىر

كىشىنىڭ ئىككى ئوغلى بولۇپ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە پەيغەمبەرلىك ئەۋەتىلىشتىن بۇرۇن، ناسارا بولۇپ كەتكەن ئىدى. كېيىن ياغ ساتىدىغان تىجارەتچىلەر بىلەن مەدىنىگە كەلدى. ئۇلارنىڭ دادىسى مۇسۇلمان بولمىساڭلار سىلەرنى قويۇپ بەرمەيمەن، دەپ ئۇلارغا چىڭ ئېسىلىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىككىسى مۇسۇلمان بولدى. شۇڭا بۇ ھەقتە «دىندا (ئۇنىڭغا كىرىشكە) زورلاش يوقتۇر، ھىدايەت گۇمراھلىقتىن ئېنىق ئايرىلدى» دېگەن ئايەت نازىل بولدى.

**تەپسىرى:** 255. بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھ كامىل ھايات ئىگىسىدۇر. ھەمىشە تىرىكتۇر، مەخلۇقاتلارنىڭ ھەممىسىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر. ئۇ مۈگدەپ قالمايدۇ، ئۇنى ئۇيقۇ باسمايدۇ. بۇ ھەقتە ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: ھەقىقەتەن ئاللاھ ئۇخلىمايدۇ، ئۇنىڭغا ئۇخلاش لايىق ئەمەس، ئۇ ئادالەت تارازىسىنى تۆۋەنلىتىدۇ ۋە يۈكسەلدۈرىدۇ. ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە ئاللاھنىڭ مۈلكىدۇر؛ ئاللاھنىڭ رۇخسىتىسىز كىممۇ ئاللاھنىڭ ئالدىدا شاپائەت قىلالىسۇن. ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىنىڭ ناھايىتى كاتتىلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى ئاللاھنىڭ رۇخسىتىسىز ھېچكىم شاپائەت قىلالمايدۇ. ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئالدى (دۇنيادا قىلغان)، كەينىدىكى (ئۇلار ئۇچۇن ئاخىرەتتە تەييارلىغان) ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىپ تۇرىدۇ؛ ئۇلار ئاللاھنىڭ مەلۇماتىدىن ئاللاھ ئۇلارغا پەيغەمبەرلەرنىڭ تىلى ئارقىلىق بىلدۈرگەن نەرسىلەردىن باشقا ھېچ نەرسىنى بىلمەيدۇ، ئاللاھنىڭ كۇرسى (مەلۇماتى) ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئاسمان - زېمىننى ساقلاش ئۇنىڭغا ئېغىر كەلمەيدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە، كۇرسىدىن مەقسەت ئاللاھنىڭ ئىلمىدۇر. (ئى رەببىمىز، سېنىڭ رەھمىتىڭ ۋە ئىلمىڭ ھەر نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ» (سۈرە غافىر 7 - ئايەت). بۇ ئايەتتىن ئاللاھنىڭ ئىلمىنىڭ ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. ھەسەن بەسرى، كۇرسىدىن مەقسەت ئەرشى دەيدۇ. ئەمما ئىبنى كەسىر، توغرىسى كۇرسى، ئەرش ئەمەس، چۈنكى بۇ ھەقتە كەلگەن ئەسەر ۋە خەۋەرلەرگە قارىغاندا، ئەرش بولسا كۇرسىدىن نەچچە ھەسسە بۈيۈكتۇر، دەيدۇ. ئاسمان - زېمىن ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق نەرسىلەرنى ساقلاش ئاللاھقا ئېغىر كەلمەيدۇ. ئۇ مەخلۇقاتلىرى ئۈستىدە يۇقىرى مەرتىۋىلىكتۇر، ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر. 256. دىندا (ئۇنىڭغا كىرىشكە) زورلاش يوقتۇر، ھىدايەت گۇمراھلىقتىن ئېنىق ئايرىلدى، كىمكى تاغۇت (ئاللاھتىن باشقا، شەيتان ۋە بۇتلارغا ئوخشاش بارچە مەبۇد)نى ئىنكار قىلىپ، ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىكەن، ئۇ سۇنماس، مەھكەم تۇتقىنى تۇتقان بولىدۇ، ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ئىشلىرىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. 257. ئاللاھ مۆمىنلەرنىڭ ياردەمچىسى، قوغداپ قالغۇچى ۋە ئىگىسىدۇر، ئۇلارنى كۇپرىنىڭ زۇلمىتىدىن ئىماننىڭ يورۇقلۇقىغا چىقىرىدۇ؛ كاپىرلارنىڭ ئىگىسى شەيتاندۇر، ئۇلارنى ئىماننىڭ يورۇقلۇقىدىن گۇمراھلىقنىڭ قاراڭغۇلۇقىغا چىقىرىدۇ. ئەنە شۇلار ئەھلى دوزاختۇر، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر.

**ئىلاۋە:** ئاللاھ تائالا نۇر كەلىمىسىنى بىرلىك شەكلىدە كەلتۈردى. چۈنكى، ھەق پەقەت بىردۇر، ئەمما باتىلنىڭ

يوللىرى بولسا سانسىز ۋە ھەرخىل.

مۇھىم بىر ئاگاھلاندۇرۇش: ئايەتەل كۇرسى ناھايىتى ئۇلۇغ بولۇپ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن كەلگەن سەھىھ ھەدىسلەردە، ئاللاھنىڭ كىتابىدا كەلگەن ئايەتلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ئاللاھ تائالانىڭ ئىسمى زىكىر قىلىنغان ئايەتلەر ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان. مەسىلەن، ئۇنىڭ بىلەن دۇئا قىلسا ئىجاۋەت بولىدىغان، ئاللاھنىڭ ئىسمى بار بولغان سۈرە ئۈچتۇر: «بەقەرە سۈرىسى، ئال ئىمران سۈرىسى، تاھا سۈرىسى». ھىشام بۇلارنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: بەقەرە سۈرىسى ۋە ئال ئىمران سۈرىسىدە «ٱللَّهُ لَآ إِلَـٰهَ إِلَّا هُوَ» ئايىتى، تاھا سۈرىسىدە «وَعَنَتِ ٱلْوُجُوهُ لِلْحَىِّ ٱلْقَيُّومِ» ئايىتى. ئىبنى كەسىر، بۇ ئايەتلەر ئاللاھنى ئۇلۇغلايدىغان مۇستەقىل ئون جۈملىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، دەيدۇ.

أَلَمْ تَرَ إِلَى ٱلَّذِى حَآجَّ إِبْرَٰهِـۧمَ فِى رَبِّهِۦٓ أَنْ ءَاتَىٰهُ ٱللَّهُ ٱلْمُلْكَ
إِذْ قَالَ إِبْرَٰهِـۧمُ رَبِّىَ ٱلَّذِى يُحْىِۦ وَيُمِيتُ قَالَ أَنَا۠ أُحْىِۦ
وَأُمِيتُ ۖ قَالَ إِبْرَٰهِـۧمُ فَإِنَّ ٱللَّهَ يَأْتِى بِٱلشَّمْسِ مِنَ ٱلْمَشْرِقِ
فَأْتِ بِهَا مِنَ ٱلْمَغْرِبِ فَبُهِتَ ٱلَّذِى كَفَرَ ۗ وَٱللَّهُ لَا يَهْدِى
ٱلْقَوْمَ ٱلظَّـٰلِمِينَ ﴿٢٥٨﴾ أَوْ كَٱلَّذِى مَرَّ عَلَىٰ قَرْيَةٍ وَهِىَ خَاوِيَةٌ عَلَىٰ
عُرُوشِهَا قَالَ أَنَّىٰ يُحْىِۦ هَـٰذِهِ ٱللَّهُ بَعْدَ مَوْتِهَا ۖ فَأَمَاتَهُ ٱللَّهُ
مِا۟ئَةَ عَامٍ ثُمَّ بَعَثَهُۥ ۖ قَالَ كَمْ لَبِثْتَ ۖ قَالَ لَبِثْتُ يَوْمًا أَوْ
بَعْضَ يَوْمٍ ۖ قَالَ بَل لَّبِثْتَ مِا۟ئَةَ عَامٍ فَٱنظُرْ إِلَىٰ طَعَامِكَ
وَشَرَابِكَ لَمْ يَتَسَنَّهْ ۖ وَٱنظُرْ إِلَىٰ حِمَارِكَ وَلِنَجْعَلَكَ ءَايَةً

لِّلنَّاسِۖ وَٱنظُرۡ إِلَى ٱلۡعِظَامِ كَيۡفَ نُنشِزُهَا ثُمَّ نَكۡسُوهَا
لَحۡمٗاۚ فَلَمَّا تَبَيَّنَ لَهُۥ قَالَ أَعۡلَمُ أَنَّ ٱللَّهَ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ قَدِيرٞ ﴿٢٥٩﴾
وَإِذۡ قَالَ إِبۡرَٰهِـۧمُ رَبِّ أَرِنِي كَيۡفَ تُحۡيِ ٱلۡمَوۡتَىٰۖ قَالَ أَوَلَمۡ
تُؤۡمِنۖ قَالَ بَلَىٰ وَلَٰكِن لِّيَطۡمَئِنَّ قَلۡبِيۖ قَالَ فَخُذۡ أَرۡبَعَةٗ مِّنَ
ٱلطَّيۡرِ فَصُرۡهُنَّ إِلَيۡكَ ثُمَّ ٱجۡعَلۡ عَلَىٰ كُلِّ جَبَلٖ مِّنۡهُنَّ جُزۡءٗا
ثُمَّ ٱدۡعُهُنَّ يَأۡتِينَكَ سَعۡيٗاۚ وَٱعۡلَمۡ أَنَّ ٱللَّهَ عَزِيزٌ حَكِيمٞ ﴿٢٦٠﴾

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:** ئاللاھ تائالا بۇندىن بۇرۇنقى ئايەتلەردە ئاللاھ تائالاغا ئىمان كەلتۈرۈش، ئاللاھ تائالانىڭ مۇقەددەس سۈپەتلىرى، ئاللاھ تائالانىڭ مۆمىنلەرنى دوست تۇتىدىغانلىقى ۋە كاپىرلارنىڭ دوستى بولسا كاپىرلار ئىكەنلىكى ھەققىدە توختالغان ئىدى. ئەمدى بۇ ئايەتلەردە، كاپىرلارنىڭ قەلبىدە ئىسيانكار تاغۇتلارنىڭ ھۆكۈم سۈرگەنلىكى ۋە ئاللاھنىڭ ۋەھدانىيىتى ھەققىدە بولغان تالاش - تارتىشلارنىڭ ئۆرنەكلىرى ھەققىدە توختىلىدۇ. بۇ يەردە ئۈچ قىسسىنى زىكىر قىلغان بولۇپ، 1. قىسسىدە ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلاش، 2. ۋە 3. قىسسىدە قىيامەتنىڭ بارلىقى ۋە ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىدىغانلىقى ھەققىدە بايان باردۇر.

**تەپسىرى:** 258. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا بەرگەن ھۆكۈمرانلىق سەۋەبىدىن كۆرەڭلەپ ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىنى ئىنكار قىلغان، ئېھسانلىرىغا نانكورلۇق قىلىپ، ئاللاھنىڭ قۇدرەت كامالىتى ھەققىدە ئىبراھىم بىلەن مۇجادىلە قىلغان نەمرۇتنىڭ ئوغلى كەنئاننىڭ ئەھۋالىنى بىلمەمسەن. مانا بۇ ئايەت،

بۇ كاپىرنىڭ ئەھۋالىنى ئاگاھلاندۇرۇپ، ئاللاھنىڭ ئاجىزلارنى ئەجەبلەندۈرىدۇ. ئىبراھىم ئاللاھنىڭ بارلىقىغا دەلىل كەلتۈرۈپ: «مېنىڭ رەببىم بەدەنلەردە هاياتنى ۋە ئۆلۈمنى ياراتقۇچىدۇر، ئۇ بىردۇر، ئالەملەرنىڭ رەببىدۇر» دېگەندە، ئازغۇن تاغۇت: «مەنمۇ ئۆلتۈرىمەن ۋە تىرىلدۈرىمەن» دېدى. رىۋايەتكە كۆرە، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان ئىككى كىشىنى ئېلىپ كېلىپ بىرىنى ئۆلتۈرۈشكە، يەنە بىرىنى قويۇپ بېرىشكە ھۆكۈم قىلغان، ئاندىن: مانا مەن ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، بۇنى تىرىلدۈردۈم دېگەن. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام نەمرۇتنىڭ بۇ ئەخمەقلىقى ۋە بۇ دەلىلدە چىڭ تۇرىدىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، بۇنىڭدىن تېخىمۇ كۈچلۈك ۋە ئۇنىڭ ئېغىزىنى تۇۋاقلايدىغان بىر دەلىل كەلتۈرۈپ مۇنداق دېدى: «مادامىكى سەن ئىلاھلىق دەۋاسى قىلىسەن ۋە ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھنىڭ قىلغىنىدەك، ئۆلتۈرۈپ تىرىلدۈرۈشنى دەۋا قىلىسەن. قۇياش ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى ۋە قۇدرىتى بىلەن ھەر كۈنى شەرقتىن چىقىدۇ، سەن كۈچلۈك ۋە قۇدرەتلىك بىلەن بىر قېتىم بولسىمۇ غەربتىن چىقىرىپ باق دېدى. بۇ پولاتتەك دەلىل ئالدىدا ئۇ كاپىرنىڭ تىلى تۇتۇلدى ۋە دەھشەتكە چۆمۈپ، تاتىرىپ قالدى. ئاللاھ دەلىل ۋە ھۆججەت كەلتۈرۈشتە زالىملارغا ئىلھام بەرمەيدۇ.

259. بۇ ئىككىنچى قىسسە بولۇپ، ئاللاھ ھىدايەت قىلىشنى خالىغان كىشىلەر ئۈچۈن بىر مىسال ياكى ئىبرەت بولسۇن دەپ بايان قىلغان. ياكى سەن تام، ئۆگزىلىرى يىقىلىپ ۋەيران بولغان خارابە شەھەر، يەنى بەيتۇلمۇقەددەستىن ئۆتكەن كىشىنى (ئۇزەيرنى) كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇ سالىھ كىشى (بۇ ئادەم مەشھۇر كۆز قاراشقا كۆرە ئۇزەير ئەلەيھىسسالام ئىدى) ئەجەبلىنىپ: «بۇ شەھەر خاراب بولۇپ يىقىلغىنىدىن

كېيىن، ئاللاھ بۇ يەرنى قانداق تىرىلدۈرەر؟» دېدى. ئۇ بۇ سۆزلەرنى يىقىلىپ خانىۋەيران بولغان بۇ شەھەر ھەققىدە ئەجەپلىنىشىنى نامايەن قىلىش ئۈچۈن ئېيتقان. ئۇ بۇ ئەھۋاللارنى بۇ شەھەردىن ئېشەككە مىنىپ ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ كۆرگەن. ئاللاھ سوئال سورىغۇچى بۇ كىشىنى يۈز يىل ئۆلۈك ھالىتىدە تۇرغۇزۇپ، ئاندىن (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن) تىرىلدۈردى. ئاللاھ پەرىشتە ئارقىلىق ئۇنىڭدىن: «(بۇ ھالەتتە) قانچىلىك تۇردۇڭ؟» دەپ سورىدى. ئۇ: «بىر كۈن ياكى بىر كۈنگە يەتمەيدىغان ۋاقىت تۇردۇم» دېدى. ئاللاھ ئېيتتى: «ئۇنداق ئەمەس، (تولۇق) يۈز يىل تۇردۇڭ! يېمەك- ئىچمىكىڭگە قارىغىنكى، بۇزۇلمىغان؛ ئېشىكىڭگە قارىغىنكى، ئۇنىڭ سۆڭەكلىرى چىرىپ كەتكەن. ساڭا يۇقىرىقىدەك ئادەتتىن تاشقىرى ئىشلارنى قىلغانلىقىمىز سېنى كىشىلەرگە قۇدرىتىمىزنىڭ دەلىلى قىلىش ئۈچۈندۇر. بۇ سۆڭەكلەرگە قارىغىنكى، ئۇنى قانداق قۇراشتۇرىمىز، ئاندىن ئۇنىڭغا گۆش قوندۇرىمىز». يۇقىرىقى ئىشلار ئۇنىڭغا ئېنىق بولغان چاغدا، يەنى ئۇ روشەن مۆجىزىلەرنى كۆرگەن چاغدا، ئۇ: «مەن ئاللاھنىڭ ھەممە نەرسىگە قادىر ئىكەنلىكىنى بىلدىم» دېدى. 260. ئۈچىنچى قىسسىدە: بۇنىڭدا ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشكە دالالەت قىلىدىغان ھېسسىي دەلىللەر بار. ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم: «پەرۋەردىگارىم، ئۆلۈكلەرنى قانداق تىرىلدۈرىدىغانلىقىڭنى ماڭا كۆرسەتكىن» دېدى. ئاللاھ «(ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرەلەيدىغانلىقىمغا) ئىشەنمىدىڭمۇ؟» دېۋىدى، ئىبراھىم: «ئىشەندىم، لېكىن كۆڭلۈم تېخىمۇ قارار تاپسۇن ئۈچۈن كۆرۈشنى تىلەيمەن» دېدى. ئاللاھ ئېيتتى: «قۇشتىن تۆتنى ئالغىن، ئۇلارنى ئۆزۈڭگە توپلىغىن (ئۇلارنى

پارچىلاپ گۆشلىرى بىلەن پەيلىرىنى ئارىلاشتۇرغىن)، ئاندىن ھەر بىر تاغقا ئۇلاردىن بىر بۆلۈكىنى قويغىن، ئاندىن ئۇلارنى چاقىرغىن، سېنىڭ ئالدىڭغا ئۇلار چاپسان كېلىدۇ». بىلگىنكى، ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. مۇجاھىد مۇنداق دېدى: بۇ قۇشلار تۆگە قۇشى، قاغا، كەپتەر ۋە خورازلاردىن ئىبارەت ئىدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام قۇشلارنى بوغۇزلىغاندىن كېيىن ئاللاھنىڭ دېگىنى بويىچە قىلىپ، ئۇلارنى چاقىردى، ئۇلار يۈگۈرۈپ كەلدى. بىلگىنكى، ئاللاھ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر. خالىغىنىنى قىلىشتىن ئاجىز ئەمەستۇر. ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى بوغۇزلاپ پارچىلىدى. تۈكلىرىنى، قانلىرىنى، گۆشلىرىنى بىر - بىرىگە ئارىلاشتۇردى. كېيىن قۇشلارنىڭ باشلىرىنى قولىدا تۇتۇپ تۇرۇپ، ئەزالىرىنى پارچە - پارچە قىلىپ تاغلارنىڭ ئۈستىگە قويدى. كېيىن ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇغىنىدەك چاقىردى. كۆز ئالدىدا قۇشلارنىڭ تۈكلىرى گۆشلىرىنىڭ ئۈستىگە، قانلىرىمۇ ھەممىسى ئۆزىگە، ھەممە ئەزالار بۇرۇنقىدەكلا قۇش ھالىغا قايتتى. كېيىن بۇ قۇشلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ خالىغىنىنى تېخىمۇ ياخشى كۆرۈۋېلىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلدى. بۇنى ئىبنى كەسىر زىكىر قىلغان.

ئىلاۋە: 1. مۇجاھىد مۇنداق دەيدۇ: دۇنيانىڭ شەرقىگە ۋە غەربىگە تۆت كىشى ھاكىم بولغان بولۇپ، بۇلاردىن ئىككىسى كاپىر، ئىككىسى مۆمىن ئىدى. ئىككى مۆمىن داۋۇدنىڭ ئوغلى سۇلايمان بىلەن زۇلقەرنەيىن، ئىككى

كاپىر نەمرۇد بىلەن بەيتۇل مۇقەددەسنى ۋەيران قىلغان بۇختەننەسر ئىدى. 2. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام زالىم نەمرۇتنىڭ ھايات ۋە ئۆلۈمنىڭ مەنىسىنى بىلمەسلىككە سالغانلىقى ۋە ئۇنىڭ بەرگەن جاۋابىنىڭ مەنتىقسىزلىقى ھەممە كىشىگە مەلۇم بولۇشقا قارىماستىن، نادان خەلقنىڭ كۆزىنى بوياشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، خاتالاشمايدىغان نەمرۇتمۇ مۇتەكەببىر زالىملارچە قىلىقىنىڭ ھۆددىسىدىن ئاسانلىقچە چىقالمايدىغان ھالدا يول تۇتتى ۋە: ئاللاھ قۇياشنى شەرقتىن چىقىرىدۇ، سەن غەربتىن چىقىرىپ باققىن، دېدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭ بوينى چۈشۈپ تىلى تۇتۇلۇپ قالدى. 3. ئىبراھىمنىڭ «ئۆلۈكلەرنى قانداق تىرىلدۈرىسەن؟» دەپ سورىغانلىقى، ئاللاھنىڭ قۇدرىتى ھەققىدە شۈبھىسى بولغانلىقتىن ئەمەس، تىرىلدۈرۈش جەريانىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن ئىدى. «قانداق» مەنىسىدىكى سۆزنىڭ ھازىرقى ھالىنى بىلىش ئۈچۈن قوللىنىشىمۇ بۇنىڭغا دالالەت قىلىدۇ. ئاندىن ئەھۋالنى بىلىش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ سۆزىمۇ بۇنىڭغا ئىشارەت قىلىدۇ: بىز شۈبھىگە ئىبراھىمدىن بەكرەك يېقىن، يەنى بىز شۈبھە قىلمىساق ئىبراھىمنىڭ شۈبھىلىنىشى تېخىمۇ ئەلادۇر.

مَّثَلُ ٱلَّذِينَ يُنفِقُونَ أَمْوَٰلَهُمْ فِى سَبِيلِ ٱللَّهِ كَمَثَلِ حَبَّةٍ
أَنۢبَتَتْ سَبْعَ سَنَابِلَ فِى كُلِّ سُنۢبُلَةٍ مِّا۟ئَةُ حَبَّةٍۗ وَٱللَّهُ
يُضَٰعِفُ لِمَن يَشَآءُۚ وَٱللَّهُ وَٰسِعٌ عَلِيمٌ ﴿٢٦١﴾ ٱلَّذِينَ يُنفِقُونَ
أَمْوَٰلَهُمْ فِى سَبِيلِ ٱللَّهِ ثُمَّ لَا يُتْبِعُونَ مَآ أَنفَقُوا۟ مَنًّا وَلَآ
أَذًى لَّهُمْ أَجْرُهُمْ عِندَ رَبِّهِمْ وَلَا خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلَا هُمْ

يَحْزَنُونَ ﴿٢٦٢﴾ قَوْلٌ مَّعْرُوفٌ وَمَغْفِرَةٌ خَيْرٌ مِّن صَدَقَةٍ
يَتْبَعُهَآ أَذًى ۗ وَٱللَّهُ غَنِىٌّ حَلِيمٌ ﴿٢٦٣﴾ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟
لَا تُبْطِلُوا۟ صَدَقَٰتِكُم بِٱلْمَنِّ وَٱلْأَذَىٰ كَٱلَّذِى يُنفِقُ مَالَهُۥ
رِئَآءَ ٱلنَّاسِ وَلَا يُؤْمِنُ بِٱللَّهِ وَٱلْيَوْمِ ٱلْءَاخِرِ ۖ فَمَثَلُهُۥ
كَمَثَلِ صَفْوَانٍ عَلَيْهِ تُرَابٌ فَأَصَابَهُۥ وَابِلٌ فَتَرَكَهُۥ صَلْدًا ۖ
لَّا يَقْدِرُونَ عَلَىٰ شَىْءٍ مِّمَّا كَسَبُوا۟ ۗ وَٱللَّهُ لَا يَهْدِى ٱلْقَوْمَ
ٱلْكَٰفِرِينَ ﴿٢٦٤﴾ وَمَثَلُ ٱلَّذِينَ يُنفِقُونَ أَمْوَٰلَهُمُ ٱبْتِغَآءَ مَرْضَاتِ
ٱللَّهِ وَتَثْبِيتًا مِّنْ أَنفُسِهِمْ كَمَثَلِ جَنَّةٍۭ بِرَبْوَةٍ أَصَابَهَا
وَابِلٌ فَـَٔاتَتْ أُكُلَهَا ضِعْفَيْنِ فَإِن لَّمْ يُصِبْهَا وَابِلٌ فَطَلٌّ ۗ
وَٱللَّهُ بِمَا تَعْمَلُونَ بَصِيرٌ ﴿٢٦٥﴾ أَيَوَدُّ أَحَدُكُمْ أَن تَكُونَ
لَهُۥ جَنَّةٌ مِّن نَّخِيلٍ وَأَعْنَابٍ تَجْرِى مِن تَحْتِهَا ٱلْأَنْهَٰرُ لَهُۥ
فِيهَا مِن كُلِّ ٱلثَّمَرَٰتِ وَأَصَابَهُ ٱلْكِبَرُ وَلَهُۥ ذُرِّيَّةٌ
ضُعَفَآءُ فَأَصَابَهَآ إِعْصَارٌ فِيهِ نَارٌ فَٱحْتَرَقَتْ ۗ كَذَٰلِكَ
يُبَيِّنُ ٱللَّهُ لَكُمُ ٱلْءَايَٰتِ لَعَلَّكُمْ تَتَفَكَّرُونَ ﴿٢٦٦﴾ يَٰٓأَيُّهَا
ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓا۟ أَنفِقُوا۟ مِن طَيِّبَٰتِ مَا كَسَبْتُمْ وَمِمَّآ أَخْرَجْنَا
لَكُم مِّنَ ٱلْأَرْضِ ۖ وَلَا تَيَمَّمُوا۟ ٱلْخَبِيثَ مِنْهُ تُنفِقُونَ
وَلَسْتُم بِـَٔاخِذِيهِ إِلَّآ أَن تُغْمِضُوا۟ فِيهِ ۚ وَٱعْلَمُوٓا۟ أَنَّ ٱللَّهَ غَنِىٌّ
حَمِيدٌ ﴿٢٦٧﴾ ٱلشَّيْطَٰنُ يَعِدُكُمُ ٱلْفَقْرَ وَيَأْمُرُكُم بِٱلْفَحْشَآءِ ۖ
وَٱللَّهُ يَعِدُكُم مَّغْفِرَةً مِّنْهُ وَفَضْلًا ۗ وَٱللَّهُ وَٰسِعٌ عَلِيمٌ ﴿٢٦٨﴾
يُؤْتِى ٱلْحِكْمَةَ مَن يَشَآءُ ۚ وَمَن يُؤْتَ ٱلْحِكْمَةَ فَقَدْ أُوتِىَ
خَيْرًا كَثِيرًا ۗ وَمَا يَذَّكَّرُ إِلَّآ أُو۟لُوا۟ ٱلْأَلْبَٰبِ ﴿٢٦٩﴾

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:** ئاللاھ تائالا ئىلگىرىكى ئايەتلەردە، ئىنسانلارنىڭ ۋە ئاللاھنىڭ دوستلىرى، يەنى مۆمىنلەر ۋە تاغۇتلارنىڭ دوستلىرىدىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدىغانلىقىنى بايان قىلدى. كېيىن، ئىمان ۋە زالالەت بۇنىڭ ھەر بىرىگە ئايرىم - ئايرىم مىساللارنى كەلتۈردى. بۇ ئايەتلەردە مۆمىنلەرنى ئاللاھ يولىدا مال سەرپ قىلىشقا، بولۇپمۇ ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرىگە قارشى جىھاد يولىدا مال سەرپ قىلىشقا تەشۋىق قىلىدۇ. چۈنكى ھەق يولىدا جىھاد قىلىشنىڭ ئۈچ باسقۇچى بار بولۇپ، بىرىنچىسى، دەلىللەر بىلەن قايىل قىلىش؛ ئىككىنچىسى، نەپسى بىلەن جىھاد قىلىش؛ ئۈچىنچىسى، مال بىلەن جىھاد قىلىشتۇر. بىرىنچى ۋە ئىككىنچىسى بۇنىڭدىن بۇرۇن زىكىر قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، بۇ يەردە مال بىلەن جىھاد قىلىش ھەققىدە توختىلىدۇ.

**ئايەتلەرنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى:** بۇ ئايەت تەبۇك غازىتىدا ئوسمان ئىبنى ئەففان ۋە ئابدۇررەھمان ئىبنى ئەۋف ھەققىدە نازىل بولغان. چۈنكى ئوسمان بۇ غازات ئۈچۈن پۈتۈن جابدۇقلىرى ۋە يەم - خەشەكلىرى بىلەن بىرلىكتە مىڭ تۆگە ھازىرلىغان، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا مىڭ دىنار قويغان. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ پۇللارنى ئىلەشتۈرۈپ تۇرۇپ: «بۈگۈندىن ئېتىبارەن ئوسمان قىلغان ئىشىدا زىيان تارتمايدۇ» دېگەن. ئابدۇررەھمان ئىبنى ئەۋف بولسا تۆت مىڭ دىرھەم ئەكەلگەن ۋە مۇنداق دېگەن: «ئى رەسۇلۇللاھ، مېنىڭ سەككىز مىڭ دىرھەم پۇلۇم بار ئىدى، تۆت مىڭ

دىرھەمنى ئائىلەم ۋە بالا - چاقىلىرىمغا قويدۇم، مانا بۇ تۆت مىڭ دىرھەمنى ئاللاھقا قەرز بېرىۋاتىمەن». رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا، ئايرىغىنىڭنىمۇ، بەرگىنىڭنىمۇ ئاللاھ ساڭا بەرىكەتلىك قىلىپ بەرسۇن دېگەن. مانا بۇ ۋەقە ھەققىدە بۇ ئايەتلەر نازىل بولغان.

**تەپسىرى:** 261. «ئاللاھنىڭ يولىدا پۇل - مېلىنى سەرپ قىلغانلارنىڭ مىسالى، (سەرپ قىلغان نەرسىسى يەرگە تېرىلىپ) يەتتە باشاق چىقارغان، ھەر باشىقىدا يۈز دان تۇتقان بىر دانغا ئوخشايدۇ». ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەت، ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش مەقسىتىدە ئاللاھ يولىدا مال سەرپ قىلغان كىشىنىڭ بىر ياخشىلىقىغا ئەڭ ئاز ئون ھەسسىدىن يەتتە يۈز ھەسسىگە قەدەر مۇكاپات بېرىلىدىغانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك ئاللاھنىڭ كەلتۈرگەن بىر مىسالىدۇر. يەنى ئۇلار سەرپ قىلغان مال تىكىلگەن بىر دانە دانغا ئوخشاشتۇر. ئۇنىڭدىن يەتتە باشاق چىققان ۋە ھەر باشىقىدا يۈز دانىدىن دان بولغان بولۇپ، نەتىجىدە، بىر داندىن يەتتە يۈز دان چىققان بولىدۇ. مانا بۇ، ئىخلاس بىلەن سەدىقە بەرگەن كىشىگە بېرىلىدىغان مۇكاپات ئۈچۈن بىر مىسالدۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ خالىغان بەندىسىگە ھەسسىلەپ ساۋاب بېرىدۇ. ئاللاھنىڭ مەرھەمىتى چەكلىك ئەمەس، كەڭدۇر. ئاللاھ مال سەرپ قىلغۇچىنىڭ نىيىتىنى بىلگۈچىدۇر». 262. پۇل - مېلىنى خالىس ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلىدىغان، ئاللاھنىڭ رازىلىقىدىن باشقا ھېچقانداق بىر نەرسە مەقسەت قىلمىغان، قىلغان ياخشىلىقلىرىنىڭ ئارقىسىدىن ئۇنىڭغا مىننەت قىلمايدىغان

ۋە (مەن ساڭا سەدىقە بەردىم، ھال - ئەھۋالىڭدىن خەۋەر ئالدىم، دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىش ۋە قىلغان ياخشىلىقنى باشقىلارغا سۆزلەپ يۈرۈش ئارقىلىق خەير - ساخاۋەتكە ئېرىشكەنلەرنى) رەنجىتمەيدىغان كىشىلەر پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ساۋاب تاپىدۇ، ئۇلارغا قىيامەت كۈنى قورقۇنچ ۋە غەم - قايغۇ بولمايدۇ. 263. ياخشى سۆز ۋە كەچۈرۈش، كېيىن ئەرزىيەت يەتكۈزىدىغان سەدىقىدىن ئەۋزەلدۇر. يەنى سائىلغا ياخشى سۆز قىلىش ۋە ئۇنى كەچۈرۈش، ئۇنىڭغا سەدىقە بېرىپ كېيىن ئەزىيەت يەتكۈزۈشتىن، تىلەمچىلىك قىلدى دەپ ئەيىپلەشتىن ئاللاھنىڭ نەزىرىدە تېخىمۇ ئەۋزەلدۇر. ئاللاھ (بەندىلەرنىڭ سەدىقىسىدىن) بىھاجەتتۇر، ھەلىمدۇر (ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغانلارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ). 264. ئى مۆمىنلەر! ئاللاھنىڭ ساۋابىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلۇشنى مەقسەت قىلماستىن، شۇنداقلا ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتماستىن پۇل - مېلىنى كۆز - كۆز قىلىش ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان كىشى (قىلغان ئەمەلىنى بىكار قىلىۋەتكىنىگە)گە ئوخشاش، بەرگەن سەدىقەڭلەرنى مىننەت قىلىش ۋە ئەزىيەت يەتكۈزۈش بىلەن بىكار قىلىۋەتمەڭلار. بۇنداق (پۇل - مېلىنى باشقىلارغا كۆرسىتىش ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان) ئادەم خۇددى ئۈستىگە توپا - چاڭ قونۇپ قالغان، قاتتىق يامغۇردىن كېيىن (يۇيۇلۇپ) يۇرۇنقىدەك بولۇپ قالغان سىلىق تاشقا ئوخشايدۇ. مۇناپىقلارمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنى ياخشى ئەمەللىرى بار دەپ گۇمان قىلىدۇ. لېكىن ئۇلار قىلغان ئەمەللىرى ئۈچۈن (ئاخىرەتتە) ھېچقانداق ساۋابقا ئىگە بولالمايدۇ، ئاللاھ كاپىر قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ.

ئاللاھ تائالا تۆۋەندىكى ئايەتلەردە ئاللاھ يولىدا مال سەرپ قىلغان مۆمىنلەر ھەققىدە باشقا بىر مىسال قىلىپ، مۇنداق دەيدۇ: 265. ماللىرىنى ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى تىلەش ۋە نەپسلىرىنى (سەدىقە - ئېھسانغا) ئادەتلەندۈرۈش ۋە قىلغان سەدىقىلىرى ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ساۋاب بېرىدىغانلىقىنى مەقسەت قىلىپ سەرپ قىلىدىغانلار ئېگىزلىككە جايلاشقان، قاتتىق يامغۇردىن بەھرىمەن بولسا مېۋىسى ئىككى ھەسسە كۆپ بولىدىغان، قاتتىق يامغۇردىن بەھرىمەن بولمىسا شەبنەم بىلەنمۇ قانىدىغان (قايسى ھالدا بولسۇن مېۋە بېرىدىغان) بىر باغقا ئوخشايدۇ (دېمەك، بۇنداق خەير - ساخاۋەتلىك ئادەم مېلى كۆپ بولسا كۆپكە يارىشا، ئاز بولسا ئازغا يارىشا بېرىدۇ). دەرەخلىرىنىڭ گۈزەللىكى ۋە مېۋىلىرىنىڭ پاكىزلىقى سەۋەبى بىلەن ئېگىزلىك مەنىسىدە كەلگەن رەبۋە بىلەن مىسال كەلتۈرىدۇ. بۇ يەرگە يامغۇر كۆپ ياغمىسىمۇ ئاز تېمىشىپ قويسا يېتىدۇ. چۈنكى ئۇ يەر ھاۋاسى گۈزەل، تۇپرىقى مۇنبەت يەردۇر. شۇڭا ھەرقانداق ئەھۋالدا مېۋە بېرىدۇ. ئاللاھ قىلغان ئەمەللىرىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر. 266. ئاراڭلاردا كىممۇ ياقتۇرسۇنكى، ئۇنىڭ خورمىلىق، ئۈزۈملۈك، ئاستىدىن ئېرىقلار ئېقىپ تۇرىدىغان، مېۋىلەرنىڭ ھەممە خىللىرى بولغان بىر بېغى بولسۇن، ئۇنىڭ ئۆزى قېرىپ قالغان، باللىرى ئۇششاق بولۇپ، (بۇ باغ) ئوت ئېلىپ كەلگەن بىر قارا بوراندا كۆيۈپ كەتسۇن. سىلەرنىڭ ئويلىنىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ سىلەرگە ئايەتلىرىنى شۇنداق (گۈزەل مىسال بىلەن) بايان قىلىدۇ (پۇل - مېلىنى رىيا ئۈچۈن سەرپ قىلغان ياكى باشقىلارنى رەنجىتىش، مىننەت قىلىش بىلەن سەرپ قىلغان ئادەم ساۋابىنى ئەڭ موھتاج

تۇرۇقلۇق يوقىتىپ قويغان بولىدۇ). 267. ئى مۆمىنلەر! سىلەر ئېرىشكەن نەرسىلەرنىڭ ۋە بىز سىلەرگە زېمىندا چىقىرىپ بەرگەن نەرسىلەر (ئاشلىقلار، مېۋىلەر) نىڭ ياخشىلىرىدىن سەدىقە قىلىڭلار؛ ئۆزۈڭلارمۇ پەقەت كۆزۈڭلارنى يۇمۇپ تۇرۇپ ئالىدىغان ناچارلىرىنى ئېلىپ سەدىقە قىلماڭلار. ئۇنداق ئىكەن، بۇ خىل ناچار مالدىن قانداقمۇ ئاللاھ يولىدا سەدىقە بېرىسىلەر. بىلىڭلاركى، ئاللاھ بۇنداق سەدىقىلىرىڭلاردىن بىھاجەتتۇر، ھەمدىگە لايىقتۇر. 268. شەيتان سىلەرنى پېقىرلىقتىن قورقىتىدۇ، يامان ئىشلارغا، يەنى بېخىللىققا، زاكات بەرمەسلىككە بۇيرۇيدۇ؛ ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلغان سەدىقەڭلەر سەۋەبىدىن، گۇناھلىرىڭلارنى مەغپىرەت قىلىشنى ۋە ئۆز پەزلىدىن ھەسسىلەپ بېرىشنى ۋەدە قىلىدۇ. ئاللاھنىڭ مەرھەمىتى كەڭدۇر، ئۇ ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. 269. ھېكمەتنى (ياخشى ئەمەلگە يېتەكلەيدىغان پايدىلىق ئىلىمنى) خالىغان بەندىسىگە ئاتا قىلىدۇ، ھېكمەت ئاتا قىلىنغان ئادەمگە كۆپ ياخشىلىق ئاتا قىلىنغان بولىدۇ. بۇ گۈزەل مىساللاردىن پەقەت ئەقىللىق ئادەملەرلا پەند - نەسىھەت ئالىدۇ.

**ئىلاۋە:** 1. زەمەخشەري مۇنداق دەيدۇ: «ئەلمەنن» ، بىر كىشى يەنە بىر كىشىگە قىلغان ياخشىلىقنى ساناپ، ئۇنىڭغا قىلغان ياخشىلىقىغا مىننەت قىلىشتۇر. ئۇ «نەۋابىغۇل كەلىم» دېگەن كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: تىلەمچىگە سەدىقە بېرىپ، ئاندىن شۇ ياخشىلىقىغا مىننەت قىلغان كىشى ئۆزىگە سېخىيلىق قىلىپ، باشقىسىغا بېخىللىق قىلغان كىشى بىلەن باراۋەر. ئېھسانلار قۇدرەت ھالۋىسىدىن بەكرەك تاتلىق.

ھالبۇكى، مىننەت بىلەن بېرىلگەن نېمەت زەققۇمدىن بەكرەك ئاچچىقتۇر. شائىر مۇنداق دەيدۇ: بىر كىشى ماڭا ياخشىلىق قىلىپ، قىلغان ئىشىنى بىر قېتىم بولسىمۇ يۈزۈمگە سالسا، ئۇنداق كىشى پەسكەش ئادەمدۇر. 2. يامغۇرنىڭ دەسلىپى سىم - سىم، كېيىنكىسى شارقىراپ ياغقان يامغۇر، ئۇنىڭدىن كېيىن تارام - تارام ياغقان يامغۇر. يامغۇر بىر قانچە خىل بولۇپ، ئەڭ قاتتىق ياققان يامغۇر «الوابل»، يەنى قارا يامغۇر دەپ ئاتىلىدۇ. 2. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب: «بۇ ئايەتنى كىم ھەققىدە چۈشكەن دەپ بىلىسىلەر؟» دەپ سورىدى، ساھابىلەر: «ئاللاھ ئەڭ ياخشىنى بىلىدۇ» دېيىدى، ئۇ ئاچچىقلاپ: «يا بىلىمىز دەڭلار، ياكى بىلمەيمىز دەپ جاۋاب بېرىڭلار» دېدى. بۇنىڭغا قارىتا ئىبنى ئاببباس: «ئى مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى، بۇ ھەقتە مېنىڭ مەلۇماتىم بار» دېدى. ئۆمەر ئۇنىڭغا: «ئى قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى، ئۆزۈڭنى كەمتەر تۇتماي، بىلگىنىڭنى دېگىن» دېدى. ئىبنى ئاببباس: «سەن باي بىر كىشىنىڭ ئەمەلى ھەققىدە مىسال كەلتۈردۈڭ. باي كىشى ئاللاھقا ئىتائەت قىلىپ ئەمەل قىلىدۇ، كېيىن شەيتان ئۇنىڭغا ئادەملىرىنى ئەۋەتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاللاھقا ئىسيانكارلىق قىلىشقا باشلايدۇ. ئاخىرىدا پۈتۈن ئەمەللىرىنى بىكار قىلىدۇ» دېدى. 3. ھەسەن بەسرى مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بۇ مىسال شۇنى كۆرسىتىدۇكى، ياشىنىپ قالغان بىر كىشى بەدەنلىرى زەئىپلىشىپ، كىچىك باللىرى كۆپىيىپ، باغۇ بوستانغا ناھايىتى ئېھتىياجى بولغان بىر زاماندا، قاتتىق بوران - چاپقۇن كېلىپ، ئۇ باغنى كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سىز ئۆلگەندە ئەمەللىرىڭىزگە بۇ ياشانغان كىشى باغۇ بوستانغا موھتاج

بولغاندىنمۇ بەكرەك ئېھتىياجلىق بولىسىز.

وَمَآ أَنفَقْتُم مِّن نَّفَقَةٍ أَوْ نَذَرْتُم مِّن نَّذْرٍ فَإِنَّ
ٱللَّهَ يَعْلَمُهُۥ ۗ وَمَا لِلظَّٰلِمِينَ مِنْ أَنصَارٍ ﴿٢٧٠﴾ إِن تُبْدُوا۟
ٱلصَّدَقَٰتِ فَنِعِمَّا هِىَ ۖ وَإِن تُخْفُوهَا وَتُؤْتُوهَا ٱلْفُقَرَآءَ فَهُوَ
خَيْرٌ لَّكُمْ ۚ وَيُكَفِّرُ عَنكُم مِّن سَيِّـَٔاتِكُمْ ۗ وَٱللَّهُ بِمَا
تَعْمَلُونَ خَبِيرٌ ﴿٢٧١﴾ ۞ لَّيْسَ عَلَيْكَ هُدَىٰهُمْ وَلَٰكِنَّ ٱللَّهَ
يَهْدِى مَن يَشَآءُ ۗ وَمَا تُنفِقُوا۟ مِنْ خَيْرٍ فَلِأَنفُسِكُمْ ۚ وَمَا
تُنفِقُونَ إِلَّا ٱبْتِغَآءَ وَجْهِ ٱللَّهِ ۚ وَمَا تُنفِقُوا۟ مِنْ خَيْرٍ يُوَفَّ
إِلَيْكُمْ وَأَنتُمْ لَا تُظْلَمُونَ ﴿٢٧٢﴾ لِلْفُقَرَآءِ ٱلَّذِينَ أُحْصِرُوا۟
فِى سَبِيلِ ٱللَّهِ لَا يَسْتَطِيعُونَ ضَرْبًا فِى ٱلْأَرْضِ يَحْسَبُهُمُ
ٱلْجَاهِلُ أَغْنِيَآءَ مِنَ ٱلتَّعَفُّفِ تَعْرِفُهُم بِسِيمَٰهُمْ لَا
يَسْـَٔلُونَ ٱلنَّاسَ إِلْحَافًا ۗ وَمَا تُنفِقُوا۟ مِنْ خَيْرٍ فَإِنَّ ٱللَّهَ
بِهِۦ عَلِيمٌ ﴿٢٧٣﴾ ٱلَّذِينَ يُنفِقُونَ أَمْوَٰلَهُم بِٱلَّيْلِ وَٱلنَّهَارِ سِرًّا
وَعَلَانِيَةً فَلَهُمْ أَجْرُهُمْ عِندَ رَبِّهِمْ وَلَا خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلَا
هُمْ يَحْزَنُونَ ﴿٢٧٤﴾

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:** بۇ مۇبارەك ئايەتلەر ياخشىلىق يوللىرىغا مال سەرپ قىلىش ھەققىدە سۆزلەشنى داۋاملاشتۇرماقتا. ياخشىلىق يوللىرىنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش ۋە ئاللاھنىڭ سۆزىنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىش ئۈچۈن مال سەرپ قىلىشتۇر. شۇنىڭدەك يەنە، بۇ ئايەتلەر سەدىقىلەرنىڭ

يوشۇرۇن بېرىلىشىنى تەرغىپ قىلىدۇ. چۈنكى سەدىقىنى يوشۇرۇن بېرىش رىيا ۋە كۆز - كۆز قىلىشتىن ساقلاپ قالىدۇ. بۇ ئايەتلەرنىڭ بۇرۇنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ناھايىتى ئېنىقتۇر.

**ئايەتلەرنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى:** بۇ ھەقتە سەئىد ئىبنى جۇبەير (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولغاي) مۇنداق دەيدۇ: مۇسۇلمانلار زىممىلەرنىڭ پېقىرلىرىغا سەدىقە بېرەتتى. مۇسۇلمانلارنىڭ پېقىرلىرى كۆپەيگەندە، رەسۇلۇللاھ: «ئۆز قېرىنداشلىرىمىزدىن باشقىسىغا سەدىقە بەرمەڭلار» دېدى. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالانىڭ: «ئۇلارنى توغرا يولغا باشلاش سېنىڭ ۋەزىپەڭ ئەمەس» دېگەن ئايىتى نازىل بولدى. بۇ ئايەتنىڭ چۈشۈشى بىلەن مۇسۇلمان بولمىغانلارغىمۇ سەدىقە بېرىش مۇباھ قىلىندى.

**تەپسىرى:** 276. ئى مۆمىنلەر! سىلەر نېمىنى خەير - ئېھسان قىلماڭلار ياكى (ئاللاھنىڭ يولىدا) نېمىنى ۋەدە قىلماڭلار، ئاللاھ ئۇنى ھەقىقەتەن بىلىپ تۇرىدۇ. زاكاتنى مەنئى قىلغۇچى ياكى پۇل - مېلىنى گۇناھ ئىشلارغا سەرپ قىلغۇچى زالىملارغا ھېچقانداق مەدەتكار چىقمايدۇ. 271. سەدىقىنى ئاشكارا بەرسەڭلار، بۇ ياخشىدۇر؛ ئەگەر بۇنى مەخپىي بەرسەڭلار ۋە يوقسۇللارغا بەرسەڭلار تېخىمۇ ياخشىدۇر. چۈنكى بۇنداق قىلغاندا رىيادىن ئۇزاق تۇرغىلى بولىدۇ. بۇ سىلەرنىڭ بەزى گۇناھلىرىڭلارغا كاپارەت بولىدۇ. ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلغان ئەمەللىرىڭلاردىن خەۋەرداردۇر. 272. ئى مۇھەممەد! ئۇلارنى ھىدايەت قىلىش سېنىڭ مەسئۇلىيىتىڭ ئەمەس. ساڭا تاپشۇرۇلغان ۋەزىپە پەقەت كىشىلەرگە

ئاللاھنىڭ ۋەھيىسىنى يەتكۈزۈشتۇر. لېكىن ئاللاھ خالىغان بەندىسىنى ھىدايەت قىلىدۇ. مېلىڭلاردىن نېمىنى خەير - ئېھسان قىلماڭلار، ئۇ ئۆزۈڭلارنىڭ پايدىسى ئۈچۈندۇر، باشقىلار ئۇنىڭدىن پايدىلانمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ساۋابى ئۆزۈڭلەرگە خاستۇر. سىلەر پەقەت ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈنلا خەير - ئېھسان قىلىڭلار! بۇ جۈملە خەۋەر جۈملىسى بولۇپ، مۇنكەر مەنىسىدىدۇر. يەنى خەير - ئېھسانىڭلار ئۈچۈن ئاللاھنىڭ رازىلىقىدىن باشقىنى كۆزدە تۇتماڭلار، دېگەنلىك بولىدۇ. مېلىڭلاردىن نېمىنى خەير - ئېھسان قىلماڭلار، سىلەرگە ئۇنىڭ ساۋابى تولۇق بېرىلىدۇ، سىلەرگە زۇلۇم قىلىنمايدۇ، يەنى قىلغان ياخشى ئەمەللىرىڭلارنىڭ ساۋابى كېمەيتىۋېتىلمەيدۇ. 273. ئۆزىنى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش ئۈچۈن ئاتىۋەتكەن، يەنى جىھاد سەۋەبىدىن تىرىكچىلىك قىلىش ئۈچۈن يىراق جايلارغا بارالمايدىغان يوقسۇللارغا خەير - ئېھسان قىلىش كېرەك. ئەھۋالىنى ئۇقمىغانلار، ئۇلارنىڭ نەرسە تىلىمگەنلىكلىرىگە قاراپ ئۇلارنى باي دەپ گۇمان قىلىدۇ، سەن ئۇلارنى كەمتەرلىكى ۋە جاپاكەش چىرايىدىن تونۇيسەن، ئۇلار كىشىلەرگە چاپلىشىۋېلىپ تىلەمچىلىك قىلمايدۇ. مېلىڭلاردىن نېمىنى خەير - ئېھسان قىلماڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئۇنى بىلگۈچىدۇر. 274. ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ماللىرىنى كېچە - كۈندۈز (ھەممە ۋاقىت)، يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا يوسۇندا خەير - ئېھسان قىلىدىغانلار، پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ساۋاب تاپىدۇ، ئۇلارغا (ئاخىرەتتە) قورقۇنچ ۋە غەم - قايغۇ بولمايدۇ.

**ئىلاۋە:** ئالىملاردىن بىرى، ياخشىلىق قىلساڭ ئۇنى مەخپىي

تۇت، ئەگەر ياخشىلىقنى ئىپشىسەڭ ئۇنى تارقات، دېگەن. مەنىسى، سەن قىلغان ياخشىلىقلارنى مەخپىي تۇت، ئاللاھ ئۇنى ئاشكارىلىشى مۇمكىن. مەخپىي بولغاننى مەخپىي تۇتساڭمۇ يەنە ئاشكارا بولىدۇ.

ٱلَّذِينَ يَأۡكُلُونَ ٱلرِّبَوٰاْ لَا يَقُومُونَ إِلَّا كَمَا يَقُومُ
ٱلَّذِي يَتَخَبَّطُهُ ٱلشَّيۡطَٰنُ مِنَ ٱلۡمَسِّۚ ذَٰلِكَ بِأَنَّهُمۡ
قَالُوٓاْ إِنَّمَا ٱلۡبَيۡعُ مِثۡلُ ٱلرِّبَوٰاْۗ وَأَحَلَّ ٱللَّهُ ٱلۡبَيۡعَ وَحَرَّمَ
ٱلرِّبَوٰاْۚ فَمَن جَآءَهُۥ مَوۡعِظَةٞ مِّن رَّبِّهِۦ فَٱنتَهَىٰ فَلَهُۥ
مَا سَلَفَ وَأَمۡرُهُۥٓ إِلَى ٱللَّهِۖ وَمَنۡ عَادَ فَأُوْلَٰٓئِكَ أَصۡحَٰبُ
ٱلنَّارِۖ هُمۡ فِيهَا خَٰلِدُونَ ﴿٢٧٥﴾ يَمۡحَقُ ٱللَّهُ ٱلرِّبَوٰاْ وَيُرۡبِي
ٱلصَّدَقَٰتِۗ وَٱللَّهُ لَا يُحِبُّ كُلَّ كَفَّارٍ أَثِيمٍ ﴿٢٧٦﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ
ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ وَأَقَامُواْ ٱلصَّلَوٰةَ وَءَاتَوُاْ
ٱلزَّكَوٰةَ لَهُمۡ أَجۡرُهُمۡ عِندَ رَبِّهِمۡ وَلَا خَوۡفٌ عَلَيۡهِمۡ
وَلَا هُمۡ يَحۡزَنُونَ ﴿٢٧٧﴾ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱتَّقُواْ ٱللَّهَ وَذَرُواْ
مَا بَقِيَ مِنَ ٱلرِّبَوٰٓاْ إِن كُنتُم مُّؤۡمِنِينَ ﴿٢٧٨﴾ فَإِن لَّمۡ تَفۡعَلُواْ
فَأۡذَنُواْ بِحَرۡبٖ مِّنَ ٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦۖ وَإِن تُبۡتُمۡ فَلَكُمۡ
رُءُوسُ أَمۡوَٰلِكُمۡ لَا تَظۡلِمُونَ وَلَا تُظۡلَمُونَ ﴿٢٧٩﴾ وَإِن كَانَ
ذُو عُسۡرَةٖ فَنَظِرَةٌ إِلَىٰ مَيۡسَرَةٖۚ وَأَن تَصَدَّقُواْ خَيۡرٞ لَّكُمۡ
إِن كُنتُمۡ تَعۡلَمُونَ ﴿٢٨٠﴾ وَٱتَّقُواْ يَوۡمٗا تُرۡجَعُونَ فِيهِ إِلَى
ٱللَّهِۖ ثُمَّ تُوَفَّىٰ كُلُّ نَفۡسٖ مَّا كَسَبَتۡ وَهُمۡ لَا يُظۡلَمُونَ ﴿٢٨١﴾

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:**

ئاللاھ تائالا ئالدىنقى ئايەتلەردە، پاك - ھالال يول بىلەن قولغا كەلتۈرگەن نەرسىلەردىن نەپىقە قىلىشنى بۇيرۇدى، سەدىقە قىلىش ۋە ئاللاھ يولىدا مال سەرپ قىلىشقا تەشۋىق قىلدى. بۇ ئايەتلەردە، ئۇنىڭ ئەكسىچە، ياخشى كۆرۈلمىگەن نىجاسەت مال، يەنى ئۆسۈم ياكى جازانە ھەققىدە توختىلىدۇ. ئۆسۈم بولسا نىجىس، ئۇچىغا چىققان بېخىللىقتىن ئىبارەتتۇر. ئەمما سەدىقە بولسا، خەير - ئېھسان، مەرھەمەت ۋە پاكلىقتۇر. پاك، ھالال كەسىپ ئارقىلىق قولغا كەلگەن مال بىلەن ھارام ۋە نىجىس يول بىلەن قولغا كەلگەن مالنىڭ پەرقى ئوپئوچۇق ئوتتۇرىغا چىقسۇن دەپ، ئاللاھ يولىدا مال سەرپ قىلىشتىن كېيىنلا ئۆسۈم ھەققىدە توختالدى. چۈنكى، ھەر نەرسە ئەكسى بىلەن تونۇلىدۇ.

**بۇ ئايەتلەرنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى:** سەقىپ قەبىلىسىدىن ئامىر ئوغۇللىرىنىڭ مۇغىرە ئوغۇللىرىدىن ئۆسۈم ئېلىشى بار ئىدى. مۇددەت توشقاندا، ئۆسۈمنى تۆلىۋېتىشنى تەلەپ قىلدى. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالانىڭ «ئى ئىمان ئېيتقان كىشىلەر! (ھەقىقىي) مۆمىن بولساڭلار، ئاللاھ (نىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك) قىلىشتىن ساقلىنىڭلار، (كىشىلەرنىڭ زىممىسىدە) قېلىپ قالغان جازانىنى (ئۆسۈمنى) ئالماڭلار» دېگەن ئايىتى نازىل بولدى. سەقىپ قەبىلىسىدىكىلەر، بىزنىڭ ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا ئۇرۇش ئاچقۇدەك تاقىتىمىز يوق، دەپ تەۋبە قىلدى ۋە ماللىرىنىڭ ئەسلىنى ئالدى.

**تەپسىرى:** 275. جازانە ـ ئۆسۈم يېگەن ۋە كىشىلەرنىڭ قان - تەرىنى سۈمۈرگەن ئادەملەر (قىيامەت كۈنى گۆرلىرىدىن) جىن چېپىلىپ قالغان ساراڭ ئادەملەردەك قوپىدۇ. ئۇلار

رۇس ماڭالمـاي، يىقىلىپ - قوپـۇپ تەسـتە ماڭىـدۇ، ئورنىدىـن تۇرسـىمۇ خـۇددى ھوشـىنى يوقاتقـان سـاراڭدەك تۇرىـدۇ. ئۇلارنىـڭ سـۆپەتلىرى مۇشـۇنداقتۇر. ئـۇلار رەزىـل ۋە رەسـۋا بولغانلىقـى ئۈچـۈن قىيامـەت كۈنىـمۇ بـۇ شـەكىلدە تونۇلىـدۇ. بۇلارنىـڭ بـۇ خىـل سـۆپەتلەرگە مۇپتىـلا بولۇشـى، ئـۇلار ئاللـاھ ھـارام قىلغـان ئىشـنى ھـالال بىلىـپ: «سـودا- سـېتىق جازانىگـە ئوخشـاش (جازانـە نېمىشـقا ھـارام بولىـدۇ؟)» دېـدى. ئاللـاھ سـودا- سـېتىقنى ھـالال قىلـدى، جازانىنـى (بەدەلسـىز بولغانلىقـى، شەخسـكە ۋە جەمئىيەتكـە زىيانلىـق بولغانلىقـى ئۈچـۈن) ھـارام قىلـدى. كىمكـى پەرۋەردىـگارى تەرىپىدىـن ۋەز - نەسـىھەت كەلگەندىـن كېيىـن (جازانـە مەنئـى قىلىنغاندىـن كېيىـن ئۇنىڭدىـن) يانسـا، بـۇرۇن ئالغىنـى ئۆزىنىـڭ بولىـدۇ، ئۇنىـڭ ئىشـى ئاللاھقـا تاپشـۇرۇلىدۇ (ئاللـاھ خالىسـا ئۇنـى كەچۈرىـدۇ، خالىسـا جازالايـدۇ). قايتـا جازانـە قىلغانـلار ئەھلـى دوزاخ بولـۇپ، دوزاختـا مەڭگـۈ قالىـدۇ. 276. قارىماققـا جازانـە كـۆپ كۆرۈنسـىمۇ، ئەمەلىيەتتـە ئاللـاھ جازانىنىـڭ (بەرىكىتىنـى) ئۇچۇرۇۋېتىـدۇ، سـەدىقە ئازىيىـپ كەتكەنـدەك كۆرۈنسـىمۇ، ئاللـاھ سـەدىقىنىڭ (بەرىكىتىنـى) زىيـادە قىلىـدۇ. ئاللـاھ ھەربىـر ناشۈكۈر (جازانىنـى ھـالال سانىغۇچى)، گـەپ - سـۆز ۋە ئەمەلىيىتىـدە گۇنـاھ ئىشـلىگۈچىنى دوسـت تۇتمايـدۇ. بـۇ ئايەتتە ئاللـاھ تائـالا ئۆسـۈم مەسـىلىلىرىنى بايـان قىلىۋېتىـپ، ناھايىتـى قوپـال ۋە قاتتىـق سـۆزلەرنى ئىشـلەتكەن، چۈنكـى ئۆسـۈم بىلـەن مۇئامىلـە قىلىـش كاپىرلارنىـڭ ئىشـىدۇر. ئۇنىڭدىـن كېيىـن ئاللـاھ تائـالا نامـاز ۋە زاكاتنـى ئـادا قىلىشـتا ئاللاھقـا ئىتائـەت قىلغـان مۆمىنلەرنـى ماختـاپ مۇنـداق دېـدى: 277. ئىمـان ئېيتقـان، ياخشـى ئەمەللەرنـى قىلغـان، نامـاز ئوقۇغـان ۋە زاكات

بەرگەن كىشىلەر پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا (چوڭ) ساۋابقا ئېرىشىدۇ، ئۇلاردا (ئاخىرەتتە) قورقۇنۇچ ۋە غەم - قايغۇ بولمايدۇ. 278. ئى ئىمان ئېيتقان كىشىلەر! (ھەقىقىي) مۆمىن بولساڭلار، ئاللاھ(نىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك) قىلىشتىن ساقلىنىڭلار، (كىشىلەرنىڭ زىممىسىدە) قېلىپ قالغان جازانىنى (ئۆسۈمنى) ئالماڭلار. 279. ئەگەر ئۇنداق قىلساڭلار، بىلىڭلاركى، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى سىلەرگە ئۇرۇش ئېلان قىلىدۇ. ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: «قىيامەت كۈنى جازانە يېگۈچىگە، ئۇرۇش ئۈچۈن قورالىڭنى ئال دېيىلىدۇ». ئەگەر (جازانە قىلىشتىن) تەۋبە قىلساڭلار، (قەرز بەرگەن) سەرمايەڭلار ئۆزۈڭلارغا قايتىدۇ. نەتىجىدە باشقىلارنى زىيان تارتقۇزمايسىلەر، ئۆزۈڭلارمۇ زىيان تارتمايسىلەر. 280. ئەگەر قەرزدارنىڭ قولى قىسقا بولسا، ئۇنىڭ ھالى ياخشىلانغۇچە كۈتۈڭلار، جاھىلىيەت دەۋرىدىكىگە ئوخشاش، جازانە كۆپەيسۇنمۇ ياكى قەرزنى تۆلەمسەن، دېمەڭلار. ئەگەر قىلغان ئىشىڭلارنىڭ كاتتا ساۋابلىق ۋە خەيرلىك ئىش ئىكەنلىكىنى بىلسەڭلار، قىيىنچىلىقتا قالغان قەرزداردىن ئالىدىغان قەرزنى ئۇنىڭغا سەدىقە قىلىپ بېرىۋەتكىنىڭلار سىلەر ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشىدۇر. ئاندىن، ئاللاھ تائالا ياخشى ئەمەلدىن باشقا ھېچ نەرسە ئەسقاتمايدىغان قىيامەت كۈنىدىن ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: 281. سىلەر شۇنداق بىر كۈندىن (قىيامەت كۈنىدىن) قورقۇڭلاركى، ئۇ كۈندە سىلەر ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر، ئاندىن ھەر كىشى قىلغان (ياخشى - يامان) ئەمەلىنىڭ نەتىجىسىنى تولۇق كۆرىدۇ، ئۇلارغا زۇلۇم قىلىنمايدۇ (ياخشى ئەمەلى كېمەيتىلىپ، يامان ئەمەلى كۆپەيتىلمەيدۇ). بۇ مۇبارەك ئايەتلەر ئىسلامنىڭ ئەڭ

مۇھىم بۇيرۇق ۋە چەكلىمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. شۇنداقلا قۇرئاننىڭ نازىل بولۇشى مۇشۇ ئايەت بىلەن ئاخىرلاشقان. ئىبنى كەسىر، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئايەت نازىل بولغاندىن كېيىن توققۇز كېچە ئۆمۈر كۆرگەن، دەيدۇ.

**ئىلاۋە:** 1. ئاللاھ تائالا «يَأۡكُلُونَ ٱلرِّبَوٰاْ» جۈملىسى بىلەن جازانىدىن پايدىلىنىشنى ئىپادىلىدى، چۈنكى يېيىش ئەڭ كۆپ پايدىلىنىش يوللىرىنىڭ بىرىدۇر. بۇ جۈملە يەنە، جازانە ئالغۇچى ۋە بەرگۈچى ھەر ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە، جازانە يېگۈچى، يېگۈزگۈچى، يازغۇچى، شاھىد بولغۇچى ھەممىسى ئوخشاشتۇر، دېيىلگەن. 2. ئاللاھ تائالا جازانە قىلغۇچىلارنى شەيتان سوقۇۋېتىپ ھوشىنى يوقاتقان كىشىلەرگە ئوخشاتتى. چۈنكى ئاللاھ تائالا ئۇلار يېگەن جازانىلەرنى قورساقلىرىدا كۆپەيتىدۇ، بۇ كۆپەيگەن جازانە قورساقلىرىنى ئېسىپ ئېغىرلاشتۇرۇپ، ھوشىنى يوقىتىشقا ئېلىپ بارىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار دۇم چۈشۈپ ماڭالماس ھالغا كېلىدۇ. سەئىد ئىبنى جۇبەير مانا بۇ جازانە يېگۈچىنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى ئالامىتىدۇر، دەيدۇ.

3. شەھىد سەييىد قۇتۇب رەھىمەھۇللاھ «جازانە ـ ئۆسۈم يەيدىغان ئادەملەر (قىيامەت كۈنى گۆرلىرىدىن) جىن چېپىلىپ قالغان ساراڭ ئادەملەردەك قوپىدۇ.» دېگەن بۇ ئايەت ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەت جازانە بىلەن مۇئامىلە قىلغانلار ئۇچۇن ناھايىتى دەھشەتلىك ۋە قورقۇنچلۇق بىر ھۆجۇمنىڭ تەسۋىرىدۇر. ھېچقانداق بىر مەنىۋى تەھدىت بۇ ئايەتنىڭ جازانە يېگەن كىشىنى

ساراڭغا ئوخشاتقىنىدەك، كىشىگە جانلىق ۋە كۈچلۈك تەسىر قىلمايدۇ. كۆپ ساندىكى تەپسىرلەردە بۇ قورقۇنچ شەكىلدە تۇرۇشتىن مەقسەت، قىيامەت كۈنىدىكى تۇرۇشتۇر دەيدۇ. لېكىن بىزگە كۆرە بۇ تۇرۇش بۇ دۇنيادىمۇ مەۋجۇت. ھەق يولدىن ئازغان بۇ ئىنسانلار دۇنياسى، جازانە سىستېمىسىنىڭ زۇلمى ئاستىدا خۇددى شەيتان سوقۇۋەتكەن ساراڭدەك بولۇپ كەتكەن. بۈگۈنكى بىز ياشاۋاتقان بۇ دۇنيا ماددىي مەدەنىيەتنىڭ ۋە ماددىي تەرەققىياتنىڭ يۈكسەك پەللىسىگە يەتكەنلىكىگە قارىماستىن، قىيىنچىلىق، غەم - ئەندىشە ۋە روھىي كېسەللىكلەر ھۆكۈم سۈرگەن بىر دۇنيادۇر. شۇنداقلا بۇ دۇنيا يەنە، دۇنيانىڭ ھەر تەرەپلىرىدە ئۈزۈلۈپ قالماي داۋاملىشىۋاتقان خاراب قىلغۇچى ۋەھشىي ئۇرۇشلار دۇنياسىدۇر». 4. بۇخارىي ئەبۇ ھۇرەيرەدىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىشىلەرگە قەرز بېرىپ تۇرىدىغان بىر كىشى بار ئىدى. بۇ ئادەم باشقىلاردىكى ئېلىشىنى يىغىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن ئادىمىگە، ئەگەر قىيىنچىلىقتا قالغان بىرىنى كۆرسەڭ ئۇنىڭدىن ئالما، ئۈمىدكى، ئاللاھ بۇ سەۋەبتىن بىزنىڭ گۇناھىمىزنى مەغپىرەت قىلار، دەيتتى. بۇ ئادەم ۋاپات بولغاندا، ئاللاھ ئۇنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلدى».

جازانىنىڭ تەدرىجىي ھالدا ھارام قىلىنىشى ۋە بۇ ھەقتە تولۇق مەلۇماتقا ئىگە بولۇش ئۈچۈن، «ئەھكام ئايەتلىرىدىن تەپسىرلەر» ناملىق كىتابىمىزغا قاراڭ.

يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓا۟ إِذَا تَدَايَنتُم بِدَيْنٍ إِلَىٰٓ أَجَلٍ مُّسَمًّى

فَٱكۡتُبُوهُۚ وَلۡيَكۡتُب بَّيۡنَكُمۡ كَاتِبُۢ بِٱلۡعَدۡلِۚ وَلَا يَأۡبَ
كَاتِبٌ أَن يَكۡتُبَ كَمَا عَلَّمَهُ ٱللَّهُۚ فَلۡيَكۡتُبۡ وَلۡيُمۡلِلِ
ٱلَّذِي عَلَيۡهِ ٱلۡحَقُّ وَلۡيَتَّقِ ٱللَّهَ رَبَّهُۥ وَلَا يَبۡخَسۡ مِنۡهُ شَيۡـٔٗاۚ
فَإِن كَانَ ٱلَّذِي عَلَيۡهِ ٱلۡحَقُّ سَفِيهًا أَوۡ ضَعِيفًا أَوۡ لَا يَسۡتَطِيعُ
أَن يُمِلَّ هُوَ فَلۡيُمۡلِلۡ وَلِيُّهُۥ بِٱلۡعَدۡلِۚ وَٱسۡتَشۡهِدُواْ شَهِيدَيۡنِ
مِن رِّجَالِكُمۡۖ فَإِن لَّمۡ يَكُونَا رَجُلَيۡنِ فَرَجُلٞ وَٱمۡرَأَتَانِ
مِمَّن تَرۡضَوۡنَ مِنَ ٱلشُّهَدَآءِ أَن تَضِلَّ إِحۡدَىٰهُمَا فَتُذَكِّرَ
إِحۡدَىٰهُمَا ٱلۡأُخۡرَىٰۚ وَلَا يَأۡبَ ٱلشُّهَدَآءُ إِذَا مَا دُعُواْۚ وَلَا تَسۡـَٔمُوٓاْ
أَن تَكۡتُبُوهُ صَغِيرًا أَوۡ كَبِيرًا إِلَىٰٓ أَجَلِهِۦۚ ذَٰلِكُمۡ أَقۡسَطُ
عِندَ ٱللَّهِ وَأَقۡوَمُ لِلشَّهَٰدَةِ وَأَدۡنَىٰٓ أَلَّا تَرۡتَابُوٓاْ إِلَّآ أَن تَكُونَ
تِجَٰرَةً حَاضِرَةٗ تُدِيرُونَهَا بَيۡنَكُمۡ فَلَيۡسَ عَلَيۡكُمۡ جُنَاحٌ
أَلَّا تَكۡتُبُوهَاۗ وَأَشۡهِدُوٓاْ إِذَا تَبَايَعۡتُمۡۚ وَلَا يُضَآرَّ كَاتِبٞ
وَلَا شَهِيدٞۚ وَإِن تَفۡعَلُواْ فَإِنَّهُۥ فُسُوقُۢ بِكُمۡۗ وَٱتَّقُواْ
ٱللَّهَۖ وَيُعَلِّمُكُمُ ٱللَّهُۗ وَٱللَّهُ بِكُلِّ شَيۡءٍ عَلِيمٞ ﴿٢٨٢﴾ وَإِن
كُنتُمۡ عَلَىٰ سَفَرٖ وَلَمۡ تَجِدُواْ كَاتِبٗا فَرِهَٰنٞ مَّقۡبُوضَةٞۖ
فَإِنۡ أَمِنَ بَعۡضُكُم بَعۡضٗا فَلۡيُؤَدِّ ٱلَّذِي ٱؤۡتُمِنَ أَمَٰنَتَهُۥ
وَلۡيَتَّقِ ٱللَّهَ رَبَّهُۥۗ وَلَا تَكۡتُمُواْ ٱلشَّهَٰدَةَۚ وَمَن يَكۡتُمۡهَا فَإِنَّهُۥٓ
ءَاثِمٞ قَلۡبُهُۥۗ وَٱللَّهُ بِمَا تَعۡمَلُونَ عَلِيمٞ ﴿٢٨٣﴾

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:** ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى ئايەتلەردە جازانە ۋە ئۇنىڭ رەزىللىكلىرى ھەققىدە توختىلىپ، جازانىنىڭ قەرزدارنىڭ تەر تۆكۈپ

ئىشلىگەن مېلىدىن ۋە ئۇنىڭ ھەققىدىن ئېلىنغان نىجىس ۋە پاسكىنا مال ئىكەنلىكى، بۇ سەۋەبتىن ئىسلامنىڭ ئۇنى ھارام قىلغانلىقىنى بايان قىلغان ئىدى. بۇ ئايەتلەردە ماددىي جەھەتتىن ھېچقانداق بىر مەنپەئەت كۆزلىمەستىن باشقىلارغا قەرز بېرىپ تۇرۇش، گۆرۈ، تىجارەت ۋە قەرزگە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ئەھكاملار ھەققىدە توختىلىدۇ. بۇ ئەھكاملارنىڭ ھەممىسى ئىقتىسادنىڭ كۆپىيىشى، جەمئىيەت ۋە شەخسلەرنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم ئەھكاملاردۇر. شۇڭدەك، قەرز ئەھكاملىرىغا مۇناسىۋەتلىك بۇ ئايەت قۇرئاندىكى ئەڭ ئۇزۇن ئايەتتۇر.

**تەپسىرى:** 282. ئى مۆمىنلەر! مۇددەت بەلگىلەپ ئۆزئارا قەرز بېرىشسەڭلار، ئۇنى ھۆججەت قىلىپ يېزىپ قويۇڭلار، ئاراڭلاردىكى خەت بىلىدىغان كىشى ئۇنى كەم - زىيادە قىلماي، ئادىللىق بىلەن يازسۇن؛ خەت بىلىدىغان كىشى ئاللاھ ئۇنىڭغا بىلدۈرگەنىدەك توغرىلىق بىلەن يېزىشنى رەت قىلمىسۇن. ئۇ يازسۇن، زىممىسىدە باشقىلارنىڭ ھەققى بولغان ئادەم (يازدىغان كىشىگە) ئېيتىپ بەرسۇن، (قەرزدار) پەرۋەردىگارى ئاللاھتىن قورقسۇن، قەرز ئالغان نەرسىدىن ھېچنېمىنى كېمەيتىۋەتمىسۇن. ئەگەر قەرز ئالغۇچى ئادەم ئەخمەق (دەلدۈش، ئەقىلسىز، ئىسراپخور) ياكى ئاجىز (كىچىك بالا ياكى بەكمۇ قېرى) بولسا، ياكى (گەپ قىلالماسلىقى، گاچىلىقى، كېكەچلىكى تۈپەيلىدىن) ئۆزى ئېيتىپ بېرەلمىسە، ئۇنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى ئادەم ئادىللىق بىلەن ئېيتىپ بەرسۇن، سىلەر ئەر كىشىلەردىن ئىككى كىشىنى گۇۋاھلىققا تەكلىپ قىلىڭلار؛ ئەگەر ئىككى

ئەر كىشى يوق بولسا، سىلەر (ئادالەتتە ۋە دىيانەتتە) رازى بولىدىغان كىشىلەردىن بىر ئەر، ئىككى ئايالنى گۇۋاھلىققا تەكلىپ قىلىڭلار، بۇ ئىككى ئايالنىڭ بىرسى ئۇنتۇپ قالسا، ئىككىنچىسى ئېسىگە سالىدۇ. گۇۋاھچىلار (گۇۋاھلىققا) چاقىرىلغان ۋاقىتتا (گۇۋاھ بولۇشتىن) باش تارتمىسۇن. قەرز مەيلى ئاز ياكى كۆپ بولسۇن، ئۇنى قايتۇرۇش ۋاقتى بىلەن قوشۇپ يېزىشتىن ئېرىنمەڭلار. ئاللاھنىڭ نەزىرىدە (ھۆكمىدە)، بۇ ئەڭ ئادىللىق ۋە ئەڭ ئىسپاتلىقتۇر (گۇۋاھلىقنىڭ ئۇنتۇلماسلىقنى ئەڭ ئىسپاتلىغۇچىدۇر)، گۇمانلانماسلىقىڭلارغا ئەڭ يېقىندۇر. لېكىن ئاراڭلاردا قىلىشقان قولمۇقول (نەق) سودىدا ھۆججەت يازمىساڭلارمۇ ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. ئۆزئارا سودا قىلىشقان ۋاقتىڭلاردا گۇۋاھچى تەكلىپ قىلىڭلار، پۈتۈكچىگىمۇ، گۇۋاھچىغىمۇ زىيان يەتكۈزۈلمىسۇن؛ ئەگەر زىيان يەتكۈزسەڭلار گۇناھ ئۆتكۈزگەن بولىسىلەر، ئاللاھنىڭ (بۇيرۇقىغا ۋە چەكلىمىسىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلىشتىن) ساقلىنىڭلار، ئاللاھ سىلەرگە ئۆگىتىدۇ (سىلەرگە ئىككىلا دۇنيادا پايدىلىق بولغان ئىلىمنى بېرىدۇ)، ئاللاھ ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر. 283. ئەگەر سىلەر سەپەر ئۈستىدە بولۇپ، خەت يازالايدىغان ئادەمنى تاپالمىساڭلار، بۇ چاغدا (قەرز ھۆججىتى يېزىپ بېرىشنىڭ ئورنىغا) گۆرۈ قويىدىغان نەرسىنى تاپشۇرساڭلار بولىدۇ؛ ئاراڭلاردا بىرىڭلار بىرىڭلارغا ئىشىنىپ ئامانەت قويسا، ئۇ چاغدا ئامانەتنى ئالغۇچى ئادەم ئامانەتنى تاپشۇرسۇن (قەرز بەرگۈچى قەرز ئالغۇچىغا ئىشىنىپ ئۇنىڭدىن بىرەر نەرسىنى گۆرۈ ئالمىسا، قەرزدار قەرزنى دېيىشكەن ۋاقىتتا قايتۇرسۇن)، (قەرزدار ئامانەتكە رىئايە قىلىشتا) پەرۋەردىگارىدىن قورقسۇن. گۇۋاھلىقنى

يوشۇرماڭلار، كىمكى ئۇنى يوشۇرىدىكەن، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ دىلى گۇناھكار بولىدۇ. بۇ يەردە دىلنى، يەنى قەلبنىلا زىكىر قىلىشتىكى مەقسەت، قەلب پۈتۈن ئەزالارنىڭ سۇلتانىدۇر، ئەگەر قەلب ياخشى بولسا پۈتۈن ۋۇجۇد ياخشى بولغان بولىدۇ، ئەگەر قەلب بۇزۇق بولسا پۈتۈن ۋۇجۇد بۇزۇلغان بولىدۇ. «ئاللاھ قىلمىشىڭلارنى تامامەن بىلگۈچىدۇر».

**ئىلاۋە:** ئىلىم ئىككى خىل بولۇپ، بۇنىڭ بىرى كەسپىي، يەنى تىرىشچانلىق ئارقىلىق قولغا كېلىدۇ. يەنە بىرى، ۋەھيي، يەنى ئاللاھنىڭ پەزلى ۋە ئىلھامى ئارقىلىق قولغا كېلىدىغان بولۇپ، ئۇ ئاللاھقا ھەقىقىي تەقۋادارلىق قىلىش ۋە ياخشى ئەمەللەر ئارقىلىق ھاسىل بولىدۇ. بۇ ئىلىم «ئىلمى لەدۇن» دەپ ئاتىلىدۇ. «ئۆزىمىزگە خاس ئىلمىمىزنى (ئىلمى غەيبنى) بىز بىلدۈرگەن» (سۈرە كەھف 65 - ئايەت). بۇ، ئاللاھ تائالا خالىغان تەقۋادار بەندىلىرىگە بېرىدىغان ئىلىمدۇر. بۇ ھەقتە ئىمام شافىئى مۇنداق دەيدۇ: ئەستە تۇتۇش قۇۋۋىتىمنىڭ ئاجىزلىقىدىن ۋەكىيئگە شىكايەت قىلدىم. ئۇ ماڭا گۇناھلارنى تەرك ئېتىشنى تەۋسىيە قىلدى ۋە ئىلىم بىر نۇر بولۇپ، ئاللاھنىڭ نۇرى ئاسىيلارغا بېرىلمەيدۇ، دېدى.

لِّلَّهِ مَا فِى ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِى ٱلْأَرْضِ ۗ وَإِن تُبْدُوا۟ مَا فِىٓ أَنفُسِكُمْ أَوْ تُخْفُوهُ يُحَاسِبْكُم بِهِ ٱللَّهُ ۖ فَيَغْفِرُ لِمَن يَشَآءُ وَيُعَذِّبُ مَن يَشَآءُ ۗ وَٱللَّهُ عَلَىٰ كُلِّ شَىْءٍ قَدِيرٌ ﴿٢٨٤﴾ ءَامَنَ ٱلرَّسُولُ بِمَآ أُنزِلَ إِلَيْهِ مِن رَّبِّهِۦ وَٱلْمُؤْمِنُونَ ۚ كُلٌّ ءَامَنَ بِٱللَّهِ وَمَلَٰٓئِكَتِهِۦ وَكُتُبِهِۦ وَرُسُلِهِۦ لَا نُفَرِّقُ

بَيۡنَ أَحَدٖ مِّن رُّسُلِهِۦۚ وَقَالُواْ سَمِعۡنَا وَأَطَعۡنَاۖ غُفۡرَانَكَ
رَبَّنَا وَإِلَيۡكَ ٱلۡمَصِيرُ ﴿٢٨٥﴾ لَا يُكَلِّفُ ٱللَّهُ نَفۡسًا إِلَّا
وُسۡعَهَاۚ لَهَا مَا كَسَبَتۡ وَعَلَيۡهَا مَا ٱكۡتَسَبَتۡۗ رَبَّنَا لَا
تُؤَاخِذۡنَآ إِن نَّسِينَآ أَوۡ أَخۡطَأۡنَاۚ رَبَّنَا وَلَا تَحۡمِلۡ عَلَيۡنَآ
إِصۡرٗا كَمَا حَمَلۡتَهُۥ عَلَى ٱلَّذِينَ مِن قَبۡلِنَاۚ رَبَّنَا وَلَا
تُحَمِّلۡنَا مَا لَا طَاقَةَ لَنَا بِهِۦۖ وَٱعۡفُ عَنَّا وَٱغۡفِرۡ لَنَا
وَٱرۡحَمۡنَآۚ أَنتَ مَوۡلَىٰنَا فَٱنصُرۡنَا عَلَى ٱلۡقَوۡمِ ٱلۡكَٰفِرِينَ ﴿٢٨٦﴾

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:** بۇ مۇبارەك سۈرىنىڭ بۇ ئايەتلەر بىلەن ئاخىرلىشىشى ناھايىتى مۇناسىپ ھالدا ئاخىرلاشقان. چۈنكى بۇ ئايەت ناماز، زاكات، روزا، ھەج، قىساس، جىھاد، تالاق، ئىددەت، جازانە، ئىلىم - سېتىم ۋە قەرزگە ئوخشاش بىر بۆلۈك مۇھىم ھۆكۈملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاللاھ تائالا بىزگە بۇ ھۆكۈملەرنى پەرز قىلغاندىن ئۆزىنىڭ ئاسمان - زېمىندىكى ھەممە نەرسىلەرنىڭ ئىگىسى ئىكەنلىكىنى، خالىغان كىشىلەرگە خالىغان ھۆكۈملەرنى پەرز قىلىدىغانلىقىنى، قىلغان ئەمەللەرنىڭ مۇكاپاتىنى ئاخىرەتتە بېرىدىغانلىقىنى بايان قىلغىنى مۇناسىپتۇر. ئۇلۇغ ئاللاھ بۇ مۇبارەك سۈرىنى ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغان كىشىلەرگە تەھدىت قىلىش بىلەن ئاخىرلاشتۇردى.

**بۇ ئايەتلەرنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى:** ئاللاھ تائالانىڭ «دىلىڭلاردىكى (يامانلىقنى) مەيلى ئاشكارا قىلىڭلار، مەيلى يوشۇرۇڭلار، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ سىلەردىن ھېساب ئالىدۇ.»

دېگەن ئايىتى چۈشكەندە، بۇ ئايەت ساھابىلەرگە ئېغىر كەلدى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: ناماز، روزا، زاكات، جىھادقا ئوخشاش ئەمەللەر پەرز قىلىندى بۇنىڭغا قادىر بولىمىز، لېكىن ساڭا بۇ ئايەت چۈشتى، بۇنىڭغا كۈچىمىز يەتمەيدۇ، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «سىلەردىن بۇرۇن ئۆتكەن يەھۇدىي ۋە ناسارالارغا ئوخشاش سۆز قىلماقچى بولۇۋاتامسىلەر؟ ئۇلار ئاڭلىدۇق ۋە ئاسىيلىق قىلدۇق، دېگەن ئىدى. سىلەر ئاڭلىدۇق ۋە ئىتائەت قىلدۇق دەڭلار» دېدى، ساھابىلەر: ئاڭلىدۇق ۋە ئىتائەت قىلدۇق دېيىشتى، بۇ ئايەت چۈشتى. ساھابىلەر ئاللاھنىڭ «ئاللاھ ھېچكىمنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ» دېگەن ئايىتىنىڭ چۈشۈشى بىلەن غەمدىن خالاس بولدى.

**تەپسىرى:** 284. ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى شەيئىلەر (ئىگىدارچىلىق قىلىش جەھەتتىن بولسۇن ياكى تەسەررۇپ قىلىش جەھەتتىن بولسۇن) ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر. دىلىڭلاردىكى (يامانلىقنى) مەيلى ئاشكارا قىلىڭلار، مەيلى يوشۇرۇڭلار، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ سىلەردىن ھېساب ئالىدۇ. ئاللاھ خالىغان كىشىگە مەغپىرەت قىلىدۇ، خالىغان كىشىگە ئازاب قىلىدۇ. ئاللاھ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر. 285. پەيغەمبەر پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان كىتابقا ئىمان كەلتۈردى، مۆمىنلەرمۇ ئىمان كەلتۈردى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان كەلتۈردى. (ئۇلار) يەھۇدىي ۋە ناسارالارغا ئوخشاش «ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ھېچبىرىنى ئايرىۋەتمەيمىز (ئۇلارنىڭ بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ، بەزىسىگە

ئىمان ئېيتماي قالمايمىز)»، بەلكى ھەممىسىگە ئىمان ئېيتىمىز دەيدۇ. ئۇلار: «بىز (دەۋىتىڭنى) ئاڭلىدۇق ۋە (ئەمرىڭگە) ئىتائەت قىلدۇق، پەرۋەردىگارىمىز! مەغپىرىتىڭنى تىلەيمىز، ئاخىر قايتىدىغان جاي سېنىڭ دەرگاھىڭدۇر» دەيدۇ. 286. ئاللاھ ھېچكىمنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ. كىشىنىڭ قىلغان ياخشىلىقى (نىڭ ساۋابى) ئۆزىگىدۇر، يامانلىقى (نىڭ جازاسى)مۇ ئۆزىگىدۇر. (ئۇلار) «پەرۋەردىگارىمىز! ئەگەر بىز ئۇنتۇساق ياكى خاتالاشساق (بىز ئۇنتۇش ياكى سەۋەنلىك سەۋەبىدىن ئەمرىڭنى تولۇق ئورۇنلىيالمىساق)، بىزنى جازاغا تارتمىغىن. پەرۋەردىگارىمىز! بىزدىن ئىلگىرىكىلەرگە يۈكلىگىنىڭگە ئوخشاش بىزگە ئېغىر يۈك يۈكلىمىگىن (بىزنى قىيىن ئىشلارغا تەكلىپ قىلمىغىن)، پەرۋەردىگارىمىز! كۈچىمىز يەتمەيدىغان نەرسىنى بىزگە ئارتمىغىن، بىزنى كەچۈرگىن، بىزگە مەغپىرەت قىلغىن، بىزگە رەھىم قىلغىن، سەن بىزنىڭ ئىگىمىزسەن، سېنىڭ دىنىڭنى، بىرلىك - بارلىقىڭنى ۋە پەيغەمبەرلىرىڭنى ئىنكار قىلغان كاپىر قەۋمگە قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن» دەيدۇ.

**ئىلاۋە:** ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىم قايسى بىر كېچىدە بەقەرە سۈرىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئىككى ئايىتىنى ئوقۇسا ئۇنىڭغا يېتىدۇ». بۇ ھەدىسنى بۇخارىي رىۋايەت قىلغان بولۇپ، مۇسلىم مۇنداق دەيدۇ: ئاسماندىن بىر پەرىشتە چۈشۈپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە: «ساڭا خۇش بىشارەت بولسۇن، ساڭا سەندىن بۇرۇن ھېچقانداق بىر پەيغەمبەرگە بېرىلمىگەن ئىككى نۇر

**بېرىلدى. بۇ فاتىھە سۈرىسى بىلەن بەقەرە سۈرىسىنىڭ ئاخىرى. ئۇلاردىن بىر كەلىمە بىلەن بولسىمۇ دۇئا قىلساڭ ئىجابەت بولىدۇ.» دېدى.**

ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن «بەقەرە سۈرىسى»نىڭ تەپسىرى تۈگىدى.

# ئال ئىمران سۈرىسى

**مەدىنىدە نازىل بولغان 200 ئايەت.**

---

**بۇ سۈرە ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە:** ئال ئىمران سۈرىسى مەدىنىدە نازىل بولغان ئۇزۇن سۈرىلەر قاتارىدىندۇر. بۇ سۈرە دىنىنىڭ ئاساسلىرىدىن بولغان ئىككى چوڭ تېما ئۈستىدە توختالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرىنچىسى، ئىسلام ئەقىدىسى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىگە دەلىل - ئىسپاتلارنى كەلتۈرۈش؛ ئىككىنچىسى، شەرىئەت ئەھكاملىرى، خۇسۇسەن ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردۇر. ئاۋۋالقىسىدا، ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىنى، پەيغەمبەرنىڭ ھەقلىقىنى، قۇرئان كەرىمنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلايدىغان، ئەھلى كىتابنىڭ ئىسلام، قۇرئان ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەققىدە ئويدۇرغان سەپسەتىلىرىگە رەددىيە بېرىدىغان ئايەتلەر كەلگەن. بەقەرە سۈرىسى ئەھلى كىتابنىڭ ئالدىنقى گۇرۇھى بولغان يەھۇدىيلار ھەققىدە توختىلىپ، ئۇلارنىڭ ماھىيىتىنى، يامان نىيەتلىرىنى، ھىيلە - مىكىر ۋە رەزىللىكىتىن ئىبارەت ئىچكى دۇنياسى ئۆز ئىچىگە ئالغان نەرسىلەرنى پاش قىلغان. ئال ئىمران سۈرىسى بولسا ئەھلى كىتابنىڭ ئىككىنچى گۇرۇھى بولغان خىرىستىيانلار ئۈستىدە توختالغان بولۇپ، خىرىستىيانلار ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئىلاھ دەپ گۇمان

قىلىدىغان، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن دىننى رەت قىلىدىغان، قۇرئان كەرىمنى ئىنكار قىلىدىغان ئازغۇن قەۋمدۇر. ئال ئىمران سۈرىسىنىڭ يېرىمىغا يېقىن ئايەتلەردە خىرىستىيانلار ھەققىدە توختالغان. تىلغا ئېلىنغان ئايەتلەردە ئۇلار ئويدۇرغان سەپسەتىلەرگە، خۇسۇسەن مەريەم بىلەن ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا مۇناسىۋەتلىك سەپسەتىلىرىگە كەسكىن دەلىللەر بىلەن رەددىيە بېرىلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەھۇدىيلار توغرىسىدىمۇ بەزى ئىشارەتلەر ۋە رەددىيەلەر كەلگەن بولۇپ، مۇسۇلمانلارنى ئەھلى كىتابنىڭ ھىيلە - مىكىرلىرى ۋە سۇيىقەستلىرىدىن ئاگاھلاندۇرغان.

ئەمدى ئىككىنچى ئاساسقا كەلسەك، بۇ سۈرە ھەج ۋە جىھادنىڭ پەرزلىكى، جازانىخورلۇقنىڭ ھاراملىقى ۋە زاكاتنى ئىنكار قىلغۇچىلار ئۇچرايدىغان جازا قاتارلىق شەرىئەت ئەھكاملىرى ھەققىدە توختالغان. بۇ سۈرىدە بەدرى، ئوھۇد ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان غازاتلاردىن مۇسۇلمانلارنىڭ ئېلىشى كېرەك بولغان ئىبرەتلەر ھەققىدىكى بايانلار كۆپ تىلغا ئېلىنغان. مۇسۇلمانلار بەدرى غازىتىدا غەلىبە قىلغان بولسىمۇ، ئوھۇد غازىتىدا پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن يېڭىلدى. ئۇلار يېڭىلگەندىن كېيىن كاپىرلار ۋە مۇناپىقلار تەرىپىدىن كۆپلىگەن ئازار - ھاقارەتلەرنى ئاڭلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا مۆمىنلەرنىڭ سەپلىرىنى قەلبى بۇزۇقلاردىن تازىلاش، رەزىللىك بىلەن پاكلىقنىڭ پەرقىنى ئايرىشتىن ئىبارەت ئىبرەتلىك ھېكمەتكە ھىدايەت قىلدى. بۇ ئايەتلەردە نىپاق ۋە مۇناپىقلار، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ مۆمىنلەرنىڭ ئىرادىسىنى بوشىتىش يولىدىكى مەۋقەسى

ھەققىدە تەپسىلىي بايانلار بار.

نىھايەت، بۇ سۈرە ئاللاھ تائالانىڭ پادىشاھلىقى ۋە ئاسمان - زېمىن ئارىسىدىكى نۇقسانسىز يارىتىلغان مەۋجۇداتلىرى، شۇنداقلا ئاللاھ تائالانىڭ ياراتقانلىقىغا دالالەت قىلىدىغان ئاجايىپ سىر - ئەسرارلىرى ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىش بىلەن ئاخىرلاشقان. ئەڭ ئاخىرىدا مۇجاھىدلار ۋە جىھاد مەسىلىسى زىكىر قىلىنغان بولۇپ، ئۇلارغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ياخشىلىقلا، كاتتا نۇسرەتكە ۋە ھەقىقىي نىجاتلىققا ۋەسىلە بولىدىغان مۇنۇ تەۋسىيەنى قىلغان: «ئى مۆمىنلەر! تائەت - ئىبادەتنىڭ مۇشەققەتلىرىگە ۋە سىلەرگە يەتكەن ئېغىرچىلىقلارغا سەۋر قىلىڭلار، دۈشمەنلەرگە قارشى زىيادە چىداملىق بولۇڭلار، (چېگرالىرىڭلارنى ساقلاپ) جىھادقا تەييار تۇرۇڭلار، مەقسىتىڭلارغا يېتىش ئۈچۈن ئاللاھتىن قورقۇڭلار، يەنى ئۇنىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلماڭلار».

بۇ سۈرىنىڭ پەزىلىتى: نەۋۋاس ئىبنى سەمئان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «قىيامەت كۈنى قۇرئان كەرىم ۋە ئۇنىڭ روھى بويىچە ئىش كۆرگەنلەر كەلتۈرۈلىدۇ. بەقەرە ۋە ئال ئىمران سۈرىلىرى ئۇلاردىن ئىلگىرى كېتىدۇ» (مۇسلىم رىۋايىتى).

بۇ سۈرىنىڭ ئاتىلىشى: بۇ سۈرىدە ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى مەريەمنىڭ ئاتىسىنىڭ پەزىلەتلىك ئائىلىسى ـ ئىمران ئائىلىسى ھەققىدىكى قىسسە بايان قىلىنغان. ۋەھالەنكى، بۇ ئائىلىدە ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتى تەجەللى قىلغانلىقى سەۋەبلىك، مەريەم بىلەن ئوغلى ئىيسا ئەلەيھىسسالام دۇنياغا كەلگەن. شۇڭا بۇ سۈرە «ئال ئىمران»، يەنى «ئىمران

ئائىلىسى» دەپ ئاتالغان.

الٓمٓ ١ ٱللَّهُ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ ٱلۡحَيُّ ٱلۡقَيُّومُ ٢ نَزَّلَ عَلَيۡكَ
ٱلۡكِتَٰبَ بِٱلۡحَقِّ مُصَدِّقٗا لِّمَا بَيۡنَ يَدَيۡهِ وَأَنزَلَ ٱلتَّوۡرَىٰةَ
وَٱلۡإِنجِيلَ ٣ مِن قَبۡلُ هُدٗى لِّلنَّاسِ وَأَنزَلَ ٱلۡفُرۡقَانَۗ إِنَّ
ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ بِـَٔايَٰتِ ٱللَّهِ لَهُمۡ عَذَابٞ شَدِيدٞۗ وَٱللَّهُ عَزِيزٞ
ذُو ٱنتِقَامٍ ٤ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يَخۡفَىٰ عَلَيۡهِ شَيۡءٞ فِي ٱلۡأَرۡضِ وَلَا فِي
ٱلسَّمَآءِ ٥ هُوَ ٱلَّذِي يُصَوِّرُكُمۡ فِي ٱلۡأَرۡحَامِ كَيۡفَ يَشَآءُۚ
لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ ٱلۡعَزِيزُ ٱلۡحَكِيمُ ٦ هُوَ ٱلَّذِيٓ أَنزَلَ عَلَيۡكَ
ٱلۡكِتَٰبَ مِنۡهُ ءَايَٰتٞ مُّحۡكَمَٰتٌ هُنَّ أُمُّ ٱلۡكِتَٰبِ وَأُخَرُ
مُتَشَٰبِهَٰتٞۖ فَأَمَّا ٱلَّذِينَ فِي قُلُوبِهِمۡ زَيۡغٞ فَيَتَّبِعُونَ مَا تَشَٰبَهَ
مِنۡهُ ٱبۡتِغَآءَ ٱلۡفِتۡنَةِ وَٱبۡتِغَآءَ تَأۡوِيلِهِۦۖ وَمَا يَعۡلَمُ تَأۡوِيلَهُۥٓ
إِلَّا ٱللَّهُۗ وَٱلرَّٰسِخُونَ فِي ٱلۡعِلۡمِ يَقُولُونَ ءَامَنَّا بِهِۦ كُلّٞ مِّنۡ
عِندِ رَبِّنَاۗ وَمَا يَذَّكَّرُ إِلَّآ أُوْلُواْ ٱلۡأَلۡبَٰبِ ٧ رَبَّنَا لَا تُزِغۡ
قُلُوبَنَا بَعۡدَ إِذۡ هَدَيۡتَنَا وَهَبۡ لَنَا مِن لَّدُنكَ رَحۡمَةًۚ إِنَّكَ
أَنتَ ٱلۡوَهَّابُ ٨ رَبَّنَآ إِنَّكَ جَامِعُ ٱلنَّاسِ لِيَوۡمٖ لَّا رَيۡبَ
فِيهِۚ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يُخۡلِفُ ٱلۡمِيعَادَ ٩

**ئايەتلەرنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى:** بۇ ئايەتلەر نەجرانلىق خىرىستىيان ئەلچىلەر ھەققىدە نازىل قىلىنغان. ئۇلار ئۆز قەۋملىرىگە ۋاكالەتەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ئەلچىلىككە كەلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ سانى 60 كىشى ئىدى. ئارىسىدا كاتتىباشلىرىدىن 14 كىشى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ

ئەمىرى ئابدۇلمەسىھ، موللىسى بولسا ئەيھەم مۇشاۋىرى ۋە ئەبۇ ھارىسە ئىبنى ئەلقەمە قاتارلىقلار ئەڭ چوڭلىرىدىن سانىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن سۆھبەتلەشكەنلەرمۇ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان كىشىلەر ئىدى. ئۇلار گاھ: «ئىيسا ئاللاھتۇر، چۈنكى ئۇ ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرگەن» دېسە، گاھ: «ئىيسا ئاللاھنىڭ ئوغلىدۇر، چۈنكى ئۇ ئاتىسىز دۇنياغا كەلگەن» دەيتتى، گاھ: «ئىيسا ئۈچ ئىلاھنىڭ ئۈچىنچىسىدۇر. چۈنكى ئاللاھ ‹قىلدۇق› ، ‹قىلىمىز› دەپ ھەمىشە كۆپلۈك نامىدىن سۆزلىگەن، ئەگەر ئاللاھ بىر بولىدىغان بولسا ئىدى، <قىلدىم>، <قىلىمەن> دېگەن بولاتتى» دېگەن سەپسەتىلىرىنى بازارغا سېلىشقا تىرىشاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلاردىن: «پەرۋەردىگارىمىزنىڭ ئۆلمەيدىغان ۋە ھەمىشە تىرىك تۇرىدىغان زات ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟» دەپ سورىغاندا، ئۇلار: «ئەلۋەتتە بىلىمىز» دەپ جاۋاب بېرىشىدۇ. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە: «پەرۋەردىگارىمىزنىڭ ھەممىنى ئىدارە قىلىپ، مەخلۇقاتلىرىغا رىزىق بېرىپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلەمسىلەر؟ ئىيسا مۇشۇلاردىن بىرەرسىنى قىلالامدۇ؟» دەپ سورىغاندا، ئۇلار: «ياق» دەپ جاۋاب بېرىشىدۇ. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە ئۇلاردىن: «ئاللاھ ئۈچۈن ئاسمانلار ۋە زېمىندا ھېچقانداق نەرسىنىڭ پىنھان ئەمەسلىكىنى بىلەمسىلەر؟ ئىيسا ئاللاھ بىلدۈرگەنلىرىدىن باشقىنى بىلەمتى؟» دەپ سورايدۇ. ئۇلار: «ياق» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە: «ئاللاھنىڭ يېمەيدىغانلىقىنى، ئىچمەيدىغانلىقىنى ۋە ھاجەت قىلمايدىغانلىقىنى، ئەمما ئىيسانىڭ بولسا يەيدىغان، ئىچىدىغان ۋە ھاجەت قىلىدىغانلىقىنى بىلەمسىلەر؟» دەيدۇ.

ئۇلار: «ئەلۋەتتە بىلىمىز» دەپ جاۋاب بېرىشىدۇ. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ئىيسا قانداقمۇ سىلەر گۇمان قىلىشقاندەك بولسۇن؟!» دېگەندە، ئۇلارنىڭ تىللىرى تۇتۇلۇپ سۈكۈت قىلىشىدۇ. شۇنداقتىمۇ يەنە ئۆزلىرىنىڭ ئىنكارلىرىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئەنە شۇ ۋاقىتتا ئاللاھ تائالا ئال ئىمران سۈرىسىنىڭ تۇنجى ئايىتىدىن سەكسەن نەچچىنچى ئايەتكىچە بولغان قىسمىنى نازىل قىلىدۇ.

**تەپسىرى:** 1. «ئەلىف، لام، مىم» بۇ ئايەت قۇرئان كەرىمنىڭ مۆجىزە ئىكەنلىكىگە ۋە ئۇنىڭ ئەرەب ئېلىپبەسىدىكى ھەرپلەردىن تۈزۈلگەن كالام ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىدۇ. بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدا بۇ ھەقتە توختالغان ئىدۇق. 2. «ئاللاھتىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ئاللاھ (ھەمىشە) تىرىكتۇر، مەخلۇقاتنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر»، يەنى ئۇنىڭدىن باشقا پەرۋىشچى ياكى ھەقىقىي مەبۇد يوق. مەڭگۈ تىرىك بولغۇچى، مەخلۇقاتلىرىنىڭ ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر. 3. «ئۆزىدىن ئىلگىرىكى كىتابلارنى تەستىق قىلغۇچى ھەق كىتابنى (ئاللاھ) ساڭا نازىل قىلدى. ئىلگىرى كىشىلەرگە يول كۆرسەتكۈچى قىلىپ تەۋرات بىلەن ئىنجىلنى نازىل قىلغان»، يەنى ئى مۇھەممەد! ئاللاھ ساڭا ئۆزىدىن ئىلگىرى چۈشكەن ساماۋىي كىتابلاردىن ئۆزى ئېلىپ كەلگەن ھەقىقەتلەرگە مۇۋاپىق كەلگەنلىرىنى تەستىق قىلغۇچى قۇرئاننى كەسكىن دەلىل ۋە ئۆتكۈر ھۆججەتلەر بىلەن چۈشۈردى. قۇرئاننى چۈشۈرۈشتىن ئىلگىرى ئىسرائىل ئەۋلادلىرى ئۈچۈن يول كۆرسەتكۈچى قىلىپ تەۋرات بىلەن

ئىنجىلنى چۈشۈرگەن ئىدى. 4. «ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىغۇچى كىتابنى چۈشۈردى. شۈبھىسىزكى، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلار (ئاخىرەتتە) قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ، ئاللاھ غالىبتۇر، (يامانلارنى) جازالىغۇچىدۇر» ، يەنى ئاللاھ تائالا ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىپ كۆرسىتىپ بېرىدىغان ساماۋىي كىتابلارنى چۈشۈردى. ئايەتتىكى «كىتاب» سۆزى ساماۋىي كىتابلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى ساماۋىي كىتابلار ھەق بىلەن باتىلنى، ھىدايەت بىلەن زالالەتنى ئايرىپ كۆرسىتىپ بەرگۈچىدۇر. بەزىلەر بۇئايەتتىكى «كىتاب» سۆزىدىن قۇرئان مەقسەت قىلىنىدۇ، قۇرئاننىڭ شەنى ئۇلۇغ بولغانلىقتىن ئۇنى قايتىلاپ تەكرارلىغان، دەپ قارايدۇ. ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلىپ، ئۇلارنى باتىل دېگەنلەر ئۈچۈن قىيامەت كۈنى قاتتىق ئازاب باردۇر. ئاللاھ تائالا خالىغىنىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا غالىبتۇر، ئۇ يېڭىلمەيدۇ. ئاسىيلىق قىلغانلارنىڭ جازاسىنى بەرگۈچىدۇر. 5. «شۈبھىسىزكى، ئاسمان ۋە زېمىندىكى ھېچ نەرسە ئاللاھقا مەخپىي ئەمەس» ، يەنى ئاللاھ تائالانىڭ ئىلمىدىن ھېچقانداق بىر ئىش سىرتتا قالمايدۇ. ئۇ كائىناتتىكى ھەممە نەرسىنى بىلىپ تۇرغۇچى بولۇپ، ھېچ نەرسە ئۇنىڭغا پىنھان ئەمەستۇر. 6. «ئۇ سىلەرنى بەچچىدانلاردا ئۆزى خالىغان شەكىلگە كىرگۈزىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر. ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر» ، يەنى ئاللاھ تائالا سىلەرنى (ئاناڭلارنىڭ قورسىقىدىكى چېغىڭلاردا، ئوغۇل ياكى قىز، چىرايلىق ياكى كۆرۈمسىز قىلىپ، ئۆزى خالىغان شەكىلگە كىرگۈزىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئىلاھىي مەبۇد يوقتۇر. ئۇ ئىلاھلىقىدا، پەرۋىشىدە يەككە - يېگانە بولۇپ،

پادىشاھلىقىدا كۈچلۈك، قىلغان ئىشلىرىدا ھېكمەتلىك زاتتۇر. بۇ ئايەتتە خىرىستىيانلارغا رەددىيە بار، چۈنكى ئۇلار ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىلاھلىقىنى دەۋا قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ئورۇندا، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭمۇ باشقا ئىنسانلارغا ئوخشاش ئانىسىنىڭ قورسىقىدىكى ۋاقتىدا شەكىللىگە كىرگۈزۈلگەنلىكى ۋە ئۇنىڭمۇ باشقا بەندىلەرگە ئوخشاش غايىبلارنى بىلمەيدىغان بەندە ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتكەن. 7. «ئۇ ساڭا كىتابنى چۈشۈردى. ئۇنىڭدا مەھكەم (مەنىسى ئوچۇق) ئايەتلەر باركى، ئۇلار كىتابنىڭ (پۈتۈن قۇرئاننىڭ) ئاساسىدۇر؛ يەنە باشقا مۇتەشابىھ (مەنىسى مۇئەييەن ئەمەس) ئايەتلەر باردۇر. دىللىرىدا ئەگرىلىك بار كىشىلەر پىتنە قوزغاش ۋە ئۆز رەيى بويىچە مەنە بېرىش ئۈچۈن، مۇتەشابىھ ئايەتلەرگە ئەگىشىدۇ. بۇنداق ئايەتلەرنىڭ (ھەقىقىي) مەنىسىنى پەقەت ئاللاھ بىلىدۇ. ئىلىمدا توشقانلار ئېيتىدۇ: «ئۇنىڭغا ئىشەندۇق، ھەممىسى پەرۋەردىگارىمىز تەرىپىدىن نازىل بولغان. (بۇنى) پەقەت ئەقىل ئىگىلىرىلا چۈشىنىدۇ»، يەنى ئى مۇھەممەد! ئاللاھ تائالا ساڭا ئۇلۇغ قۇرئان كەرىمنى چۈشۈردى. ئۇنىڭدا مەنىسى ئوچۇق، دالالەتلىرى ئېنىق، شەيئىلەرنىڭ ھالال ياكى ھاراملىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن كەلگەن ئايەتلەرگە ئوخشاش ھېچقانداق مۈجمەللىكى يوق، روشەن ئايەتلەرمۇ بار بولۇپ، ئۇلار قۇرئان كەرىمنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇنىڭدا يەنە كۆپلىگەن كىشىلەر ئۈچۈن دالالىتى ئوچۇق بولمىغان، مەنىسى مۇئەييەن بولمىغان ئايەتلەرمۇ بار بولۇپ، مۇنداق ئايەتلەرنى مەنىسى ئوچۇق، دالالىتى ئېنىق بولغان باشقا ئايەتلەرگە قايتۇرۇپ چۈشەنگەن كىشى ھىدايەت تاپقان بولىدۇ. ئەكسىچە قىلغانلار ئېزىپ كېتىدۇ.

شۇڭا ئاللاھ تائالا «دىللىرىدا ئەگرىلىك بار كىشىلەر پىتنە قوزغاش ۋە ئۆز رەيى بويىچە مەنە بېرىش ئۈچۈن، مۇتەشابىھ ئايەتلەرگە ئەگىشىدۇ» دېگەن. يەنى كۆڭلىدە ھىدايەتتىن ئازغۇنلۇققا مايىللىقى بار كىشىلەر پىتنە قوزغاش ئۈچۈن، ئەگەشكۈچىلەرنى قۇرئاننىڭ تەپسىرىنى بىلمەكچىمىز دېگەن قانائەتكە كەلتۈرۈپ، مەنىسى مۇئەييەن بولمىغان ئايەتلەرنى ئۆز رەيى بويىچە تەپسىر قىلىپ، ئۆز نەپس - خاھىشى بويىچە چۈشەندۈرىدۇ. بۇ خۇددى خىرىستىيانلارنىڭ قۇرئان كەرىمدىكى «مەسىھ ئىيسا ـ مەريەمنىڭ ئوغلى، پەقەت ئاللاھنىڭ رەسۇلىدۇر، مەريەمگە ئاللاھنىڭ تاشلىغان كەلىمىسىدۇر» دېگەن ئايەتنى قەستەن خاتا تەپسىر قىلىپ ۋە ئۇنى دەلىل قىلىپ تۇرۇپ، قۇرئاندىكى مەنىسى ناھايىتى ئوچۇق ۋە دالالىتى روشەن بولغان «ئۇ (ئىيسا) (خىرىستىيانلار گۇمان قىلغاندەك ئىلاھ ياكى ئىلاھنىڭ ئوغلى ئەمەس) پەقەت پەيغەمبەرلىك نېمىتىمىزگە ئېرىشكەن بىر بەندىدۇر» دېگەن ئايەتنى قايرىپ قويۇپ، «ئىيسا ئاللاھنىڭ ئوغلى ياكى ئۇنىڭدىن بىر پارچىدۇر» دەپ دەۋا قىلغىنىغا ئوخشاش.

«بۇنداق ئايەتلەرنىڭ (ھەقىقىي) مەنىسىنى پەقەت ئاللاھ بىلىدۇ»، يەنى مەنىسى مۇئەييەن بولمىغان ئايەتلەرنىڭ تەپسىرىنى ۋە ھەقىقىي مەنىسىنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. «ئىلىمدا توشقانلار ئېيتىدۇ: ئۇنىڭغا ئىشەندۇق، ھەممىسى پەرۋەردىگارىمىز تەرىپىدىن نازىل بولغان». يەنى ئىلىمدە توشقان، ۋە مەنىسى مۇئەييەن بولمىغان ئايەتلەرنىڭمۇ ھەق ئىكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈرگەن ۋە ئۇلارنىڭمۇ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەنلىكىنى ئىقرار قىلىدىغان كىشىلەر دەيدۇكى، مەنىسى ئوچۇق ۋە مەنىسى

مۇئەييەن ئەمەس ئايەتلەرنىڭ ھەممىسى ھەق ۋە راستتۇر. چۈنكى ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ كالامىدۇر. ئاندىن ئاللاھ تائالا دەيدۇكى، «پەقەت ئەقىل ئىگىلىرىلا چۈشىنىدۇ»، يەنى بۇ ھەقىقەتلەردىن ۋە بۇ ئېيتقانلىرىمىزدىن پەقەت ساغلام ئەقىل ۋە ئۆتكۈر پىكىر ئىگىلىرىلا ۋەز - نەسىھەت ئالىدۇ ۋە پىكىر يۈرگۈزىدۇ. 8. «پەرۋەردىگارىمىز! بىزنى ھىدايەت قىلغىنىڭدىن كېيىن دىللىرىمىزنى توغرا يولدىن بۇرۇۋەتمىگىن، بىزگە دەرگاھىڭدىن رەھمەت بېغىشلىغىن، شۈبھىسىزكى، سەن (بەندىلىرىڭگە ئاتالارنى) بەكمۇ بېغىشلىغۇچىسەن»، يەنى پەرۋەردىگارىمىز! بىزنى ھەق دىنىڭغا ۋە توغرا شەرىئىتىڭگە ھىدايەت قىلغىنىڭدىن كېيىن، بىزنى ئازدۇرۇۋەتمىگىن، دىللىرىمىزنى ھەقتىن بۇرۇۋەتمىگىن. بىزگە ئۆز دىنىڭدا مەھكەم تۇرىدىغان رەھمىتىڭدىن، كەرەمىڭدىن ۋە پەزلىڭدىن ئاتا قىلغىن. سەن ھەقىقەتەن بەندىلىرىڭگە ئاتا - ئېھسانلارنى بەرگۈچى پەرۋەردىگارسەن. 9. «پەرۋەردىگارىمىز! شۈبھىسىزكى، كېلىشى شەكسىز بولغان كۈندە كىشىلەرنى توپلىغۇچىسەن. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ». يەنى پەرۋەردىگارىمىز! سەن كېلىدىغانلىقىدا قىلچە شەك بولمىغان، قورقۇنچلۇق قىيامەت كۈندە جىمى خالايىقنى ھېساب مەيدانىغا توپلىغۇچىسەن. سېنىڭ ۋەدەڭ ھەقىقەتەن راستتۇر، سەن ۋەدەڭگە ھەرگىزمۇ خىلاپلىق قىلمايسەن. «ئاللاھتىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر. ئاللاھ شەكسىز بولىدىغان قىيامەت كۈندە سىلەرنى (ھېساب ئېلىش ئۈچۈن مەھشەرگاھقا) جەزمەن يىغىدۇ. ئاللاھتىنمۇ توغرا سۆزلۈك كىم بار؟ يەنى سۆزىدە، ۋەدىسىدە ئاللاھتىنمۇ سادىق ھېچكىم يوق».

**ئىلاۋە:** 1. ئىمام مۇسلىم ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «(ئى مۇھەممەد!) ئۇ (ئاللاھ) ساڭا كىتابنى (قۇرئاننى) نازىل قىلدى. ئۇنىڭدا مۇھكەم (مەنىسى ئوچۇق) ئايەتلەر باركى، ئۇلار كىتابنىڭ (پۈتۈن قۇرئاننىڭ) ئاساسىدۇر؛ يەنە باشقا مۇتەشابىھ (مەنىسى مۇئەييەن ئەمەس) ئايەتلەر باردۇر...» دېگەن ئايەتنى ئاخىرىغىچە تىلاۋەت قىلغان ۋە مۇنداق دېگەن: «سىلەر مەنىسى مۇئەييەن ئەمەس ئايەتلەرگە ئەگىشىدىغانلارنى كۆرسەڭلار، بىلىڭلاركى، ئاللاھ تائالا (دىللىرىدا ئەگرىلىك بار كىشىلەر ...) دېگەن سۆزىدە مەقسەت قىلغان كىشىلەر شۇلاردۇر». 2. قۇرتۇبى مۇنداق دېگەن: مەنىسى ئوچۇق ۋە مەنىسى مۇئەييەن ئايەتلەر ھەققىدە ئېيتىلغان سۆزلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى شۇكى، مەنىسى ئوچۇق ئايەتلەر دېگىنىمىز، تەۋىلى (ئىزاھى) بىلىنگەن، مەنىسى ۋە تەپسىرى چۈشىنىلگەن ئايەتلەردۇر. ئەمما مەنىسى مۇئەييەن ئەمەس ئايەتلەر دېگىنىمىز، ئاللاھ ئۆزىلا بىلىدىغان ۋە بەندىلىرىدىن ھېچكىمگە بىلدۈرمىگەن ئايەتلەردۇر. بەزى ئۆلىمالار قىيامەتنىڭ ۋاقتى، يەجۇج ۋە مەجۇجنىڭ چىقىشى، دەججالنىڭ چىقىشى، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ چۈشۈشى ۋە سۈرىلەرنىڭ باشلىرىدا كەلگەن ھەرپلەر قاتارلىقلارمۇ بۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر، دېگەن. 3. قۇرئان ئايەتلىرى خۇددى ئايەتتە كۆرگىنىمىزدەك، «مەنىسى ئوچۇق» ۋە «مەنىسى مۇئەييەن ئەمەس» دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. ئۇنداقتا، بۇئايەت بىلەن ھۇد سۈرىسىدىكى قۇرئاننىڭ ھەممىسى مەنىسى ئوچۇق ئايەتلەر ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان «ئايەتلەرنىڭ تۈزۈلۈشى پۇختا، مەزمۇنى تەپسىلىي بايان قىلىنغان كىتابتۇر» دېگەن ئايەت ۋە زۇمەر سۈرىسىدىكى قۇرئاننىڭ ھەممىسى مەنىسى

مۇئەييەن ئەمەس ئايەتلەر ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان «ئاللاھ سۆزلەرنىڭ ئەڭ چىرايلىقى بولغان قۇرئاننى نازىل قىلدى. ئۇنىڭ بەزىسى بەزىسىگە ئوخشاپ كېتىدۇ» دېگەن ئايەت ئوتتۇرىسىنى قانداق مۇۋاپىقلاشتۇرىمىز؟ ئۇنىڭغا شۇنداق جاۋاب بېرىمىزكى، بۇ ئايەتلەر ئوتتۇرىسىدا زىتلىق يوق. چۈنكى بۇ ئايەتلەرنىڭ ھەر بىرى، بىز ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتكەن تېمىلاردىن سىرت باشقا مەنىلەرنى ئۇقتۇرىدۇ. «ئاللاھ سۆزلەرنىڭ ئەڭ چىرايلىقى بولغان قۇرئاننى نازىل قىلدى» دېگەن ئايەت ئايەتلەرنىڭ بارچە ئەيىبلەردىن پۈتۈنلەي خالىي ھالدا ئىنتايىن پۇختا تۈزۈلگەنلىكىنى ئىپادىلىسە، «مەنىسى مۇئەييەن ئەمەس» دېگەن ئايەت قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ ئىستىلىستىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى ۋە گۈزەل ئىپادىلەشتە بىر - بىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى بۇ ئايەتلەردە ھېچقانداق زىتلىق يوق. 4. بۇخارىي سەئىد ئىبنى جۇبەيردىن رىۋايەت قىلىدۇكى، بىر ئادەم ئىبنى ئابباسقا: مەن قۇرئاندىكى بەزى ئايەتلەر ئوتتۇرىسىدا زىتلىق باردەك ئويلايمەن. مەسىلەن: «سۇر چېلىنغان كۈندە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى تۇغقانچىلىق مەۋجۇت بولماي قالىدۇ. بىر - بىرىنىڭ (ئەھۋالىنى) سوراشمايدۇ» دېگەن ئايەت بىلەن «ئۇلار بىر - بىرىگە قاراپ مۇنازىرىلىشىدۇ» دېگەن ئايەت ئوتتۇرىسىدا، «ئاللاھتىن ھېچبىر سۆزنى يوشۇرالمايدۇ» دېگەن ئايەت بىلەن «پەرۋەردىگارىمىز! ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمىزكى، بىز مۇشرىك بولمىغان ئىدۇق، دەيدۇ» دېگەن ئايەت ئوتتۇرىسىدا زىتلىق باردەك ھېس قىلىمەن. چۈنكى بىرىنچى ئايەتتە ئۇلارنىڭ تۇغقانچىلىقىنىڭ يوقالغانلىقى سۆزلەنگەن بولسا، ئىككىنچى ئايەتتە ئۇلارنىڭ بىر - بىرىگە

قاراپ سۆزلەشكەنلىكى ئېيتىلغان. ئۈچىنچى ئايەتتە ئۇلارنىڭ ئاللاھتىن ھېچبىر سۆزنى يوشۇرالمايدىغانلىقى ئېيتىلغان بولسا، تۆتىنچى ئايەتتە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مۇشرىك بولغانلىقىنى يوشۇرماقچى بولغانلىقى سۆزلەنگەن. يەنە نازىئات سۈرىسىدە ئاسماننىڭ يارىتىلغانلىقى زېمىندىن ئىلگىرى تىلغا ئېلىنغان، فۇسسىلەت سۈرىسىدە بولسا زېمىننىڭ يارىتىلغانلىقى ئاسماننىڭ يارىتىلغانلىقىدىن ئىلگىرى بايان قىلىنغان، يەنە كۆپ ئايەتلەردە «ئاللاھ ئاڭلىغۇچى ۋە كۆرگۈچىدۇر»، «ئاللاھ مەغپىرەت قىلغۇچى ۋە رەھىم قىلغۇچىدۇر»، «ئاللاھ ئەزىز ۋە ھەكىمدۇر» دېگەنگە ئوخشاش ئايەتلەر ئۆتكەن زامان پېئىلى بىلەن كەلگەن. بۇ گوياكى ئاللاھ بۇرۇن شۇنداق ئىدى. ئۇ ئۆتۈپ كەتتى دېگەنلىك بولمامدۇ؟ دېگەندە، ئىبنى ئابباس ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېگەن: قىيامەت قايىم بولۇش ئالدىدا بىرىنچى قېتىملىق سۇر چېلىنغاندا، ئاللاھتىن باشقا ھەممە ئۆلۈپ تۈگىشىدۇ، ئۇ ۋاقىتتا تۇغقانلىقمۇ يوق بولىدۇ. ئىككىنچى قېتىم سۇر چېلىنغاندا، ھەممە تىرىلىپ بىر - بىرى بىلەن ئۇچرىشىدۇ. ئەمدى «ئاللاھتىن ھېچبىر سۆزنى يوشۇرالمايدۇ.» دېگەن ئايەت بىلەن «پەرۋەردىگارىمىز! ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمىزكى، بىز مۇشرىك بولمىغان ئىدۇق دەيدۇ» دېگەن ئايەتكە كەلسەك، ئاللاھ قىيامەت كۈنىدە ئىخلاس ئىگىلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلغاندا، مۇشرىكلار ئۆز ئارىسىدا «كېلىڭلار، بىزمۇ مۇشرىك بولمىغانتۇق دەپ بارايلى» دېيىشىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ تىللىرى يالغان سۆزلىسىمۇ ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئورگانلىرىنى سۆزلىتىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ يالغانلىرىنى پاش قىلىدۇ. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئاللاھتىن ھېچ نەرسىنى يوشۇرالمايدۇ. ئاللاھ زېمىننى ئىككى

كۈندە ياراتتى، ئاندىن ئاسمانغا يۈزلىنىپ ئۇنى ئىككى كۈندە يەتتە ئاسمان قىلىپ ياراتتى، ئاندىن ئىككى كۈندە زېمىننى كېڭەيتىپ ئۇنىڭدىن سۇنى ۋە يېشىللىقلارنى چىقاردى. ئۇنىڭدا تاغلارنى، دەرەخلەرنى ياراتتى. دېمەك، زېمىن ۋە ئۇنىڭدىكى نەرسىلەرنى جەمئىي تۆت كۈندە، ئاسماننى ئىككى كۈندە ياراتتى. ئاللاھ ئۆزىنى «ئاللاھ ئاڭلىغۇچى ۋە كۆرگۈچىدۇر»، «ئاللاھ مەغپىرەت قىلغۇچى ۋە رەھىم قىلغۇچىدۇر»، «ئاللاھ ئەزىز ۋە ھەكىمدۇر» دېگەنگە ئوخشاش سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىدى. ئۇ ھەمىشە شۇ سۈپەتتى بىلەن داۋام قىلىدۇ. ئىسىت ساڭا! قانداقمۇ قۇرئان ئايەتلىرىنى بىر - بىرىگە زىت دەپ چۈشىنىپ قالدىڭ؟ ئۇنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن تۇرسا.

إِنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ لَن تُغْنِىَ عَنْهُمْ أَمْوَٰلُهُمْ وَلَآ أَوْلَٰدُهُم
مِّنَ ٱللَّهِ شَيْـًٔا ۖ وَأُوْلَٰٓئِكَ هُمْ وَقُودُ ٱلنَّارِ ﴿١٠﴾ كَدَأْبِ ءَالِ
فِرْعَوْنَ وَٱلَّذِينَ مِن قَبْلِهِمْ ۚ كَذَّبُواْ بِـَٔايَٰتِنَا فَأَخَذَهُمُ ٱللَّهُ
بِذُنُوبِهِمْ ۗ وَٱللَّهُ شَدِيدُ ٱلْعِقَابِ ﴿١١﴾ قُل لِّلَّذِينَ كَفَرُواْ
سَتُغْلَبُونَ وَتُحْشَرُونَ إِلَىٰ جَهَنَّمَ ۖ وَبِئْسَ ٱلْمِهَادُ ﴿١٢﴾ قَدْ كَانَ
لَكُمْ ءَايَةٌ فِى فِئَتَيْنِ ٱلْتَقَتَا ۖ فِئَةٌ تُقَٰتِلُ فِى سَبِيلِ ٱللَّهِ
وَأُخْرَىٰ كَافِرَةٌ يَرَوْنَهُم مِّثْلَيْهِمْ رَأْىَ ٱلْعَيْنِ ۚ وَٱللَّهُ يُؤَيِّدُ
بِنَصْرِهِۦ مَن يَشَآءُ ۗ إِنَّ فِى ذَٰلِكَ لَعِبْرَةً لِّأُوْلِى ٱلْأَبْصَٰرِ ﴿١٣﴾ زُيِّنَ
لِلنَّاسِ حُبُّ ٱلشَّهَوَٰتِ مِنَ ٱلنِّسَآءِ وَٱلْبَنِينَ وَٱلْقَنَٰطِيرِ
ٱلْمُقَنطَرَةِ مِنَ ٱلذَّهَبِ وَٱلْفِضَّةِ وَٱلْخَيْلِ ٱلْمُسَوَّمَةِ وَٱلْأَنْعَٰمِ
وَٱلْحَرْثِ ۗ ذَٰلِكَ مَتَٰعُ ٱلْحَيَوٰةِ ٱلدُّنْيَا ۖ وَٱللَّهُ عِندَهُۥ حُسْنُ

ٱلْمَـَٔابِ ﴿١٤﴾ ۞ قُلْ أَؤُنَبِّئُكُم بِخَيْرٍ مِّن ذَٰلِكُمْ ۚ لِلَّذِينَ ٱتَّقَوْا۟
عِندَ رَبِّهِمْ جَنَّـٰتٌ تَجْرِى مِن تَحْتِهَا ٱلْأَنْهَـٰرُ خَـٰلِدِينَ فِيهَا
وَأَزْوَٰجٌ مُّطَهَّرَةٌ وَرِضْوَٰنٌ مِّنَ ٱللَّهِ ۗ وَٱللَّهُ بَصِيرٌۢ بِٱلْعِبَادِ ﴿١٥﴾
ٱلَّذِينَ يَقُولُونَ رَبَّنَآ إِنَّنَآ ءَامَنَّا فَٱغْفِرْ لَنَا ذُنُوبَنَا
وَقِنَا عَذَابَ ٱلنَّارِ ﴿١٦﴾ ٱلصَّـٰبِرِينَ وَٱلصَّـٰدِقِينَ وَٱلْقَـٰنِتِينَ
وَٱلْمُنفِقِينَ وَٱلْمُسْتَغْفِرِينَ بِٱلْأَسْحَارِ ﴿١٧﴾

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:** ئاللاھ تائالا مۆمىنلەرنىڭ ئۆزلىرىنى ئىماندا مەھكەم قىلىشىنى سوراپ قىلغان دۇئالىرىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، كاپىرلارنىڭ كاپىرلىقىغا سەۋەب بولغان نەرسىنىڭ ئۇلارنىڭ مال ـ دۇنيا ۋە ئەۋلادلىرىغا ئېشىنىپ بۇ ھاياتلىقتا ھەددىدىن ئاشقانلىقى ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزۇپ قالىدىغان نەرسە يوقلۇقىنى بايان قىلدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا مىسال كەلتۈرۈپ، بەدرى غازىتىدا ئاللاھ قوشۇنلىرى بىلەن شەيتان قوشۇنلىرى (مۆمىنلەر بىلەن كاپىرلار) ئۇچراشقان چاغدا مۆمىنلەر ئۆزلىرىنىڭ سانىنىڭ ئاز تۇرۇپمۇ كۆپ سانلىق كاپىرلار قوشۇنىنى تارمار قىلغانلىقىنى، كاپىرلارنىڭ بايلىقى ۋە ئەسكىري كۈچى ھېچنەرسىگە ئەسقاتمىغانلىقىنى بايان قىلدۇ. ئاندىن ئاللاھ تائالا ھەممە كىشى ئېرىشىش ئۈچۈن تىرىشىدىغان بۇ دۇنيا شەھۋىتىنى ۋە ھايات لەززىتىنى بايان قىلىپ، ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا بۇلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى بارلىقىنى بايان قىلىش بىلەن ئاخىرلاشتۇرىدۇ.

**بۇ ئايەتلەرنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام

بەدىر غازىتىدا قۇرەيشلەرنى يەڭگەندىن كېيىن، مەدىنىگە قايتىپ كېلىپ يەھۇدىيلارنى توپلايدۇ ۋە مۇنداق دەيدۇ: ئەي يەھۇدىيلار جامائەسى! قۇرەيشكە يەتكەن مەغلۇبىيەت سىلەرگە يېتىشتىن بۇرۇن ئىمان ئېيتىڭلار. سىلەر مېنىڭ راست پەيغەمبەر ئىكەنلىكىمنى بىلىسىلەر، دەيدۇ. يەھۇدىيلار شۇ ۋاقىتتا: ئەي مۇھەممەد! سەن ئۇرۇش قىلىشنى بىلمەيدىغان بىرلىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ ئۇلارنى يەڭگىنىڭدىن مەغرۇرلانما. ئەگەر سەن بىز بىلەن ئۇرۇشۇپ كۆرسەڭ، بىزنىڭ قانداق ئىكەنلىكىمىزنى شۇ ۋاقىتتا بىلىسەن. سەن تېخى بىزدەكلەر بىلەن ئۇرۇشۇپ كۆرگىنىڭ يوق، دەيدۇ. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئاللاھ: «سىلەر مەغلۇپ قىلىنىسىلەر...» دېگەن ئايەتنى چۈشۈرىدۇ.

**تەپسىرى:** 10. «كاپىرلارنىڭ ماللىرى، باللىرى ئاللاھنىڭ ئازابى ئالدىدا ھەقىقەتەن ھېچ نەرسىگە دال بولالمايدۇ. ئۇلار (كاپىرلار) دوزاخنىڭ يېقىلغۇسىدۇر»، يەنى كاپىرلارنىڭ بۇ دۇنيادا چوڭ بىلىپ چوقۇنغان مال - دۇنياسى، باللىرى ئاخىرەتتە ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدۇ، ئۇلارنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرالمايدۇ. بۇ كاپىرلار جەھەننەمنىڭ قىزىتىلىدىغان ۋە كۆيدۈرىدىغان يېقىلغۇسىدۇر. 11. «(بۇ كاپىرلارنىڭ ھالى) پىرئەۋنگە ئەگەشكۈچىلەرنىڭ ۋە ئۇلاردىن ئىلگىرىكىلەرنىڭ ھالىغا ئوخشايدۇ. ئۇلار بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى يالغانغا چىقاردى، گۇناھى تۈپەيلىدىن ئاللاھ ئۇلارنى جازالىدى، ئاللاھنىڭ جازاسى قاتتىقتۇر»، يەنى بۇ كاپىرلارنىڭ ئەھۋالى ۋە قىلمىشلىرى خۇددى ئۆزلىرىدىن ئىلگىرىكى كاپىر قەۋملەردىن پىرئەۋننىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ۋە

ئۇلاردىنمۇ ئىلگىرىكى ھۇد، سالىھ ۋە شۇئەيب قەۋملىرىنىڭ ئەھۋالىغا ۋە قىلمىشلىرىغا ئوخشايدۇ. ئۇلارمۇ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان ئايەتلىرىمىز ۋە مۆجىزىلىرىمىزنى ئىنكار قىلغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا ئۇلارنى كۇپرىلىقى ۋە گۇناھلىرى سەۋەبلىك جازالاپ ھالاك قىلىۋەتتى. ئاللاھنىڭ ئازابى ھەقىقەتەن قاتتىقتۇر. بۇ ئايەتتىن مەقسەت، قۇرەيش كاپىرلىرى ئۆزلىرىدىن ئىلگىرىكىلەر ئىنكار قىلغاندەك ھەق دىنىنى ۋە پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلدى. ئىلگىرىكىلىرىنىڭ مال - دۇنياسى ۋە پەرزەنتلىرى ئاللاھنىڭ ئازابى ئالدىدا ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمىغاندەك بۇلارغىمۇ ئەسقاتمايدۇ. 12. كاپىرلارغا ئېيتقىنكى، «سىلەر (دۇنيادا) مەغلۇپ قىلىنىسىلەر ۋە (ئاخىرەتتە) جەھەننەمگە توپلىنىسىلەر، جەھەننەم نېمىدېگەن يامان تۆشەك» ، يەنى ئى مۇھەممەد! يەھۇدىيلارغا ۋە جىمى كاپىرلارغا ئېيتقىنكى، سىلەر بۇ دۇنيادا مەغلۇب قىلىنىسىلەر، ئاخىرەتتە بولسا جەھەننەمگە ھەيدىلىپ شۇ جايدا توپلىنىسىلەر. جەھەننەم ئوتىنىڭ ئۇستىدە ئولتۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ تۆشەك ھەقىقەتەن يامان تۆشەكتۇر. 13. «ئۇچراشقان ئىككى گۇرۇھتا سىلەر ئۇچۇن ئىبرەت بار، بىرى، ئاللاھ يولىدا ئۇرۇشۇۋاتقان مۇسۇلمان گۇرۇھتۇر، يەنە بىرى، كۆزلىرىگە مۇسۇلمانلار (سانى) ئۆزلىرىدەك ئىككى ھەسسە كۆرۈنۈپ كەتكەن كاپىرلار گۇرۇھىدۇر. ئاللاھ خالىغان كىشىگە ياردەم بېرىپ قوللايدۇ. بۇنىڭدا ھەقىقەتەن ئەقىل ئىگىلىرى ئۇچۇن ئىبرەت بار». يەنى ئى يەھۇدىيلار جامائەسى! بەدرىدە جەڭ ئۇچۇن ئۇچراشقان ئىككى گۇرۇھتا سىلەر ئۇچۇن ئىبرەت بار. ئۇلارنىڭ بىرى، ئاللاھنىڭ دىنىنى ئۇستۇن قىلىش يولىدا جىھاد قىلغان مۇسۇلمانلار گۇرۇھى،

يەنە بىرى، تاغۇتلار يولىدا ئۇرۇش قىلىدىغان قۇرەيش كاپىرلىرى گۇرۇھىدۇر. ئۇلار مۇسۇلمان قوشۇنىنى ئۆزلىرىدىن ئىككى ھەسسە كۆپ كۆرگەن. بۇ خىيال ياكى پەرەز ئەمەس، بەلكى ئۆز كۆزلىرى بىلەن ئوپئوچۇق كۆرگەن ھادىسە. ئاللاھ كاپىرلارغا قورقۇنچ سېلىش بىلەن ئۇلارنى ئۇرۇشتىن قول يىغدۇرۇش ئۈچۈن، كاپىرلارغا مۇسۇلمانلارنىڭ سانىنى جىق كۆرسەتتى. ئاللاھ خالىغان بەندىسىنى ئۆزىنىڭ ياردىمى بىلەن كۈچلەندۈرىدۇ. بۇنىڭدا ساغلام ئەقىل، توغرا پىكىرگە ئىگە بولغانلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئىبرەت بار. ئايەتنىڭ نېگىزى شۇكى، ماددىي قۇۋۋەت ھەممىگە يېتەرلىك ئەمەس، غەلىبە سانىنىڭ كۆپلۈكى ياكى كۈچىنىڭ چوڭلۇقى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ ياردىمى ۋە قوللىشى بىلەن قولغا كېلىدۇ. «ئاللاھ سىلەرگە نۇسرەتنى ئاتا قىلغان ۋاقىتتا، سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىن غالىب كېلىدىغان كۈچ يوق.» (سۈرە ئال ئىمران 160 - ئايەت). 14. ئاللاھ تائالا كىشىلەرنىڭ پانىي دۇنيانىڭ ھەۋەسلىرىگە ئالدىنىپ كېتىش ئەھۋالىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئاياللار، ئوغۇللار، ئالتۇن - كۈمۈشتىن توپلانغان كۆپ ماللار، ئارغىماقلار، چارۋىلار ۋە ئېكىنلەردىن ئىبارەت كۆڭۈل تارتىدىغان نەرسىلەرنىڭ مۇھەببىتى ئىنسانلارغا چىرايلىق كۆرسىتىلدى. ئۇلار دۇنيا تىرىكچىلىكىنىڭ ۋاقىتلىق مەنپەئەتلىرىدۇر. ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا بولسا قايتىدىغان گۈزەل جاي (جەننەت) باردۇر.» دۇنيا مەنپەئەتلىرىدىن كۆڭۈل تارتىدىغان، نەپس ئىستەيدىغان نەرسىلەرنى بايان قىلىشتا، ئۇنى ئاياللاردىن باشلىغان. چۈنكى ئاياللارنىڭ پىتنىسى چوڭ، ئۇلارنىڭ لەززىتى ھەممىدىن ئارتۇقتۇر. بىر ھەدىستە: «مېنىڭدىن كېيىن ئەرلەر ئۈچۈن ئاياللاردىن زىيانلىقراق بىر

پىتنىنى قوبۇپ كەتمىدىم» دېگەن (بۇخارىي رىۋايىتى). ئاندىن شۇ ئاياللاردىن تۇغۇلىدىغان ئوغۇللارنى بايان قىلغان. ئوغۇللارنى مال - دۇنيانىڭ بايانىدىن ئىلگىرى بايان قىلىشتىكى سەۋەب، ئوغۇللارنىڭ دىلغا ئەڭ يېقىن بولغانلىقىدىن ئىدى. چۈنكى ئىنسان ئۈچۈن پەرزەنت مال - دۇنيادىنمۇ بەكرەك سۆيۈملۈكتۇر. مال - دۇنيانىڭ كۆڭۈلگە سۆيۈملۈك بولۇشىنىڭ سەۋەبى، دۇنيانىڭ كۆپلىگەن لەززەتلىرى ئۇنىڭ بىلەن ھاسىل بولغانلىقىدۇر. ئىنسان شۇ مال - دۇنيانى ھاسىل قىلىش يولىدا ئۆزىنى خەتەرلەرگە ئاتىدۇ. «مالنى (ھېرىسلىق بىلەن) ناھايىتى دوست تۇتىسىلەر.» (فەجر سۈرىسى 20 - ئايەت). ئالتۇن بىلەن كۈمۈش مۇئامىلە قىلىنىدىغان ئەسلىي پۇل بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنى ئالاھىدە بايان قىلغان. ئارغىماقلار، تۆگە، كالا، قوي قاتارلىق ماللاردىن مىنىش، غىزالىنىش ۋە زىنىنەتلىنىش ئۈچۈن پايدىلانغىلى بولىدۇ. زىرائەت بولسا رىزىق ھاسىل قىلىشنىڭ بىر يولىدۇر. بۇلار پانىي دۇنيانىڭ ۋاقىتلىق مەنپەئەتلىرى بولۇپ، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا بولسا قايتىدىغان ئەڭ ياخشى جاي ـ جەننەت ۋە ساۋاب باردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن باشقىغا ئەمەس، جەننەتكە قىزىقىش كېرەك. 15. ئى مۇھەممەد! قەۋمىڭگە ئېيتقىنكى، «سىلەرگە دۇنيانىڭ زىبۇزىنىنەتلىرى ۋە ۋاقىتلىق نېمەتلىرىدىنمۇ ياخشى بولغان نەرسىلەرنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ تەقۋادارلار ئۈچۈن قىيامەت كۈنىدە پەرۋەردىگارىنىڭ ھۇزۇرىدا ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەر بولۇپ، ئۇلار ئۇ جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ. جەننەتلەردە ئۇلار ئۈچۈن ماددىي ۋە مەنىۋى ھەرقانداق بىر پاسكىنىلىقلاردىن پاك بولغان، دۇنيا ئاياللىرىغا ئوخشىمايدىغان جۈپتىلەر بار.

تەقۋادارلار ئۈچۈن يەنە ئاللاھنىڭ رازىلىقى بار». بۇ قانداق رازىلىق دېگەندە، مۇنداق دېيىلگەن: «سىلەرگە رازىلىقىمنى ئاتا قىلىمەنكى، شۇنىڭدىن كېيىن سىلەرگە ھەرگىزمۇ غەزەپ قىلمايمەن»، «ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى كۆرۈپ ۋە بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. ئاتا - ئېھساندىن ھەركىمگە ھەقلىق بولغىنىنى بېرىدۇ». 16. ئاللاھ تائالا جەننەتلەردە مەڭگۈ قېلىش ئىنئامىغا ئېرىشكەن تەقۋادار مۆمىنلەرنىڭ سۈپەتلىرىنى بايان قىلىپ دەيدۇكى، بىز سۆزىنى قىلىۋاتقان تەقۋادارلار: «پەرۋەردىگارىمىز! بىز شۈبھىسىز ساڭا، كىتابلىرىڭغا، پەيغەمبەرلىرىڭگە ئىمان ئېيتتۇق، بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى پەزلىڭ ۋە رەھمىتىڭ بىلەن مەغپىرەت قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن» دەيدۇ. 17. ئاللاھ تائالا جەننەتلەردە مەڭگۈ قېلىش ئىنئامىغا ئېرىشكەن تەقۋادار مۆمىنلەرنىڭ سۈپەتلىرىنى بايان قىلىشنى داۋام قىلىپ دەيدۇكى، تەقۋادارلار باشلىرىغا كەلگەن ئېغىرلىقلار ۋە قىيىنچىلىقلارغا سەۋر قىلغۇچىلاردۇر، ئاللاھقا بولغان ئىمانىدا ۋە ئاللاھقا ئۇچرىششقا بولغان ئىشەنچلىرىدە راستچىللاردۇر، راھەت ۋە جاپالىق پۈتۈن ھاللاردا ئاللاھقا ئىتائەت قىلغۇچىلاردۇر، ياخشىلىق يوللىرىغا پۇل - ماللىرىنى سەرپ قىلغۇچىلاردۇر ۋە سەھەرلەردە ئىستىغپار ئېيتقۇچىلاردۇر.

**ئىلاۋە:** 1. ئىنسانغا كۆڭلى ئىستىگەن نەرسىلەرنى گۈزەل كۆرسەتكەن زادى كىم؟ ئۇنى شەيتان دېگەنلەر بار. ئاللاھنىڭ «ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى شەيتان ئۇلارغا چىرايلىق كۆرسەتتى» دېگەن سۆزى بۇنى ئىپادىلەيدۇ. شەيتاننىڭ يامانلىقنى چىرايلىق كۆرستىشى ئىنساننى شۇ يامانلىققا ۋەسۋەسە

قىلىشى ۋە كۆڭلىنى شۇنىڭغا مايىل قىلىشى دېگەنلىكتۇر. چىرايلىق كۆرسەتكۈچى ئاللاھتۇر دېگەنلەرمۇ بار. ئاللاھ تائالانىڭ: «ئىنسانلارنىڭ قايسىلىرىنىڭ ئەمەلى ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن، بىز ھەقىقەتەن يەر يۈزىدىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسىنى يەر يۈزىنىڭ زىننىتى قىلدۇق» دېگەن سۆزى شۇنى كۆرسىتىدۇ. ئاللاھنىڭ چىرايلىق كۆرسىتىشى شەيتانغا ئوخشاش بەندىلەرنى ئازدۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى نەپسىي ھەۋەسكە قۇل بولغۇچىلار بىلەن ئاللاھقا ھەقىقىي قۇلچىلىق قىلغۇچىلارنى ئايرىش ئۈچۈن سىنىغانلىقىدۇر. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنۇ سۆزىمۇ بۇنى ئىپادىلەيدۇ: «ئى ئاللاھ! سەن بىزگە چىرايلىق قىلىپ كۆرسەتكەن نەرسىلەرگە سېنىڭ ياردىمىڭ بولمىسا بىز تاقەت قىلالمايمىز» (بۇخارىي رىۋايىتى). 2. سەھەرلەرنى ئىستىغپار ئېيتىش ئۈچۈن خاس قىلغان ھالدا كۆرسىتىش، سەھەرلەر دۇئالارنىڭ ئىجابەت بولۇشقا ئەڭ يېقىن ۋاقىتلار بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. چۈنكى سەھەر ۋاقتىدا ئادەمنىڭ روھى سۈزۈك بولىدۇ. مۇنداق ۋاقىتتا ئىبادەت قىلىش قىيىن بولغانلىقتىن، ئۇ قوبۇل بولۇشقا ئەڭ يېقىندۇر. ئىبنى كەسىر مۇنداق دېگەن: ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر كېچىدە ناماز ئوقۇيتتى. ئاندىن: «ئى نافىئى! سەھەر ۋاقتى كەلدىمۇ؟» دەپ سورايتتى. «ھەئە، كەلدى» دېسە، تاڭ ئاتقۇچە دۇئا ۋە ئىستىغپارغا يۈزلىنەتتى.

شَهِدَ ٱللَّهُ أَنَّهُۥ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ وَٱلۡمَلَٰٓئِكَةُ وَأُوْلُواْ ٱلۡعِلۡمِ
قَآئِمَۢا بِٱلۡقِسۡطِۚ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ ٱلۡعَزِيزُ ٱلۡحَكِيمُ ﴿١٨﴾ إِنَّ ٱلدِّينَ
عِندَ ٱللَّهِ ٱلۡإِسۡلَٰمُۗ وَمَا ٱخۡتَلَفَ ٱلَّذِينَ أُوتُواْ ٱلۡكِتَٰبَ إِلَّا

مِنۢ بَعۡدِ مَا جَآءَهُمُ ٱلۡعِلۡمُ بَغۡيَۢا بَيۡنَهُمۡۗ وَمَن يَكۡفُرۡ
بِـَٔايَٰتِ ٱللَّهِ فَإِنَّ ٱللَّهَ سَرِيعُ ٱلۡحِسَابِ ﴿١٩﴾ فَإِنۡ حَآجُّوكَ
فَقُلۡ أَسۡلَمۡتُ وَجۡهِيَ لِلَّهِ وَمَنِ ٱتَّبَعَنِۗ وَقُل لِّلَّذِينَ أُوتُواْ
ٱلۡكِتَٰبَ وَٱلۡأُمِّيِّـۧنَ ءَأَسۡلَمۡتُمۡۚ فَإِنۡ أَسۡلَمُواْ فَقَدِ ٱهۡتَدَواْۖ
وَّإِن تَوَلَّوۡاْ فَإِنَّمَا عَلَيۡكَ ٱلۡبَلَٰغُۗ وَٱللَّهُ بَصِيرُۢ بِٱلۡعِبَادِ ﴿٢٠﴾
إِنَّ ٱلَّذِينَ يَكۡفُرُونَ بِـَٔايَٰتِ ٱللَّهِ وَيَقۡتُلُونَ ٱلنَّبِيِّـۧنَ
بِغَيۡرِ حَقّٖ وَيَقۡتُلُونَ ٱلَّذِينَ يَأۡمُرُونَ بِٱلۡقِسۡطِ مِنَ
ٱلنَّاسِ فَبَشِّرۡهُم بِعَذَابٍ أَلِيمٍ ﴿٢١﴾ أُوْلَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ حَبِطَتۡ
أَعۡمَٰلُهُمۡ فِي ٱلدُّنۡيَا وَٱلۡأٓخِرَةِ وَمَا لَهُم مِّن نَّٰصِرِينَ ﴿٢٢﴾
أَلَمۡ تَرَ إِلَى ٱلَّذِينَ أُوتُواْ نَصِيبٗا مِّنَ ٱلۡكِتَٰبِ يُدۡعَوۡنَ إِلَىٰ
كِتَٰبِ ٱللَّهِ لِيَحۡكُمَ بَيۡنَهُمۡ ثُمَّ يَتَوَلَّىٰ فَرِيقٞ مِّنۡهُمۡ وَهُم
مُّعۡرِضُونَ ﴿٢٣﴾ ذَٰلِكَ بِأَنَّهُمۡ قَالُواْ لَن تَمَسَّنَا ٱلنَّارُ إِلَّآ
أَيَّامٗا مَّعۡدُودَٰتٖۖ وَغَرَّهُمۡ فِي دِينِهِم مَّا كَانُواْ يَفۡتَرُونَ ﴿٢٤﴾
فَكَيۡفَ إِذَا جَمَعۡنَٰهُمۡ لِيَوۡمٖ لَّا رَيۡبَ فِيهِ وَوُفِّيَتۡ كُلُّ نَفۡسٖ
مَّا كَسَبَتۡ وَهُمۡ لَا يُظۡلَمُونَ ﴿٢٥﴾

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:**

ئاللاھ تائالا ئىلگىرى ئۆتكەن «ئۇلار (تەقۋادارلار): «پەرۋەردىگارىمىز! بىز شۈبھىسىز ئىمان ئېيتتۇق، بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن، دەيدۇ» دېگەن ئايەتتە مۆمىنلەرنىڭ ئىمانىنى ماختىغان بولسا، «ئاللاھ ئادالەتنى بەرپا قىلغان ھالدا گۇۋاھلىق بەردىكى، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق)

يوقتۇر...» دېگەن بۇ ئايەتلەردە شۇ ئىماننىڭ تەجەللىسىنى بايان قىلغان. ئاندىن ئىسلام دىنىنىڭ ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ دىنى بولۇشقا رازى بولغان ۋە ئۆزى تاللاپ بەرگەن ھەق دىن ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئاخىرقى زامان پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھقا ئۆزىنى تاپشۇرۇپ، ئاللاھنىڭ دىنىغا بويسۇنىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىشقا بۇيرۇغان. ئاندىن ئۇنىڭغا ئەھلى كىتابنىڭ ئازغۇنلۇقلىرىنى، دىن ئىشلىرىدىكى ئىختىلاپلىرىنى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ھۆكمىنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتقانلىقىنى بايان قىلغان.

**بۇ ئايەتلەرنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىدە يەرلەشكەندىن كېيىن، شامدىن ئىككى نەپەر ئەھلى كىتاب ئالىمى كەلدى. ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كىرىش بىلەنلا ئۇنى سۈپەتلىرى بىلەن تونۇدى ۋە «سىز مۇھەممەدمۇ؟» دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «ھەئە، مەن» دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن ئۇلار يەنە: «سىز ئەھمەدمۇ؟» دەپ سورىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە: «ھەئە، مەن ئەھمەد» دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «بىز سىزدىن بىر شاھادەت (گۇۋاھلىق) ھەققىدە سورايمىز، ئەگەر جاۋاب بېرەلىسىڭىز، سىزگە ئىمان كەلتۈرۈپ مۇسۇلمان بولىمىز» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «قېنى سوراڭلار» دېۋىدى، ئۇلار: «ئاللاھنىڭ كىتابىدىكى ئەڭ چوڭ شاھادەت قايسى؟» دەپ سوراشتى ۋە شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە «ئاللاھ ئادالەتنى بەرپا قىلغان ھالدا گۇۋاھلىق بەرىدىكى، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر....» دېگەن ئايەت چۈشتى. شۇنىڭ

بىلەن بۇ ئىككى كىشى مۇسۇلمان بولغانلىقلىرىنى ئېلان قىلىشتى.

**تەپسىرى:** 18. «ئاللاھ ئادالەتنى بەرپا قىلغان ھالدا گۇۋاھلىق بەردىكى، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر» ، يەنى ئاللاھ تائالا ئەجەل ۋە رىزىقلارنى تەقسىم قىلىش، بەلگىلەش ئىشلىرىدا ئادالەتنى بەرپا قىلغان ھالدا، بەندىلىرىگە ئۆزىنىڭ بىرلىكىنى ئېلان قىلدى، يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. زەمەخشەرىي مۇنداق دېگەن: ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىنىڭ بىرلىكىگە دالالەت قىلىدىغان ئالامەتلىرى ئوچۇقلۇق ۋە روشەنلىكتە گۇۋاھچىنىڭ گۇۋاھلىق بەرگىنىگە ئوخشىتىلغان. «پەرىشتىلەرمۇ، ئىلىم ئەھلىلىرىمۇ شۇنداق گۇۋاھلىق بەردى» ، يەنى پەرىشتىلەر بىلەن ئەھلى ئىلىملەرمۇ ئاللاھ تائالانىڭ ياراتقانلىرى ۋە ئاجايىپ گۈزەل سەنئەتلىرىنىڭ دەلىللىرى بىلەن «ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر. ئۇ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر» دەپ ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىگە گۇۋاھلىق بەردى. 19. «ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ نەزىرىدە مەقبۇل دىن ئىسلام (دىنى) دۇر» ، يەنى ئاللاھ تائالانىڭ نەزەرىدە قوبۇل بولغان دىن بىرلا ئىسلام دىنى بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقىسىنى قەتئىي قوبۇل قىلمايدۇ ۋە رازى بولمايدۇ. «كىتاب بېرىلگەنلەر پەقەت ئۆزلىرىگە ئىلىم كەلگەندىن كېيىنلا ئۆزئارا ھەسەت قىلىشىپ ئىختىلاپ قىلىشتى» ، يەنى يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىيانلار ئىسلامنىڭ ھەقلىقىنى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەرلىكىنى روشەن پاكىتلار ئارقىلىق بىلىپ تۇرۇپ، كۆرەلمەسلىكتىن ئىنكار قىلىشتى. ئۇلارنىڭ كۈپرىلىقى بىلمەسلىكتىن ياكى

خاتالاشقانلىقتىن ئەمەس، بەلكى بويۇنتاۋلىقتىن، مۇتەكەببىرلىكتىن بولغان كۇپرىدۇر. ئۇلارنىڭ مۇنداق كۇپرىلىقىغا سەۋەب بولغان نەرسە ئۆز ئارىسىدىكى كۆرەلمەسلىك ۋە چوڭلۇق تالىشىشتىن كېلىپ چىققان. «كىمكى ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلىدىكەن، (بىلسۇنكى) ئاللاھ ناھايىتى تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر». بۇ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بولغان ئېغىر تەھدىت بولۇپ، كىمكى ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇ ئاللاھ تائالاغا ناھايىتى تېز ئۇچرىشىدۇ ۋە كۇپرىلىقى ئۈچۈن ئۇنى ئاللاھ تائالا ھېچ كېچىكتۈرمەستىن جازالايدۇ. چۈنكى ئاللاھ ناھايىتى تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر. 20. «ئەگەر ئۇلار سەن بىلەن مۇنازىرىلەشسە: ‹ماڭا ئەگەشكەنلەر بىلەن بىرلىكتە، مەن ئۆزۈمنى ئاللاھقا تاپشۇردۇم› دېگىن»، يەنى ئى مۇھەممەد! ئۇلار سەن بىلەن دىن ھەققىدە مۇنازىرىلەشسە، ئۇلارغا: مەن ئاللاھ تائالانىڭ بەندىسىمەن، ئۇنىڭ ئەمرىگە پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن بويسۇندۇم، ئىبادىتىمنى ئۇنىڭغىلا بېغىشلىدىم، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى ياكى ئوخشىشى ياكى بالىسى يوقتۇر. مەن ۋە ماڭا ئەگەشكەن مۆمىنلەر ھەممىمىز ئىسلام دىنىغا مەنسۇپمىز، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە پۈتۈنلەي بويسۇنغۇچىلارمىز، دېگىن. كىتاب بېرىلگەنلەرگە ۋە ئۇممىلەرگە: «مۇسۇلمان بولدۇڭلارمۇ؟» دېگىن، ئەگەر ئۇلار مۇسۇلمان بولسا، توغرا يول تاپقان بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار يۈز ئۆرۈسە (ساڭا ھېچ زىيىنى يوق)، سېنىڭ پەقەت تەبلىغ قىلىش مەسئۇلىيىتىڭ بار». يەنى يەھۇدىيلارغا، خىرىستىيانلارغا ۋە ئەرەب مۇشرىكلىرىدىن بولغان جاھالەت ئىگىلىرىگە: سىلەر مۇسۇلمان بولدۇڭلارمۇ ياكى مۇسۇلمان بولۇشۇڭلارغا يېتەرلىك دەلىل - ئىسپاتلار

كەلگەندىن كېيىنمۇ يەنە كۆپرىلىقلاردا چىڭ تۇرامسىلەر؟ دېگىن. ئەگەر ئۇلار سىلەر ئىمان ئېيتقاندەك ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولسا، زالالەتتىن ھىدايەتكە ۋە قاراڭغۇلۇقتىن يورۇقلۇققا چىقىش ئارقىلىق پايدا تاپقان بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار بۇ دەۋەتتىن يۈز ئۆرۈسە، ئۇنىڭ ساڭا ھېچقانداق زىيىنى يوق. چۈنكى ئاللاھ تائالا سېنى ئۇلارنى ھىدايەت قىلىشقا بۇيرۇغان ئەمەس، بەلكى سېنى پەقەت ھەقىقەتنى يەتكۈزۈشكىلا بۇيرۇغان. بۇ جۈملىدىن مەقسەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەسەللىي بېرىشتۇر. «ئاللاھ بەندىلىرىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر»، يەنى ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنىڭ جىمى ئەھۋالىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، شۇنىڭغا ئاساسەن ئۇلارغا مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەھلى كىتابقا بۇ ئايەتلەرنى تىلاۋەت قىلىپ بەرگەندىن كېيىن، ئۇلار: «بىز مۇسۇلمان بولدۇق» دېيىشكەن. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەھۇدىيلارغا: «ئىيسانىڭ ئاللاھ تائالانىڭ بەندىسى، پەيغەمبىرى ۋە ئۇنىڭ كەلىمىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرەمسىلەر؟» دەپ سورىغاندا، يەھۇدىيلار: «مۇنداق دېيىشتىن خۇدا ساقلىسۇن» دەپ رەت قىلىدۇ. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خىرىستىيانلاردىن: «ئىيسانىڭ ئاللاھ تائالانىڭ بەندىسى، پەيغەمبىرى ۋە ئۇنىڭ كەلىمىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرەمسىلەر؟» دەپ سورىۋىدى. ئۇلارمۇ: «ئىيسا ئاللاھنىڭ بەندىسى بولۇشتىن خۇدا ساقلىسۇن» دەپ رەت قىلىدۇ. مانا بۇ ئاللاھ تائالانىڭ «ئەگەر يۈز ئۆرۈسە...» دېگەن سۆزىنىڭ ئىپادىسىدۇر. 21. «ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلىدىغانلار، پەيغەمبەرلەرنى ناھەق ئۆلتۈرىدىغانلار ۋە كىشىلەرنىڭ

ئىچىدىكى ئادالەتكە بۇيرۇيدىغانلارنى ئۆلتۈرىدىغانلارغا چوقۇم قاتتىق ئازاب بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن» ، يەنى ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلەرنى يالغانغا چىقىرىدىغانلار، ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئاللاھقا دەۋەت قىلغانلىقى سەۋەبلىك ناھەق ئۆلتۈرىدىغانلار، كىشىلەرنى ياخشىلىققا ۋە ئادالەت بىلەن ئىش كۆرۈشكە چاقىرىدىغانلارنى ئۆلتۈرىدىغانلارغا ئاخىرەتتىكى قاتتىق ئازابتىن خۇش خەۋەر بەرگىن. بۇيەردىكى «خۇش خەۋەر» سۆزى مەسخىرە ئۇسلۇبىدا ئىشلىتىلگەن. پەيغەمبەرلەرنى ئۆلتۈرگەنلەر يەھۇدىيلار بولۇپ، ئۇلار زەكەرىيا ئەلەيھىسسالام بىلەن ئوغلى يەھيا ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرگەن ئىدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ قاتتىق ئازابىغا ھەقلىق بولغۇچىلاردۇر. چۈنكى ئۇلار ئۈچ چوڭ جىنايەتنى ئۆزلىرىدە توپلىغان بولۇپ، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلىش، پەيغەمبەرلەرنى ئۆلتۈرۈش ۋە ئاللاھ تائالاغا چاقىرغۇچىلارنى ئۆلتۈرۈش قاتارلىقلاردۇر. 22. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ جىنايەتلىرىنىڭ يامان ئاقىۋىتىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەنە شۇلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى ئەمەللىرى بىكار بولدى» ، يەنى ئۇلارنىڭ قىلغان بارلىق ياخشىلىقلىرى بىكار بولۇپ كەتتى. ياخشىلىق دەپ قىلغانلىرىدىن ئىككىلا دۇنيادا ھېچقانداق ئەسەر قالمىدى. بەلكى ئىككىلا دۇنيادا ئۇلارغا لەنەت، خورلۇقلا قالدى. «ئۇلارغا ھېچ ياردەم قىلغۇچى يوقتۇر» ، يەنى ئۇلارنى ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن قوغداپ قالالايدىغان ھېچقانداق ياردەمچى ياكى شاپائەتچى چىقمايدۇ. 23. ئاللاھ تائالا ئەھلى كىتابنىڭ تەرسالىقى ۋە بويۇنتاۋلىقلىرىدىن بىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «كىتابتىن نېسىۋە بېرىلگەنلەر (يەھۇدىيلارنىڭ

ئۆلىمالىرى)نـى كۆرمىدىڭمۇ؟» ، يەنـى ئـى مۇھەممـەد! كىتابتىـن نېسـۋە بېرىلگەن ئاشۇ ئادەملەرنىڭ ھالىدىن ئەجەبلەنمەمسەن؟! بـۇ، پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسـالام ۋە بـۇ خىتـاب ئـۆز ئىچىگـە ئالغـان ھەرقانــداق كىشــىگە قارىتىلغــان ئەجەبلەنــدۈرۈش خىتابىــدۇر. ئىمــام زەمەخشــەرىي مۇنــداق دېگــەن: «كىتابتىــن نېســۋە بېرىلگەنلــەر» دېگــەن ســۆزدىن مەقســەت يەھۇدىيلارنىــڭ ئۆلىمالــرى بولــۇپ، ئــۇلار تەۋراتتىــن خېلــى كــۆپ نېســۋىدار بولغــان ئىــدى. «ئــۇلار ئــۆز ئارىســىدا (دەتــالاش قىلىشــقان ئىشلار توغرىســىدا) ئاللاھنىــڭ كىتابــى بويىچــە ھۆكــۈم چىقىرىشــقا چاقىرىلســا، ئۇلارنىــڭ بىــر تۈركۈمــى بۇنىڭدىــن يــۈز ئۆرۈيــدۇ، ئــۇلار (شــۇنداق) ھەقتىــن يــۈز ئۆرۈگۈچىلــەردۇر» ، يەنــى يەھۇدىيلارنىــڭ ئــۆز ئارىســىدىكى دەتــالاش قىلىشــقان ئىشــلىرى توغرىســىدا ئۆزلــرى ئېتىقــاد قىلىۋاتقــان ۋە راســتلىقىغا شــاھىد بولۇۋاتقـان تەۋراتنىڭ ھۆكمى بويىچە ھۆكۈم قىلىشـقا چاقىرىلسـا، ئۇلارنىــڭ بىــر بۆلۈكى ئالــلاھ تائالانىڭ ھۆكمىنى قوبۇل قىلىشــتىن يــۈز ئۆرۈگۈچىــدۇر. بــۇ ئۇلارنىــڭ تــەۋرات بويىچــە ھۆكــۈم قىلىشــنىڭ زۆرۈرلىكىنــى بىلىــپ تــۇرۇپ، ئۇنــى قوبــۇل قىلىشــتىن يــۈز ئۆرۈگەنلىكىنىــڭ ھەقىقەتــەن ئەجەبلىنىشــكە تېگىشــلىك ئىــش ئىكەنلىكىنــى ئىپادىلــەش ئۈچۈنــدۇر. «ئــۇلار (شــۇنداق) ھەقتىــن يــۈز ئۆرۈگۈچىلــەردۇر» دېگــەن جۈملە ئۇلارنىــڭ ھەقتىن يــۈز ئۆرۈشــنى ئــادەت قىلىۋالغانلىقــى، ھەتتــا مۇنــداق قىلىــش ئۇلارنىــڭ تەبىئىتىگــە ســىڭىپ كەتكەنلىكىنــى تەكىتلــەش ئۈچــۈن كەلگــەن. بــۇ ئايــەت توغرىســىدا مۇپەسســىرلەر مۇنــداق دەيــدۇ: «يەھۇدىيــلار ئــۆز ئارىســىدىن ئىككــى كىشــىنىڭ زىنــا قىلغانلىقــى ســەۋەبلىك پەيغەمبــەر ئەلەيھىسســالامغا ھۆكــۈم قىلدۇرغىلــى كەلگــەن، پەيغەمبــەر ئەلەيھىسســالام ئۇنــى رەجىــم (چالمــا -

كىسەك) قىلىشقا بۇيرۇغانىدا، ئۇلار بۇ ھۆكۈمنى قوبۇل قىلمىغان ۋە <كىتابىمىزدا مۇنداق بىر ھۆكۈمنى ئۇچراتمىدۇق> دېيىشكەن». تەۋراتنى كەلتۈرۈپ ئۇنىڭدىكى رەجىم قىلىش ھۆكمىنى تاپقاندىن كېيىن، بۇ ئىككىسى رەجىم قىلىنغان. بۇ ۋاقىتتا يەھۇدىيلار قاتتىق غەزەپلەنگەن. شۇڭا ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە ئۇلارنى قاتتىق سۆككەن. 24. «بۇ ئۇلارنىڭ ‹دوزاخ ئوتى بىزنى ساناقلىق كۈنلەرلا كۆيدۈرىدۇ› دېگەنلىكلىرى ۋە دىنىي جەھەتتە ئويدۇرۇپ چىقارغان نەرسىلىرىنىڭ ئۆزلىرىنى ئالدىغانلىقى ئۈچۈندۇر»، يەنى ئۇلارنىڭ مۇنداق يۈز ئۆرۈشى ئاللاھ تائالاغا تۆھمەت قىلغانلىقى، ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبەر ئەۋلادلىرى بولغانلىقلىرى ئۈچۈن دوزاختا پەقەت ئۇلار موزايغا چوقۇنغان (40 كۈن) ۋاقىتچىلىكلا كۆيدىغانلىقىنى دەۋا قىلغانلىقى ۋە دىنىي ئىشلاردا ئالدىنىپ، ئاللاھقا يالغاننى توقۇغانلىقلىرى سەۋەبىدىن ئىدى. 25. «ئۇلارنى كېلىشى شەكسىز بولغان كۈندە توپلىغىنىمىزدا ۋە ھېچقانداق ھەقسىزلىق قىلىنماستىن ھەر بىر كىشىنىڭ قىلغان ئىشىنىڭ جازا - مۇكاپاتى تولۇق بېرىلگەن ۋاقىتتا، ئۇلارنىڭ ھالى قانداق بولار؟»، يەنى قىيامەت كۈنى ئۇلارنى ھېساب مەيدانىغا توپلىغىنىمىزدا ۋە ھېچكىمگە ئازابنى زىيادە قىلىۋېتىش ياكى ساۋابىنى كېمەيتىۋېتىش دېگەندەك ھەقسىزلىق قىلىنماستىن، تېگىشلىك مۇكاپات ياكى جازاسى تولۇق بېرىلىدىغان ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ ھالى قانداق بولار؟ بۇ قىيامەتنىڭ دەھشەتلىك قورقۇنچىسىنى تەسۋىرلەش بولۇپ، كاپىرلارنىڭ ھالىنىڭ بۇ كۈندە يامان بولىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

**ئىلاۋە:** قۇرتۇبىي مۇنداق دېگەن: بۇ ئايەتتە، ئىلمىنىڭ

ۋە ئىلىم ئەھلىنىڭ پەزىلىتى، ھۆرمىتى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدىكى ئورنىنىڭ يۈكسەكلىكىگە ئىشارەت بار. چۈنكى، ئەگەر ئۆلىمالاردىن باشقا ھۆرمەتلىكرەك ۋە شەرەپلىكرەك بىرلىرى بولغان بولسا ئىدى، ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ مۇبارەك ئىسىل شەرىپىگە ۋە پەرىشتىلەرنىڭ ئىسمىغا ئۆلىمالارنى ئەمەس، بەلكى ئەلۋەتتە شۇلارنى يېقىن قىلىپ بايان قىلغان بولاتتى. ئۆلىمالارنىڭ شەرىپى ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئۆلىمالار پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرىدۇر» دېگەن سۆزى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا: «ئى رەببىم! ئىلمىمنى زىيادە قىلغىن، دېگىن» دېگەن سۆزى كۇپايىدۇر. ئىبنى مەسئۇدتىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ ئادالەتنى بەرپا قىلغان ھالدا گۇۋاھلىق بەردىكى، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر...» دېگەن ئايەتنى ئوقۇغان كىشى ئۈچۈن قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالا: «بەندەم ماڭا بىر ئەھدە بەرگەن ئىدى، ئۇنى ئورۇنلىدى، ئەھدىگە ۋاپا قىلىشتا مەن ئۇنىڭدىن ھەقلىقمەن. بەندەمنى جەننەتكە كىرگۈزۈڭلار دەيدۇ.»

قُلِ ٱللَّهُمَّ مَٰلِكَ ٱلۡمُلۡكِ تُؤۡتِي ٱلۡمُلۡكَ مَن تَشَآءُ وَتَنزِعُ ٱلۡمُلۡكَ مِمَّن تَشَآءُ وَتُعِزُّ مَن تَشَآءُ وَتُذِلُّ مَن تَشَآءُۖ بِيَدِكَ ٱلۡخَيۡرُۖ إِنَّكَ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ قَدِيرٞ ٢٦ تُولِجُ ٱلَّيۡلَ فِي ٱلنَّهَارِ وَتُولِجُ ٱلنَّهَارَ فِي ٱلَّيۡلِۖ وَتُخۡرِجُ ٱلۡحَيَّ مِنَ ٱلۡمَيِّتِ وَتُخۡرِجُ ٱلۡمَيِّتَ مِنَ ٱلۡحَيِّۖ وَتَرۡزُقُ مَن تَشَآءُ بِغَيۡرِ حِسَابٖ ٢٧ لَّا يَتَّخِذِ ٱلۡمُؤۡمِنُونَ ٱلۡكَٰفِرِينَ أَوۡلِيَآءَ مِن دُونِ ٱلۡمُؤۡمِنِينَۖ

وَمَن يَفۡعَلۡ ذَٰلِكَ فَلَيۡسَ مِنَ ٱللَّهِ فِي شَيۡءٍ إِلَّآ أَن تَتَّقُواْ
مِنۡهُمۡ تُقَىٰةٗۗ وَيُحَذِّرُكُمُ ٱللَّهُ نَفۡسَهُۥۗ وَإِلَى ٱللَّهِ ٱلۡمَصِيرُ ﴿٢٨﴾
قُلۡ إِن تُخۡفُواْ مَا فِي صُدُورِكُمۡ أَوۡ تُبۡدُوهُ يَعۡلَمۡهُ ٱللَّهُۗ وَيَعۡلَمُ
مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِي ٱلۡأَرۡضِۗ وَٱللَّهُ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ قَدِيرٞ ﴿٢٩﴾
يَوۡمَ تَجِدُ كُلُّ نَفۡسٖ مَّا عَمِلَتۡ مِنۡ خَيۡرٖ مُّحۡضَرٗا وَمَا
عَمِلَتۡ مِن سُوٓءٖ تَوَدُّ لَوۡ أَنَّ بَيۡنَهَا وَبَيۡنَهُۥٓ أَمَدَۢا بَعِيدٗاۗ
وَيُحَذِّرُكُمُ ٱللَّهُ نَفۡسَهُۥۗ وَٱللَّهُ رَءُوفُۢ بِٱلۡعِبَادِ ﴿٣٠﴾ قُلۡ إِن
كُنتُمۡ تُحِبُّونَ ٱللَّهَ فَٱتَّبِعُونِي يُحۡبِبۡكُمُ ٱللَّهُ وَيَغۡفِرۡ لَكُمۡ
ذُنُوبَكُمۡۚ وَٱللَّهُ غَفُورٞ رَّحِيمٞ ﴿٣١﴾ قُلۡ أَطِيعُواْ ٱللَّهَ وَٱلرَّسُولَۖ
فَإِن تَوَلَّوۡاْ فَإِنَّ ٱللَّهَ لَا يُحِبُّ ٱلۡكَٰفِرِينَ ﴿٣٢﴾

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:** ئاللاھ تائالا ئىلگىرىكى ئايەتلەردە ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىنىڭ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ راستلىقىنىڭ ۋە ئىسلام دىنىنىڭ ھەقلىقىنىڭ دەلىللىرىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، بۇ ئايەتلەردە ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا ئاللاھ تائالانىڭ نۇسرىتىنىڭ يېقىن ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان بىشارەتلەرنى بايان قىلغان. ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە بولۇپ، ئۇ خالىغان كىشىنى ئەزىز قىلىدۇ، خالىغان كىشىنى خار قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىنى ئىسلام دىنىغا ۋە مۇسۇلمانلارغا نۇسرەت بېرىشنى تىلەپ، ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ دۇئا ۋە ئىلتىجا قىلىشقا بۇيرۇيدۇ.

**بۇ ئايەتلەرنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى:** 1. مەككە فەتھى بولغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنىڭ رىملىقلار بىلەن

ئىرانلىقلارنىڭ تەختلىرىگە ئىگە بولىدىغانلىقىغا ۋەدە قىلغان ئىدى، مۇناپىقلار بىلەن يەھۇدىيلار ئىشەنمەستىن، مەسخىرە قىلىپ: «مۇمكىن ئەمەس، مۇھەممەدنىڭ ئىرانلىقلار بىلەرن رىملىقلارغا كۈچى يەتمەيدۇ. ئۇلار ئەڭ كۈچلۈك ۋە قۇدرەتلىك ئادەملەر. مۇھەممەدكە مەككە يەتمەيتىمۇ؟» دېيىشىدۇ. ئەنە شۇ چاغدا، ئاللاھ تائالا: «ئېيتقىنكى، ‹پادىشاھلىقنىڭ ئىگىسى بولغان ئى ئاللاھ! خالىغان ئادەمگە پادىشاھلىقنى بېرىسەن، خالىغان ئادەمدىن پادىشاھلىقنى تارتىپ ئالىسەن؛ خالىغان ئادەمنى ئەزىز قىلىسەن، خالىغان ئادەمنى خار قىلىسەن؛ ھەممە ياخشىلىق سېنىڭ ئىلكىڭدىدۇر، سەن ھەقىقەتەن ھەممىگە قادىرسەن› » دېگەن ئايەتنى چۈشۈرىدۇ. 2. ئىبنى ئابباستىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇبباد ئىبنى سامىت بەدىر غازىتىغا قاتناشقان، ئۆزى تەقۋا كىشى بولۇپ، يەھۇدىيلار بىلەن بۇرۇندىن ئىتتىپاقى بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەھزاب ئۇرۇشىغا چىققاندا، ئۇبباد ئۇنىڭغا: «يا رەسۇلۇللاھ! مېنىڭ يەھۇدىيلاردىن بەش يۈز ئادىمىم بار، دۈشمەنگە قارشى ئۇلارنىمۇ چاقىرغۇم بار» دېگەندە، ئاللاھ تائالا: «مۆمىنلەر مۆمىنلەرنى قويۇپ كاپىرلارنى دوست تۇتمىسۇن» دېگەن ئايەتنى نازىل قىلغان.

**تەپسىرى:** 26. ئېيتقىنكى، «پادىشاھلىقنىڭ ئىگىسى بولغان ئى ئاللاھ! خالىغان ئادەمگە پادىشاھلىقنى بېرىسەن، خالىغان ئادەمدىن پادىشاھلىقنى تارتىپ ئالىسەن؛ خالىغان ئادەمنى ئەزىز قىلىسەن، خالىغان ئادەمنى خار قىلىسەن؛ ھەممە ياخشىلىق سېنىڭ ئىلكىڭدىدۇر، سەن ھەقىقەتەن ھەممىگە قادىرسەن» ، ئى مۇھەممەد! ئېيتقىنكى، ئۇ ھەممىنىڭ ئىگىسى

ئاللاھ! كائىناتتا يالغۇز سەنلا تەسەررۇپ قىلغۇچىسەن، پادىشاھلىقنى خالىغان ئادەمگە بېرىسەن، خالىغان ئادەمدىن تارتىپ ئالىسەن، خالىغان ئادەمنى ئەزىز قىلىسەن، خالىغان ئادەمنى خار قىلىسەن، پۈتۈن ياخشىلىقلارنىڭ خەزىنىسى يالغۇزلا سېنىڭ ئىلكىڭدىدۇر، سەن ھەممىگە قادىرسەن. 27. «كېچىنى كۈندۈزگە كىرگۈزىسەن، كۈندۈزنى كېچىگە كىرگۈزىسەن. جانلىقنى جانسىزدىن چىقىرىسەن، جانسىزنى جانلىقتىن چىقىرىسەن» ، يەنى كۈندۈزنى كېچىگە كىرگۈزگىنىڭدەك، كېچىنى كۈندۈزگە كىرگۈزىسەن. شۇنىڭ بىلەن، كېچە - كۈندۈزنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقا بولۇشى پەسىللەر بويىچە ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. زىرائەتنى داندىن، داننى زىرائەتتىن، خورمىنى خورما دەرىخىدىن، تۇخۇمنى توخۇدىن، توخۇنى تۇخۇمدىن، مۆمىننى كاپىردىن، كاپىرنى مۆمىندىن چىقىرىسەن. بۇ ئىبنى كەسىرنىڭ تەپسىر قىلىشى بولۇپ، ئىمام تەبەرىي مۇنداق دېگەن: بۇ ئايەتنىڭ ئەڭ توغرا تەپسىرى، تىرىك بولغان ئىنسان ۋە ھايۋاننى ئۆلۈك مەنىيدىن، ئۆلۈك مەنىينى تىرىك ئىنسان ۋە ھايۋاندىن چىقىرىسەن، دېگەن تەپسىردۇر. «ئۆزۈڭ خالىغان كىشىگە ھېسابسىز رىزىق بېرىسەن» ، يەنى خالىغان كىشىگە ھەددى - ھېسابسىز كەڭ رىزىق بېرىسەن. 28. ئاندىن ئاللاھ تائالا مۆمىنلەرنىڭ كاپىرلارنى دوست تۇتۇشىنى مەنئى قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مۆمىنلەر مۆمىنلەرنى قويۇپ كاپىرلارنى دوست تۇتمىسۇن، كىمكى شۇنداق قىلىدىكەن، ئۇ ئاللاھنىڭ دوستلۇقىغا ئېرىشەلمەيدۇ. ئۇلاردىن قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىشىڭلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئاللاھ سىلەرنى ئۆزىنىڭ ئازابىدىن قورقۇتىدۇ، ئاخىر قايتىدىغان جاي ئاللاھنىڭ دەرگاھىدۇر» ،

يەنى ئاللاھنىڭ دوستلىرى بولغان مۆمىنلەرنى قويۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ دۈشمەنلىرى بولغان كاپىرلارنى ئۆزلىرىگە دوست قىلىۋالماڭلار. ئىنساننىڭ ئاللاھ مۇھەببىتى بىلەن ئۇنىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ مۇھەببىتىنى قەلبىدە تەڭ ساقلىيالىشى ئەقىلگە سىغمايدۇ. زەمەخشەرىي مۇنداق دېگەن: مۆمىنلەر كاپىرلار بىلەن تۇغقانلىق ياكى دوستلۇق تەرەپتىن ھەرقانچە يېقىنلىقى بولسىمۇ، ئۇلارغا تەرەپدار بولۇشتىن مەنئى قىلىنغان. كىمكى كاپىرلارغا كۆڭۈلدىن باغلىنىپ، ئۇلارغا تەرەپدار بولىدىكەن، ئۇنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە ھېچبىر قىممىتى بولمايدۇ. پەقەت ئۇلارنىڭ يامانلىقلىرىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۇلارغا قەلبتىن ئەمەس تىل بىلەنلا دوستلۇق ئىزھار قىلىپ قويۇش بۇنىڭدىن مۇستەسنا. چۈنكى بۇ ئەقىلسىزلەرنىڭ شەررىدىن ساقلىنىش چارىسىدۇر. ئاللاھ تائالا ئازابى بىلەن سىلەرنى ئاگاھلاندۇرىدۇ. ھامان قايتىدىغان جاي ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھى بولۇپ، ئاللاھ ھەركىمگە ئۇنىڭ قىلغانلىرىغا قاراپ جازا ياكى مۇكاپات بېرىدۇ. 29. ئېيتقىنكى، «دىلىڭلاردىكىنى مەيلى يوشۇرۇڭلار، مەيلى ئاشكارىلاڭلار، ئاللاھ ئۇنى بىلىپ تۇرىدۇ. ئاللاھ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىمۇ بىلىپ تۇرىدۇ. ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر»، يەنى ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «كاپىرلارنى يۈرەكتىن دوست تۇتتۇڭلارمۇ ياكى ئۇلارغا تىلىڭلار بىلەنلا ساداقەت ئىزھار قىلىپ قويدۇڭلارمۇ؟ سىلەر دىلىڭلاردىكىنى يوشۇرغان بىلەن ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ يوشۇرغانلىرىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە پىنھان قالمايدۇ. ئۇ ھەممە ئىشلارنى بىلگۈچى، ئاسمانلار ۋە زېمىندا بولۇۋاتقانلارنىڭ ھەممىسىنى تولۇق بىلگۈچىدۇر. ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق

قىلغۇچىلارنى، ھۆكمىگە بويسۇنمىغۇچىلارنى جازالاشقا ئەلۋەتتە قادىردۇر»، بۇ بەك چوڭ تەھدىتتۇر. 30. «ئۇ كۈندە ھەر ئادەمنىڭ قىلغان ياخشى ئىشلىرى ۋە يامان ئىشلىرى ئۆزىنىڭ ئالدىدا ئايان بولىدۇ، ئۇ ئۆزى بىلەن يامان ئىشلىرىنىڭ ئارىسىدا ئۇزۇن مۇساپە بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ»، يەنى قىيامەت كۈندە، ھەر ئىنسان ئۆزىنىڭ قىلغانلىرىنىڭ نەتىجىسىنى تاپىدۇ، ياخشى ئىش قىلغان بولسا ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى، يامان ئىش قىلغان بولسا ئۇنىڭ جازاسىنى چوقۇم كۆرىدۇ. ئەگەر ئەمەللىرى ياخشى چىققان بولسا ئۇ ئۇنىڭدىن خۇشال بولىدۇ ۋە شاتلىققا تولىدۇ؛ ئەگەر ئۇنىڭ ئەمەلى يامان بولسا، ئۇنى كۆرمەسلىكنى ئارزۇ قىلىدۇ، ئۆزى بىلەن ئەمەلى ئوتتۇرىسىدا خۇددى كۈن چىقىش بىلەن كۈن پېتىش ئارىسىدىكىدەك ئۇزۇن بىر مۇساپىنىڭ بولۇشىنى تىلەيدۇ. «ئاللاھ سىلەرنى ئۆزىنىڭ ئازابىدىن قورقۇتىدۇ. ئاللاھ بەندىلىرىگە مېھرىباندۇر»، يەنى ئاللاھ تائالا سىلەرنى ئۆزىنىڭ ئازابى بىلەن ئاگاھلاندۇرىدۇ، ئۇ بەندىلىرىگە شۇنچە بەك شەپقەتلىككى، ئۇلارنىڭ توغرا يولغا ھىدايەت تېپىشلىرىنى ياقتۇرىدۇ. 31. «ئېيتقىنكى، ‹ئەگەر سىلەر ئاللاھنى دوست تۇتساڭلار، ماڭا ئەگىشىڭلاركى، ئاللاھ سىلەرنى دوست تۇتىدۇ، گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ. ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر› »، يەنى ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا دېگىنكى، ئەگەر سىلەر راستتىنلا ئاللاھ تائالانى سۆيىدىغان بولساڭلار ماڭا ئەگىشىڭلار، چۈنكى مەن ئۇنىڭ ئەلچىسىمەن، شۇنداق قىلساڭلار ئاللاھ تائالا سىلەرنى دوست تۇتىدۇ، ئۆتكەنكى گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ. ئىبنى كەسىر مۇنداق دېگەن: بۇ ئايەت، ئۆزى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىدا بولماي تۇرۇپ، ئاللاھ تائالانى

دوست تۇتىدىغانلىق دەۋاسىنى قىلغۇچىلارنىڭ يالغانچى ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇلارنىڭ جىمى قىلىقلىرىدا، گەپ - سۆزلىرىدە پەيغەمبەرنىڭ يولىغا ئەگەشمىگىچىلىك بۇ دەۋاسىدا راستچىل سانالمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاشقا يېتەرلىكتۇر. 32. «ئېيتقىنكى، ‹ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار› »، يەنى ئاللاھنىڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىڭلار. «ئەگەر ئۇلار يۈز ئۆرۈسە، ئاللاھ كاپىرلارنى دوست تۇتمايدۇ»، يەنى ئەگەر ئۇلار ئىتائەتتىن يۈز ئۆرۈسە، بىلسۇنكى، ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلىدىغان، پەيغەمبىرىنىڭ ئەمرىگە ئاسىيلىق قىلىدىغانلارنى دوست تۇتمايدۇ. بەلكى مۇنداقلارنى جازالايدۇ ۋە رەسۋا قىلىدۇ. «ئاللاھ پەيغەمبەرنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغانلار مۆمىنلەرنى رەسۋا قىلمايدۇ.»

**مۇلاھىزە:** ئىمام مۇسلىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ بىر بەندىنى ياخشى كۆرسە، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنى چاقىرىپ: ‹مەن پالانى كىشىنى ياخشى كۆردۈم، سەنمۇ ياخشى كۆرگىن› دەيدۇ، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالاممۇ ياخشى كۆرىدۇ، ئاندىن ئاسماندا ندا قىلىپ: ‹ئاللاھ پالانىنى ياخشى كۆردى، سىلەرمۇ ياخشى كۆرۈڭلار› دەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئاسماندىكىلەرمۇ ياخشى كۆرىدۇ؛ ئاللاھ بىر بەندىنى ياقتۇرمىسا، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنى چاقىرىپ: ‹مەن پالانى كىشىنى ياخشى كۆرمەيمەن، سەنمۇ ياخشى كۆرمىگىن› دەيدۇ. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالاممۇ ياخشى كۆرمەيدۇ، ئاندىن ئاسماندا ندا قىلىپ: ‹ئاللاھ پالانىنى ياخشى كۆرمەيدۇ، سىلەرمۇ ياخشى كۆرمەڭلار› دەيدۇ،

شۇنىڭ بىلەن ئاسماندىكىلەرمۇ ياخشى كۆرمەيدۇ، ئاندىن ئۇ كىشىنى ياقتۇرماسلىق زېمىندا تارقىتىلىدۇ.»

إِنَّ ٱللَّهَ ٱصۡطَفَىٰٓ ءَادَمَ وَنُوحٗا وَءَالَ إِبۡرَٰهِيمَ وَءَالَ عِمۡرَٰنَ
عَلَى ٱلۡعَٰلَمِينَ ﴿٣٣﴾ ذُرِّيَّةَۢ بَعۡضُهَا مِنۢ بَعۡضٖۗ وَٱللَّهُ
سَمِيعٌ عَلِيمٌ ﴿٣٤﴾ إِذۡ قَالَتِ ٱمۡرَأَتُ عِمۡرَٰنَ رَبِّ إِنِّي نَذَرۡتُ
لَكَ مَا فِي بَطۡنِي مُحَرَّرٗا فَتَقَبَّلۡ مِنِّيٓۖ إِنَّكَ أَنتَ ٱلسَّمِيعُ
ٱلۡعَلِيمُ ﴿٣٥﴾ فَلَمَّا وَضَعَتۡهَا قَالَتۡ رَبِّ إِنِّي وَضَعۡتُهَآ أُنثَىٰ وَٱللَّهُ
أَعۡلَمُ بِمَا وَضَعَتۡ وَلَيۡسَ ٱلذَّكَرُ كَٱلۡأُنثَىٰۖ وَإِنِّي سَمَّيۡتُهَا
مَرۡيَمَ وَإِنِّيٓ أُعِيذُهَا بِكَ وَذُرِّيَّتَهَا مِنَ ٱلشَّيۡطَٰنِ ٱلرَّجِيمِ ﴿٣٦﴾
فَتَقَبَّلَهَا رَبُّهَا بِقَبُولٍ حَسَنٖ وَأَنۢبَتَهَا نَبَاتًا حَسَنٗا وَكَفَّلَهَا
زَكَرِيَّاۖ كُلَّمَا دَخَلَ عَلَيۡهَا زَكَرِيَّا ٱلۡمِحۡرَابَ وَجَدَ عِندَهَا
رِزۡقٗاۖ قَالَ يَٰمَرۡيَمُ أَنَّىٰ لَكِ هَٰذَاۖ قَالَتۡ هُوَ مِنۡ عِندِ ٱللَّهِۖ
إِنَّ ٱللَّهَ يَرۡزُقُ مَن يَشَآءُ بِغَيۡرِ حِسَابٍ ﴿٣٧﴾ هُنَالِكَ دَعَا
زَكَرِيَّا رَبَّهُۥۖ قَالَ رَبِّ هَبۡ لِي مِن لَّدُنكَ ذُرِّيَّةٗ طَيِّبَةًۖ
إِنَّكَ سَمِيعُ ٱلدُّعَآءِ ﴿٣٨﴾ فَنَادَتۡهُ ٱلۡمَلَٰٓئِكَةُ وَهُوَ قَآئِمٞ يُصَلِّي
فِي ٱلۡمِحۡرَابِ أَنَّ ٱللَّهَ يُبَشِّرُكَ بِيَحۡيَىٰ مُصَدِّقَۢا بِكَلِمَةٖ مِّنَ
ٱللَّهِ وَسَيِّدٗا وَحَصُورٗا وَنَبِيّٗا مِّنَ ٱلصَّٰلِحِينَ ﴿٣٩﴾ قَالَ رَبِّ
أَنَّىٰ يَكُونُ لِي غُلَٰمٞ وَقَدۡ بَلَغَنِيَ ٱلۡكِبَرُ وَٱمۡرَأَتِي عَاقِرٞۖ قَالَ
كَذَٰلِكَ ٱللَّهُ يَفۡعَلُ مَا يَشَآءُ ﴿٤٠﴾ قَالَ رَبِّ ٱجۡعَل لِّيٓ ءَايَةٗۖ قَالَ
ءَايَتُكَ أَلَّا تُكَلِّمَ ٱلنَّاسَ ثَلَٰثَةَ أَيَّامٍ إِلَّا رَمۡزٗاۗ وَٱذۡكُر
رَّبَّكَ كَثِيرٗا وَسَبِّحۡ بِٱلۡعَشِيِّ وَٱلۡإِبۡكَٰرِ ﴿٤١﴾

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:** ئاللاھ تائالا ئىلگىرىكى ئايەتلەردە ئىنسان پەيغەمبەرلەرگە ئەگىشىپ ئىتائەت قىلمىغۇچە، ئۆزىنىڭ تولۇق ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشەلمەيدىغانلىقىنى بايان قىلىش بىلەن بىرگە، پەيغەمبەرلەرنىڭ دەرىجىسىنىڭ يۇقىرى ۋە ئورنىنىڭ ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان. بۇ ئايەتلەردە بولسا ئۇلارنى بايان قىلىپ، سۆزنى ئىنسانلارنىڭ ئاۋۋىلى بولغان ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن باشلىدى، ئىنسانلارنىڭ ئىككىنچى ئاتىسى بولغان نۇھ ئەلەيھىسسالامنى بۇنىڭغا يانداشتۇردى، ئۈچىنچى قىلىپ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىنى كەلتۈردى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۇلارنىڭ ئىچىگە كىرگۈزدى. چۈنكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامۇ ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادى ئىدى. تۆتىنچى قىلىپ ئىمران ئائىلىسىنى كەلتۈردى، بۇنىڭ ئىچىگە ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى كىرگۈزدى. بۇنىڭغا ئەگەشتۈرۈپ تۆۋەندىكى ئۈچ قىسسىنى سۆزلىدى، يەنى مەريەمنىڭ تۇغۇلۇشى، يەھيا ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلۇش قىسسىسىنى بايان قىلدى. بۇنىڭ ھەر بىرى ئادەتتىن تاشقىرى ئىش بولۇپ، ھەممىگە قادىر بولغان ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى ئىسپاتلايدۇ.

**تەپسىرى:** 33. ئاللاھ ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلىك ئۈچۈن ئۆز خەلقىنىڭ ساپ كىشىلىرىدىن ئىنسانلارنىڭ ئاتىسى بولغان ئادەمنى تاللىدى. بارلىق ئەلچىلەرنىڭ پېشۋاسى بولغان نۇھنى، ئىبراھىم ئەۋلادىنى، يەنى ئۇنىڭ يېقىن ئۇرۇغ - تۇغقانلىرى (ئۇلار ئىسمائىل، ئىسھاق ۋە ئۇلارنىڭ

ئەۋلادلىرى، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام)نى، ئىمران ئەۋلادىنى، ئۇلارنىڭ جۈملىسىدىن ئىسرائىل ئەۋلادلىرىنىڭ ئاخىرقى پەيغەمبىرى بولغان ئىيسا ئىبنى مەريەمنى تاللاپ، ئۇلار ياشىغان جاھان ئەھلىدىن ئارتۇق قىلدى. قۇرتۇبى مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلەر ئارىسىدىن پەقەت بۇلارنىلا زىكىر قىلىشى، بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ بۇلارنىڭ نەسلىدىن بولغانلىقى ئۈچۈندۇر». 34. ئۇ ئەۋلادلار بىر - بىرى بىلەن قانداشتۇر، يەنى ئۇلار دىندا، تەقۋالىقتا ۋە توغرىلىقتا بىر بولغانلىقتىن ئاللاھ ئۇلارنى تاللىدى. ئاللاھ ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. يەنى بەندىلەرنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغۇچى، قەلبىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. 35. ئۆز ۋاقتىدا ئىمراننىڭ ئايالى ھىننە بىنتى فاقۇد ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىم! مەن قورسىقىمدىكى پەرزەنتىمنى سېنىڭ تائەت - ئىبادىتىڭ ئۈچۈن دۇنيا ئىشلىرىدىن ئازاد قىلىنغان ھالدا سېنىڭ خىزمىتىڭگە ئاتىدىم، بۇ نەزىرىمنى قوبۇل قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن دۇئايىمنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىسەن، نىيىتىمنى بىلىپ تۇرغۇچىسەن»، يەنى تىلىگىمنى ئاڭلىغۇچى ۋە مەقسىدىمنى بىلگۈچىسەن. 36. ئۇ قىز تۇغقان ۋاقتىدا: «ئى پەرۋەردىگارىم! قىز تۇغدۇم» دېدى، يەنى ئۇ قىز تۇغقان ۋاقتىدا ھەسرەتلىنىپ ۋە ئۆزرە ئېيتىپ، ئى پەرۋەردىگارىم! بۇ قىز ئىكەن دېدى، ئۇ بۇنى دېيسۇن ياكى دېمىسۇن، ئۇنىڭ نېمە تۇغقانلىقىنى ئاللاھ ئوبدان بىلىدۇ. ئۇ تەلەپ قىلغان ئوغۇل ئارتۇق ئەمەس، بەلكى بۇ قىز ئارتۇقتۇر. ئاللاھنىڭ ئايىتىدىكى بۇ ئىككى جۈملە قىستۇرما جۈملە بولۇپ، تۇغۇلغان بوۋاقنىڭ ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار بولغان ئىشلارنىڭ

كاتتىلىقىنى، شۇنىڭدەك بۇ قىزنى پۈتۈن ئالەمگە ئالامەت قىلىشتىن ئىبارەت. ئىمرانىنىڭ ئايالى سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ ئېيتتىكى: «مەن ئۇنى مەريەم (ئاللاھنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ ئىبادەت قىلغۇچى) دەپ ئاتىدىم، مەن ھەقىقەتەن ئۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئۈچۈن ساڭا سېغىنىپ، قوغلاندى شەيتاندىن پاناھ تىلەيمەن». 37. ئۇنىڭ دۇئاسى ئىجابەت قىلىندى، ئۇنى پەرۋەردىگارى چىرايلىقچە قوبۇل قىلدى، ئۇنى ئوبدان ئۆستۈردى، ئۇنىڭغا زەكەرىيانى كېپىل قىلدى، يەنى ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا زەكەرىيا ئەلەيھىسسالامنى قويدى. ئۇ بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن، مەسجىدنىڭ ئۈستىدىكى خالىي بىر ئورۇندا ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا باشلىدى. زەكەرىيا ھەر قېتىم ئۇنىڭ ئىبادەتگاھىغا ئۇنى كۆرگىلى كىرسە، ئۇنىڭ يېنىدا بىرەر يېمەكلىك ئۇچرىتاتتى، يەنى ئۇنىڭ يېنىدا مېۋە - چېۋە ۋە يېمەكلىكلەرنى ئۇچرىتاتتى. مۇجاھىد مۇنداق دېگەن: «ئۇنىڭ يېنىدا ياز كۈنلىرى قىش پەسلىنىڭ مېۋىسىنى، قىش كۈنلىرى ياز پەسلىنىڭ مېۋىسىنى ئۇچرىتاتتى». ئۇ: «ئى مەريەم! بۇ ساڭا قەيەردىن كەلدى؟» دەپ سورىسا، مەريەم: «بۇ ئاللاھ تەرىپىدىن كەلدى» دەيتتى. ئاللاھ ھەقىقەتەن خالىغان ئادەمگە جاپا - مۇشەققەتسىزلا ھېسابسىز رىزىق بېرىدۇ. 38. شۇ ۋاقىتتا، يەنى مەريەمنىڭ كارامىتىنى كۆرگەن ۋاقىتتا زەكەرىيا پەرۋەردىگارىغا دۇئا قىلىپ: «ئى پەرۋەردىگارىم! ماڭا ئۆز دەرگاھىڭدىن بىر ياخشى پەرزەنت ئاتا قىلغىن (بۇ ۋاقىتتا زەكەرىيا ياشىنىپ قالغان ۋە ئايالى تۇغۇتتىن قالغان ئىدى)، ھەقىقەتەن دۇئانى ئىشىتكۈچىسەن، ساڭا ئىلتىجا قىلغان كىشىنىڭ تەلىپىنى ئىجابەت قىلغۇچىسەن» دېدى. 39. ئۇ

ئىبادەتگاھىدا ناماز ئوقۇۋاتقانىدا پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا: «ساڭا ئاللاھنىڭ كەلىمىسىنى، يەنى ئىيسانى تەستىق قىلغۇچى، سەييىد، پەرھىزكار ۋە ياخشىلاردىن بولغان يەھيا ئىسىملىك ئىپپەتلىكنى، ئۆزىنى شەھۋەتتىن ساقلىغۇچى بىر پەيغەمبەر بىلەن خۇش خەۋەر بېرىدۇ» دەپ نىدا قىلدى. ئىبنى كەسىر مۇنداق دېگەن: بۇ ئۇنىڭ تۇغۇلۇشىغا بېرىلگەن بېشارەتتىن كېيىنكى پەيغەمبەرلىككە بېرىلگەن ئىككىنچى بېشارەتتۇر، بۇ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسىغا ئېيتىلغان: «ئۇنى ساڭا چوقۇم قايتۇرىمىز ۋە ئۇنى پەيغەمبەرلەردىن قىلىمىز» دېگەن سۆزىدىن ئاۋۋالدۇر. 40. ئۇ: «پەرۋەردىگارىم! مەن قېرىپ قالغان تۇرسام، ئايالىم تۇغۇتتىن قالغان تۇرسا، قانداقمۇ مېنىڭ ئوغلۇم بولسۇن؟» دېدى. چۈنكى بۇ ۋاقىتتا ئۇ 120 ياشتا، ئايالى 98 ياشتا بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ياشانغانلىق ۋە ئايالىدىكى تۇغۇتتىن قېلىش بولسا بالا بولۇشنى چەكلەيدىغان ئامىللاردىن سانىلاتتى. پەرىشتىلەر: «ئاللاھ خالىغىنىنى قىلىدۇ، يەنى قۇدرىتى ئىلاھىي ھېچ نەرسىدىن ئاجىز ئەمەس» دېدى. 41. ئۇ: «پەرۋەردىگارىم! ماڭا ئايالىمنىڭ ھامىلدار بولغانلىقىغا بىر نىشانە ئاتا قىلغىن» دېدى. ئاللاھ: «ساڭا بولغان نىشانە شۇكى، ئۈچ كۈنگىچە كىشىلەرگە سۆز قىلالمايسەن يەنى زىكىر - تەسبىھ ئېيتىشتىن باشقا سۆزگە تىلىڭ كەلمەيدۇ. پەقەت ئىشارەتلا قىلىسەن، نېمىتىمگە شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن پەرۋەردىگارىڭنى كۆپ ياد ئەت، كەچتە، ئەتىگەندە تەسبىھ ئېيت» دېدى. تەبەرىي مۇنداق دېگەن: «يەنى ئەتىگەندە - كەچتە ئىبادەت قىلىش بىلەن پەرۋەردىگارىڭنى ئۇلۇغلىغىن».

**ئىلاۋە:** 1. ئىمراننىڭ ئايالى ھىننەمۇ تۇغۇتتىن قالغان ئايال بولۇپ، بىر كۈنى دەرەخنىڭ ئاستىدا ئولتۇرۇپ بىر قۇشنىڭ بالىسىغا دان بېرىۋاتقانلىقىنى كۆردى ۋە قەلبىدە پەرزەنتكە ئىشتىياق پەيدا بولۇپ، ئۆزىنىڭمۇ پەرزەنتى بولۇشىنى ئارزۇ قىلىپ: «ئى ئاللاھ! سەن ماڭا بىر پەرزەنت بەرگەن بولساڭ، ئۇنى بەيتۇلمۇقەددەسنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن ئاتىۋېتەتتىم» دېدى. ئۇ ھامىلىدار ۋاقتىدا ئىمران دۇنيادىن كەتتى، بۇمۇ نەزىر قىلىشنىڭ سىرىدۇر. 2. ئىبنى كەسىر ئاللاھ تائالانىڭ «زەكەرىييا ھەر قېتىم ئۇنىڭ ئىبادەتگاھىغا ئۇنى كۆرگىلى كىرسە، ئۇنىڭ يېنىدا بىرەر يېمەكلىك ئۇچرىتاتتى» دېگەن ئايىتى توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: بۇ ئايەتتە ئاللاھنىڭ يېقىن بەندىلىرىنىڭ كارامەتلىرىنى ئىسپاتلاش بار بولۇپ، ھەدىستە بۇنىڭ ئوخشاشلىرى كۆپتۇر، ئۇ يەنە جابىردىن قۇرۇق قاچىنىڭ يېمەكلىككە توشقانلىق قىسسىسىنى خۇلاسىلەپ مۇنداق بايان قىلىدۇ: ئاچارچىلىق كۈنلەرنىڭ بىرىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىزى پاتىمە زەھرانىڭ ئۆيىگە كىرىپ يەيدىغان نەرسە سورىدى، ئۇ ئۆيدىمۇ يەيدىغان بىر نەرسە يوق ئىدى. شۇ ۋاقىتتا بىر قىزچاق بۇ ئۆيگە ئىككى ناننىڭ ئارىسىدا بىر پارچە گۆش ئېلىپ كىرىپ، ئۇنى چوڭ بىر قۇرۇق قاچىدا قويدى، ئاندىن كېيىن قارىسا قاچا لىق گۆش بىلەن نانغا توشقان ئىكەن.

وَإِذۡ قَالَتِ ٱلۡمَلَٰٓئِكَةُ يَٰمَرۡيَمُ إِنَّ ٱللَّهَ ٱصۡطَفَىٰكِ وَطَهَّرَكِ
وَٱصۡطَفَىٰكِ عَلَىٰ نِسَآءِ ٱلۡعَٰلَمِينَ ﴿٤٢﴾ يَٰمَرۡيَمُ ٱقۡنُتِي
لِرَبِّكِ وَٱسۡجُدِي وَٱرۡكَعِي مَعَ ٱلرَّٰكِعِينَ ﴿٤٣﴾ ذَٰلِكَ

مِنۡ أَنۢبَآءِ ٱلۡغَيۡبِ نُوحِيهِ إِلَيۡكَۚ وَمَا كُنتَ لَدَيۡهِمۡ إِذۡ
يُلۡقُونَ أَقۡلَٰمَهُمۡ أَيُّهُمۡ يَكۡفُلُ مَرۡيَمَ وَمَا كُنتَ لَدَيۡهِمۡ
إِذۡ يَخۡتَصِمُونَ ﴿٤٤﴾ إِذۡ قَالَتِ ٱلۡمَلَٰٓئِكَةُ يَٰمَرۡيَمُ إِنَّ ٱللَّهَ
يُبَشِّرُكِ بِكَلِمَةٖ مِّنۡهُ ٱسۡمُهُ ٱلۡمَسِيحُ عِيسَى ٱبۡنُ
مَرۡيَمَ وَجِيهٗا فِي ٱلدُّنۡيَا وَٱلۡأٓخِرَةِ وَمِنَ ٱلۡمُقَرَّبِينَ ﴿٤٥﴾
وَيُكَلِّمُ ٱلنَّاسَ فِي ٱلۡمَهۡدِ وَكَهۡلٗا وَمِنَ ٱلصَّٰلِحِينَ ﴿٤٦﴾
قَالَتۡ رَبِّ أَنَّىٰ يَكُونُ لِي وَلَدٞ وَلَمۡ يَمۡسَسۡنِي بَشَرٞۖ
قَالَ كَذَٰلِكِ ٱللَّهُ يَخۡلُقُ مَا يَشَآءُۚ إِذَا قَضَىٰٓ أَمۡرٗا
فَإِنَّمَا يَقُولُ لَهُۥ كُن فَيَكُونُ ﴿٤٧﴾ وَيُعَلِّمُهُ ٱلۡكِتَٰبَ
وَٱلۡحِكۡمَةَ وَٱلتَّوۡرَىٰةَ وَٱلۡإِنجِيلَ ﴿٤٨﴾ وَرَسُولًا إِلَىٰ بَنِيٓ
إِسۡرَٰٓءِيلَ أَنِّي قَدۡ جِئۡتُكُم بِـَٔايَةٖ مِّن رَّبِّكُمۡ أَنِّيٓ
أَخۡلُقُ لَكُم مِّنَ ٱلطِّينِ كَهَيۡـَٔةِ ٱلطَّيۡرِ فَأَنفُخُ فِيهِ
فَيَكُونُ طَيۡرَۢا بِإِذۡنِ ٱللَّهِۖ وَأُبۡرِئُ ٱلۡأَكۡمَهَ وَٱلۡأَبۡرَصَ
وَأُحۡيِ ٱلۡمَوۡتَىٰ بِإِذۡنِ ٱللَّهِۖ وَأُنَبِّئُكُم بِمَا تَأۡكُلُونَ وَمَا
تَدَّخِرُونَ فِي بُيُوتِكُمۡۚ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَأٓيَةٗ لَّكُمۡ إِن كُنتُم
مُّؤۡمِنِينَ ﴿٤٩﴾ وَمُصَدِّقٗا لِّمَا بَيۡنَ يَدَيَّ مِنَ ٱلتَّوۡرَىٰةِ وَلِأُحِلَّ
لَكُم بَعۡضَ ٱلَّذِي حُرِّمَ عَلَيۡكُمۡۚ وَجِئۡتُكُم بِـَٔايَةٖ مِّن
رَّبِّكُمۡ فَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ وَأَطِيعُونِ ﴿٥٠﴾ إِنَّ ٱللَّهَ رَبِّي وَرَبُّكُمۡ
فَٱعۡبُدُوهُۚ هَٰذَا صِرَٰطٞ مُّسۡتَقِيمٞ ﴿٥١﴾

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:**
ئاللاھ تائالا ئىلگىرىكى ئايەتتە تۇغۇش ئىقتىدارىدىن قالغان

موماي بىلەن ياشانغان بوۋايدىن يەھيا ئىبنى زەكەرىيانىڭ دۇنياغا كېلىش قىسسىسىنى بايان قىلدى. بۇ ئاللاھنىڭ تەبىئەت قانۇنىدا ئادەتتىن تاشقىرى بىر ئىش ئىدى. ئاللاھ بۇنىڭغا ئەگەشتۈرۈپ ئادەتتە بۇنىڭدىنمۇ ھەيران قالارلىق بولغان يەنە بىر قىسسىنى بايان قىلدى، ئۇ بولسىمۇ ئىيسانىڭ ئاتىسىز دۇنياغا كېلىشى بولۇپ، بۇ ئاۋۋالقىدىنمۇ بەك ھەيران قالارلىق ئىدى. بۇ قىسسىلەرنى بايان قىلىشتىكى مەقسەت ئىيسانى ئىلاھ دەپ دەۋا قىلىدىغان ناسارالارغا رەت قايتۇرۇشتىن ئىبارەت، ئىيسانىڭ توي قىلمىغان قىز مەريەمدىن دۇنياغا كېلىشى، ئۇنىڭ ئىنسان ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلىدۇر. شۇنداقلا ئاللاھ يەنە ئىيسانى ئۆز ئەلچىسى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان مۆجىزىلەر بىلەن كەلتۈرۈپ ئۇنى كۈچلەندۈرگەنلىكىنى، ئۇنىڭمۇ ئاللاھنىڭ قولىدا ئادەتتىن تاشقىرى ئىشلارنى ئاشكارا قىلغان ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەردەك بىر پەيغەمبەر بولۇپ، ئىلاھلىق سۈپەتلىرىدىن ھېچ بىرىگە ئىگە ئەمەس ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى.

**تەپسىرى:** 42. پەرىشتىلەر ئېيتتى: «ئى مەريەم! ئاللاھ ھەقىقەتەن سېنى تاللىدى، سېنى پاك قىلدى، سېنى پۈتۈن جاھان ئاياللىرىدىن ئارتۇق قىلدى»، يەنى ئۆز ۋاقتىدا پەرىشتىنىڭ ـ جىبرىئىلنىڭ ـ ئېيتقان سۆزىنى ئەسكە ئالغىن، ئۇ: «ئى مەريەم! ئاللاھ ھەقىقەتەن سېنى (پۈتۈن ئاياللار ئىچىدىن) تاللىدى، ھۆرمەتكە سازاۋەر قىلدى. يەھۇدىيلارنىڭ تۆھمەتلىرىدىن سېنى پاك قىلدى. ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى نامايەن قىلىش ئۈچۈن ئاتىسىز پەرزەنت تۇغقانلىقىڭ ئۈچۈن، سېنى پۈتۈن جاھان ئاياللىرىدىن ئۈستۈن قىلدى» دېدى.

43. «ئى مەريەم! پەرۋەردىگارىڭغا ئىتائەت قىل، سەجدە قىل ۋە رۇكۇ قىلغۇچىلار بىلەن بىللە رۇكۇ قىل»، يەنى ناماز ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىرلىكتە ناماز ئوقۇغىن. 44. «(ئى مۇھەممەد!) بۇ ـ ساڭا ۋەھيي قىلىۋاتقىنىمىز ـ غايىب خەۋەرلەردىندۇر. مەريەمنى ئۇلارنىڭ قايسىسى تەربىيەسىگە ئېلىش (مەسىلىسىدە چەك تاشلاش يۈزىسىدىن) قەلەملىرىنى (سۇغا) تاشلىغان چاغدا، سەن ئۇلارنىڭ يېنىدا يوق ئىدىڭ، ئۆزئارا جاڭجال قىلىشقانلىرىدا سەن ئۇلارنىڭ يېنىدا يوق ئىدىڭ». يەنى ئى مۇھەممەد! بىز ساڭا بايان قىلىپ بەرگەن ئىمراننىڭ ئايالى ۋە ئۇنىڭ قىزى مەريەمنىڭ قىسسىسى شۇنداقلا زەكەرىيا، يەھيالارنىڭ قىسسىسى مۇھىم غايىب خەۋەرلەر بولۇپ، بىز ساڭا ۋەھيى قىلىشتىن بۇرۇن سەن بۇ ئىشلارنى بىلمەيتتىڭ. بۇنى بايان قىلىشتىن مەقسەت، بۇلارنىڭ ھەممىسى غەيب خەۋەرلىرى بولۇپ، بۇنى ئاللاھ ۋەھيى ئارقىلىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىلدۈرگەن. بايان قىلىنىشىچە، ھەننە مەريەمنى تۇغقاندا ئۇنى بىر پارچە رەختكە ئوراپ مەسجىدكە ئېلىپ كېلىپ، بەيتۇلمۇقەددەسكە قارايدىغان موللىلارنىڭ يېنىدا قويۇپ، ئۇلارغا: «بۇ نەزىرنى قوبۇل قىلىڭلار» دېگەن، بۇ ئۇلارنىڭ پېشۋاسىنىڭ قىزى بولغاچقا، ئۇنى تەربىيەسىگە ئېلىش ئۈچۈن چەك تاشلاشقان، نەتىجىدە چەك زەكەرىياغا چىققان ۋە مەريەمنى تەربىيەسىگە ئالغان. ئىبنى كەسىر مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ مەريەمنىڭ بەخت - سائادىتى ۋە زەكەرىيادىن ئىلىم - مەرىپەت، ئەدەپ - ئەخلاق ۋە ياخشى ئەمەللەرنى ئۆگىنىشى ئۈچۈن، ئۇنىڭ تەربىيەتچىلىكىگە زەكەرىيانى بېكىتكەن». 45. ئۆز ۋاقتىدا پەرىشتىلەر ئېيتتى: «ئى مەريەم! ئاللاھ ساڭا ئۆزىنىڭ بىر

كەلىمىسى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىدۇكى، ئۇنىڭ ئىسمى مەريەم ئوغلى مەسىھ ئىيسادۇر. ئۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئابرۇيلۇق ۋە ئاللاھقا يېقىنلاردىن بولىدۇ»، يەنى ئاتىنىڭ ۋاستىسىز ئاللاھنىڭ بىر كەلىمىسىدىن تۆرەلگەن، ئىسمى ئىيسا، لەقىمى مەسىھ بولغان، ئاتىسىز تۇغۇلغانلىقتىن مەريەم ئوغلى دەپ ئانىسىغا نىسبەت بېرىلىدىغان، دۇنيا - ئاخىرەتتە ئابرۇيلۇق، ئاللاھقا يېقىن بولغان بىر بوۋاق بىلەن بېشارەت بەرگەنلىك خەۋىرىنى ئەسلىگىن. 46. «ئۇ بۆشۈكتىمۇ، ئوتتۇرا ياش بولغاندىمۇ كىشىلەرگە سۆزلەيدۇ ۋە ياخشى ئادەملەردىن بولىدۇ»، يەنى ئۇ سۆزلەش يېشىدىن بۇرۇنقى بوۋاقلىق چېغىدىمۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ سۆزىنى سۆزلەيدۇ، تەقۋادارلىقتا كامىل ياخشى ئادەملەردىن بولىدۇ. زەمەخشەريي: «بۇنىڭ مەنىسى، ئۇ بۆشۈكتىمۇ ۋە ئوتتۇرا ياشلىق بولغاندىمۇ ئوخشاشلا كىشىلەرگە پەيغەمبەرلەرنىڭ سۆزىنى سۆزلەيدۇ دېگەن بولىدۇ» دېگەن. ھەقىقەتەن بۇ، سۆزنى قىسقا كەلتۈرۈشتىكى غايىدۇر. 47. «مەريەم: <پەرۋەردىگارىم! ماڭا ئىنسانىنىڭ قولى تەگمىگەن تۇرسا، قانداق بالام بولىدۇ؟> دېدى. پەرىشتە: <ئاللاھ خالىغىنىنى شۇنداق يارىتىدۇ، بىرەر ئىشنىڭ بولۇشىنى ئىرادە قىلسا، ۋۇجۇدقا كېلىدۇ> دېدى»، يەنى مەريەم: مەن ئەرلىك بولمىسام، قانداقسىگە بالام بولىدۇ؟ دېدى، پەرىشتىلەر: ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى كاتتىدۇر، ئاللاھ ئاتا - ئانا ئارقىلىقمۇ ۋە ئۇلارسىزمۇ يارىتىدۇ. بىرەر ئىشنىڭ بولۇشىنى ئىرادە قىلسا، سەۋەبكە ھاجەت بولماستىن تەخىرسىزلا ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ، دېدى. 48. «ئاللاھ ئۇنىڭغا خەتنى، ھېكمەتنى، تەۋراتنى، ئىنجىلنى ئۆگىتىدۇ»، يەنى ئاللاھ ئۇنىڭغا سۆز - ھەرىكەتتە

تۇغرا بولۇشىنى، پەيغەمبەرلەرنىڭ يوللىرىنى ئۆگىتىدۇ. تەۋراتنى، ئىنجىلنى ياد قىلدۇرىدۇ. ئىبنى كەسىردە «ئىيسا ئەلەيھىسسالام تەۋراتنى، ئىنجىلنى يادلىغان» دېيىلگەن. 49. ئۇنى بەنى ئىسرائىلغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىدۇ. (ئۇ دەيدۇ:) «شۈبھىسىزكى، سىلەرگە مەن رەببىڭلار تەرىپىدىن بولغان بىر مۆجىزە ئېلىپ كەلدىم. مەن سىلەرگە لايدىن قۇشنىڭ شەكلىدەك بىر نەرسە ياسايمەن، ئاندىن ئۇنىڭغا پۈۋلەيمەن ـ دە، ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن ئۇ قۇش بولىدۇ. تۇغما كورنى، بەرەس كېسىلىنى ساقايتىمەن. ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرىمەن. سىلەر يەيدىغان ۋە ئۆيۈڭلاردا ساقلايدىغان يېمەكلىكلەردىن خەۋەر بېرىمەن. شۈبھىسىزكى، ئەگەر سىلەر ئاللاھنىڭ مۆجىزىلىرىگە ئىشەنگۈچى بولساڭلار، بۇنىڭدا سىلەر ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئالامەت بار»، يەنى ئۇنى بەنى ئىسرائىلغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىدۇ. ئۇ دەيدۇ: مەن ئاللاھ تەرىپىدىن پەيغەمبەرلىكىمنىڭ راستلىقىنى كۆرسىتىدىغان بىر مۆجىزە ئېلىپ كەلدىم. مەن سىلەرگە لايدىن قۇشنىڭ شەكلىدەك بىر نەرسە ياسايمەن، ئاندىن ئۇنىڭغا پۈۋلەيمەن ـ دە، ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن ئۇ قۇش بولىدۇ. ئىبنى كەسىر مۇنداق دېگەن: «ئۇ شۇنداق قىلدى، لايدىن قۇشنىڭ شەكلىنى ياسىدى، ئاندىن ئۇنىڭغا پۈۋلىدى، ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن ئۇ قۇش بولۇپ ئۇچتى. بۇ ئۇنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەنلىكىنىڭ بىرىنچى دەلىلى». تۇغما كور ۋە بەرەس كېسىلىنى ساقايتىمەن، بۇ ئۇنىڭغا بېرىلگەن ئىككىنچى مۆجىزە. ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن بەزى ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرىمەن، بۇ ئاللاھنىڭ قۇدرىتى بىلەن بولىدۇ. ئۇ ھەقىقەتەن تۆت كىشىنى تىرىلدۈردى. ئۇ

تۆت كىشى بولسا دوستى ئازەر، بىر قېرى موماينىڭ ئوغلى، ئون ياشلىق قىز ۋە نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى سام ئىدى. قۇرتۇبى ۋە باشقا تەپسىرشۇناسلارمۇ شۇنداق دەيدۇ. ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن دېگەن سۆزنى تەكرارلاش، ئۇلارنىڭ ئىيسانى ئىلاھ دەپ خاتا چۈشىنىپ قېلىشىنى توسۇش ئۈچۈندۇر، بۇ ئۇنىڭغا بېرىلگەن ئۈچىنچى مۆجىزە. سىلەرنىڭ يوشۇرۇن ئەھۋالىڭلارنى ئېيتىپ بېرەلەيمەن دەپ كىشىلەرنىڭ ئۆيدە نېمە يېگەن ۋە نېمىلەرنى يوشۇرۇپ قويغانلىقىنى تولۇق ئېيتىپ بېرەتتى، بۇ ئۇنىڭغا بېرىلگەن تۆتىنچى مۆجىزە. ئۇ، مەن كەلتۈرگەن مۆجىزىلەردە سىلەر ئۈچۈن ئەلۋەتتە مېنىڭ راستلىقىمنى كۆرسىتىدىغان روشەن ئالامەت بار، ئەگەر سىلەر ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىگە ئىشەنگۈچى بولساڭلار، دېدى. 50. ئاندىن كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەلچىلىكىنى كۈچلەندۈرۈپ كەلگەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: «مەن ئىلگىرى كەلگەن تەۋراتنى تەستىق قىلغان هالدا سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن دەلىل ئېلىپ كەلدىم. ئاللاھتىن قورقۇڭلار ۋە ئىتائەت قىلىڭلار»، يەنى مەن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ۋە ئۇ ئېلىپ كەلگەن تەۋراتتىكى نەرسىلەرنى كۈچلەندۈرىدىغان دەلىل ئېلىپ كەلدىم، دېدى. ئىبنى كەسىر مۇنداق دېگەن: «بۇ ئىيسانىڭ تەۋراتنىڭ بەزى قانۇنلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرغانلىقىنىڭ توغرا دەلىلىدۇر». ئاللاھنىڭ مېنى مۆجىزىلەر بىلەن كۈچلەندۈرۈشىدىن ئىبارەت مېنىڭ پەيغەمبەرلىكىمنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ئوچۇق - ئاشكارا دەلىللەرنى ئېلىپ كەلدىم. بۇ سۆزنى تەكرارلاش ئۆزىنىڭ ھەقىقىي پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى تەكىتلەش ئۈچۈندۇر. ئاللاھتىن قورقۇڭلار ۋە

مېنىڭ ئەمرىمگە ئىتائەت قىلىڭلار. 51. «ئاللاھ ھەقىقەتەن مېنىڭ پەرۋەردىگارىمدۇر، سىلەرنىڭمۇ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر. ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىڭلار، بۇ توغرا يولدۇر». مەن ۋە سىلەر ئوخشاشلا ئاللاھنىڭ بەندىسى، ئاللاھتىن قورقۇش، ئىبادەت قىلىش ۋە ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى ئىقرار قىلىش توغرا يولدۇر.

ئىلاۋە: بۇ يەردە ئاللاھ تائالانىڭ «ئاللاھ خالىغىنىنى شۇنداق يارىتىدۇ» دېگەن ئايەت بىلەن، يەھيا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىدىكى «ئاللاھ خالىغىنىنى شۇنداق قىلىدۇ» دېگەن بۇ ئايەتتە ئوخشىماسلىق بار. بۇنىڭدىكى سىر، ئاللاھ ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ھېچ قانداق سەۋەبسىزلا پەيدا قىلىپ ئاتىسىز ياراتتى، بۇنىڭغا «يارىتىش» دېگەن سۆز مۇناسىپ كېلىدۇ، يەھيا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىدە ئەر - ئايال بار بولسىمۇ، ئۇلاردىكى ياشانغانلىق ۋە تۇغۇش ئىقتىداردىن قېلىش قاتارلىق ئامىللار ئادەتتە پەرزەنت بولۇشنى چەكلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ جايدا «قىلىش» دېگەن پېئىلنى سۆزلەش مۇناسىپ كېلىدۇ. توغرىسىنى ئاللاھ بىلگۈچىدۇر.

ئاگاھلاندۇرۇش: بەزى ئۆلىمالار مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالانىڭ قۇرئان كەرىمدە مەريەمدىن باشقا ئايالنىڭ ئىسمىنى زىكىر قىلماسلىقى، خرىستىيانلارنىڭ مەريەم ئاللاھنىڭ ئايالى دېگەن توقۇلمىلىرىغا رەددىيە قايتۇرىدىغان يوشۇرۇن ئىشارەتتۇر. چۈنكى ئۇلۇغ زاتلار كىشىلەر ئارىسىدا ئۆز ئايالىنىڭ ئىسمىنى زىكىر قىلىشنى ياقتۇرمايدۇ. ئايەتتە «مەسىھ مەريەم ئوغلى ئىيسادۇر» دەپ ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى مەريەمگە نىسبەت بېرىش، ئۇنىڭ ئاتىسىز تۇغۇلغانلىقىنى

ئېتىبارغا ئېلىشتۇر.

فَلَمَّآ أَحَسَّ عِيسَىٰ مِنۡهُمُ ٱلۡكُفۡرَ قَالَ مَنۡ أَنصَارِيٓ إِلَى
ٱللَّهِۖ قَالَ ٱلۡحَوَارِيُّونَ نَحۡنُ أَنصَارُ ٱللَّهِ ءَامَنَّا بِٱللَّهِ وَٱشۡهَدۡ
بِأَنَّا مُسۡلِمُونَ ﴿٥٢﴾ رَبَّنَآ ءَامَنَّا بِمَآ أَنزَلۡتَ وَٱتَّبَعۡنَا ٱلرَّسُولَ
فَٱكۡتُبۡنَا مَعَ ٱلشَّٰهِدِينَ ﴿٥٣﴾ وَمَكَرُواْ وَمَكَرَ ٱللَّهُۖ وَٱللَّهُ خَيۡرُ
ٱلۡمَٰكِرِينَ ﴿٥٤﴾ إِذۡ قَالَ ٱللَّهُ يَٰعِيسَىٰٓ إِنِّي مُتَوَفِّيكَ وَرَافِعُكَ إِلَيَّ
وَمُطَهِّرُكَ مِنَ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ وَجَاعِلُ ٱلَّذِينَ ٱتَّبَعُوكَ فَوۡقَ
ٱلَّذِينَ كَفَرُوٓاْ إِلَىٰ يَوۡمِ ٱلۡقِيَٰمَةِۖ ثُمَّ إِلَيَّ مَرۡجِعُكُمۡ فَأَحۡكُمُ
بَيۡنَكُمۡ فِيمَا كُنتُمۡ فِيهِ تَخۡتَلِفُونَ ﴿٥٥﴾ فَأَمَّا ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ
فَأُعَذِّبُهُمۡ عَذَابٗا شَدِيدٗا فِي ٱلدُّنۡيَا وَٱلۡأٓخِرَةِ وَمَا لَهُم مِّن
نَّٰصِرِينَ ﴿٥٦﴾ وَأَمَّا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ
فَيُوَفِّيهِمۡ أُجُورَهُمۡۗ وَٱللَّهُ لَا يُحِبُّ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٥٧﴾ ذَٰلِكَ
نَتۡلُوهُ عَلَيۡكَ مِنَ ٱلۡأٓيَٰتِ وَٱلذِّكۡرِ ٱلۡحَكِيمِ ﴿٥٨﴾ إِنَّ مَثَلَ
عِيسَىٰ عِندَ ٱللَّهِ كَمَثَلِ ءَادَمَۖ خَلَقَهُۥ مِن تُرَابٖ ثُمَّ قَالَ
لَهُۥ كُن فَيَكُونُ ﴿٥٩﴾ ٱلۡحَقُّ مِن رَّبِّكَ فَلَا تَكُن مِّنَ
ٱلۡمُمۡتَرِينَ ﴿٦٠﴾ فَمَنۡ حَآجَّكَ فِيهِ مِنۢ بَعۡدِ مَا جَآءَكَ مِنَ
ٱلۡعِلۡمِ فَقُلۡ تَعَالَوۡاْ نَدۡعُ أَبۡنَآءَنَا وَأَبۡنَآءَكُمۡ وَنِسَآءَنَا
وَنِسَآءَكُمۡ وَأَنفُسَنَا وَأَنفُسَكُمۡ ثُمَّ نَبۡتَهِلۡ فَنَجۡعَل
لَّعۡنَتَ ٱللَّهِ عَلَى ٱلۡكَٰذِبِينَ ﴿٦١﴾ إِنَّ هَٰذَا لَهُوَ ٱلۡقَصَصُ ٱلۡحَقُّۚ
وَمَا مِنۡ إِلَٰهٍ إِلَّا ٱللَّهُۚ وَإِنَّ ٱللَّهَ لَهُوَ ٱلۡعَزِيزُ ٱلۡحَكِيمُ ﴿٦٢﴾ فَإِن
تَوَلَّوۡاْ فَإِنَّ ٱللَّهَ عَلِيمُۢ بِٱلۡمُفۡسِدِينَ ﴿٦٣﴾

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:** بۇ ئايەتلەردىمۇ مەريەم ئوغلى ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى داۋاملىشىدۇ. ئاللاھ تائالا ئىلگىرىكى ئايەتتە مەريەمگە مەسىھ ئەلەيھىسسالام بىلەن بېشارەت بەرگەنلىكىنى زىكىر قىلغان، ئارقىدىنلا ئۇنىڭغا بېرىلگەن بارلىق مۆجىزىلەر ۋە پەيغەمبەرلىكىگە دالالەت قىلىدىغان نۇرلۇق ھۆججەتلەرنى زىكىر قىلدى. ئاللاھ ئۇنى شۇنچە كۆپ مۆجىزە ۋە ئۆتكۈر دەلىللەر بىلەن كۈچلەندۈرۈپ تۇرسىمۇ، ئىسرائىل ئەۋلادلىرىنىڭ كۆپچىلىكى ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە يەنىلا ئىشەنمەيدۇ. بەلكى ئاللاھنىڭ دۈشمىنى بولغان يەھۇدىيلار ئۇنى ئۆلتۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئاللاھ ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئۇلارنىڭ يامانلىقىدىن ساقلاپ، ئاسمانغا ئېلىپ چىقىدۇ.

**ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى:** رىۋايەت قىلىنىشىچە، نەجران خىرىستىيانلىرىنىڭ ۋەكىللىرى ئۆمىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سوئال قويۇپ، سىز ئىيسا ھەققىدە نېمە دەيسىز؟ دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ: «ئۇ ئاللاھنىڭ بەندىسى، ئەلچىسى ۋە مەريەمگە تاشلىغان كەلىمىسى دەيمەن» دەيدۇ. ئۇلار غەزەپلەنگەن ۋە ھاكاۋۇرلاشقان ھالدا: «سىز ئاتىنىڭ ۋاستىسىسىز تۇغۇلغان بىر بالىنى كۆرۈپ باقتىڭىزمۇ؟ سۆزىڭىز توغرا بولسا بىزگە بىر مىسال كەلتۈرۈپ بېرىڭ قېنى!» دەيدۇ. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن: «ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئىيسانىڭ مىسالى ئادەمنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ» دېگەن ئايەت چۈشىدۇ. يەنە بىر رىۋايەتتە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئىسلامغا چاقىرغاندا، ئۇلار: «بىز سىلەردىن بۇرۇن مۇسۇلمان

بولغان» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «يالغان ئېيتتىڭلار، سىلەرنىڭ ئىسلامنى قوبۇل قىلىشىڭلارنى: ئاللاھنىڭ ھەمراسى (ئايالى) بار دېگەن سۆزۈڭلار، چوشقا گۆشى يېيىشىڭلار ۋە كىرىستقا ئىبادەت قىلىشىڭلاردىن ئىبارەت ئۈچ توسالغۇ چەكلەپ قويىدۇ» دېدى، ئۇلار: «ئىسانىڭ ئاتىسى كىم؟» دەپ سورىغاندا، ئاللاھ تائالا: «ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئىسانىڭ مىسالى ئادەمنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ» دېگەن ئايەتنى چۈشۈردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى «ئاللاھنىڭ لەنىتى يالغانچىلارغا بولسۇن» دەپ ئاللاھقا يىلىنىپ دۇئا قىلىشقا چاقىردى. ئۇلارنىڭ بەزىسى بەزىسىگە: «ئەگەر ئۇنداق قىلساق بىز تۇرغان جايغا ئوت ئازابى چۈشۈپ بىزنى كۆيدۈرۈۋېتىدۇ» دېيىشىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «بىزنى بۇنىڭدىن باشقا ئىشقا چاقىرامسەن؟» دېيىشتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى «ئىسلامنى قوبۇل قىلىش ياكى جان بېجى تاپشۇرۇش ياكى ئۇرۇش قىلىش» قاتارلىق ئۈچ ئىشنىڭ بىرىنى تاللاشقا بۇيرۇدى، ئۇلار جان بېجى تاپشۇرۇشنى قوبۇل قىلدى.

**تەپسىرى:** 52. ئىسا ئۇلاردىن كۇپرىنى سەزگەن چاغدا: «ئاللاھ ئۈچۈن ماڭا كىملەر ياردەم بېرىدۇ؟» دېدى. ھەۋارىيلار ئېيتتىكى: «ئاللاھ ئۈچۈن ساڭا بىز ياردەم بېرىمىز، ئاللاھقا ئىمان ئېيتتۇق. گۇۋاھ بولغىنكى، بىز بويسۇنغۇچىلارمىز». يەنى ئىسا ئەلەيھىسسالام يەھۇدىيلارنىڭ كۇپرىدا چىڭ تۇرۇپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈش نىيىتىگە كەلگەنلىكىنى سەزگەن چاغدا: «ئاللاھنىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىش يولىدا ماڭا كىملەر ياردەم بېرىدۇ ۋە ئەگىشىدۇ؟» دېۋىدى، ئۇنىڭ تەۋەلىرىدىن

ھەقىقىي مۆمىنلەر: «بىز ساڭا ياردەم بېرىمىز، ئاللاھقا ئىمان ئېيتتۇق، سېنىڭ دىنىڭغا ئىشەندۇق، پەيغەمبەرلىكىڭگە بويسۇنغۇچىلارمىز» دېدى. 53. «پەرۋەردىگارىمىز! سەن نازىل قىلغان كىتابقا ئىشەندۇق، سېنىڭ پەيغەمبىرىڭ ئىيساغا ئەگەشتۇق، بىزنى ھىدايىتىڭگە شاھىت بولغان، پەيغەمبەرنى تەستىق قىلغان كىشىلەرنىڭ قاتارىدا قىلغىن» دېدى. 54. ئۇلار مىكىر ئىشلەتتى، ئاللاھ ئۇلارنىڭ مىكرىنى بەربات قىلدى. ئاللاھ مىكىر قىلغۇچىلارنىڭ جازاسىنى ئوبدان بەرگۈچىدۇر. يەنى يەھۇدىيلار ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرمەكچى بولدى، ئاللاھ ئۇلارنىڭ مىكرىنى بەربات قىلدى ۋە ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى قۇتقۇزۇپ ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئورنىغا خائىن يەھۇزانى ئىيسانىڭ شەكلىگە ئوخشاش قىلىپ قويدى. بۇ، ئوخشاش سۆزنى قارىمۇقارشى مەنىدە ئىشلىتىش دېيىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ ئۇلارنىڭ مىكرىنى بەربات قىلدى، شۇنداق قىلىپ ئۇلارنىڭ ئۆزىنىمۇ بەربات قىلدى. ھەدىستە: «ئى ئاللاھ! ماڭا چارە - تەدبىر ئاتا قىلسىلا، مېنىڭ زىيىنىمغا چارە - تەدبىر قىلمىسىلا» دېيىلگەن. 55. ئۆز ۋاقتىدا ئاللاھ ئېيتتى: «ئى ئىيسا! مەن سېنى قەبزى روھ قىلىمەن، سېنى دەرگاھىمغا كۆتۈرىمەن. سېنى كاپىرلاردىن پاك قىلىمەن، ساڭا ئەگەشكەنلەرنى قىيامەتكىچە كاپىرلاردىن ئۈستۈن قىلىمەن. ئاندىن مېنىڭ دەرگاھىمغا قايتىسىلەر، سىلەر ئىختىلاپ قىلىشقان ئىش ئۈستىدە ئاراڭلاردا مەن ھۆكۈم چىقىرىمەن. يەنى ئاللاھ ئېيتتى: «ئى ئىيسا! سېنى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىمەن، ئاندىن سېنى ئەجىلىڭ يەتكەندە قەبزى روھ قىلىمەن». بۇ ئاللاھنىڭ ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى يەھۇدىيلارنىڭ زىيانكەشلىك

قىلىشىدىن قۇتقۇزۇپ ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كېتىش ئۈچۈن بەرگەن بېشارىتىدۇر. مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: «ئۆز ۋاقتىدا ئاللاھ تائالا: <ئى ئىيسا! مەن سېنى كاپىرلارنىڭ تۆھمەتلىرىدىن پاكلاپ ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كېتىمەن، سېنى دۇنياغا چۈشۈرگەندىن كېيىن، ئەجىلىڭ يەتكەندە قەبزى روھ قىلىمەن، ساڭا ئەگەشكەنلەر ۋە سېنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىڭگە ئىشەنگەن مۇسۇلمانلار ۋە خىرىستىيانلارنى قىيامەتكىچە كاپىرلاردىن ئۈستۈن قىلىمەن، ئاندىن مېنىڭ دەرگاھىمغا قايتىسىلەر، سىلەر ئىختىلاپ قىلىشقان ئىيسانىڭ ئىشى ئۈستىدە ئاراڭلاردا مەن ھۆكۈم چىقىرىمەن> دېدى». 56. «كاپىرلارغا بولسا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە قاتتىق ئازاب قىلىمەن، ئۇلارغا ھېچ مەددەتكار بولمايدۇ»، يەنى «سېنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭگە ئىشەنمىگەن كاپىرلارغا دۇنيادا ئۆلتۈرۈلۈش ۋە ئەسىر ئېلىنىش بىلەن، ئاخىرەتتە جەھەننەم بىلەن قاتتىق ئازاب قىلىمەن»، ئۇلارغا ئاللاھنىڭ ئازابىنى توسىدىغان ھېچ مەددەتكار بولمايدۇ. 57. ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەل قىلغانلارغا كەلسەك، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەجرىنى تولۇق بېرىدۇ. ئاللاھ زالىملارنى دوست تۇتمايدۇ، يەنى ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەل قىلغانلارغا ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنىڭ ئەجرىنى تولۇق بېرىدۇ. ئاللاھ زالىملارنى دوست تۇتمايدىغان زات تۇرسا قانداقمۇ بەندىلىرىگە زۇلۇم قىلسۇن؟ 58. ئى مۇھەممەد! بۇ بولسا بىز ساڭا ئوقۇپ بېرىۋاتقان، باتىلنى قوبۇل قىلمايدىغان، ئايەتلەردۇر ۋە ھېكمەتلىك قۇرئاندۇر. 59. شۈبھىسىزكى، ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئىيسانىڭ مىسالى ئادەمنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ. ئادەمنى ئاللاھ تۇپراقتىن ياراتتى، ئاندىن ئۇنىڭغا: «ۋۇجۇدقا كەل»

دېـدى ـ دە، ئـۇ ۋۇجۇدقـا كەلـدى. يەنـى ئىيسـانىڭ ئاتىسـىز يارىتىلغانلىقىنىـڭ مىسـالى ئـادەم ئەلەيھىسسـالامنىڭ ئاتـا - ئانىسـىز يارىتىلغانلىقىغا ئوخشايدۇ، شـۇنداق بولغـان ئىكـەن، ئىيسـانىڭ ئاتىسـىز يارىتىلىشـى ئادەمنىـڭ ئاتـا - ئانىسـىز يارىتىلىشـىدىن ئەجەبلىنەرلىـك ئەمـەس. 60. ئىيسا ھەققىدىكـى بـۇ سـۆز ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل بولغان ھەقىقەتتۇر، سـەن شـەك قىلغۇچىلاردىـن بولمىغىـن. 61- سـەن ئىيسا توغرۇلـۇق ھەقىقىي مەلۇماتقـا ئىگـە بولغىنىڭدىـن كېيىـن، كىملەركـى سـەن بىلـەن مۇنازىرىلەشسـە، سـەن ئۇلارغـا: «كېلىـڭلار، ئوغۇللىرىمىزنـى ۋە ئوغۇللىرىڭلارنـى، ئاياللىرىمىزنـى ۋە ئاياللىرىڭلارنـى، ئۆزلىرىمىزنـى ۋە ئۆزلىرىڭلارنـى يىغىـپ، ئاللاھنىـڭ لەنىتـى يالغانچىلارغـا بولسـۇن، دەپ ئاللاھقـا يالـۋۇرۇپ دۇئـا قىلايلـى» دېگـىن. بۇ ئايەت چۈشكەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پاتىمە، ھەسـەن ۋە ھۈسـەيننى چاقىرىـپ: «ئـى ئاللاھ! بۇلار مېنىڭ ئائىلـە - تاۋابىئاتلىرىـم» دېگـەن ۋە خىرىسـتىيان ۋەكىللىرىنـى چاقىرىـپ: «بىـز ئاللاھقـا يالـۋۇرۇپ، ئـى ئاللاھ! بىزنىـڭ ئارىمىزدىكـى ئىيسـا توغرىسـىدا يالغانچىلارغـا لەنـەت قىلسـىلا» دەيلـى دېگەنـدە، ئـۇلار بۇنـى قوبـۇل قىلماسـتىن، جـان بېجـى تاپشۇرۇشـنى قوبـۇل قىلـدى. ئىبنى ئابباسـتىن رىۋايـەت قىلىنغان ھەدىستە: «ئەگـەر ئـۇلار پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسالام بىلـەن لەنەت ئېيتىـش ئۈچـۈن دۇئـا قىلىشقا كۆنگـەن بولسـا، ئۇلارنىـڭ ئائىلـە - تاۋابىئاتلىرىنىـڭ ھەممىسـى ھـالاك بولاتتـى» دېيىلگـەن. ئەبـۇ ھەييـان مۇنـداق دەيـدۇ: «خىرىسـتىيانلارنىڭ لەنـەت ئېيتىشـىش چاقىرىقىنـى رەت قىلىشـى، ئۇلارنىـڭ پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسـالامنىڭ راسـتچىللىقى ۋە پەيغەمبەرلىكىگـە بولغـان چـوڭ ئىشـەنچىسـىز ئىسـپاتتۇر». 62. شۈبھىسـىزكى، بـۇ ئەلۋەتتـە راسـت

قىسىسىدۇر. بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھ ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. يەنى ئى مۇھەممەد! بىز ئىيسانىڭ ئىشى توغرىسىدا ساڭا بايان قىلىپ بەرگەن بۇ قىسسە راست قىسسىدۇر. بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر. بۇ ئايەت ئارقىلىق خىرىستىيانلارنىڭ ئۈچ ئىلاھلىق قارىشىغا رەددىيە بېرىشتۇر. 63. ئەگەر ئۇلار يۈز ئۆرۈسە، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ بۇزغۇنچىلارنى بىلىپ تۇرىدۇ. يەنى ئۇلار ئىماندىن يۈز ئۆرۈسە ئۇلار بۇزغۇنچىلاردۇر. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ بۇزغۇنچىلارنى بىلىپ تۇرىدۇ ۋە ئۇلارنى قىلمىشىغا ئاساسەن جازالايدۇ.

«بەھرۇل مۇھىيت»نىڭ مۇئەللىپى مۇنداق دېگەن: بىر كىشى جۇنەيد دېگەن ئالىمدىن: «ئاللاھ مىكىر قىلىش دېگەن سۆزنى ئۆزىگە ئىشلىتىشكە قانداق رازى بولىدۇ؟ بۇنىڭ بىلەن باشقىلارنى ئەيىبلەيدىغان تۇرسا؟» دەپ سورىغاندا، جۇنەيد: «مەن ساڭا نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلمەيمەن، لېكىن زەھرانىيلىق بىر كىشىنىڭ شېئىرىنى ساڭا ئوقۇپ بېرەي: مېنىڭ يېنىمدا سەندىن باشقا كىشىنىڭ قىلغان ئىشى سەت كۆرۈلىدۇ، ئۇ ئىشنى سەن قىلساڭ، سېنىڭ زىرەكلىكىڭ بىلەن ئۇ ئىش چىرايلىق بولىدۇ» دېگەن، ئاندىن سوئال سورىغۇچى كىشىگە: مەن ساڭا جاۋاب بەردىم، ئەقلىڭ بولسا چۈشىنىۋالغىن دېگەن».

قُلۡ يَٰٓأَهۡلَ ٱلۡكِتَٰبِ تَعَالَوۡاْ إِلَىٰ كَلِمَةٖ سَوَآءِۭ بَيۡنَنَا
وَبَيۡنَكُمۡ أَلَّا نَعۡبُدَ إِلَّا ٱللَّهَ وَلَا نُشۡرِكَ بِهِۦ شَيۡـٔٗا وَلَا يَتَّخِذَ
بَعۡضُنَا بَعۡضًا أَرۡبَابٗا مِّن دُونِ ٱللَّهِۚ فَإِن تَوَلَّوۡاْ فَقُولُواْ ٱشۡهَدُواْ

بِأَنَّا مُسْلِمُونَ ﴿٦٤﴾ يَٰٓأَهْلَ ٱلْكِتَٰبِ لِمَ تُحَآجُّونَ فِىٓ إِبْرَٰهِيمَ
وَمَآ أُنزِلَتِ ٱلتَّوْرَىٰةُ وَٱلْإِنجِيلُ إِلَّا مِنۢ بَعْدِهِۦٓ ۚ أَفَلَا
تَعْقِلُونَ ﴿٦٥﴾ هَٰٓأَنتُمْ هَٰٓؤُلَآءِ حَٰجَجْتُمْ فِيمَا لَكُم بِهِۦ
عِلْمٌ فَلِمَ تُحَآجُّونَ فِيمَا لَيْسَ لَكُم بِهِۦ عِلْمٌ ۚ وَٱللَّهُ يَعْلَمُ
وَأَنتُمْ لَا تَعْلَمُونَ ﴿٦٦﴾ مَا كَانَ إِبْرَٰهِيمُ يَهُودِيًّا وَلَا نَصْرَانِيًّا
وَلَٰكِن كَانَ حَنِيفًا مُّسْلِمًا وَمَا كَانَ مِنَ ٱلْمُشْرِكِينَ ﴿٦٧﴾ إِنَّ
أَوْلَى ٱلنَّاسِ بِإِبْرَٰهِيمَ لَلَّذِينَ ٱتَّبَعُوهُ وَهَٰذَا ٱلنَّبِىُّ وَٱلَّذِينَ
ءَامَنُوا۟ ۗ وَٱللَّهُ وَلِىُّ ٱلْمُؤْمِنِينَ ﴿٦٨﴾ وَدَّت طَّآئِفَةٌ مِّنْ أَهْلِ
ٱلْكِتَٰبِ لَوْ يُضِلُّونَكُمْ وَمَا يُضِلُّونَ إِلَّآ أَنفُسَهُمْ وَمَا
يَشْعُرُونَ ﴿٦٩﴾ يَٰٓأَهْلَ ٱلْكِتَٰبِ لِمَ تَكْفُرُونَ بِـَٔايَٰتِ ٱللَّهِ
وَأَنتُمْ تَشْهَدُونَ ﴿٧٠﴾ يَٰٓأَهْلَ ٱلْكِتَٰبِ لِمَ تَلْبِسُونَ ٱلْحَقَّ
بِٱلْبَٰطِلِ وَتَكْتُمُونَ ٱلْحَقَّ وَأَنتُمْ تَعْلَمُونَ ﴿٧١﴾ وَقَالَت
طَّآئِفَةٌ مِّنْ أَهْلِ ٱلْكِتَٰبِ ءَامِنُوا۟ بِٱلَّذِىٓ أُنزِلَ عَلَى ٱلَّذِينَ
ءَامَنُوا۟ وَجْهَ ٱلنَّهَارِ وَٱكْفُرُوٓا۟ ءَاخِرَهُۥ لَعَلَّهُمْ يَرْجِعُونَ ﴿٧٢﴾
وَلَا تُؤْمِنُوٓا۟ إِلَّا لِمَن تَبِعَ دِينَكُمْ قُلْ إِنَّ ٱلْهُدَىٰ هُدَى ٱللَّهِ
أَن يُؤْتَىٰٓ أَحَدٌ مِّثْلَ مَآ أُوتِيتُمْ أَوْ يُحَآجُّوكُمْ عِندَ رَبِّكُمْ ۗ
قُلْ إِنَّ ٱلْفَضْلَ بِيَدِ ٱللَّهِ يُؤْتِيهِ مَن يَشَآءُ ۗ وَٱللَّهُ وَٰسِعٌ
عَلِيمٌ ﴿٧٣﴾ يَخْتَصُّ بِرَحْمَتِهِۦ مَن يَشَآءُ ۗ وَٱللَّهُ ذُو ٱلْفَضْلِ
ٱلْعَظِيمِ ﴿٧٤﴾

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:**
ئىلگىرىكى ئايەتلەردە قۇرئان كەرىم خرىستىيانلارنىڭ ئىيسا

ئەلەيھىسسالامنى ئىلاھ دېگەن دەۋاسىنىڭ باتىل ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ دەلىل - پاكىتلارنى تۇرغۇزغاندىن كېيىن، بۇ ئايەتلەردە يەھۇدىي، ناسارالاردىن ئىبارەت ئىككى گۇرۇھنى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاتىسى بولغان ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىش ۋە ئاللاھنى بىر بىلىشكە چاقىردى. چۈنكى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنى توغرا بولغان ئىسلام دىنى بولۇپ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام يەھۇدىي، ناسارالاردىن ئىبارەت ئىككى گۇرۇھ دەۋا قىلغاندەك يەھۇدىي ياكى ناسارا ئەمەس ئىدى. ئاندىن، دىندا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئەڭ يېقىن بولغانلارنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئۈممەتلىرى ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى.

**ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى:** ئىبنى ئاббاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، نەجراندىكى يەھۇدىي، ناسارالارنىڭ موللىلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىدا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام توغرىسىدا تالاش - تارتىش قىلغىلى تۇردى. يەھۇدىيلار: ئىبراھىم يەھۇدىي دېسە، ناسارالار: ئىبراھىم خىرىستىيان دەيتتى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ: «ئىبراھىم يەھۇدىيمۇ ئەمەس، ناسارامۇ ئەمەس ۋە لېكىن توغرا دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى، ئاللاھقا بويسۇنغۇچى ئىدى، مۇشرىكلاردىن ئەمەس ئىدى» دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى.

**تەپسىرى:** 64. ئى مۇھەممەد يەھۇدىيلار ۋە ناسارالارغا: «ئى ئەھلى كىتاب! پەقەت ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىش، ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىك، ئاللاھنى قويۇپ بىر - بىرىمىزنى خۇدا قىلىۋالماسلىقتەك ھەممىمىزگە ئورتاق بولغان بىر سۆزگە، بىرخىل ئەقىدىگە ئەمەل قىلايلى»

يەھۇدىيلار ئۇزەيرنى، ناسارالار ئىيسانى ئىلاھ قىلىۋالغاندەك، موللىلارنىڭ ھالالنى ھارام، ھارامنى ھالال قىلىشىغا ئىتائەت قىلىپ، بىر - بىرىگىلارغا ئىبادەت قىلىشتىن ساقلىنىڭلار دېگەن. ئەگەر ئۇلار يۈز ئۆرۈسە ـ بۇ توغرا چاقىرىقنى قوبۇل قىلمىسا: «ئى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار جامائەسى! بىزنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىمىزگە، ئىبادەتنى خالىس بىر ئاللاھقىلا قىلىدىغانلىقىمىزغا گۇۋاھ بولۇڭلار» دېگىن. بۇ ئايەت چۈشكەندە، ئەدىي ئىبنى ھاتەم: «يا رەسۇلۇللاھ! بىز موللىلىرىمىزغا ئىبادەت قىلمايمىزغۇ؟» دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇلار نېمىنى ھالال - ھارام دېسە، ئۇلارنىڭ شۇ سۆزىگە ئەمەل قىلىسىلەرغۇ؟» دېدى. ئەدىي: «شۇنداق ئەمەل قىلىمىز» دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇ شۇلارغا ئىبادەت قىلغانلىق» دېدى. 65. ئى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار! نېمە ئۈچۈن ئىبراھىم توغرىسىدا مۇنازىرىلىشىسىلەر؟ ئىبراھىمنى ئۆزۈڭلارنىڭ دىنىدا دەپ گۇمان قىلىسىلەر؟ ھالبۇكى، تەۋرات بىلەن ئىنجىل ئىبراھىمدىن بىر قانچە ئەسىر كېيىن نازىل بولدى. ئۇ قانداقمۇ سىلەرنىڭ دىنىڭلاردا بولىدۇ؟ سۆزۈڭلارنىڭ ئاساسسىز ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەمسىلەر؟ ئىبراھىم بىلەن مۇسانىڭ ئارىسىدا مىڭ يىل، مۇسا بىلەن ئىيسانىڭ ئارىسىدا مىڭ يىل ئۆتكەن تۇرسا، بۇنى ئەقىل قانداق قوبۇل قىلىدۇ؟ بۇ يەردىكى سوئاللار ئۇلارغا كايىش ئۈچۈندۇر. 66. ئى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار جامائەسى! سىلەر شۇنداق كىشىلەركى، بىلىدىغان نەرسەڭلار (ئىيسا) ئۈستىدە مۇنازىرىلەشتىڭلار، چۈنكى سىلەر ئۇ زاماندا ياشىغان. ئەمدى سىلەر بىلمەيدىغان نەرسەڭلار (ئىبراھىم ۋە ئۇنىڭ دىنى) ئۈستىدە نېمىشقا مۇنازىرىلىشىسىلەر؟ ھېچ نېمىنى بىلمەستىن

ئىبراھىمنى يەھۇدىي ياكى ناسارا دەپ دەۋا قىلىشىسىلەر؟ بۇنداق قىلىشىڭلار ئەخمەقلىق ئەمەسمۇ؟ ئىبراھىمنىڭ ئىشىدىكى ھەقىقەتنى ئاللاھ بىلىدۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر. ئەبۇ ھەييان مۇنداق دېگەن: «بۇ ئۇلارنى بىلمەيدىغان نەرسىنى بىلىمەن دەپ باشقىلارغا خەۋەر بېرىشتىن چەكلەشتۇر.» ئاندىن ئاللاھ ئۇلارنىڭ دەۋاسىنىڭ يالغان ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: 67. ئىبراھىم يەھۇدىيمۇ، ناسارامۇ ئەمەس. چۈنكى يەھۇدىيلار مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتىدىن چەتنەپ كەتكەن بولسا، خىرىستىيانلار ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتىدىن چەتنەپ كەتكەن. لېكىن ئىبراھىم توغرا دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى، ئاللاھقا بويسۇنغۇچى ئىدى، مۇشرىكلاردىن ئەمەس ئىدى. بۇ ئايەت ئۇلارنىڭ ئۇزەير ۋە ئىيسانى ئاللاھنىڭ بالىسى، مۇشرىكلارنىڭ بىز ئىبراھىمنىڭ دىنىدا دېگەن سۆزلىرىدە يالغانچى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشتۇر. 68. ئىبراھىمغا ئەڭ يېقىن بولغانلار، شۈبھىسىزكى، ئىبراھىمنىڭ زامانىدا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ يولىغا ئەگەشكەنلەردۇر، بۇ پەيغەمبەر (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) ۋە بۇ پەيغەمبەرنىڭ ئۈممىتى بولغان مۆمىنلەر بىز ئىبراھىمنىڭ دىنىدا دېيىشكە ئەڭ ھەقلىقتۇر. ئاللاھ مۆمىنلەرنىڭ مەدەتكارىدۇر، ئۇلارنى مۇھاپىزەت قىلغۇچى ۋە ياردەم بەرگۈچىدۇر. 69. يەھۇدىيلار ساھابىلەرنىڭ بەزىسىنى يەھۇدىي دىنىغا چاقىرغاندا بۇ ئايەت نازىل بولدى: «ئەھلى كىتابتىن بىر تۈركۈم كىشىلەر ھەسەت قىلىپ سىلەرنى ئازدۇرۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ، ئۇلار پەقەت ئۆزلىرىنىلا ئازدۇرىدۇ. بۇنىڭ ۋابالى ئۇلارغا ھەسسىلەپ ئازاب قىلىنىش بىلەن ئۆزلىرىگىلا قايتىدۇ. لېكىن ئۇلار بۇنى تۇيمايدۇ ۋە بۇنىڭ ئۇچۇن ئەقىل ئىشلەتمەيدۇ.» 70.

قۇرئـان كەرىـم ئۇلارنىـڭ رەزىـل قىلمىشـلىرىغا كايىـپ مۇنـداق دېـدى: «ئـى ئەھلـى كىتـاب! ئاللاھنىـڭ ئايەتلىرىنـى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسـالامغا نازىـل قىلىنغـان قۇرئاننىـڭ ھەقلىقىنـى بىلىـپ تـۇرۇپ نېمىشـقا ئىنـكار قىلىسـىلەر؟» 71. ئـى ئەھلـى كىتـاب! نېمـە ئۈچـۈن ئۆزگـەرتىـش ۋە ئالماشـتۇرۇش ئارقىلىـق ھەقنـى باتىلغـا ئارىلاشتۇرىسـىلەر ۋە مۇھەممـەد ئەلەيھىسسـالامنىڭ كىتابلىرىڭلاردىكـى سۈپىتىنى بىلىـپ تـۇرۇپ يوشۇرىسـىلەر؟ 72. ئاندىـن ئالـلاھ ئۇلارنىـڭ يەنـە بىـر تۈرلـۈك ئالدامچىلىقىنـى بايان قىلـدى، ئـۇ بولسـىمۇ، ئۇلارنىـڭ باشـقا كىشـىلەرنى ئىسلام دىنى توغرىسىـدا شـەكلەندۈرۈش ئۈچـۈن، ئەتىگەنـدە ئىمـان ئېيتىـپ، كـەچ بولغانـدا دىنىدىـن يېنىۋېلىشـتىن ئىبـارەت رەزىللىكـى ئىـدى. ئالـلاھ بـۇ ھەقتـە بايـان قىلىـپ مۇنـداق دېـدى: ئەھلـى كىتابتىـن بىـر تۈركـۈمـى: «مۆمىنلەرگـە نازىـل قىلىنغـان ۋەھيىگە ئەتىگەنـدە ئىمـان ئېيتىـڭلار، كەچقۇرۇنلـۇقـى يېنىۋېلىـڭلار، شـۇنداق قىلساڭلار ئـۇلار ئىمانـدىـن قايتىشـى مۇمكىـن. پەقـەت سـىلەرنىڭ دىنىڭلارغـا ئەگەشـكەنلەرگىلا ئىشـىنىڭلار» دېـدى. ئىبنـى كەسـىر مۇنـداق دېگـەن: «بـۇ ئۇلارنىـڭ ئىمانـى ئاجىـز كىشـىلەرنى دىنىدىـن قايتۇرۇش ئۈچـۈن ئۆزئارا مەسلىھەتلىشـىپ، ھىيلـە ئىشلىتىپ، ئەتىگەنـدە ئىمـان ئېيتىـپ مۇسـۇلمانلار بىلەن بىـر سـەپتە نامـاز ئوقـۇپ، كـەچ تەرەپتـە دىنىدىـن يېنىۋېلىـش ئارقىلىـق نـادان كىشـىلەرنىڭ ئۇلارنىـڭ قىلمىشـىغا ئالدىنىـپ، بـۇلار كىتـاب بېرىلگـەن بىلىملىـك كىشـىلەر، بـۇلار چوقـۇم ئىسـلامدىن بىـرەر ئەيىـب - نۇقسـان ۋە كەمچىلىكنـى كـۆرۈپ قالغـان دەپ دىنىدىـن يېنىۋېلىشـىنى ئۈمىـد قىلغان ۋە سـىلەرنىڭ دىنىـڭلاردا بولمىغـان، يەنـى يەھۇدىـي بولمىغـان كىشـىلەرنىڭ سـۆزىگە ئىشـەنمەڭلار، دېيىشـكەن». 73. ئـى مۇھەممـەد!

ئېيتقىنكى، «ھىدايەت سىلەرنىڭ قولۇڭلاردا ئەمەس، بەلكى توغرا يول ئاللاھنىڭ يولىدۇر، خالىغان كىشىنى ئىمانغا ھىدايەت قىلىدۇ ۋە مۇستەھكەم قىلىدۇ». يەھۇدىيلار بىر - بىرىگە ئېيتىدۇ: بىرەرسىگە سىلەرگە بېرىلگەنگە ئوخشاش ۋەھيى بېرىلىشتىن ياكى مۇسۇلمانلارنىڭ قىيامەت كۈنى پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ دەرگاھىدا سىلەر بىلەن مۇنازىرىلىشىپ سىلەرنى يېڭىپ قويۇشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن پەقەت دىنىڭلارغا ئەگەشكەن ئادەمگىلا ئىشىنىڭلار، دىنىڭلاردا بولمىغان ھېچ ئادەمنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئېتىراپ قىلماڭلار. ئەگەر سىلەر مۇھەممەدنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىقرار قىلىپ ئۇنىڭ دىنىغا كىرمىسەڭلار، بۇ قىيامەت كۈنى سىلەرگە قارشى پاكىت بولىدۇ. ئۇلارنىڭ مەقسىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى رەت قىلىش ئىدى. ئى مۇھەممەد! ئېيتقىنكى، «پەزل - كەرەم، يەنى پەيغەمبەرلىك سىلەرنىڭ ئىلكىڭلاردا ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر. ئاللاھ ئۇنى خالىغان كىشىگە بېرىدۇ». ئاللاھ پەزل - كەرەمگە كىمنىڭ لايىق ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلگۈچىدۇر. پەيغەمبەرلىكنى خالىغان كىشىگە بېرىدۇ، ئاللاھنىڭ پەزلى كەڭدۇر، چەكلىمىسى ۋە بەلگىلىمىسى يوقتۇر.

ئىلاۋە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رۇم پادىشاھى ھىرەقلنى ئىسلامغا چاقىرىپ خەت يازدى، خەتكە ئىبادەتنى بىر ئاللاھقا خالىس قىلىش ئۈچۈن بايان قىلىنغان ئايەتنى شاھىت قىلىپ كەلتۈردى. بۇ خەتنىڭ تېكىستى مۇسلىمدا تۆۋەندىكىدەك بايان قىلىنغان: «ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن. ئاللاھنىڭ

ئەلچىسى مۇھەممەدتىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسلەرنى ئاڭلىغانلار، توغرا يولغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە سالامەتلىك بولغاي. ھەقىقەتەن مەن سىزنى ئىسلام چاقىرىقى بىلەن چاقىرىمەن. مۇسۇلمان بولغىن ئامان قالىسەن، ئاللاھ ساڭا قوش ئەجىر بېرىدۇ. ئەگەر بۇنىڭدىن باش تارتساڭ، قول ئاستىڭدىكى بارلىق كىشىلەرنىڭ گۇناھى ساڭا بولىدۇ دەپ بۇ ئايەتنى كەلتۈردى: «ئى ئەھلى كىتاب! پەقەت ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىش، ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىك، ئاللاھنى قويۇپ بىر - بىرىمىزنى خۇدا قىلىۋالماسلىقتەك ھەممىمىزگە ئورتاق بولغان بىر سۆزگە (تەۋھىد ئەقىدىسىگە) كېلىڭلار» دېگىن، ئەگەر ئۇلار يۈز ئۆرۈسە (بۇنى قوبۇل قىلمىسا): «(ئى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار جامائەسى!) بىزنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىمىزگە گۇۋاھ بولۇڭلار».

وَمِنْ أَهْلِ ٱلْكِتَٰبِ مَنْ إِن تَأْمَنْهُ بِقِنطَارٍ يُؤَدِّهِۦٓ
إِلَيْكَ وَمِنْهُم مَّنْ إِن تَأْمَنْهُ بِدِينَارٍ لَّا يُؤَدِّهِۦٓ إِلَيْكَ
إِلَّا مَا دُمْتَ عَلَيْهِ قَآئِمًا ۗ ذَٰلِكَ بِأَنَّهُمْ قَالُوا۟ لَيْسَ عَلَيْنَا فِى
ٱلْأُمِّيِّۦنَ سَبِيلٌ وَيَقُولُونَ عَلَى ٱللَّهِ ٱلْكَذِبَ وَهُمْ يَعْلَمُونَ ﴿٧٥﴾
بَلَىٰ مَنْ أَوْفَىٰ بِعَهْدِهِۦ وَٱتَّقَىٰ فَإِنَّ ٱللَّهَ يُحِبُّ ٱلْمُتَّقِينَ ﴿٧٦﴾
إِنَّ ٱلَّذِينَ يَشْتَرُونَ بِعَهْدِ ٱللَّهِ وَأَيْمَٰنِهِمْ ثَمَنًا قَلِيلًا
أُو۟لَٰٓئِكَ لَا خَلَٰقَ لَهُمْ فِى ٱلْءَاخِرَةِ وَلَا يُكَلِّمُهُمُ ٱللَّهُ وَلَا
يَنظُرُ إِلَيْهِمْ يَوْمَ ٱلْقِيَٰمَةِ وَلَا يُزَكِّيهِمْ وَلَهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ ﴿٧٧﴾
وَإِنَّ مِنْهُمْ لَفَرِيقًا يَلْوُۥنَ أَلْسِنَتَهُم بِٱلْكِتَٰبِ لِتَحْسَبُوهُ
مِنَ ٱلْكِتَٰبِ وَمَا هُوَ مِنَ ٱلْكِتَٰبِ وَيَقُولُونَ هُوَ مِنْ

عِندِ ٱللَّهِ وَمَا هُوَ مِنْ عِندِ ٱللَّهِ وَيَقُولُونَ عَلَى ٱللَّهِ ٱلْكَذِبَ
وَهُمْ يَعْلَمُونَ ﴿٧٨﴾ مَا كَانَ لِبَشَرٍ أَن يُؤْتِيَهُ ٱللَّهُ ٱلْكِتَـٰبَ
وَٱلْحُكْمَ وَٱلنُّبُوَّةَ ثُمَّ يَقُولَ لِلنَّاسِ كُونُوا۟ عِبَادًا لِّى
مِن دُونِ ٱللَّهِ وَلَـٰكِن كُونُوا۟ رَبَّـٰنِيِّـۧنَ بِمَا كُنتُمْ تُعَلِّمُونَ
ٱلْكِتَـٰبَ وَبِمَا كُنتُمْ تَدْرُسُونَ ﴿٧٩﴾ وَلَا يَأْمُرَكُمْ أَن تَتَّخِذُوا۟
ٱلْمَلَـٰٓئِكَةَ وَٱلنَّبِيِّـۧنَ أَرْبَابًا ۗ أَيَأْمُرُكُم بِٱلْكُفْرِ بَعْدَ
إِذْ أَنتُم مُّسْلِمُونَ ﴿٨٠﴾

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:** ئۆتكەن ئايەتتە ئاللاھ تائالا ئەھلى كىتابنىڭ رەزىللىكى ۋە ئۇلارنىڭ تەبىئىتىگە سىڭىپ كەتكەن پەسكەشلىك، ھىيلە - مىكىرلىرىنى بايان قىلىپ، بۇ ئايەتلەردە يەھۇدىيلارغا خاس بولغان بەزى سۈپەتلەرنى بايان قىلدى. ئۇ بولسىمۇ ئىقتىسادىي ۋە دىنىي جەھەتتىكى خىيانەتچىلىك بولۇپ، ئۇلار ئاللاھقا ۋە ئىنسانلارغا خىيانەت قىلدى. ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنىڭ مەنىسىنى بۇرمىلىدى. باتىل يوللار بىلەن ئىنسانلارنىڭ مېلىنى يەۋېلىشنى ھالال دەپ قارىدى.

**ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى:** ئەشئەس ئىبنى قەيس مۇنداق دەيدۇ: مەن بىلەن بىر يەھۇدىينىڭ ئارىسىدا زېمىن دەۋاسى بولۇپ، يەھۇدىي تېنىۋالدى. مەن ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ئېلىپ كەلدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: «سېنىڭ قولۇڭدا ئىسپات بارمۇ؟» دېۋىدى، مەن: «يوق» دېدىم، رەسۇلۇللاھ يەھۇدىيغا: «سەن قەسەم قىلغىن» دېدى. مەن: «ئۇ قەسەم قىلىپ

مېنىڭ مىلىمنى ئېلىپ كېتىدۇ» دېدىم. شۇ ۋاقىتتا بۇ ئايەت چۈشكەن: «ئاللاھقا بەرگەن ئەھدىنى ۋە قەسەملىرىنى ئازغىنا بەدەلگە تېگىشىدىغانلار ئاخىرەتتە (ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن) ھېچقانداق نېسىۋىگە ئېرىشەلمەيدۇ...»

**تەپسىرى:** 75. ئەھلى كىتابتىن ئابدۇللاھ ئىبنى سالامغا ئوخشاش كۆپ مال ئامانەت قويساڭمۇ ساقا ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىدىغان بىر قىسىم كىشىلەر بار. قۇرەيشلىك بىر كىشى ئۇنىڭغا مىڭ ئۇقىيە ئالتۇن ئامانەت قويغان ۋە كېيىن ئامانەتنى ساق قايتۇرۇپ ئالغان. ئۇلاردىن يەنە فىنھاس ئىبنى ئازۇراغا ئوخشاش بەزى كىشىلەرمۇ باركى، ئۇنىڭدا بىر دىنار ئامانەت قويساڭمۇ ئۇنىڭ بېشىدا تۇرمىغىچە، يەنى قايتا - قايتا سۈيلىمىگىچە ئۇنى ساڭا قايتۇرۇپ بەرمەيدۇ. قۇرەيشلىك بىر كىشى ئۇنىڭغا بىر دىنار ئامانەت قويىۋىدى، ئۇ بۇنىڭغا تېنىۋالدى. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار: «ئۇممىلەرنىڭ مېلىغا خىيانەت قىلساق بىزگە گۇناھ بولمايدۇ، يەنى بىزنىڭ دىنىمىزدا بولمىغانلارنىڭ ماللىرى بىزگە ھارام ئەمەس» دېدى. ھەقىقەتەن ئاللاھ ئۇلارنىڭ، يەنى ئەرەبلەرنىڭ مېلىنى بىزگە ھالال قىلىپ بەردى، دېگەن توقۇلمىلىرى ئۇلارنى خىيانەت قىلىشقا قىزىقتۇردى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، يەھۇدىيلار: «بىز ئاللاھنىڭ ئوغۇللىرى ۋە سۆيۈملۈك كىشىلىرى، باشقا ئىنسانلار بىزنىڭ قۇلىمىز، بىز ئۇلارنىڭ مېلىنى يەۋالساق، ئۇلارنىڭ بىزگە ئېتىراز بىلدۈرۈش ھەققى يوق دەيدۇ. ئۇلار بىلىپ تۇرۇپ ئاللاھ نامىدىن يالغاننى توقۇيدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇلار: ئۇممىلەرنىڭ مېلىغا خىيانەت قىلساق بىزگە گۇناھ بولمايدۇ دېگەندە،

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرى يالغان ئېيتىدۇ، ئامانەتتىن باشقا جاھىلىيەت ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى مېنىڭ قەدىمىمنىڭ ئاستىدا، يەنى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان، ئامانەت ياخشى بولسۇن ياكى ئەسكى بولسۇن ئىگىسىگە قايتۇرۇلىدۇ» دېدى. 76. ئاندىن ئاللاھ تائالا مۇنداق دېدى: ئىش ئۇنداق ئەمەس، ئۇلار باشقا دىنىدىكىلەرگە زۇلۇم قىلسا گۇناھ بولىدۇ. ئۇلاردىن ئەھدىگە ۋاپا قىلغان ۋە گۇناھتىن ساقلانغانلار، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتقانلار ئاللاھ دوست تۇتقان كىشىلەردۇر، چۈنكى ئاللاھ تەقۋادارلارنى ھەقىقەتەن دوست تۇتىدۇ. 77. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتىشتىن ئىبارەت ئاللاھقا بەرگەن ئەھدىنى ۋە قەسەملىرىنى ئازغىنا بەدەلگە تېگىشىدىغانلار ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ھېچقانداق نېسىۋىگە ئېرىشەلمەيدۇ. قىيامەت كۈنى ئاللاھ ئۇلارغا ئۇلارنى خۇش قىلىدىغان سۆز قىلمايدۇ. ئۇلارغا رەھمەت كۆزى بىلەن قارىمايدۇ، ئۇلارنى گۇناھلىرىدىن پاكلىمايدۇ. ئۇلار قىلغان گۇناھلىرى ئۈچۈن قاتتىق ئازابقا قالىدۇ. 78. ئۇلاردىن يەنى يەھۇدىيلاردىن بىر تۈركۈمى كىتابتا بولمىغان نەرسىلەرنى، سىلەرنىڭ كىتابتا بار ئىكەن دەپ ئويلىشىڭلار ئۈچۈن، تىللىرىنى ئەگرى - بۈگرى قىلىپ ئوقۇيدۇ ۋە ئۇنى ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل بولغان دەيدۇ. ھالبۇكى، ئۇ ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل بولغان ئەمەس، ئۇلار بىلىپ تۇرۇپ ئاللاھ نامىدىن يالغاننى توقۇيدۇ. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «ئۇلار ئايەتنى ئاللاھ مەقسەت قىلغان مەنىدىن غەيرىگە تەپسىر قىلىش بىلەن ئۆزگەرتىدۇ». 79. ئاللاھ بىرەر ئىنسانغا كىتابنى، ھېكمەتنى، پەيغەمبەرلىكنى بەرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ

كىشىلەرگە: «ئاللاھنى قويۇپ ماڭا بەندە بولۇڭلار» دېيىشى لايىق بولمايدۇ. يەنى پەيغەمبەردىن مۇنداق گەپنىڭ سادىر بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر دېگەن ئىنسانلارنى ئاللاھنى بىر دەپ ئىبادەت قىلىشتەك توغرا يولغا باشلايدىغان ئاللاھنىڭ ئەلچىسىدۇر. لېكىن ئۇ: «كىتابنى ئۆگەتكەنلىكىڭلار، ئوقۇغانلىقىڭلار ئۈچۈن رەببانىي بولۇڭلار» ، يەنى مۆلايىم، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلىدىغان ئۆلىمالاردىن بولۇڭلار، دەيدۇ. 80. شۇنىڭدەك ئۇنىڭ پەرىشتىلەرنى، پەيغەمبەرلەرنى رەب قىلىۋېلىشقا بۇيرۇشى لايىق بولمايدۇ. مۇسۇلمان بولغىنىڭلاردىن كېيىن پەيغەمبىرىڭلار سىلەرنى كۇپرىغا بۇيرۇمدۇ؟ يەنى ئەلچىنىڭ ۋەزىپىسى ئىنسانلارنى ئىبادەتنى خالىس بىر ئاللاھقا قىلىشقا، ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك قىلماسلىققا بۇيرۇش بولۇپ، باشقىلارنى ئاللاھتىن غەيرىگە ئىبادەت قىلىشقا چاقىرىشى تەسەۋۋۇر قىلىنمايدۇ. بۇ يەردىكى سوئال ئىنكار قىلىش ۋە ھەيران قېلىش ئۈچۈندۇر.

**ئىلاۋە:** رىۋايەت قىلىنىشىچە، بىر كىشى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: «بىز جىھادتا ئەھلى كىتابنىڭ قوي، توخۇ قاتارلىق نەرسىلىرىگە ئېرىشىمىز» دېگەن. ئىبنى ئابباس: «سىلەر قانداق قارايسىلەر؟» دەپ سورىغاندا، ئۇلار: «بۇنىڭدا بىرگە گۇناھ بولمايدۇ دەپ ئويلايمىز» دېيىشتى. ئىبنى ئابباس: «بۇ خۇددى ئەھلى كىتابنىڭ <ئۇممىلەرنىڭ مېلىغا خىيانەت قىلساق بىزگە گۇناھ بولمايدۇ> دېگەن سۆزىگە ئوخشاپ قالدى، ئۇلار جان بېجىنى تولۇق تاپشۇرىدىكەن، ئۇلارنىڭ ماللىرىنى زورلۇق بىلەن ئېلىشىڭلار

توغرا بولمايدۇ» دېدى.

وَإِذۡ أَخَذَ ٱللَّهُ مِيثَٰقَ ٱلنَّبِيِّـۧنَ لَمَآ ءَاتَيۡتُكُم مِّن كِتَٰبٖ
وَحِكۡمَةٖ ثُمَّ جَآءَكُمۡ رَسُولٞ مُّصَدِّقٞ لِّمَا مَعَكُمۡ
لَتُؤۡمِنُنَّ بِهِۦ وَلَتَنصُرُنَّهُۥۚ قَالَ ءَأَقۡرَرۡتُمۡ وَأَخَذۡتُمۡ عَلَىٰ
ذَٰلِكُمۡ إِصۡرِيۖ قَالُوٓاْ أَقۡرَرۡنَاۚ قَالَ فَٱشۡهَدُواْ وَأَنَا۠ مَعَكُم
مِّنَ ٱلشَّٰهِدِينَ ﴿٨١﴾ فَمَن تَوَلَّىٰ بَعۡدَ ذَٰلِكَ فَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ
ٱلۡفَٰسِقُونَ ﴿٨٢﴾ أَفَغَيۡرَ دِينِ ٱللَّهِ يَبۡغُونَ وَلَهُۥٓ أَسۡلَمَ مَن فِي
ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ طَوۡعٗا وَكَرۡهٗا وَإِلَيۡهِ يُرۡجَعُونَ ﴿٨٣﴾ قُلۡ
ءَامَنَّا بِٱللَّهِ وَمَآ أُنزِلَ عَلَيۡنَا وَمَآ أُنزِلَ عَلَىٰٓ إِبۡرَٰهِيمَ
وَإِسۡمَٰعِيلَ وَإِسۡحَٰقَ وَيَعۡقُوبَ وَٱلۡأَسۡبَاطِ وَمَآ أُوتِيَ مُوسَىٰ
وَعِيسَىٰ وَٱلنَّبِيُّونَ مِن رَّبِّهِمۡ لَا نُفَرِّقُ بَيۡنَ أَحَدٖ مِّنۡهُمۡ
وَنَحۡنُ لَهُۥ مُسۡلِمُونَ ﴿٨٤﴾ وَمَن يَبۡتَغِ غَيۡرَ ٱلۡإِسۡلَٰمِ دِينٗا
فَلَن يُقۡبَلَ مِنۡهُ وَهُوَ فِي ٱلۡأٓخِرَةِ مِنَ ٱلۡخَٰسِرِينَ ﴿٨٥﴾
كَيۡفَ يَهۡدِي ٱللَّهُ قَوۡمٗا كَفَرُواْ بَعۡدَ إِيمَٰنِهِمۡ وَشَهِدُوٓاْ
أَنَّ ٱلرَّسُولَ حَقّٞ وَجَآءَهُمُ ٱلۡبَيِّنَٰتُۚ وَٱللَّهُ لَا يَهۡدِي ٱلۡقَوۡمَ
ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٨٦﴾ أُوْلَٰٓئِكَ جَزَآؤُهُمۡ أَنَّ عَلَيۡهِمۡ لَعۡنَةَ ٱللَّهِ
وَٱلۡمَلَٰٓئِكَةِ وَٱلنَّاسِ أَجۡمَعِينَ ﴿٨٧﴾ خَٰلِدِينَ فِيهَا لَا يُخَفَّفُ
عَنۡهُمُ ٱلۡعَذَابُ وَلَا هُمۡ يُنظَرُونَ ﴿٨٨﴾ إِلَّا ٱلَّذِينَ تَابُواْ مِنۢ
بَعۡدِ ذَٰلِكَ وَأَصۡلَحُواْ فَإِنَّ ٱللَّهَ غَفُورٞ رَّحِيمٌ ﴿٨٩﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ
كَفَرُواْ بَعۡدَ إِيمَٰنِهِمۡ ثُمَّ ٱزۡدَادُواْ كُفۡرٗا لَّن تُقۡبَلَ تَوۡبَتُهُمۡ
وَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلضَّآلُّونَ ﴿٩٠﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ وَمَاتُواْ وَهُمۡ

كُفَّارٞ فَلَن يُقۡبَلَ مِنۡ أَحَدِهِم مِّلۡءُ ٱلۡأَرۡضِ ذَهَبٗا وَلَوِ
ٱفۡتَدَىٰ بِهِۦٓۗ أُوْلَٰٓئِكَ لَهُمۡ عَذَابٌ أَلِيمٞ وَمَا لَهُم مِّن
نَّٰصِرِينَ ٩١

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:** يۇقىرىقى ئايەتلەردە ئاللاھ تائالا ئەھلى كىتابنىڭ ئاللاھنىڭ كالامىنى بۇرمىلاپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىشەنمەسلىك ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ كىتابىدىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىنى ئۆزگەرتكەنلىكىنى بايان قىلغان. بۇ ئايەتلەردە ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرلىرىدىن بىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام زامانىدا ياشاپ قالسا، ئۇنىڭغا ئەگىشىش ۋە ياردەم بېرىش توغرىسىدا ۋەدە ئالغانلىقىنى زىكىر قىلىش بىلەن ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ھۆججەت تۇرغۇزدى. ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرلىرىدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىشىنىش ۋە ياردەم بېرىش توغرىسىدا ۋەدە ئېلىنغان تۇرسا، ئەگەشكۈچىلەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەلچىلىكىنى ئىنكار قىلىشى قانداقمۇ توغرا بولسۇن؟ شۇنداقلا ئاللاھ تائالا بارلىق پەيغەمبەرلەرگە ئىشىنىش ئىماننىڭ سەھىھ بولۇشىنىڭ شەرتى ئىكەنلىكىنى ۋە ئاللاھ قوبۇل قىلىدىغان دىنىنىڭ ئىسلام دىنى ئىكەنلىكىنى، ئىسلامدىن باشقا دىننى قوبۇل قىلمايدىغانلىقىنى بايان قىلدى.

**ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى:** ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: ئەنسارلاردىن بىر كىشى دىنىدىن يېنىۋېلىپ مۇرتەد بولۇپ، مۇشرىكلارغا قېتىلىپ كەتتى. كېيىن قىلغان ئىشىغا پۇشايمان قېلىپ، ئۆزىنىڭ قەۋمىگە

بىركىشىنى ئەۋەتىپ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سوراپ بېقىڭلار، مەن ئۈچۈن تەۋبە قىلىش پۇرسىتى بارمۇ؟ مەن ھەقىقەتەن پۇشايمان قىلدىم» دېدى. شۇ ۋاقىتتا بۇ ئايەت نازىل بولدى: «كىمكى ئىسلام (دىنىدىن) غەيرىي دىننى تىلەيدىكەن، ئۇ (ئۇنىڭ دىنى) ھەرگىز قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئۇ ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىدۇر... پەقەت تەۋبە قىلغانلار ۋە (بۇزۇق ئەمەللىرىنى) تۈزەتكەنلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا، ئاللاھ (مۇنداقلارغا) مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر ۋە مېھرىباندۇر». ئۇنىڭ قەۋمى بۇ ئايەتنى يېزىپ ئۇنىڭغا ئەۋەتتى، ئۇ قايتىپ كېلىپ مۇسۇلمان بولدى.

**تەپسىرى:** 81. ئى ئەھلى كىتاب! ئۆز ۋاقتىدىلا ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلەردىن چىن ئەھدە ئېلىپ: «مەن سىلەرگە كىتابنى ۋە ھېكمەتنى ئاتا قىلدىم. كېيىن سىلەرگە كىتاب بىلەن ھېكمەتنى ئېتىراپ قىلغۇچى بىر پەيغەمبەر، يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كەلسە ئۇنىڭغا ئەلۋەتتە ئىمان ئېيتىشىڭلار ۋە ياردەم بېرىشىڭلار كېرەك» دېگەن سۆزىنى ئەسلەڭلار. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ ھەر بىر پەيغەمبەرنى ئەۋەتكەندە، ئەگەر ئۇ ھايات ۋاقتىدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلسە، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىش ۋە ياردەم بېرىش توغرىسىدا ۋەدە ئالدى. شۇنداقلا ئۈممەتلىرىنىڭمۇ شۇنداق قىلىشى ئۈچۈن ۋەدە ئېلىشقا بۇيرۇدى». ئاللاھ: «بۇ ئەھدىنى ئىقرار، يەنى ئېتىراپ قىلدىڭلارمۇ؟ شۇنىڭ، يەنى بۇ ئىش ئۈچۈن مېنىڭ ئەھدىمنى قوبۇل قىلدىڭلارمۇ؟» دېدى. ئۇلار: «ئېتىراپ قىلدۇق» دېيىشتى. ئاللاھ: «ئۆزۈڭلارنىڭ ۋە تەۋەلىرىڭلارنىڭ

ئېتىراپ قىلغانلىقىغا گۇۋاھ بولۇڭلار، مەنمۇ سىلەر بىلەن بىللە گۇۋاھ بولغۇچىلاردىندۇرمەن» دېدى. 82. كىمكى شۇنىڭدىن كېيىن يۈز ئۆرۈسە، يەنى ئەھدىنى بۇزسا، ئۇلار ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلاردۇر. 83. ئۇلار، يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار ئاللاھنىڭ دىنى بولغان ئىسلام دىنىدىن باشقا دىنىنى تىلەمدۇ؟ ھالبۇكى، ئاسمانلاردىكىلەر ئىختىيارىي ۋە ئىختىيارسىز رەۋىشتە ئاللاھقا بويسۇنغان تۇرسا، ئۇلار قىيامەت كۈنى ئاللاھ تەرىپىگە قايتۇرۇلىدۇ. قەتادە مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلمان ئىختىيارىي بويسۇنىدۇ، كاپىر ئىختىيارسىز - مەجبۇرىي بويسۇنىدۇ، لېكىن بۇنىڭ ھېچ پايدىسى بولمايدۇ». ئىبنى كەسىر مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلمان ئۆزىنىڭ قەلبى ۋە جىسمى بىلەن ئاللاھقا ئىختىيارىي بويسۇنىدۇ. كاپىر ئاللاھقا مەجبۇرىي بويسۇنىدۇ. چۈنكى ئۇ چەكلىمىسىز، خىلاپلىق قىلىنمايدىغان كاتتا ھۆكۈمرانلىق ۋە كۈچ - قۇۋۋەت ئاستىدا بويسۇندۇرۇلغان». قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ ھەممىسى قىلمىشىغا يارىشا جازالىنىدۇ ياكى مۇكاپاتلىنىدۇ. 84. ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «بىز ئاللاھقا ئىمان ئېيتتۇق، بىزگە نازىل قىلىنغانغا، يەنى قۇرئانغا، ئىبراھىمغا، ئىسمائىلغا، ئىسھاققا، يەئقۇبقا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا نازىل قىلىنغان ۋەھيىگە، مۇساغا بېرىلگەنگە، يەنى تەۋرات - ئىنجىلغا ۋە پەيغەمبەرلەرگە پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن بېرىلگەنگە، يەنى كىتابلارغا ئىمان ئېيتتۇق. ئۇلارنىڭ ھېچبىرىنى ئايرىۋەتمەيمىز. يەھۇدىي، ناسارالاردەك ئۇلارنىڭ بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ، بەزىسىنى ئىنكار قىلمايمىز. بىز ئاللاھقا بويسۇنغۇچىلارمىز، ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك قىلمايمىز. ئاللاھنى ئىلاھ دەپ ئېتىقاد

قىلىش بىلەن بىرگە ئىبادەتنى ئۇنىڭغا خالىس قىلىمىز». 85. كىمكى ئىسلام دىنىدىن غەيرىي دىننى، يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ شەرىئىتىدىن غەيرىنى تىلەيدىكەن، ئۇنىڭ دىنى ھەرگىز قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئۇ ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىدۇر، جەھەننەمدە مەڭگۈ قالىدۇ. 86. ئىمان ئېيتىپ، پەيغەمبەرنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە شاھىت بولغان ۋە ئۆزلىرىگە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى بولۇپ كەلگەنلىكى توغرىسىدا روشەن دەلىللەر ۋە مۆجىزىلەر كەلگەندىن كېيىن كاپىر بولغان قەۋمنى ئاللاھ قانداقمۇ ھىدايەت قىلسۇن! ئاللاھ زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ، بەخت - سائادەت يولىغا مۇۋەپپەق قىلمايدۇ. ھەسەن مۇنداق دېگەن: «ئۇلار يەھۇدىي، ناسارالار بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىنى كىتابلىرىدا كۆردى. ئۇنىڭ ھەقىقىي پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە شاھىت بولۇپ، پەقەت ئۇ ئەرەب مىللىتىدىن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەنلىكى ئۈچۈنلا ئۇنىڭغا ھەسەت قىلىپ، ئىمان ئېيتىشتىن يۈز ئۆرىدى». 87. ئاللاھنىڭ، پەرىشتىلەرنىڭ ۋە ئىنسانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ لەنىتىگە ئۇچراش ئۇلارغا بېرىلگەن جازادۇر. 88. ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ. ئۇلاردىن ئازاب يېنىكلىتىلمەيدۇ ۋە كېچىكتۈرۈلمەيدۇ. 89. پەقەت تەۋبە قىلغانلار ۋە بۇزۇق ئەمەللىرىنى تۈزەتكەنلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئاللاھ ئۇلارغا مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر ۋە مېھرىباندۇر. 90. شۈبھىسىزكى، ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن كاپىر بولغانلار، ئاندىن كۇپرىنى تېخىمۇ ئاشۇرغانلارنىڭ تەۋبىسى ھەرگىزمۇ قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئەنە شۇلار گۇمراھلاردۇر. يەنى ئۇلار كۇپرىنى داۋاملاشتۇرغان مۇددەتتە ئۇلارنىڭ تەۋبىسى

قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئۇلار توغرا يولدىن چەتنەپ كەتكۈچىلەردۇر. بۇ ئايەت مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا كاپىر بولغان، شۇنداقلا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە قۇرئانغا كاپىر بولۇش بىلەن كۇپرىدا زىيادە بولغان يەھۇدىيلار توغرىسىدا نازىل بولغان. 91. ئاندىن، ئاللاھ تائالا كاپىر بولۇپ كۇپۇرلۇق ھالىتىدە ئۆلگەنلەر توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: «شۈبھىسىزكى، كاپىر بولۇپ تەۋبە قىلماستىن كۇپرى بىلەن ئۆلگەنلەر ئۈچۈن يەر يۈزىگە بىر كېلىدىغان ئالتۇن پىدىيە بەرسىمۇ قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئەنە شۇلار قاتتىق ئازابقا قالىدۇ. ئۇلارنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتقۇلدۇرىدىغان ھېچبىر مەدەتكار بولمايدۇ».

**ئىلاۋە:** ئايەت كاپىرلارنى ئۈچ تۈرگە ئايرىغان: 1. ھەقىقىي مەنپەئەتلىك تەۋبە قىلغانلار بولۇپ، ئۇلار بۇ ئايەتتە مۇنداق زىكىر قىلىنغان: «پەقەت تەۋبە قىلغانلار ۋە (بۇزۇق ئەمەللىرىنى) تۈزەتكەنلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا». 2. مەنپەئەتسىز تەۋبە قىلغانلار بولۇپ، ئۇلار بۇ ئايەتتە مۇنداق زىكىر قىلىنغان: «ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن كاپىر بولغانلار، ئاندىن كۇفرىنى ئېشىمۇ ئاشۇرغانلارنىڭ تەۋبىسى ھەرگىزمۇ قوبۇل قىلىنمايدۇ». 3. تەۋبە قىلماستىن كۇپرى ھالىتىدە ئۆلگەنلەر بولۇپ، ئۇلار بۇ ئايەتتە مۇنداق زىكىر قىلىنغان: «كاپىر بولۇپ كۇفرى بىلەن ئۆلگەنلەرنىڭ ھېچبىرىدىن يەر يۈزىگە بىر كېلىدىغان ئالتۇن فىدىيە بەرسىمۇ قوبۇل قىلىنمايدۇ».

ئاگاھلاندۇرۇش: بۇخارىي بىلەن مۇسلىم ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق

دېگەن: «قىيامەت كۈنى دوزاخ ئەھلىدىن بولغان بىر ئادەمدىن، ‹سېنىڭ يەر يۈزىگە لىق تولدىغان ئالتۇنۇڭ بولسا ئۇنى پىدىيە بېرىپ، بۇ يەردىن قۇتۇلۇشنى خالامتىڭ؟› دەپ سورالغاندا، ئۇ كىشى: ‹ھەئە› دەيدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭغا: مەن سەندىن ئۇنىڭدىنمۇ ئاددىي بىر ئىشنى تەلەپ قىلغانىدىم، سەن ئاتاڭ ئادەمنىڭ سۇلبىدىكى ۋاقتىڭدا ماڭا شېرىك كەلتۈرمىگىن دەپ ۋەدە ئالغانىدىم، لېكىن سەن بۇنىڭغا ئۇنىماي ماڭا شېرىك كەلتۈردۈڭ دەيدۇ».

لَن تَنَالُواْ ٱلْبِرَّ حَتَّىٰ تُنفِقُواْ مِمَّا تُحِبُّونَۚ وَمَا تُنفِقُواْ
مِن شَيْءٖ فَإِنَّ ٱللَّهَ بِهِۦ عَلِيمٞ ﴿٩٢﴾ ۞ كُلُّ ٱلطَّعَامِ كَانَ حِلّٗا
لِّبَنِيٓ إِسۡرَٰٓءِيلَ إِلَّا مَا حَرَّمَ إِسۡرَٰٓءِيلُ عَلَىٰ نَفۡسِهِۦ مِن
قَبۡلِ أَن تُنَزَّلَ ٱلتَّوۡرَىٰةُۚ قُلۡ فَأۡتُواْ بِٱلتَّوۡرَىٰةِ فَٱتۡلُوهَآ إِن
كُنتُمۡ صَٰدِقِينَ ﴿٩٣﴾ فَمَنِ ٱفۡتَرَىٰ عَلَى ٱللَّهِ ٱلۡكَذِبَ مِنۢ
بَعۡدِ ذَٰلِكَ فَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلظَّٰلِمُونَ ﴿٩٤﴾ قُلۡ صَدَقَ ٱللَّهُۗ
فَٱتَّبِعُواْ مِلَّةَ إِبۡرَٰهِيمَ حَنِيفٗاۖ وَمَا كَانَ مِنَ ٱلۡمُشۡرِكِينَ ﴿٩٥﴾
إِنَّ أَوَّلَ بَيۡتٖ وُضِعَ لِلنَّاسِ لَلَّذِي بِبَكَّةَ مُبَارَكٗا وَهُدٗى
لِّلۡعَٰلَمِينَ ﴿٩٦﴾ فِيهِ ءَايَٰتُۢ بَيِّنَٰتٞ مَّقَامُ إِبۡرَٰهِيمَۖ وَمَن
دَخَلَهُۥ كَانَ ءَامِنٗاۗ وَلِلَّهِ عَلَى ٱلنَّاسِ حِجُّ ٱلۡبَيۡتِ مَنِ
ٱسۡتَطَاعَ إِلَيۡهِ سَبِيلٗاۚ وَمَن كَفَرَ فَإِنَّ ٱللَّهَ غَنِيٌّ عَنِ
ٱلۡعَٰلَمِينَ ﴿٩٧﴾ قُلۡ يَٰٓأَهۡلَ ٱلۡكِتَٰبِ لِمَ تَكۡفُرُونَ بِـَٔايَٰتِ
ٱللَّهِ وَٱللَّهُ شَهِيدٌ عَلَىٰ مَا تَعۡمَلُونَ ﴿٩٨﴾ قُلۡ يَٰٓأَهۡلَ ٱلۡكِتَٰبِ
لِمَ تَصُدُّونَ عَن سَبِيلِ ٱللَّهِ مَنۡ ءَامَنَ تَبۡغُونَهَا عِوَجٗا

وَأَنتُمْ شُهَدَآءُۗ وَمَا ٱللَّهُ بِغَٰفِلٍ عَمَّا تَعْمَلُونَ ﴿٩٩﴾ يَٰٓأَيُّهَا
ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ إِن تُطِيعُواْ فَرِيقًا مِّنَ ٱلَّذِينَ أُوتُواْ ٱلْكِتَٰبَ
يَرُدُّوكُم بَعْدَ إِيمَٰنِكُمْ كَٰفِرِينَ ﴿١٠٠﴾ وَكَيْفَ تَكْفُرُونَ
وَأَنتُمْ تُتْلَىٰ عَلَيْكُمْ ءَايَٰتُ ٱللَّهِ وَفِيكُمْ رَسُولُهُۥۗ
وَمَن يَعْتَصِم بِٱللَّهِ فَقَدْ هُدِىَ إِلَىٰ صِرَٰطٍ مُّسْتَقِيمٍ ﴿١٠١﴾
يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱتَّقُواْ ٱللَّهَ حَقَّ تُقَاتِهِۦ وَلَا تَمُوتُنَّ
إِلَّا وَأَنتُم مُّسْلِمُونَ ﴿١٠٢﴾ وَٱعْتَصِمُواْ بِحَبْلِ ٱللَّهِ جَمِيعًا وَلَا
تَفَرَّقُواْۚ وَٱذْكُرُواْ نِعْمَتَ ٱللَّهِ عَلَيْكُمْ إِذْ كُنتُمْ أَعْدَآءً
فَأَلَّفَ بَيْنَ قُلُوبِكُمْ فَأَصْبَحْتُم بِنِعْمَتِهِۦٓ إِخْوَٰنًا وَكُنتُمْ
عَلَىٰ شَفَا حُفْرَةٍ مِّنَ ٱلنَّارِ فَأَنقَذَكُم مِّنْهَاۗ كَذَٰلِكَ يُبَيِّنُ
ٱللَّهُ لَكُمْ ءَايَٰتِهِۦ لَعَلَّكُمْ تَهْتَدُونَ ﴿١٠٣﴾

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:**
يۇقىرىقى ئايەتتە ئاللاھ تائالا كاپىرلارنىڭ ھالىنى ۋە ئاخىرەتتىكى بارار جايىنى، كاپىرلار ئازابتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن يەر يۈزىگە لىق تولىدىغان ئالتۇن پىدىيە بەرسىمۇ قوبۇل قىلىنمايدىغانلىقىنى زىكىر قىلدى. بۇنىڭغا ئەگەشتۈرۈپ، تۆۋەندىكى ئايەتلەردە مۆمىنلەر ئۈچۈن ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ۋە جەننەتكە ئېرىشتۈرىدىغان نەرسىلەرنى بايان قىلدى. ئاندىن سۆزنى پەيغەمبەرلىك، ئەلچىلىك ۋە ئىسلام دىنىنىڭ توغرىلىقى ھەققىدە ئەھلى كىتابنىڭ سەپسەتىلىرىگە رەددىيە بېرىشكە قايتۇردى. ئاندىن مۇسۇلمانلارنى كاپىرلارنىڭ ئىسلامنى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكىنى بۇزۇش، بۆلگۈنچىلىك پەيدا قىلىش ئۈچۈن ئىلىپ بارغان ھىيلە - مىكىر ۋە

پەسكەشلىكىدىن ئاگاھلاندۇردى.

**ئايەتلەرنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى:** شاس ئىبنى قەيس ئىسىملىك بىر يەھۇدىي مەدىنىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئەۋس بىلەن خەزرەجدىن ئىبارەت ئىككى ئۇرۇشقاق قەبىلىنىڭ ئىسلام نۇرى ئاستىدا بىرلىشىپ قېرىنداشلاردىن بولۇپ كەتكىنىگە ھەسەت قىلغانلىقتىن، ئۇلارغا ئۇلارنىڭ جاھىلىيەت دەۋرىدىكى قانلىق ئاداۋىتىنى، ئېچىنىشلىق كۈنلىرىنى خاتىرىلىتىدۇ ۋە ئۇلارنى ئۆزئارا ئۇرۇشۇشقا كۈشكۈرتىدۇ. نەتىجىدە، بۇ ئىككى قەبىلىدىن بەزىلەر بىر - بىرىگە قىلىچ تەڭلەشكە باشلايدۇ. بۇ ئەھۋال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكەندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ، پۈتۈن ئەنسارلار بىلەن مۇھاجىرلارنى تۇۋلاپ تۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن تېخى ھايات تۇرۇپ سىلەر جاھىلىيەتنى تەلەپ قىلامسىلەر؟ ئاللاھ سىلەرنى ھىدايەت قىلىپ ئىسلام بىلەن شەرەپلەندۈرگەن ۋە ئاراڭلاردىكى دۈشمەنلىكنى يوق قىلىپ دىلىڭلارنى ئىماندا بىرلەشتۈرگەندىن كېيىن، كۇپرىلىققا يېنىپ كېتىشنى ئارزۇ قىلامسىلەر؟» بۇ ۋاقىتتا ئۇلار شەيتاننىڭ ئارقىسىغا كىرىپ كەتكەنلىكىنى بىلىدۇ ۋە قوراللىرىنى تاشلاپ، قوللىرىنى چىشلىشىدۇ. ئاندىن ئۆزئارا قۇچاقلىشىپ كۆرۈشىدۇ ھەم يىغلىشىدۇ. كېيىن بىر - بىرىنى ئەپۇ قىلىشقان ھالدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە قايتىدۇ. ئاللاھ تائالا: «ئى مۆمىنلەر! ئەگەر ئەھلى كىتابتىن بىر پىرقىگە ئىتائەت قىلساڭلار، مۆمىن بولغىنىڭلاردىن كېيىن، ئۇلار سىلەرنى كاپىر قىلىپ قويىدۇ» دېگەن ئايەتنى چۈشۈردى.

**تەپسىرى:** 92. ياخشى كۆرگەن نەرسەڭلاردىن سەرپ قىلمىغۇچە، يەنى ماللىرىڭلارنىڭ ياخشىسىنى سەدىقە قىلمىغۇچە ھەرگىز ياخشىلىققا، يەنى جەننەتكە ئېرىشەلمەيسىلەر. ئاللاھنىڭ يولىدا نېمىنى سەرپ قىلماڭلار، ئاللاھ ئۇنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. ئۇ نەرسە سىلەر ئۈچۈن ساقلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشىسىلەر. 93. تەۋرات نازىل قىلىنىشتىن ئىلگىرى، ئىسرائىل، يەنى يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ئۆزىگە ھارام قىلغان يېمەكلىكلەردىن تۆگىنىڭ گۆشى ۋە سۈتىدىن باشقا يېمەكلىكلەرنىڭ ھەممىسى ئىسرائىل ئەۋلادىغا ھالال ئىدى. كېيىن ئۇلارنىڭ ئاسىيلىقى سەۋەبىدىن ئۇلارنى ئازابلاش ئۈچۈن ماي ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان يېمەكلىكنىڭ بەزى تۈرلىرى ھارام قىلىندى. ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «ئەگەر راستچىل بولساڭلار، تەۋراتنى ئېلىپ كېلىپ ئوقۇپ بېقىڭلار». زەمەخشەرىي مۇنداق دېگەن: «ئۇلار كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ يولىدىن توسۇش ئۈچۈن، زالىملىق ۋە ھەددىدىن ئېشىش بىلەن ئاللاھنىڭ ئۆزلىرىگە بولغان شاھىتلىقىنى ئىنكار قىلىشنى مەقسەت قىلغان. ئۇلاردىن كىتابلىرىنى ئەكىلىپ قىلغان سۆزلىرىنى ئىسپاتلاش تەلەپ قىلىنغاندا، يالغانچىلىقتىن تىلى تۇتۇلۇپ قالغان ۋە رەسۋا بولۇپ قايتقان. ھېچ بىرى تەۋراتنى چىقىرىشقا جۈرئەت قىلالمىغان. بۇمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ راستچىللىقىغا بولغان ئوچۇق دەلىلدۇر». 94. روشەن دەلىل مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن، كىمكى ئاللاھ نامىدىن يالغاننى توقۇيدىكەن، ئۇلار زالىملاردۇر، باتىللىق ۋە تەكەببۇرلۇق سەۋەبلىك ھەقتىن چىقىپ كەتكۈچىلەردۇر. 95. ئېيتقىنكى، «ئاللاھ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بەرگەن بارلىق خەۋەرلىرىدە راست ئېيتتى. ئىسلام دىنىدىن ئىبارەت

ئىبراھىمنىڭ توغرا دىنىغا ئەگىشىڭلار. يەھۇدىيەتنى تەرك قىلىڭلار. ئۇ، يەنى ئىبراھىم مۇشرىكلاردىن، ھەقتىن ئېزىپ كەتكەن يەھۇدىي، ناسارالاردىن ئەمەس ئىدى». بۇ ئايەت ئۇلارنىڭ مۇشرىكلىكىگە كىنايىدۇر. 96. ھەقىقەتەن ئىنسانلارغا ئىبادەت ئۈچۈن سېلىنغان تۇنجى ئۆي، يەنى بەيتۇللاھ مەككىدىدۇر، مۇبارەكتۇر، جاھان ئەھلىگە ھىدايەتتۇر. زېمىن ئەھلى ئۈچۈن ھىدايەت ۋە ئىمان نۇرىنىڭ مەنبەسى، يۈز كەلتۈرىدىغان قىبلىسى، ھەج - ئۆمرە قىلغۇچىلارغا كۆپ مەنپەئەتلىك بولغان بەرىكەتلىك جايدۇر. تۆۋەندىكى ئايەتتە ئاللاھ ھەرەم مەسجىدىنىڭ باشقا بارلىق مەسجىدلەردىن پەرقلىق بولغان بىرقانچە ئالاھىدىلىكىنى بايان قىلدى. 97. ئۇنىڭدىكى ئوچۇق ئالامەتلەر بۇ مەسجىدنىڭ باشقا مەسجىدلەردىن ئالاھىدە ھۆرمىتىنى ئاشۇردى، ماقامى ئىبراھىم شۇلارنىڭ بىرى. ماقامى ئىبراھىم ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كەئبىنى ياسىغاندا دەسسەپ تۇرغان تاش بولۇپ، بۇنىڭدىن باشقا زەمزەم، ھەتىم، سەفا - مەرۋە، ھەجەرۇل ئەسۋەد قاتارلىقلار بار. بۇلار كەئبىنىڭ شەرەپلىك ئىكەنلىكى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ قىبلىسى بولۇشقا لايىق ئىكەنلىكىگە يېتەرلىك ئەمەسمۇ؟ بەيتۇللاھقا كىرگەن ئادەم ئەمىن بولىدۇ. بۇمۇ يەنە بىر ئالامەت بولۇپ، ھەرەمگە كىرگەن ئادەم ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ «پەرۋەردىگارىم! بۇ جاينى، يەنى مەككىنى تىنچ جاي قىلىپ بەرگىن» دېگەن دۇئاسى سەۋەبى بىلەن ئەمىن بولىدۇ. قادىر بولالىغان كىشىلەرنىڭ ئاللاھ ئۈچۈن كەئبىنى زىيارەت قىلىشى ئۇلارغا پەرز قىلىندى. كىمكى ئىنكار قىلىدىكەن، يەنى ھەجنى تەرك ئېتىدىكەن، زىيىنى ئۆزىگە بولىدۇ. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئەھلى جاھاندىن يەنى ئۇلارنىڭ

ئىبادىتىدىن بىھاجەتتۇر. قادىر بولۇپ تۇرۇپ ھەج قىلىشنى تەرك ئەتكەننى ئاللاھ كاپىر دەپ ئىپادىلىدى. ئىبنى ئابباس مۇنداق دېگەن: «ھەجنىڭ پەرزلىكىنى ئىنكار قىلغان كىشى كاپىر بولىدۇ، ئاللاھ ئۇنىڭ ئىبادىتىدىن بىھاجەتتۇر». 98. ئاندىن ئاللاھ ئەھلى كىتابنىڭ كاپىر بولغانلىقىنى ئەيىبلەشنى باشلىدى: ئى مۇھەممەد! ئېيتقىنكى: «ئى ئەھلى كىتاب! يەنى يەھۇدىيلار، ناسارالار نېمە ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟ ۋەھالەنكى، ئاللاھ قىلمىشىڭلارغا شاھىتتۇر، سىلەرنى قىلمىشىڭلارغا ئاساسەن جازالايدۇ». 99. ئى مۇھەممەد! ئېيتقىنكى، «ئى ئەھلى كىتاب، يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار! ئىسلام دىنىنىڭ ھەقلىقىغا شاھىت بولۇپ تۇرۇپ، نېمە ئۈچۈن ئاللاھنىڭ يولىنى ئەگرى كۆرسىتىشنى قەستلەپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىنى ئۆزگەرتىپ، كىشىلەرنى ئازدۇرۇپ، ئىسلامنى بۇرمىلاپ مۆمىنلەرنى ئۇنىڭدىن توسىسىلەر؟ ئاللاھ قىلمىشىڭلاردىن غاپىل ئەمەستۇر». بۇ ئايەت ئۇلارغا قاتتىق تەھدىتتۇر. يەھۇدىي ۋە ناسارالار ئازغۇنلۇق ۋە كىشىلەرنى ئازدۇرۇشتىن ئىبارەت ئىككى سۈپەتنى ئۆزلىرىدە جۇغلىدى. يۇقىرىدىكى ئايەت ئىشارەت قىلغاندەك، ئۇلار ئىسلامنى ئىنكار قىلدى، ئەقىدىسى ئاجىز كىشىلەرنىڭ قەلبىگە شەك - شۈبھە پەيدا قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنى دىنغا كىرىشتىن توستى. 100. ئى مۆمىنلەر! ئەگەر ئەھلى كىتابتىن بىر پىرقىگە ئىتائەت قىلساڭلار، مۆمىن بولغىنىڭلاردىن كېيىن، ئۇلار سىلەرنى كاپىر قىلىپ قويىدۇ. بۇ ئايەتتە ئەۋس بىلەن خەزرەج قەبىلىسىگە خىتاب قىلىنغان بولۇپ، ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبىدە بايان قىلىنغاندەك، يەھۇدىيلار ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پىتنە پەيدا قىلىشنى مەقسەت

قىلغـان. ئايەتنىـڭ ھۆكمـى خـاس بولسـىمۇ، ئىبـارە ئومۇمنـى بىلدۈرىـدۇ. 101. سـىلەرگە ئاللاھنىـڭ ئايەتلـىرى ئوقۇلۇۋاتقـان، يەنـى ۋەھـيى ئۈزۈلـۈپ قالمـاي ئاللاھنىـڭ ئايەتلـىرى نازىـل بولۇۋاتقـان ۋە ئـاراڭلاردا ئاللاھنىـڭ پەيغەمبـىرى ھايـات تۇرغـان تۇرسـا، قانداقمـۇ كاپىـر بولىسـىلەر؟ كىمكـى ئاللاھقـا، يەنـى ئاللاھنىـڭ دىنىغـا مەھكـەم يېپىشـىدىكەن، ئـۇ توغـرا يولغـا يېتەكلەنگـەن بولىـدۇ. ئـۇ بولسـىمۇ جەننەتكـە ئېلىـپ بارىدىغـان يولدـىن ئىبارەتتـۇر. 102. ئـى مۆمىنلـەر! ئاللاھقـا لايىـق رەۋىشـتە تەقۋادارلىـق قىلىـڭلار، پەقـەت مۇسـۇلمانلىق ھالىتىـڭلار بىلەنـلا ۋاپـات بولـۇڭلار، يەنـى ئىسـلامدا مۇسـتەھكەم تـۇرۇڭلار. ئىبنـى مەسـئۇد رەزىيەللاھۇئەنھـۇ مۇنـداق دەيـدۇ: «ئاللاھقـا ئىتائـەت قىلىـش ئاسـيلىق قىلماسـلىق، زىكـىر قىلىـپ تـۇرۇش ئۇنتـۇپ قالماسـلىق، شـۈكۈر ئېيتىـپ تـۇرۇش تۇزكورلـۇق قىلماسـلىق». ئايەتتىكـى «لايىـق رەۋىشـتە تەقۋادارلىـق قىلىـڭلار» دېگەنلىـك، بارلىـق گۇنـاھ - مەسـىيەتتىن سـاقلىنىڭلار دېگەنلىكتـۇر. 103. ھەممىـڭلار ئاللاھنىـڭ ئارغامچىسـىغا، يەنـى ئاللاھنىـڭ دىنىغـا مەھكـەم يېپىشـىڭلار، ئايرىلمـاڭلار ـ سـىلەردىن ئىلگـىرى يەھۇدىيـلار ۋە ناسـاراالار ئىختىلاپ قىلىشـقاندەك، دىنـدا ئىختىلاپ قىلىشـماڭلار. ئاللاھنىـڭ سـىلەرگە بەرگـەن نېمىتىنـى ئەسـلەڭلار. ئـۆز ۋاقتىـدا سـىلەر ئىسـلام كېلىشـتىن بـۇرۇن ئۆزئـارا دۈشـمەن ئىدىـڭلار، ئالـلاھ دىلىڭلارنـى ئىسـلام ئارقىلىـق بىرلەشـتۈردى. ئاللاھنىـڭ نېمىتـى بىلـەن ئۆزئـارا قېرىنـداش بولـدۇڭلار. سـىلەر چوڭقـۇر دوزاخنىـڭ گىرۋىكىـدە ئىدىـڭلار، ئالـلاھ سـىلەرنى ئىسـلام ئارقىلىـق ئۇنىڭدىـن قۇتقـۇزدى. سـىلەرنىڭ ئىككـى دۇنيانىـڭ بەخـت - سـائادىتىگە ھىدايـەت تېپىشـىڭلار ئۈچـۈن، ئالـلاھ ئايەتلىرىنـى شـۇنداق بايـان قىلىـدۇ.

ئاگاھلاندۇرۇش: ئايەتتە ئەھلى كىتابنىڭ ئىككى تۈرلۈك شۈبھىسىگە رەددىيە بېرىلگەن: 1. ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا: «سەن ئۆزۈڭنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىدا دەپ دەۋا قىلىسەن. ھالبۇكى، ئۇنىڭ شەرىئىتىگە خىلاپلىق قىلىسەن، ئىبراھىمنىڭ دىنىدا ھارام قىلىنغان تۆگە گۆشى ۋە ئۇنىڭ سۈتىنى ھالال سانايسەن» دېگەندە، ئاللاھ ئۇلارغا رەددىيە بېرىپ بۇ ئايەتنى چۈشۈرگەن: «تەۋرات نازىل قىلىنىشتىن ئىلگىرى، ئىسرائىل (يەئقۇب ئەلەيھىسسالام) ئۆزىگە ھارام قىلغان يېمەكلىكلەر (تۆگىنىڭ گۆشى ۋە سۈتى) دىن باشقا يېمەكلىكلەرنىڭ ھەممىسى ئىسرائىل ئەۋلادىغا ھالال ئىدى...» 2. ئۇلار: «ئى مۇھەممەد! سەن ئۆزۈڭنى بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ دىنىنى تەستىقلىغۇچى دەيسەن. ھالبۇكى، بەيتۇلمۇقەددەس دەسلەپتە ياسالغان مەسجىدلەرنىڭ بىرى، بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ قىبلىسى بولۇپ، يۈزلىنىشكە ئەڭ لايىق تۇرسا، نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا يۈزلىنىشنى تەرك ئېتىسەن؟» دېگەندە، ئاللاھ ئۇلارغا رەددىيە بېرىپ بۇ ئايەتنى چۈشۈرگەن: «ھەقىقەتەن ئىنسانلارغا (ئىبادەت ئۈچۈن) تۇنجى سېلىنغان ئۆي (بەيتۇللاھ) مەككىدىدۇر، مۇبارەكتۇر، جاھان ئەھلىگە ھىدايەتتۇر.»

وَلۡتَكُن مِّنكُمۡ أُمَّةٞ يَدۡعُونَ إِلَى ٱلۡخَيۡرِ وَيَأۡمُرُونَ بِٱلۡمَعۡرُوفِ
وَيَنۡهَوۡنَ عَنِ ٱلۡمُنكَرِۚ وَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡمُفۡلِحُونَ ١٠٤
وَلَا تَكُونُواْ كَٱلَّذِينَ تَفَرَّقُواْ وَٱخۡتَلَفُواْ مِنۢ بَعۡدِ مَا
جَآءَهُمُ ٱلۡبَيِّنَٰتُۚ وَأُوْلَٰٓئِكَ لَهُمۡ عَذَابٌ عَظِيمٞ ١٠٥ يَوۡمَ
تَبۡيَضُّ وُجُوهٞ وَتَسۡوَدُّ وُجُوهٞۚ فَأَمَّا ٱلَّذِينَ ٱسۡوَدَّتۡ وُجُوهُهُمۡ

أَكَفَرۡتُم بَعۡدَ إِيمَٰنِكُمۡ فَذُوقُواْ ٱلۡعَذَابَ بِمَا كُنتُمۡ
تَكۡفُرُونَ ١٠٦ وَأَمَّا ٱلَّذِينَ ٱبۡيَضَّتۡ وُجُوهُهُمۡ فَفِي رَحۡمَةِ
ٱللَّهِۖ هُمۡ فِيهَا خَٰلِدُونَ ١٠٧ تِلۡكَ ءَايَٰتُ ٱللَّهِ نَتۡلُوهَا
عَلَيۡكَ بِٱلۡحَقِّۗ وَمَا ٱللَّهُ يُرِيدُ ظُلۡمٗا لِّلۡعَٰلَمِينَ ١٠٨ وَلِلَّهِ
مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِي ٱلۡأَرۡضِۚ وَإِلَى ٱللَّهِ تُرۡجَعُ ٱلۡأُمُورُ ١٠٩
كُنتُمۡ خَيۡرَ أُمَّةٍ أُخۡرِجَتۡ لِلنَّاسِ تَأۡمُرُونَ بِٱلۡمَعۡرُوفِ
وَتَنۡهَوۡنَ عَنِ ٱلۡمُنكَرِ وَتُؤۡمِنُونَ بِٱللَّهِۗ وَلَوۡ ءَامَنَ أَهۡلُ
ٱلۡكِتَٰبِ لَكَانَ خَيۡرٗا لَّهُمۚ مِّنۡهُمُ ٱلۡمُؤۡمِنُونَ وَأَكۡثَرُهُمُ
ٱلۡفَٰسِقُونَ ١١٠ لَن يَضُرُّوكُمۡ إِلَّآ أَذٗىۖ وَإِن يُقَٰتِلُوكُمۡ
يُوَلُّوكُمُ ٱلۡأَدۡبَارَ ثُمَّ لَا يُنصَرُونَ ١١١ ضُرِبَتۡ عَلَيۡهِمُ
ٱلذِّلَّةُ أَيۡنَ مَا ثُقِفُوٓاْ إِلَّا بِحَبۡلٖ مِّنَ ٱللَّهِ وَحَبۡلٖ مِّنَ ٱلنَّاسِ
وَبَآءُو بِغَضَبٖ مِّنَ ٱللَّهِ وَضُرِبَتۡ عَلَيۡهِمُ ٱلۡمَسۡكَنَةُۚ ذَٰلِكَ
بِأَنَّهُمۡ كَانُواْ يَكۡفُرُونَ بِـَٔايَٰتِ ٱللَّهِ وَيَقۡتُلُونَ ٱلۡأَنۢبِيَآءَ
بِغَيۡرِ حَقّٖۚ ذَٰلِكَ بِمَا عَصَواْ وَّكَانُواْ يَعۡتَدُونَ ١١٢

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:**

يۇقىرىقى ئايەتتە ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنى ئەھلى كىتابنىڭ ھىيلە - مىكرىدىن ئاگاھلاندۇرۇپ، ئاللاھنىڭ ئارغامچىسى بولغان قۇرئان كەرىمگە چىڭ ئېسىلىپ، شەرىئەتتە مۇستەھكەم تۇرۇشقا بۇيرۇدى ۋە مۆمىنلەرنى بىرلىشىش، ئىختىلاپلاشماسلىق، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن چەكلەشتىن ئىبارەت ئاللاھنىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىشتىكى مۇھىم ئەمەلنى ئادا قىلىشقا چاقىردى. ئاندىن يەھۇدىيلارنىڭ

ھاكاۋۇرلۇقى ۋە ھەددىدىن ئېشىشى سەۋەبلىك ئۇلارغا چۈشكەن خارلىق ۋە پەسلىكنى زىكىر قىلدى.

**تەپسىرى:** 104. سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا خەيرلىك ئىشلارغا دەۋەت قىلىدىغان، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلارنى مەنئى قىلىدىغان بىر جامائە بولسۇن، ئەنە شۇلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر. 105. روشەن دەلىللەر كەلگەندىن كېيىن ئايرىلىپ كېتىشكەن ۋە ئىختىلاپ قىلىشقان كىشىلەر، يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالاردەك بولماڭلار! ئەنە شۇلار چوڭ ئازابقا دۇچار بولىدۇ ـ نەپس - خاھىشىغا ئەگىشىپ دىندا ئىختىلاپ قىلىشقانلىقى سەۋەبىدىن قىيامەتتە قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ. 106. ئەنە شۇ قىيامەت كۈنىدە بەزى يۈزلەر ـ مۆمىنلەرنىڭ يۈزلىرى ئىمان ۋە تائەت بىلەن ئاقىرىدۇ، بەزى يۈزلەر ـ كاپىرلارنىڭ يۈزلىرى ئاسىيلىق ۋە كۇپرى بىلەن قارىيىدۇ. يۈزى قارايغانلارغا پەرىشتىلەر كايىپ ئېيتىدۇكى: «ئىمان ئېيتقىنىڭلاردىن كېيىن كاپىر بولدۇڭلارمۇ؟ كاپىر بولغانلىقىڭلار ئۈچۈن ئازابنى تېتىڭلار». 107. ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش بىلەن يۈزى ئاقارغانلار ئاللاھنىڭ رەھمىتى بولغان جەننەتتە بولىدۇ، ئۇلار جەننەتتە مەڭگۈ قالىدۇ. 108. بۇ ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىدۇر، ئى مۇھەممەد! ئۇلارنى ساڭا راست ئوقۇپ بېرىمىز. ئاللاھ جاھان ئەھلىگە زۇلۇم قىلىشنى خالىمايدۇ، لېكىن ئىنسانلار ئۆز نەپسىگە ئۆزى زۇلۇم قىلىدۇ. 109. ئاسمانلار ۋە زېمىندىكى شەيئىلەر ئاللاھنىڭ مۈلكى، مەخلۇقاتى ۋە بەندىلىرىدۇر. ھەممە ئىشلار ئاللاھقا قايتۇرۇلىدۇ. ئاللاھ دۇنيا - ئاخىرەتتە ئىشلارغا ھۆكۈم قىلغۇچىدۇر. 110. ئى مۇھەممەد ئۈممىتى! سىلەر ئىنسانلار

مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان، ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىدىغان، ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر. ئىمام بۇخارىي ئەبۇ ھۈرەيرەدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە: «ئىنسانلارنىڭ ياخشىلىرىنى بويۇنلىرىدىن زەنجىردە باغلاپ ئېلىپ كېلىسىلەر، ھەتتا ئۇلار ئىسلام دىنىغا كىرىدۇ» دېيىلگەن. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئۆزىنىڭ مۇشۇ ئۈممەتتىن بولغانلىقىدىن خۇرسەن بولىدىكەن، ئاللاھنىڭ بۇ ئۈممەتكە قويغان شەرتىنى ئادا قىلسۇن». ئاندىن ئاللاھ تائالا مۇنداق دېدى: «ئەگەر ئەھلى كىتاب ـ يەھۇدىيلار، ناسارالار ئىمان ئېيتسا ـ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان ۋەھيىگە ئىشەنسە، ئۇلار ئۈچۈن دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئەلۋەتتە ياخشى بولاتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە نەجاشىي ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى سالامدەك مۆمىنلەرمۇ بار. ئۇلارنىڭ تولىسى پاسىقلاردۇر، ئاللاھنىڭ تائىتىدىن چىققۇچىلاردۇر.» 111. ئۇلار سىلەرگە ئازار بېرىشتىن باشقا ھېچقانداق زىيان - زەخمەت يەتكۈزەلمەيدۇ. ئەگەر سىلەر بىلەن ئۇرۇشۇپ قالسا ئارقىسىنى قىلىپ قاچىدۇ، ئاندىن ئۇلارغا ياردەم بېرىلمەيدۇ. 112. مەيلى قەيەردە بولمىسۇن، ئۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ھىمايىسىدە بولغانلىرىدىن باشقىلىرى خارلىققا پېتىپ قالدى. ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ئۇچرىدى، موھتاجلىققا چۆمدى. بۇ ئۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقلىرى ۋە پەيغەمبەرلەرنى ناھەق ئۆلتۈرگەنلىكلىرى ئۈچۈندۇر؛ ئۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ پەرمانىدىن چىقىپ كەتكەنلىكلىرى ۋە ئاللاھنىڭ چەكلىمىسىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكلىرى ئۈچۈندۇر.

ئىلاۋە: زەمەخشەرىي مۇنداق دېگەن: «سۆزنىڭ بېشىدىلا جازا بېرىشتىن خەۋەر بېرىش ھۆكمىگە چەتنىگەن. خۇددى، سىلەرگە خەۋەر بېرەيكى، ئۇلارغا ياردەم بېرىش چەكلەنگەن ۋە ئۇلار خار بولغۇچى دېگەنگە ئوخشاش. ئەگەر ياردەمنى چەكلەش كەسكىن بولغان بولسا ئىدى، بۇ ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا چېتىلغان بولاتتى - دە، ياردەم مۇتلەق ۋەدە بولۇپ قالاتتى».

ئاگاھلاندۇرۇش: «روشەن دەلىللەر كەلگەندىن كېيىن ئايرىلىپ كېتىشكەن ۋە ئىختىلاپ قىلىشقان كىشىلەردەك بولماڭلار، ئەنە شۇلار چوڭ ئازابقا دۇچار بولىدۇ» دېگەن ئايەتتىكى «ئىختىلاپ» سۆزىدىن دىنىنىڭ ئاساسى ۋە ئەقىدە قاراشتىكى ئىختىلاپلار مەقسەت قىلىنىدۇ. ئەمما مۇجتەھىد ئالىملاردەك شاخچە مەسىلىلەردە ئىختىلاپ قىلىش بولسا، شەرىئەتنىڭ كەڭرىلىكىدىندۇر. بۇ توغرىدا ئالىملارمۇ ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەن بولۇپ، ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ: «رفع الملام عن الئمة الاعلام» دېگەن كىتابىدا بۇنى ئوچۇق بايان قىلغان.

لَيۡسُواْ سَوَآءٗۗ مِّنۡ أَهۡلِ ٱلۡكِتَٰبِ أُمَّةٞ قَآئِمَةٞ يَتۡلُونَ ءَايَٰتِ
ٱللَّهِ ءَانَآءَ ٱلَّيۡلِ وَهُمۡ يَسۡجُدُونَ ﴿١١٣﴾ يُؤۡمِنُونَ بِٱللَّهِ وَٱلۡيَوۡمِ
ٱلۡأٓخِرِ وَيَأۡمُرُونَ بِٱلۡمَعۡرُوفِ وَيَنۡهَوۡنَ عَنِ ٱلۡمُنكَرِ
وَيُسَٰرِعُونَ فِي ٱلۡخَيۡرَٰتِۖ وَأُوْلَٰٓئِكَ مِنَ ٱلصَّٰلِحِينَ ﴿١١٤﴾ وَمَا
يَفۡعَلُواْ مِنۡ خَيۡرٖ فَلَن يُكۡفَرُوهُۗ وَٱللَّهُ عَلِيمُۢ بِٱلۡمُتَّقِينَ ﴿١١٥﴾
إِنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ لَن تُغۡنِيَ عَنۡهُمۡ أَمۡوَٰلُهُمۡ وَلَآ أَوۡلَٰدُهُم مِّنَ

ٱللَّهِ شَيْـًٔاۖ وَأُوْلَٰٓئِكَ أَصْحَٰبُ ٱلنَّارِۖ هُمْ فِيهَا خَٰلِدُونَ ١١٦
مَثَلُ مَا يُنفِقُونَ فِي هَٰذِهِ ٱلْحَيَوٰةِ ٱلدُّنْيَا كَمَثَلِ رِيحٍ فِيهَا
صِرٌّ أَصَابَتْ حَرْثَ قَوْمٍ ظَلَمُوٓاْ أَنفُسَهُمْ فَأَهْلَكَتْهُۚ وَمَا
ظَلَمَهُمُ ٱللَّهُ وَلَٰكِنْ أَنفُسَهُمْ يَظْلِمُونَ ١١٧ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ
ءَامَنُواْ لَا تَتَّخِذُواْ بِطَانَةً مِّن دُونِكُمْ لَا يَأْلُونَكُمْ خَبَالًا
وَدُّواْ مَا عَنِتُّمْ قَدْ بَدَتِ ٱلْبَغْضَآءُ مِنْ أَفْوَٰهِهِمْ وَمَا تُخْفِي
صُدُورُهُمْ أَكْبَرُۚ قَدْ بَيَّنَّا لَكُمُ ٱلْأٓيَٰتِۖ إِن كُنتُمْ
تَعْقِلُونَ ١١٨ هَٰٓأَنتُمْ أُوْلَآءِ تُحِبُّونَهُمْ وَلَا يُحِبُّونَكُمْ وَتُؤْمِنُونَ
بِٱلْكِتَٰبِ كُلِّهِۦ وَإِذَا لَقُوكُمْ قَالُوٓاْ ءَامَنَّا وَإِذَا خَلَوْاْ عَضُّواْ
عَلَيْكُمُ ٱلْأَنَامِلَ مِنَ ٱلْغَيْظِۚ قُلْ مُوتُواْ بِغَيْظِكُمْۗ إِنَّ ٱللَّهَ
عَلِيمُۢ بِذَاتِ ٱلصُّدُورِ ١١٩ إِن تَمْسَسْكُمْ حَسَنَةٌ تَسُؤْهُمْ
وَإِن تُصِبْكُمْ سَيِّئَةٌ يَفْرَحُواْ بِهَاۖ وَإِن تَصْبِرُواْ وَتَتَّقُواْ لَا
يَضُرُّكُمْ كَيْدُهُمْ شَيْـًٔاۗ إِنَّ ٱللَّهَ بِمَا يَعْمَلُونَ مُحِيطٌ ١٢٠

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:**
ئىلگىرىكى ئايەتتە ئاللاھ تائالا ئەھلى كىتابنى ناچار سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەپ، بۇ ئايەتلەردە ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئوخشاش ئەمەسلىكى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە مۆمىنلەر، كاپىرلار، ياخشىلار ۋە فاجىرلارنىڭمۇ بارلىقىنى زىكىر قىلدى. ئاندىن كاپىرلارغا قىيامەت كۈنى مال - مۈلكى ۋە بالا - چاقىلىرىنىڭ ھېچقانداق مەنپەئەت يەتكۈزەلمەيدىغانلىقىنى بايان قىلىپ، دىن دۈشمەنلىرىنى دوست تۇتۇشتىن چەكلەپ، ئۇ ئىشنىڭ دىنغا ۋە دۇنياغا بولغان زور زىيىنىنى زىكىر قىلدى.

**ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى:** ئابدۇللاھ ئىبنى سالام ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى مۇسۇلمان بولغان ۋاقىتتا، يەھۇدىي موللىلىرى: مۇھەممەدكە بىزنىڭ ئارىمىزدىكى ئەسكى، ناچار كىشىلەرلا ئىمان ئېيتتى، ئەگەر ئۇلار ياخشىلاردىن بولغان بولسا ئىدى ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ دىنىنى تەرك قىلمايتتى دېدى. ئابدۇللاھ ئىبنى سالام ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئۇلارغا: «ھەقىقەتەن سىلەر كاپىر بولدۇڭلار ۋە زىيان تارتتىڭلار» دېگەندە، ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: «ئۇلار بىرخىل ئەمەس، ئەھلى كىتابتىن كېچىلىرى ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى تىلاۋەت قىلىپ تۇرىدىغان ۋە سەجدە قىلىپ تۇرىدىغان بىر جامائە بار...»

**تەپسىرى:** 113. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر تۈردىكى ئىنسانلار بولماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەھلى كىتابتىن (يەھۇدىيلار ۋە ناسارالاردىن) دىندا مۇستەھكەم، كېچىلىرى ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى تىلاۋەت قىلىپ تۇرىدىغان ۋە سەجدە قىلىدىغان بىر جامائە كىشىلەر (نامازدا ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى تىلاۋەت قىلىپ، كېچىلىرى تەھەججۇد ئوقۇيدىغانلار) بار. 114. ئۇلار ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدۇ. ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ. ياغلىمچىلىق قىلمايدۇ. خەيرلىك ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرايدۇ. ئەنە شۇلار ياخشىلاردىندۇر ـ ياخشى - سالىھ بەندىلەر قاتارىدىندۇر. 115. ئۇلار ھەر قانداق ياخشىلىقنى قىلسۇن، ئۇ بىكار كەتمەيدۇ. ئاللاھ تەقۋادارلارنى ئوبدان بىلىدۇ. ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرى ئاللاھقا مەخپىي ئەمەس. ئاللاھنىڭ ئالدىدا تەقۋادارلارنىڭ ئەمەلىنىڭ ئەجرى زايا بولۇپ كەتمەيدۇ. 116. شۈبھىسىزكى،

كاپىرلارنىڭ ماللىرى، بالىلىرى ئاللاھنىڭ ئازابىي ئالدىدا ھەرگىز ھېچنەرسىگە دال بولالمايدۇ. ئۇلار دوزاخ ئەھلىدۇر، دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ. 117. ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيادا رىيا قىلىپ بەرگەن سەدىقىلىرى، ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغان بىر قەۋمنىڭ زىرائىتىگە تېگىپ ئۇنى نابۇت قىلىۋەتكەن سوغۇق شامالغا ئوخشايدۇ. ئىگىلىرىنىڭ گۇناھى تۈپەيلىدىن نابۇت قىلىنغان بۇ زىرائەتكە ئوخشاش، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ياخشى ئەمەللىرىنى بەربات قىلىدۇ. ئۇلارغا ئاللاھ زۇلۇم قىلمىدى، بەلكى ئۇلار ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى زۇلۇم قىلدى. 118. ئاللاھ مۇناپىقلارنى سىرداش دوست تۇتۇشتىن ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېدى: «ئى مۆمىنلەر! ئۆزۈڭلاردىن بولمىغانلارنى، يەنى مۇناپىقلارنى سىرداش قىلىۋالماڭلار. ئۇلار سىلەرگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشتا بوشاڭلىق قىلىپ قالمايدۇ. ئۇلار سىلەرنىڭ مۇشەققەتتە قېلىشىڭلارنى ئارزۇ قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىكى ئېغىزلىرىدىن مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ دىللىرىدا يوشۇرغان دۈشمەنلىكى تېخىمۇ چوڭدۇر. شۈبھىسىزكى، ئەگەر چۈشىنىدىغان بولساڭلار، سىلەرگە نۇرغۇن ئايەتلەرنى بايان قىلدۇق، سىلەر بىلسەڭلار، دىنىدا ئىخلاسمەن بولۇش، مۆمىنلەرنى دوست تۇتۇش ۋە كاپىرلارنى دۈشمەن تۇتۇشنىڭ ۋاجىپلىقىنى بىلدۈرىدىغان ئايەتلەرنى بايان قىلىپ بەردۇق. بۇ ئايەت ئارقىلىق ئۇلارنىڭ قەلبىنى ھەركەتلەندۈرۈش. بۇ خۇددى: «مۆمىن بولساڭ باشقىلارغا ئازار يەتكۈزمە» دېگەن سۆزگە ئوخشاش. ئىبنى جەرىر مۇنداق دېگەن: «مەنىسى: سىلەر ئاللاھنىڭ بۇيرۇق - چەكلىمىسىنى چۈشىنىدىغان بولساڭلار، دېگەن بولىدۇ.» 119. ئاللاھ ئۇلارنىڭ مۆمىنلەرگە بولغان ئۆچمەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: «ئى

مۆمىنلەر جامائەسى! سىلەر ئۇلارنى دوست تۇتىسىلەر، ئۇلار سىلەرنى دوست تۇتمايدۇ. سىلەرگە بولغان دۈشمەنلىكىنى يوشۇرۇن تۇتىدۇ. سىلەر ھەممە ساماۋى كىتابقا ئىشىنىسىلەر، شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇلار سىلەرنى يەنىلا ئۆچ كۆرىدۇ. سىلەرنىڭ كىتابىڭلاردىكى ھېچ نەرسىگە ئىشەنمەيدۇ. ئۇلار سىلەر بىلەن ئۇچراشقاندا مۇناپىقلىق قىلىپ ئىمان ئېيتتۇق، دەيدۇ. ئۆزلىرى يالغۇز قالغاندا بولسا، سىلەرگە بولغان ئاچچىقىدىن بارماقلىرىنى چىشلەيدۇ. ئى مۇھەممەد! ئېيتقىنكى، «ئاچچىقىڭلار بىلەن ئۆلۈڭلار! ئاللاھ ئۆلگىنىڭلارغا قەدەر ئاچچىقىڭلارنى داۋاملاشتۇرسۇن!» ئاللاھ ھەقىقەتەن دىللاردىكىنى بىلگۈچىدۇر ـ سىلەرنىڭ دىلىڭلاردىكى مۆمىنلەرگە بولغان ئۆچلۈك ۋە ھەسەتنى بىلگۈچىدۇر. 120. ئاللاھ ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا بىرەر مۇسىبەت ۋە بالا - قازا كېلىشىنى كۈتىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: «ئەگەر سىلەرگە كەڭچىلىك، مولچىلىق، نۇسرەت، غەنىمەت قاتارلىق بىرەر ياخشىلىق يەتسە، ئۇلار بۇنىڭدىن قايغۇرىدۇ. ئەگەر سىلەرگە ئېغىرچىلىق، قەھەتچىلىك ۋە مەغلۇبىيەت قاتارلىق بىرەر يامانلىق يەتسە، ئۇلار بۇنىڭدىن خۇشال بولىدۇ. ئەگەر سىلەر ئۇلارنىڭ ئەزىيىتىگە سەۋر قىلساڭلار ۋە سۆزۈڭلاردا، ھەرىكىتىڭلاردا ئاللاھتىن قورقساڭلار، ئۇلارنىڭ ھىيلىسى سىلەرگە قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ھەقىقەتەن تولۇق بىلگۈچىدۇر.

مۇھىم نۇقتا: «ئەگەر سىلەرگە بىرەر ياخشىلىق يەتسە» دەپ ياخشىلىققا «مەسسە ـ يەتسە» دېگەن سۆزنى، «ئەگەر سىلەرگە بىرەر يامانلىق يەتسە، ئۇلار بۇنىڭدىن خۇشال

بولىدۇ» دەپ يامانلىققا «ئىسابە» دېگەن سۆزنى كەلتۈرۈش، مۇسۇلمانلارغا يەتكەن ياخشىلىق گەرچە ئاددىي بولسىمۇ، بۇ، دىن دۈشمەنلىرىنى بىئارام قىلىدۇ. ئەگەر مۇسۇلمانلارغا باغرى تاش كىشىلەرنىڭمۇ قەلبىنى تىترىتىۋەتكىدەك خاپىلىق، بالا - مۇسىبەت يەتسە، ئۇلار بۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتماستىن، بەلكى خۇرسەن بولۇپ يايراپ كېتىدۇ. بۇ بالاغەتنىڭ سىرلىرىدىن (هاشىيەتى كەششاپتىن) نەقىل قىلىنغان.

وَإِذۡ غَدَوۡتَ مِنۡ أَهۡلِكَ تُبَوِّئُ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ مَقَٰعِدَ لِلۡقِتَالِۗ
وَٱللَّهُ سَمِيعٌ عَلِيمٌ ﴿١٢١﴾ إِذۡ هَمَّت طَّآئِفَتَانِ مِنكُمۡ أَن تَفۡشَلَا
وَٱللَّهُ وَلِيُّهُمَاۗ وَعَلَى ٱللَّهِ فَلۡيَتَوَكَّلِ ٱلۡمُؤۡمِنُونَ ﴿١٢٢﴾ وَلَقَدۡ نَصَرَكُمُ
ٱللَّهُ بِبَدۡرٖ وَأَنتُمۡ أَذِلَّةٞۖ فَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ لَعَلَّكُمۡ تَشۡكُرُونَ ﴿١٢٣﴾
إِذۡ تَقُولُ لِلۡمُؤۡمِنِينَ أَلَن يَكۡفِيَكُمۡ أَن يُمِدَّكُمۡ
رَبُّكُم بِثَلَٰثَةِ ءَالَٰفٖ مِّنَ ٱلۡمَلَٰٓئِكَةِ مُنزَلِينَ ﴿١٢٤﴾ بَلَىٰٓۚ إِن
تَصۡبِرُواْ وَتَتَّقُواْ وَيَأۡتُوكُم مِّن فَوۡرِهِمۡ هَٰذَا يُمۡدِدۡكُمۡ
رَبُّكُم بِخَمۡسَةِ ءَالَٰفٖ مِّنَ ٱلۡمَلَٰٓئِكَةِ مُسَوِّمِينَ ﴿١٢٥﴾
وَمَا جَعَلَهُ ٱللَّهُ إِلَّا بُشۡرَىٰ لَكُمۡ وَلِتَطۡمَئِنَّ قُلُوبُكُم بِهِۦۗ
وَمَا ٱلنَّصۡرُ إِلَّا مِنۡ عِندِ ٱللَّهِ ٱلۡعَزِيزِ ٱلۡحَكِيمِ ﴿١٢٦﴾ لِيَقۡطَعَ
طَرَفٗا مِّنَ ٱلَّذِينَ كَفَرُوٓاْ أَوۡ يَكۡبِتَهُمۡ فَيَنقَلِبُواْ خَآئِبِينَ ﴿١٢٧﴾
لَيۡسَ لَكَ مِنَ ٱلۡأَمۡرِ شَيۡءٌ أَوۡ يَتُوبَ عَلَيۡهِمۡ أَوۡ يُعَذِّبَهُمۡ
فَإِنَّهُمۡ ظَٰلِمُونَ ﴿١٢٨﴾ وَلِلَّهِ مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِي ٱلۡأَرۡضِۚ
يَغۡفِرُ لِمَن يَشَآءُ وَيُعَذِّبُ مَن يَشَآءُۚ وَٱللَّهُ غَفُورٞ رَّحِيمٞ ﴿١٢٩﴾
يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تَأۡكُلُواْ ٱلرِّبَوٰٓاْ أَضۡعَٰفٗا مُّضَٰعَفَةٗۖ

وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ لَعَلَّكُمۡ تُفۡلِحُونَ ﴿١٣٠﴾ وَٱتَّقُواْ ٱلنَّارَ ٱلَّتِيٓ أُعِدَّتۡ لِلۡكَٰفِرِينَ ﴿١٣١﴾ وَأَطِيعُواْ ٱللَّهَ وَٱلرَّسُولَ لَعَلَّكُمۡ تُرۡحَمُونَ ﴿١٣٢﴾

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:** بۇ ئايەتلەر سۆزنى جىھادتىن باشلىدى، ئايەتنىڭ مەزمۇنى ئاغزاكى جېدەل - ماجىرا، مۇنازىرە سورۇنىدىن ئۇرۇش مەيدانلىرىغا يۆتكەلدى. ئايەتتە «ئوھۇد غازىتى» تەپسىلىي بايان قىلىندى. سۆز ئارىسىدا مۆمىنلەرگە «بەدىر غازىتى» ۋە بۇ ئۇرۇشتا ئۇلارنىڭ كۈچى ئاجىز، سانى ئاز بولسىمۇ ئاللاھنىڭ ياردىمى ئارقىلىق غەلىبە قىلغانلىقىدىن ئىبارەت ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىنى ئەسلىتىپ ئۆتتى. بۇ ئايەت ئوھۇد غازىتىنىڭ ۋەقەلىكى بىلەن باشلىنىپ، بۇنىڭغا ئاتمىش ئايەت چۈشتى. ئۆتكەنكى ئايەتتە ئاللاھ مۇناپىقلارنى ۋە ئىشەنچسىز كىشىلەرنى سىرداش قىلىشتىن چەكلىگەن بولسا، بۇ ئايەتتە ئەنسارلاردىن بولغان ئىككى گۇرۇھنىڭ ئۇمىدسىزلىنىپ مەغلۇبىيەتكە يۈزلىنىشىنىڭمۇ ئۇبەي ئىبنى سەلۇل باشچىلىقىدىكى مۇناپىقلارنىڭ پىتنە تارقىتىشى بىلەن بولغانلىقىنى ئەسلەتتى. ئايەتلەرنىڭ بىر - بىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قويۇق. بۇخارىي بىلەن مۇسلىمنىڭ رىۋايىتىدە، جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «ئۆز ۋاقتىدا سىلەردىن ئىككى گۇرۇھ ئاجىزلىق كۆرسەتمەكچى بولدى» دېگەن ئايەت بىز بەنى سەلەمە ئايمىقى بىلەن بەنى هارىسە ئايمىقى توغرىسىدا چۈشتى. ئاللاھ تائالانىڭ «ئاللاھ ئۇلارنىڭ مەدەتكارى ئىدى» دېگەن بۇ ئايىتى چۈشمىگەن بولسا، بىز بۇنى ياقتۇرمايتتۇق.

**ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى:** سەھىھ مۇسلىمدا بايان قىلىنىشىچە، ئوھۇد ئۇرۇشىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بېشى يېرىلىپ، چىشلىرى سۇندۇرۇلۇپ قان ئاققان ۋاقىتىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ بېشىنى يېرىپ، چىشىنى سۇندۇرۇۋەتكەن مىللەت قانداقمۇ نىجات تاپىدۇ. ھالبۇكى، ئۇ پەيغەمبەر ئاللاھنىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىۋاتقان تۇرسا؟» دېگەندە، ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتنى چۈشۈرگەن: «ھېچ ئىش سېنىڭ ئىختىيارىڭدا ئەمەس، ئاللاھ يا ئۇلارنىڭ (مۇسۇلمان بولسا) تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ، ياكى ئۇلار زالىم بولغانلىقى ئۈچۈن (كۇفرىدا چىڭ تۇرسا) ئۇلارنى ئازابقا دۇچار قىلىدۇ».

**تەپسىرى:** 121. ئى مۇھەممەد! ئۆز ۋاقتىدا سەن ئەتىگەندە ئۆيۈڭدىن ئوھۇدقا چىقىپ مۆمىنلەرنى ئۇرۇش سەپلىرىگە ئورۇنلاشتۇردۇڭ. ئاللاھ سۆزلىرىڭلارنى ئاڭلاپ تۇرغۇچى، ئەھۋالىڭلارنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. 122. ئۆز ۋاقتىدا سىلەردىن ئىككى گۇرۇھ ـ بەنى سەلەمە ئايمىقى بىلەن بەنى ھارىسە ئايمىقى قورقۇپ ئۇرۇش مەيدانىدىن چېكىنمەكچى بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوھۇد مەيدانىغا ساھابىلەردىن مىڭ كىشىنى ئېلىپ چىققان ئىدى. كاپىرلارنىڭ قوشۇنىغا يېقىنلاشقاندا ئۇلارنىڭ سانى ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق ئىكەنلىكىنى كۆردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇبەي ئىبنى سەلۇل ئۇرۇشتىن چېكىنىپ: «نېمە ئۈچۈن ئۆزىمىزنى ۋە قېرىنداشلىرىمىزنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىمىز» دەپ قوشۇنىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئېلىپ كەتتى. ئەنسارلاردىن ئىككى گۇرۇھمۇ قايتىشنى مەقسەت قىلغانىدى، ئەمما ئاللاھ ئۇلارنى ساقلاپ قالدى.

نەتىجىدە ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇردى. ئاللاھ ئۇلارنىڭ مەدەتكارى ئىدى. مۆمىنلەر جىمى ئەھۋالى ۋە جىمى ئىشلىرىدا ئاللاھقىلا تەۋەككۇل قىلسۇن! 123. ئاللاھ مۆمىنلەرگە بەدرى ئۇرۇشىدىكى غەلىبىنى ئەسلىتىپ، ئىرادىسىنى كۈچلەندۈرۈپ، ئوھۇد ئۇرۇشىدىكى مەغلۇبىيەت ۋە ئۇچرىغان مۇسىبەتلىرىگە تەسەللى بەردى. ئاللاھ سىلەرگە بەدرىدە نۇسرەت ئاتا قىلدى. ھالبۇكى، سىلەر كۈچسىز ئىدىڭلار، سانىڭلار ۋە قوراللىڭلار ئاز ئىدى. غەلىبە، نۇسرەتنىڭ سانىنىڭ ۋە قورالىنىڭ ئاز - كۆپلۈكى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن بولىدىغانلىقىنى بىلىڭلار. ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن نۇسرىتىگە شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن ئاللاھتىن قورقۇڭلار. 124. ئى مۇھەممەد! ئۆز ۋاقتىدا سەن مۆمىنلەرگە: «پەرۋەردىگارىڭلار سىلەرگە ئۈچ مىڭ پەرىشتە چۈشۈرۈپ ياردەم بەرسە يەنە يەتمەمدۇ؟» دەيتتىڭ. 125. شۇنداق، ئۇ يېتىدۇ. ئەگەر جەڭدە سەۋر قىلساڭلار، ئاللاھتىن قورقۇپ ئۇنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلساڭلار، دۈشمەن دەرھال ھۇجۇم قىلىپ كەلگەندە پەرۋەردىگارىڭلار سىلەرگە بەش مىڭ نىشانلىق، جەڭگە ماھىر پەرىشتە بىلەن ياردەم بېرىدۇ.[1] 126. ئاللاھ سىلەرگە خۇش خەۋەر بولۇشى، دىلىڭلارنىڭ خاتىرجەم بولۇشى ۋە سانىنىڭ كۆپلۈكىدىن قورقماسلىقىڭلار ئۈچۈن پەرىشتىلەر ئارقىلىق ياردەم قىلدى. ياردەم پەقەت غالىب، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى ئاللاھ تەرىپىدىندۇر. ئاللاھنىڭ

[1] ئۇرۇۋە ئىبنى زۇبەير مۇنداق دەيدۇ: پەرىشتىلەر تاغىل ئاتقا مىنگەن، ئاق سەللە ئوراپ پەتلىسىنى ئىككى دولىسى ئارىلىقىغا تاشلىغان ھالەتتە چۈشكەن. تەبەرى ۋە كەششاپتىمۇ شۇنداق بايان قىلىنغان.

ئىجازەتسىز پەرىشتىلەرمۇ ۋە باشقىلارمۇ ياردەم بېرەلمەيدۇ. 127. ئاللاھنىڭ ياردىمى كاپىرلارنىڭ بىر تۈركۈمىنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن ياكى ئۇلارنى رەسۋا قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۈمىدسىز ھالدا مەغلۇپ بولۇشلىرى ئۈچۈندۇر. ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا بەدرى ئۇرۇشىدا شۇنداق قىلدى، مۇسۇلمانلار ئۇلارنىڭ كاتتىباشلىرىدىن يەتمىشىنى ئۆلتۈردى ۋە يەتمىشىنى ئەسىر ئالدى. ئاللاھ مۆمىنلەرنى ئەزىز، كاپىرلارنى خار قىلدى. 128. ئى مۇھەممەد! بەندىلەرنىڭ ئىشلىرىدىن ھېچبىرىنىڭ تەدبىرى سېنىڭ ئىختىيارىڭدا ئەمەس. ئاللاھ ئۇلارنىڭ مۇسۇلمان بولسا تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ، ياكى ئۇلار زالىم بولغانلىقى ئۈچۈن كۇپرىدا چىڭ تۇرسا ئازابقا دۇچار قىلىدۇ. ئوھۇد ئۇرۇشىغا مۇناسىۋەتلىك ئايەتنى بۇ يەرگە قىستۇرۇپ قويۇشى، ئوھۇد ئۇرۇشىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بېشى يېرىلىپ، چىشلىرى سۇندۇرۇلۇپ، قان ئاققان ۋاقىتىدا، ئۇ: «ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ يۈزىنى قانغا بويىغان مىللەت قانداقمۇ نىجاتلىققا ئېرىشسۇن؟» دېگەندە، بۇ ئايەت چۈشكەن: «ئى مۇھەممەد! بەندىلەرنىڭ ئىشلىرىدىن ھېچبىرىنىڭ تەدبىرى سېنىڭ ئىختىيارىڭدا ئەمەس، ئاللاھ ئۇلارنىڭ مۇسۇلمان بولسا تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ، ياكى ئۇلار زالىم بولغانلىقى ئۈچۈن كۇپرىدا چىڭ تۇرسا ئۇلارنى ئازابقا دۇچار قىلىدۇ». 129. ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ مۈلكىدۇر. ئاللاھ خالىغان كىشىنى مەغپىرەت قىلىدۇ. خالىغان كىشىگە ئازاب قىلىدۇ. ئاللاھ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر. 130. ئى مۆمىنلەر! جازانىنى قاتمۇقات ئاشۇرۇپ يېمەڭلار. مەقسىتىڭلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئاللاھتىن قورقۇپ چەكلىگەن

ئىشلارنى تەرك ئېتىڭلار. بۇئايەتتە ئاللاھ مۆمىنلەرنى جازانە ئېلىشتىن قاتتىق چەكلەپ، جاھىلىيەت دەۋرىدىكى قاتمۇقات ئۆسۈم ئالىدىغان قىلمىشنى تەنقىتلىگەن. ئىبنى كەسىر مۇنداق دېگەن: «جاھىلىيەت دەۋرىدە قەرز مۇددىتى توشسا، قەرز بەرگۈچى قەرزداردىن: پۇلنى قايتۇرامسەن ياكى ئۆسۈمنى بېرىپ ۋاقتىنى كېچىكتۈرەمسەن؟ دەپ سورايتتى. ۋاقتىنى كېچىكتۈرۈشنى تەلەپ قىلسا، پۇلنىڭ ئۆسۈمنى ئاشۇراتتى. ھەر يىلى شۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئەسلىي قەرزدىن ئۇنىڭ ئۆسۈمى نەچچە ھەسسە ئېشىپ كېتەتتى». 131. كاپىرلار ئۈچۈن تەييارلانغان دوزاختىن ۋە دوزاخقا كىرىشكە سەۋەب بولىدىغان يامان ئىشلاردىن ساقلىنىڭلار. 132. سىلەرگە رەھمەت قىلىنىشى ئۈچۈن، ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار.

ئاگاھلاندۇرۇش: ئايەتتە بايان قىلىنغاندەك، جازانىدا ئۆسۈمنىڭ قاتمۇقات بولۇشى شەرت قىلىنمايدۇ. بۇ پەقەت كىشىلەرنىڭ جاھىلىيەتتىكى ئەھۋالىنى بايان قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشىنى ئەيىپلەش، قاتمۇقات ئۆسۈم ئېلىشنىڭ قاتتىق زۇلۇم ۋە ئوچۇق - ئاشكارا جەبىر - ستەم ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈندۇر. ئەبۇ ھەييان مۇنداق دېگەن: «جازانە ئارقىلىق يۈز بېرىدىغان ئېچىنىشلىق ئەھۋال چەكلەندى. بەزى ۋاقىتتا ئازراق قەرزنىڭ ئۆسۈمى قايتۇرالمىغىدەك دەرىجىدە ئېشىپ كېتەتتى، <قاتمۇقات يېمەڭلار> دېگەن ئايەت، ئۇلارنىڭ ھەر يىلى ئۆسۈمنى زىيادە قىلىدىغانلىقىغا ئىشارەتتۇر. جازانىنىڭ ھەممە تۈرى ھارام بولۇپ، چەكلىمىدە ئۆسۈمنىڭ قاتمۇقات بولۇشى شەرت ئەمەس».

وَسَارِعُوٓاْ إِلَىٰ مَغۡفِرَةٖ مِّن رَّبِّكُمۡ وَجَنَّةٍ عَرۡضُهَا ٱلسَّمَٰوَٰتُ
وَٱلۡأَرۡضُ أُعِدَّتۡ لِلۡمُتَّقِينَ ١٣٣ ٱلَّذِينَ يُنفِقُونَ فِي ٱلسَّرَّآءِ
وَٱلضَّرَّآءِ وَٱلۡكَٰظِمِينَ ٱلۡغَيۡظَ وَٱلۡعَافِينَ عَنِ ٱلنَّاسِۗ
وَٱللَّهُ يُحِبُّ ٱلۡمُحۡسِنِينَ ١٣٤ وَٱلَّذِينَ إِذَا فَعَلُواْ فَٰحِشَةً أَوۡ
ظَلَمُوٓاْ أَنفُسَهُمۡ ذَكَرُواْ ٱللَّهَ فَٱسۡتَغۡفَرُواْ لِذُنُوبِهِمۡ وَمَن
يَغۡفِرُ ٱلذُّنُوبَ إِلَّا ٱللَّهُ وَلَمۡ يُصِرُّواْ عَلَىٰ مَا فَعَلُواْ وَهُمۡ
يَعۡلَمُونَ ١٣٥ أُوْلَٰٓئِكَ جَزَآؤُهُم مَّغۡفِرَةٞ مِّن رَّبِّهِمۡ وَجَنَّٰتٞ
تَجۡرِي مِن تَحۡتِهَا ٱلۡأَنۡهَٰرُ خَٰلِدِينَ فِيهَاۚ وَنِعۡمَ أَجۡرُ
ٱلۡعَٰمِلِينَ ١٣٦ قَدۡ خَلَتۡ مِن قَبۡلِكُمۡ سُنَنٞ فَسِيرُواْ فِي
ٱلۡأَرۡضِ فَٱنظُرُواْ كَيۡفَ كَانَ عَٰقِبَةُ ٱلۡمُكَذِّبِينَ ١٣٧ هَٰذَا
بَيَانٞ لِّلنَّاسِ وَهُدٗى وَمَوۡعِظَةٞ لِّلۡمُتَّقِينَ ١٣٨ وَلَا تَهِنُواْ
وَلَا تَحۡزَنُواْ وَأَنتُمُ ٱلۡأَعۡلَوۡنَ إِن كُنتُم مُّؤۡمِنِينَ ١٣٩ إِن
يَمۡسَسۡكُمۡ قَرۡحٞ فَقَدۡ مَسَّ ٱلۡقَوۡمَ قَرۡحٞ مِّثۡلُهُۥۚ وَتِلۡكَ
ٱلۡأَيَّامُ نُدَاوِلُهَا بَيۡنَ ٱلنَّاسِ وَلِيَعۡلَمَ ٱللَّهُ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ
وَيَتَّخِذَ مِنكُمۡ شُهَدَآءَۗ وَٱللَّهُ لَا يُحِبُّ ٱلظَّٰلِمِينَ ١٤٠
وَلِيُمَحِّصَ ٱللَّهُ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَيَمۡحَقَ ٱلۡكَٰفِرِينَ ١٤١ أَمۡ
حَسِبۡتُمۡ أَن تَدۡخُلُواْ ٱلۡجَنَّةَ وَلَمَّا يَعۡلَمِ ٱللَّهُ ٱلَّذِينَ جَٰهَدُواْ
مِنكُمۡ وَيَعۡلَمَ ٱلصَّٰبِرِينَ ١٤٢ وَلَقَدۡ كُنتُمۡ تَمَنَّوۡنَ ٱلۡمَوۡتَ مِن
قَبۡلِ أَن تَلۡقَوۡهُ فَقَدۡ رَأَيۡتُمُوهُ وَأَنتُمۡ تَنظُرُونَ ١٤٣ وَمَا مُحَمَّدٌ
إِلَّا رَسُولٞ قَدۡ خَلَتۡ مِن قَبۡلِهِ ٱلرُّسُلُۚ أَفَإِيْن مَّاتَ أَوۡ قُتِلَ
ٱنقَلَبۡتُمۡ عَلَىٰٓ أَعۡقَٰبِكُمۡۚ وَمَن يَنقَلِبۡ عَلَىٰ عَقِبَيۡهِ فَلَن يَضُرَّ

ٱللَّهَ شَيۡـٔٗاۚ وَسَيَجۡزِي ٱللَّهُ ٱلشَّٰكِرِينَ ١٤٤ وَمَا كَانَ لِنَفۡسٍ أَن
تَمُوتَ إِلَّا بِإِذۡنِ ٱللَّهِ كِتَٰبٗا مُّؤَجَّلٗاۗ وَمَن يُرِدۡ ثَوَابَ ٱلدُّنۡيَا
نُؤۡتِهِۦ مِنۡهَا وَمَن يُرِدۡ ثَوَابَ ٱلۡأٓخِرَةِ نُؤۡتِهِۦ مِنۡهَاۚ وَسَنَجۡزِي
ٱلشَّٰكِرِينَ ١٤٥ وَكَأَيِّن مِّن نَّبِيّٖ قَٰتَلَ مَعَهُۥ رِبِّيُّونَ كَثِيرٞ
فَمَا وَهَنُواْ لِمَآ أَصَابَهُمۡ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ وَمَا ضَعُفُواْ وَمَا
ٱسۡتَكَانُواْۗ وَٱللَّهُ يُحِبُّ ٱلصَّٰبِرِينَ ١٤٦ وَمَا كَانَ قَوۡلَهُمۡ إِلَّآ أَن
قَالُواْ رَبَّنَا ٱغۡفِرۡ لَنَا ذُنُوبَنَا وَإِسۡرَافَنَا فِيٓ أَمۡرِنَا وَثَبِّتۡ
أَقۡدَامَنَا وَٱنصُرۡنَا عَلَى ٱلۡقَوۡمِ ٱلۡكَٰفِرِينَ ١٤٧ فَـَٔاتَىٰهُمُ ٱللَّهُ ثَوَابَ
ٱلدُّنۡيَا وَحُسۡنَ ثَوَابِ ٱلۡأٓخِرَةِۗ وَٱللَّهُ يُحِبُّ ٱلۡمُحۡسِنِينَ ١٤٨

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:**

ئىلگىرىكى ئايەتتە ئاللاھ تائالا مۆمىنلەرنى سەۋرگە ۋە تەقۋادارلىققا رىغبەتلەندۈرۈپلا قالماستىن، بەدر ئۇرۇشىدا پەرىشتىلەر بىلەن ياردەم بەرگەنلىكىنى ئاگاھلاندۇرۇپ، ئۇلارنى ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئالدىراشقا بۇيرىدى. شۇنداقلا ئوھۇد غازىتىنى كونكرېت تىلغا ئالدى ۋە ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلىش بىلەن غەلىبىدىن كېيىن مەغلۇبىيەتكە يۈزلەنگەنلىكىنى زىكىر قىلىپ، ھايات يۈزلىنىشىدە تۈرلۈك سىناقلارغا ئۇچرايدىغانلىقىنى، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى سەۋەبلىك مۆمىنلەر قەلبىدە ئاجىزلىق شەكىللىنىشىنىڭ توغرا بولمايدىغانلىقىنى تەپسىلىي بايان قىلدى. كېيىنكى ئايەتلەردە ئوھۇد ئۇرۇشىدىن ئېلىنغان ئىبرەت ۋە دەرسلەر بايان قىلىنغان.

**تەپسىرى:** 133. پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ مەغپىرىتىگە ۋە تەقۋادارلار ئۈچۈن تەييارلانغان، كەڭلىكى ئاسمان - زېمىنچە كېلىدىغان جەننەتكە ئالدىراڭلار. 134. تەقۋادارلار كەڭچىلىكتىمۇ، قىسىنچىلىقتىمۇ ئاللاھ يولىدا پۇل - مال سەرپ قىلىدىغانلار، ئۆچ ئېلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق ئاچچىقىنى يۇتىدىغانلار، يامانلىق قىلغان ياكى بوزەك قىلغان كىشىلەرنى كەچۈرىدىغانلاردۇر. ئاللاھ ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى ۋە يۇقىرىدىكى سۈپەت بىلەن سۈپەتلەنگۈچىلەرنى دوست تۇتىدۇ. 135. تەقۋادارلار يامان بىر گۇناھ قىلىپ قالسا ياكى چەكلەنگەن ئىشنى قىلىش بىلەن ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلسا ئاللاھنى ياد ئېتىدۇ، گۇناھلىرى ئۈچۈن مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ. گۇناھنى كەچۈرىدىغان ئاللاھتىن باشقا كىم بار؟ ئۇلار قىلمىشلىرىنى بىلىپ تۇرۇپ داۋاملاشتۇرمايدۇ. بۇ ئايەت قىستۇرما جۈملە بولۇپ، كىشىلەرنىڭ قەلبىنى راھەتلەندۈرۈپ، تەۋبە قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ ۋە گۇناھ ھەرقانچە چوڭ بولسىمۇ تەۋبە قىلسا ئاللاھنىڭ كەچۈرىدىغانلىقى ۋە رەھمىتىنىڭ كەڭرىلىكىنى بايان قىلىدۇ. 136. ئۇلارنىڭ ـ يۇقىرىقى خىسلەتلەرگە ئىگە كىشىلەرنىڭ مۇكاپاتى پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن بولغان مەغپىرەت ۋە ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەردۇر. بۇ يەرلەردە ئۇلار مەڭگۈ قالىدۇ. ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئېرىشىدىغان مۇكاپاتى نېمىدېگەن كاتتا! ئاللاھقا ئىتائەت قىلغۇچىلارغا بېرىلىدىغان جەننەت نېمە دېگەن ئېسىل جاي! 137. سىلەردىن ئىلگىرى نۇرغۇن ئۈممەتلەر كېلىپ كەتتى. ئاللاھ ئۇلارنى پەيغەمبەرلىرىگە بويسۇنمىغانلىقى سەۋەبىدىن تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتۇپ ھالاك قىلدى. يەر يۈزىدە سەير قىلىڭلار، ھەقنى يالغانغا چىقارغانلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق

بولغانلىقىغا قاراڭلار ۋە ئۇنىڭدىن ۋەز - نەسىھەت ئېلىڭلار. 138. بۇ قۇرئان ئومۇمىي ئىنسانلارغا باياندۇر. ئۇ ھالال بىلەن ھارامنى ئوچۇق بايان قىلىدۇ، تەقۋادارلارغا توغرا يول كۆرسەتكۈچىدۇر ۋە ۋەز - نەسىھەتتۇر. قۇرئاننىڭ ۋەز - نەسىھەتلىرىدىن پەقەت تەقۋادارلارلا مەنپەئەتلىنەلەيدۇ. 139. ئاللاھ ئوھۇد ئۇرۇشىدا مۇسۇلمانلارغا يەتكەن مەغلۇبىيەت ۋە مۇسىبەتلەرگە تەسەللى بېرىپ: «جىھادتىن بوشىشىپ قالماڭلار، شەھىد بولغانلار ئۈچۈن قايغۇرماڭلار. ئەگەر مۆمىن بولساڭلار، ئۈستۈنلۈك قازىنىسىلەر. ئوھۇد ئۇرۇشىدا سىلەرگە مەغلۇبىيەت يەتكەن بولسا، بەدرىدە سىلەرمۇ ئۇلارنى مەغلۇب قىلدىڭلار» دېدى. 140. ئەگەر سىلەرگە بۇ جەڭدە يارىلىنىش ۋە شەھىد بولۇش بىلەن شىكەستىلىك يەتكەن بولسا، دۈشمەنلەرگىمۇ بەدىر جېڭىدە سىلەرگە ئوخشاش يارىلىنىش ۋە ئۆلتۈرۈلۈش ئارقىلىق شىكەستىلىك يەتتى. بىز غەلىبىنى ھەمىشە بىر پىرقىدە قىلماي، بىر كۈن بۇ پىرقىدە، بىر كۈن ئۇ پىرقىدە قىلىش ئارقىلىق بۇ كۈنلەرنى ئىنسانلار ئارىسىدا ئايلاندۇرۇپ تۇرىمىز. بۇ ئاللاھنىڭ ھەقىقىي مۆمىنلەرنى مۇناپىقلاردىن ئايرىشى ئۈچۈن ۋە سىلەردىن بەزىلەرنى شەھىدلىك دەرىجىسىگە مۇشەررەپ قىلىشى ئۈچۈندۇر. ئاللاھ زالىملارنى، مۇناپىقلارنى ۋە پەيغەمبەرگە ياردەم بېرىشتىن يۈز ئۆرۈگەنلەرنى دوست تۇتمايدۇ. 141. مۆمىنلەرنى ئۇلارغا يەتكەن مۇسىبەت ئارقىلىق پاكلىشى ئۈچۈندۇر، كاپىرلارنى يوق قىلىشى ئۈچۈندۇر. 142. ئى مۆمىنلەر جامائەسى! ئاللاھ سىلەردىن ھەقىقىي جىھاد قىلغانلارنى ۋە جىھادنىڭ جاپا - مۇشەققەتلىرىگە چىدىغۇچىلارنى ئايرىماي تۇرۇپ، پەقەت ئاغزىڭلاردا ئىمان ئېيتتۇق دېيىش بىلەنلا جەننەتكە كىرىشنى

ئويلامسىلەر؟ تەبەرىي مۇنداق دېگەن: «ئى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممەتلىرى! ئاللاھ سىلەردىن ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىپ، قىيىنچىلىقلارغا سەۋر قىلىپ، تاۋلانغان ھەقىقىي مۆمىنلەرنى ئايرىماستىنلا، ئاللاھنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشىمىز دەپ ئويلامسىلەر؟» 143. سىلەر ئۆلۈم بىلەن ئۇچرىشىشتىن ئىلگىرى ئۇنى ئارزۇ قىلاتتىڭلار، مانا ئەمدى ئۇنى ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن كۆردۈڭلار، ئەمدى نېمىشقا مەغلۇپ بولىسىلەر؟ 144. مۇھەممەد پەقەت بىر پەيغەمبەردۇر، ئۇنىڭدىن بۇرۇن كۆپ پەيغەمبەرلەر ئۆتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلگەن، بەزىلىرى باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇ ۋاپات بولسا ياكى ئۆلتۈرۈلسە، ئارقاڭلارغا يېنىۋالامسىلەر؟ (ئىماندىن يېنىپ مۇرتەد بولامسىلەر؟) كىمكى ئارقىسىغا يېنىۋالىدىكەن، يەنى مۇرتەد بولىدىكەن، ئۇ ئاللاھقا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ، بەلكى ئۆز نەپسىنى زىيانغا ئۇچرىتىش بىلەن ئاللاھنىڭ ئازابىغا دۇچار بولىدۇ. ئاللاھ شۈكۈر قىلغۇچىلارنى مۇكاپاتلايدۇ ـ ئۇرۇش سەپلىرىدە تەۋرەنمەستىن مۇستەھكەم تۇرغانلارنى مۇكاپاتلايدۇ. 145. ئاللاھ ھەر بىر جان ئىگىسىگە ياشاش ئۈچۈن مەلۇم ۋاقىت بېكىتكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: «ھېچ كىشى ئاللاھنىڭ ئىجازىتىسىز ئۆلمەيدۇ، ئاللاھ ھەر ئادەمنىڭ ئەجىلىنى پۈتتۈۋېتكەن. ئادەمنىڭ ئۆمرىنى قورقۇنچاقلىق ئۇزارتالمايدۇ، باتۇرلۇق قىسقارتالمايدۇ. ئېھتىياتچانلىق تەقدىر قىلىنغان ئىشنى توسالمايدۇ. كىمكى دۇنيا مۇكاپاتىنى كۆزلىسە، ئۇنىڭغا دۇنيانىڭ مۇكاپاتىنى بېرىمىز، ئۇنىڭ ئاخىرەتلىكتىن نېسىۋىسى بولمايدۇ. كىمكى ئاخىرەتنىڭ ساۋابىنى كۆزلىسە، ئۇنىڭغا ئاخىرەتنىڭ ساۋابىنى بېرىمىز، شۇنداقلا دۇنيادىمۇ تولۇق نېسىۋىسىگە ئېرىشىدۇ.

شۈكۈر قىلغۇچىلارنى قىلغان ئەمەلى بويىچە رەھمەت - پەزلىمىز بىلەن مۇكاپاتلايمىز. 146. نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر بىلەن كۆپلىگەن خۇداگۇي ئۆلىمالار بىرلىكتە جەڭ قىلدى. ئۇلار ئاللاھ يولىدا يەتكەن كۈلپەتلەردىن روھسىزلانمىدى، جىھادتىن بوشاشمىدى. دۈشمەنگە باش ئەگمىدى، ئاللاھ ئۆزىنىڭ يولىدا دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلارغا چىداشلىق بەرگۈچىلەرنى دوست تۇتىدۇ. 147. ئۇلارنىڭ سۆزى پەقەت: «پەرۋەردىگارىمىز! گۇناھلىرىمىزنى، ئىشىمىزدا چەكتىن ئاشقانلىقىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن. قەدەملىرىمىزنى جەڭ مەيدانىدا مۇستەھكەم قىلغىن ۋە كاپىر قەۋمگە قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن» دېگەندىن باشقا بولمىدى. 148. ئاللاھ ئۇلارغا دۈشمەنلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ۋە غەنىمەت ئېلىشتەك دۇنيانىڭ مۇكاپاتىنى، جەننەت ۋە ئۇنىڭ نېمەتلىرىدەك ئاخىرەتنىڭ ياخشى ساۋابىنى ئاتا قىلدى. ئاللاھ ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ.

**ئىلاۋە:** بىرىنچى، «پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ مەغپىرىتىگە ۋە تەقۋادارلار ئۈچۈن تەييارلانغان، كەڭلىكى ئاسمان - زېمىنچە كېلىدىغان جەننەتكە ئالدىراڭلار...» دېگەن بۇ ئايەتتە ئىسىل ئەخلاقنىڭ ئاساسى بولغان خەير - ئېھسان قىلىش، ئاچچىقنى يۇتۇش، يامانلىق قىلغۇچىلارنى ئەپۇ قىلىش، گۇناھقا تەۋبە قىلىش قاتارلىق ئىشلار بايان قىلىنغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىسىللىكنىڭ مەنبەسىدۇر. ئەمما ئىسىللىك بۇنىڭ بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. ئىككىنچى، كەچۈرۈم دېگەن سۆز جەننەت دېگەن سۆزدىن بۇرۇن كەلتۈرۈلدى، چۈنكى پاكلىنىش جەننەتلىنىشتىن بۇرۇن بولىدۇ. گۇناھ - مەسىيەتتىن پاكلانماي تۇرۇپ، جەننەتكە كىرىشكە لايىق بولمايدۇ.

ئۇچىنچى، ئايەت جەننەتنىڭ كەڭلىكىنى زىكىر قىلىش ۋە ئۇنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە سۈپەتلەش بولۇپ، جەننەتنىڭ كەڭلىكى بۇنداق بولسا، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى قانچىلىك بولىدۇ؟ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «يەتتە قات ئاسمان - زېمىن بىر - بىرىگە ئۇلانسىمۇ جەننەتنىڭ ئۇزۇنلۇقىغا باراۋەر بولالمايدۇ». تۆتىنچى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رۇم پادىشاھى ھىرەقلىگە دىنغا دەۋەت قىلىپ مەكتۇپ ئەۋەتكەندە، ھىرەقلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «سەن مېنى كەڭلىكى ئاسمان - زېمىنچە كېلىدىغان جەننەتكە چاقىرىپسەن، ئۇنداقتا دوزاخ قەيەردە؟ دەپ خەت جاۋاب ئەۋەتكەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھ پاكتۇر، ئۇنداقتا كۈندۈز بولغاندا كېچە قەيەردە بولىدۇ؟» دېدى. بەشىنچى، ئاللاھ تائالا «پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ مەغپىرىتىگە ئالدىراڭلار...»، «پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ مەغپىرىتىنى، كەڭلىكى ئاسمان - زېمىندەك كېلىدىغان جەننەتنى قولغا كەلتۈرۈڭلار»، «ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا ئالدىراڭلار»، «ئاللاھنى ياد ئېتىشكە ئالدىراڭلار»، «ئۇنىڭدىن ئىپارنىڭ ھىدى كېلىپ تۇرىدۇ. قىزىققۇچىلار شۇنىڭغا قىزىقسۇن!» قاتارلىق ئايەتلەردە مۇسۇلمانلارنى ئاخىرەت ئۈچۈن ئەمەل قىلىشقا ئالدىراشقا بۇيرىدى. ئەمما دۇنيالىق ئۈچۈن ئەمەل قىلىشقا «زېمىننىڭ ئەتراپىدا مېڭىڭلار. ئاللاھنىڭ (بەرگەن) رىزقىدىن يەڭلار» ۋە «بەزىلەر ئاللاھنىڭ پەزلىنى تىلەپ يەر يۈزىدە سەپەر قىلىدۇ» دېگەندىن ئىبارەت ئىككى ئايەتنىلا بايان قىلدى. بۇنىڭدىكى ئىنچىكە سىرنى ئويلىنىپ بېقىشىمىز كېرەك.

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ إِن تُطِيعُواْ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ يَرُدُّوكُمۡ
عَلَىٰٓ أَعۡقَٰبِكُمۡ فَتَنقَلِبُواْ خَٰسِرِينَ ﴿١٤٩﴾ بَلِ ٱللَّهُ مَوۡلَىٰكُمۡۖ
وَهُوَ خَيۡرُ ٱلنَّٰصِرِينَ ﴿١٥٠﴾ سَنُلۡقِي فِي قُلُوبِ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ
ٱلرُّعۡبَ بِمَآ أَشۡرَكُواْ بِٱللَّهِ مَا لَمۡ يُنَزِّلۡ بِهِۦ سُلۡطَٰنٗاۖ وَمَأۡوَىٰهُمُ
ٱلنَّارُۖ وَبِئۡسَ مَثۡوَى ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿١٥١﴾ وَلَقَدۡ صَدَقَكُمُ ٱللَّهُ
وَعۡدَهُۥٓ إِذۡ تَحُسُّونَهُم بِإِذۡنِهِۦۖ حَتَّىٰٓ إِذَا فَشِلۡتُمۡ وَتَنَٰزَعۡتُمۡ
فِي ٱلۡأَمۡرِ وَعَصَيۡتُم مِّنۢ بَعۡدِ مَآ أَرَىٰكُم مَّا تُحِبُّونَۚ
مِنكُم مَّن يُرِيدُ ٱلدُّنۡيَا وَمِنكُم مَّن يُرِيدُ ٱلۡأٓخِرَةَۚ ثُمَّ
صَرَفَكُمۡ عَنۡهُمۡ لِيَبۡتَلِيَكُمۡۖ وَلَقَدۡ عَفَا عَنكُمۡۗ وَٱللَّهُ ذُو
فَضۡلٍ عَلَى ٱلۡمُؤۡمِنِينَ ﴿١٥٢﴾ إِذۡ تُصۡعِدُونَ وَلَا تَلۡوُۥنَ عَلَىٰٓ أَحَدٖ
وَٱلرَّسُولُ يَدۡعُوكُمۡ فِيٓ أُخۡرَىٰكُمۡ فَأَثَٰبَكُمۡ غَمَّۢا بِغَمّٖ
لِّكَيۡلَا تَحۡزَنُواْ عَلَىٰ مَا فَاتَكُمۡ وَلَا مَآ أَصَٰبَكُمۡۗ وَٱللَّهُ
خَبِيرُۢ بِمَا تَعۡمَلُونَ ﴿١٥٣﴾ ثُمَّ أَنزَلَ عَلَيۡكُم مِّنۢ بَعۡدِ ٱلۡغَمِّ
أَمَنَةٗ نُّعَاسٗا يَغۡشَىٰ طَآئِفَةٗ مِّنكُمۡۖ وَطَآئِفَةٞ قَدۡ أَهَمَّتۡهُمۡ
أَنفُسُهُمۡ يَظُنُّونَ بِٱللَّهِ غَيۡرَ ٱلۡحَقِّ ظَنَّ ٱلۡجَٰهِلِيَّةِۖ يَقُولُونَ
هَل لَّنَا مِنَ ٱلۡأَمۡرِ مِن شَيۡءٖۗ قُلۡ إِنَّ ٱلۡأَمۡرَ كُلَّهُۥ لِلَّهِۗ
يُخۡفُونَ فِيٓ أَنفُسِهِم مَّا لَا يُبۡدُونَ لَكَۖ يَقُولُونَ لَوۡ كَانَ
لَنَا مِنَ ٱلۡأَمۡرِ شَيۡءٞ مَّا قُتِلۡنَا هَٰهُنَاۗ قُل لَّوۡ كُنتُمۡ فِي
بُيُوتِكُمۡ لَبَرَزَ ٱلَّذِينَ كُتِبَ عَلَيۡهِمُ ٱلۡقَتۡلُ إِلَىٰ مَضَاجِعِهِمۡۖ
وَلِيَبۡتَلِيَ ٱللَّهُ مَا فِي صُدُورِكُمۡ وَلِيُمَحِّصَ مَا فِي قُلُوبِكُمۡۚ
وَٱللَّهُ عَلِيمُۢ بِذَاتِ ٱلصُّدُورِ ﴿١٥٤﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ تَوَلَّوۡاْ مِنكُمۡ

يَوْمَ ٱلْتَقَى ٱلْجَمْعَانِ إِنَّمَا ٱسْتَزَلَّهُمُ ٱلشَّيْطَٰنُ بِبَعْضِ مَا
كَسَبُوا۟ ۖ وَلَقَدْ عَفَا ٱللَّهُ عَنْهُمْ ۗ إِنَّ ٱللَّهَ غَفُورٌ حَلِيمٌ ﴿١٥٥﴾
يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ لَا تَكُونُوا۟ كَٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ وَقَالُوا۟
لِإِخْوَٰنِهِمْ إِذَا ضَرَبُوا۟ فِى ٱلْأَرْضِ أَوْ كَانُوا۟ غُزًّى لَّوْ كَانُوا۟
عِندَنَا مَا مَاتُوا۟ وَمَا قُتِلُوا۟ لِيَجْعَلَ ٱللَّهُ ذَٰلِكَ حَسْرَةً فِى
قُلُوبِهِمْ ۗ وَٱللَّهُ يُحْىِۦ وَيُمِيتُ ۗ وَٱللَّهُ بِمَا تَعْمَلُونَ بَصِيرٌ ﴿١٥٦﴾
وَلَئِن قُتِلْتُمْ فِى سَبِيلِ ٱللَّهِ أَوْ مُتُّمْ لَمَغْفِرَةٌ مِّنَ ٱللَّهِ
وَرَحْمَةٌ خَيْرٌ مِّمَّا يَجْمَعُونَ ﴿١٥٧﴾ وَلَئِن مُّتُّمْ أَوْ قُتِلْتُمْ لَإِلَى
ٱللَّهِ تُحْشَرُونَ ﴿١٥٨﴾

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:** ئايەتلەر ئوھۇد ئۇرۇشىدىكى ۋەقەلەر، ئۇنىڭدىكى ئىبرەت ۋە ۋەز - نەسىھەتلەرنى بايان قىلىشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئايەت بۇ ئۇرۇشتىكى مەغلۇبىيەتنىڭ سەۋەبلىرىنى، مۇناپىقلارنىڭ شەرمەندىچىلىكىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئىسلام دەۋىتىگە سۇيىقەست قىلىش ئۈچۈن مۆمىنلەرنىڭ ئىرادىسىنى بوشاشتۇرۇش توغرىسىدىكى ھىيلە - نەيرەڭلىرىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ.

**ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوھۇد غازىتىدا ئەزىيەتلەرگە ئۇچراپ مەدىنىگە قايتىپ كەلگەندە، ساھابىلەردىن بەزى كىشىلەر: «ئاللاھ بىزگە ياردەم بېرىشكە ۋەدە قىلغان تۇرسا، بىز نېمە ئۈچۈن مەغلۇب بولدۇق؟» دېگەندە، ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتنى چۈشۈرگەن: «ئاللاھ سىلەرگە قىلغان ۋەدىسىدە تۇردى... بەزىلىرىڭلار دۇنيانى كۆزلىدىڭلار»، يەنى بۇ يەردە ئوقياچىلارنىڭ ئوھۇد

كۆنى قىلغان ئىشلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**تەپسىرى:** 149. ئى مۆمىنلەر! ئەگەر سىلەر كاپىرلارغا ۋە مۇناپىقلارغا ئىتائەت قىلساڭلار، ئۇلار سىلەرنى ئارقاڭلارغا ـ كۇپىرغا ياندۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن زىيان تارتىپ قالىسىلەر. ئىماننى كۇپىرغا ئالماشتۇرۇشتىنمۇ چوڭ زىيان بولمايدۇ. ئىبنى ئابباس مۇنداق دېگەن: «ئۇلار مۇناپىقلار بولۇپ، مۆمىنلەر ئوھۇد ئۇرۇشىدىن قايتقان ۋاقىتتا، مۇھەممەد ھەقىقىي پەيغەمبەر بولسا، بۇنداق ئەزىيەتلەرگە ئۇچرىماس ئىدى، قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ تەرىپىگە قايتىڭلار دېگەن». 150. ئۇنداق ئەمەس، يەنى ئۇلار سىلەرنىڭ ئىتائەت قىلىدىغان مەدەتكارىڭلار ئەمەس، ئاللاھ سىلەرنىڭ مەدەتكارىڭلاردۇر، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىڭلار، ئۇ ياردەم قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر، ئاللاھنىڭ غەيرىدىن ھېچبىر ياردەمگە ئېرىشەلمەيسىلەر. 151. ئاللاھ تائالا كاپىرلارنىڭ دىللىرىغا قورقۇنچ تاشلاش بىلەن مۆمىنلەرگە خۇش خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېدى: «ئىلاھلىقى ھەققىدە ھېچبىر دەلىل چۈشۈرمىگەن نەرسىلەرنى ـ بۇتلارنى ئاللاھقا شېرىك قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن، كاپىرلارنىڭ دىللىرىغا قورقۇنچ سالىمىز، ئۇلارنىڭ بارىدىغان جايى دوزاختۇر. زالىملارنىڭ جايى بولغان دوزاخ ھەقىقەتەن يامان جايدۇر. ئۇلار دۇنيادا قورقۇتۇلغۇچى، ئاخىرەتتە ئازابلانغۇچىدۇر». ھەدىستە: «كاپىرلارنىڭ دىللىرىغا بىر ئايلىق يىراقلىقتىن قورقۇنچ سېلىش بىلەن ياردەم بېرىلدىم» دېيىلگەن. 152. ئاللاھ دۈشمىنىڭلارغا قارشى سىلەرگە نۇسرەت ئاتا قىلىشتىن ئىبارەت ۋەدىسىدە تۇردى. ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن ئۇلارنى قىرىۋاتاتتىڭلار. ئاللاھ سىلەر ياقتۇرىدىغان غەلىبىنى

كۆرسەتكەندىن كېيىن زەئىپلىشىپ قالدىڭلار. پەيغەمبەرنىڭ ئەمرى بولغان تاغ ئۈستىدە تۇرۇش توغرىسىدا جاڭجاللاشتىڭلار، غەلىبە سىلەرنىڭ قېرىنداشلىرىڭلارغا مەنسۇپ بولغاندىن كېيىن پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە بويسۇنمىدىڭلار. رىۋايەت قىلىنىشىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاغ ئۈستىگە ئەللىك نەپەر ئوقياچىنى ئورۇنلاشتۇردى ۋە ئۇلارنى مۇسۇلمانلارنى مۇداپىئە قىلىشقا بۇيرۇپ: «بىز غەلىبە قىلساقمۇ ياكى ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولساقمۇ ئورنۇڭلاردىن قوزغالماڭلار» دېدى. ئىككى قوشۇن ئۇچراشقان ۋاقىتتا، مەككىلىك ئاتلىق قوشۇن ئوقچىلارنىڭ كۈچلۈك مۇداپىئەسىدىن چېكىندى، مۇشرىكلار مەغلۇپ بولدى. بۇنى كۆرگەن ئوقچىلار ئولجا - غەنىمەت ئالايلى دەپ تاغدىن چۈشۈپ كەتتى، نەتىجىدە تاغ ئۈستىدە ئۇلارنىڭ باشلىقى ئابدۇللاھ ئىبنى جۇبەير بىلەن ئون نەچچە كىشىلا قالدى، مۇشرىكلار تاغنى ئايلىنىپ كېلىپ قېلىپ قالغانلارنى ئۆلتۈرۈپ، مۇسۇلمانلارغا ئارقا تەرەپتىن ھۇجۇم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ غەلىبىسى مەغلۇبىيەتكە ئۆرۈلدى. بۇ توغرىسىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دېدى: «بەزىلىرىڭلار دۇنيانى كۆزلىدىڭلار، بەزىلىرىڭلار ئاخىرەتنى كۆزلىدىڭلار، ئاندىن ئاللاھ سىناش ئۈچۈن سىلەردىن دۈشمەننى قايتۇردى ـ سىلەرنى غەلىبىدىن مەغلۇبىيەتكە يۈزلەندۈردى ۋە سىلەرنى ھەقىقەتەن ئەپۇ قىلدى. ئەگەر ئاللاھ ئەپۇ قىلمىغان بولسا گۇناھىڭلار سەۋەبىدىن بۇنىڭدىنمۇ كۆپ ئەزىيەتكە ئۇچرايتتىڭلار. ئاللاھ مۆمىنلەرگە ھەرقانداق ھالەتتە مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر.» 153. ئۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر: «ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! مېنىڭ تەرىپىمگە كېلىڭلار، مەن رەسۇلۇللاھتۇرمەن. كىمكى جىھاد مەيدانىغا قايتسا، ئۇ

جەننەتكە كىرىدۇ» دەپ ئارقاڭلاردىن سىلەرنى چاقىرىپ تۇراتتى. سىلەر ھېچ كىشىگە قارىماي قاچاتتىڭلار. شۇنىڭدىن كېيىن قولۇڭلاردىن كەتكەن غەنىمەتكە، بېشىڭلارغا كەلگەن مەغلۇبىيەتكە قايغۇرماسلىقىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ سىلەرگە غەم ئۈستىگە غەم بەردى، يەنى سىلەرنى غەنىمەتتىن مەھرۇم قىلغانلىقىڭ ئۈستىگە مەغلۇبىيەت بىلەن جازالىدى. غەمدىن بولغان ھېكمەت، ئۇلار ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن ئۆزلىرىگە يەتكەن مۇسىبەت ۋە يوقىتىپ قويغان غەنىيمەتكە قايغۇرۇشنى ئۇنتۇپ قالىدۇ. ئاللاھ قىلمىشىڭلاردىن خەۋەرداردۇر. 154. غەمدىن كېيىن ئاللاھ سىلەرگە ئەمىنلىك چۈشۈرۈپ بەردى. يەنى قاتتىق غەمدىن كېيىن تىنىچ ئارام ئېلىشىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە مۈگدەك ئاتا قىلدى. سىلەرنىڭ بىر قىسمىڭلارنى ـ ھەقىقىي مۆمىنلەرنى مۈگدەك باستى. ئىمام بۇخارىينىڭ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىشىچە: ئەبۇ تەلھە مۇنداق دېگەن: «ئوھۇد ئۇرۇشىدا سەپتە تۇرغاندا بىزنى قاتتىق مۈگدەك باستى، ھەتتا قولۇمدىن قىلىچىم چۈشۈپ كېتىدۇ، مەن ئالىمەن، يەنە چۈشۈپ كېتىدۇ، يەنە ئالىمەن». يەنە بىر قىسمىڭلار، يەنى مۇناپىقلار ئۆزلىرى بىلەن بولۇپ كەتتى، يەنى كاپىرلار قايتا ھۇجۇم قىلارمۇ، دەپ جان قايغۇسى بىلەن بولۇپ كەتتى. بۇلار جاھىلىيەت دەۋرى كىشىلىرىگە ئوخشاش، ئاللاھقا قارىتا ناتوغرا گۇمانلاردا بولدى. ئۇلار: «بىزگە ئاللاھ ۋەدە قىلغان غەلىبىدىن نېسىۋە بارمۇ؟» دەيدۇ. ئېيتقىنكى، «ھەممە ئىش ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ ئىلكىدە، قانداق خالىسا شۇنداق قىلىدۇ». ئۇلار ساڭا ئاشكارا قىلمايدىغان نەرسىلەرنى ئۆز ئىچىدە يوشۇرۇشىدۇ. ئۇلار: «ئەگەر بىزگە غەلىبىدىن ئازراق نېسىۋە بولسا ئىدى، بۇ يەردە ئۆلتۈرۈلمەيتتۇق»

دەيدۇ. يەنى ئۇلار: «بىزنىڭ ئىختىيارلىقىمىز بولغان بولسا بىز ئۇرۇشقا چىقمايتتۇق ۋە ئۆلتۈرۈلمەيتتۇق، لېكىن بىز ئۇرۇشقا چىقىشقا مەجبۇرلاندۇق» دەيدۇ، بۇ ئۇلارنىڭ يوشۇرغان سۆزىنىڭ خۇلاسىسى. ئىبنى زۇبەير مۇنداق دېگەن: «مەن شۇ ۋاقىتتا قاتتىق مۈگدەپ تۇرۇپ، مۇئەتتەب ئىبنى قۇشەيرنىڭ ئىش بىزنىڭ ئىختىيارلىقىمىزدا بولغان بولسا، بۇ يەردە ئۆلتۈرۈلمەيتتۇق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم». بەلكى ئى مۇھەممەد! ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەر ئۆيلىرىڭلاردا بولغان تەقدىردىمۇ، ئاراڭلاردىكى ئۆلتۈرۈلۈشى پۈتۈۋېتىلگەن كىشىلەر چوقۇم ئۆزلىرىنىڭ ئۆلىدىغان جايلىرىغا بېرىشىدۇ، ئاللاھنىڭ قازاسىدىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدۇ. ئاللاھنىڭ مۇنداق قىلىشى كۆڭلۈڭلاردىكىنى سىناش ۋە قەلبىڭلاردىكى نەرسىلەرنى پاكلاش ئۈچۈندۇر. ئاللاھ كۆڭۈللەردىكى ياخشىلىق ۋە يامانلىقنى بىلگۈچىدۇر». 155. ئاللاھ تائالا ئوھۇد ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولغانلارنى زىكىر قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئىككى قوشۇن ـ مۇسۇلمانلار بىلەن مۇشرىكلار بىر - بىرى بىلەن ئۇچراشقان كۈندە، ھەقىقەتەن ئىچىڭلاردىكى جەڭدىن يۈز ئۆرۈگەن كىشىلەرنى، پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلغانلىقى تۈپەيلىدىن، شەيتان تېيىلدۇرۇشقا ئۇرۇندى. ئاللاھ ھەقىقەتەن ئۇلارنى ئەپۇ قىلدى. ئاللاھ ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى ھەلىمدۇر، ئاسىيلىق قىلغانلارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ». 156. ئاللاھ سۆزدە ۋە ئىش - ھەرىكەتلەردە مۇناپىقلارغا ئەگىشىشتىن چەكلەپ مۇنداق دېدى: «ئى مۆمىنلەر! سەپەرگە چىققان ياكى غازاتقا چىققان قېرىنداشلىرى ھەققىدە، ئۇلار يېنىمىزدا بولغاندا ئۆلمەيتتى ۋە ئۆلتۈرۈلمەيتتى، دېگەن كاپىرلارغا ئوخشاش بولماڭلار. ئاللاھ

بۇ بۇزۇق ئېتىقادنى ئۇلارنىڭ دىللىرىدا ھەسرەت قىلسۇن. ئاللاھ تىرىلدۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ غازاتقا چىقماسلىقى ئۇلارنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرالمايدۇ. ئاللاھ قىلمىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر، ئۇلارنى قىلمىشىغا ئاساسەن جازالايدۇ. 157. شۈبھىسىزكى، ئەگەر سىلەر ئاللاھ يولى بولغان غازاتتا ئۆلتۈرۈلسەڭلار ياكى غازاتقا كېتىپ بېرىپ ئۆز ئەجىلىڭلار بىلەن ئۆلسەڭلار، سىلەرگە ئاللاھ تەرىپىدىن بولغان مەغپىرەت ۋە رەھمەت باردۇر. بۇلار ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ توپلايدىغان دۇنياسىدىن ئارتۇقتۇر. 158. ئەگەر سىلەر ئۆز ئەجىلىڭلار بىلەن ئۆلسەڭلار ياكى جەڭ مەيدانىدا ئۆلتۈرۈلسەڭلار، ئاخىرەتتە چوقۇم ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا توپلىنىسىلەر. ئاللاھ سىلەرنى ئەمەلىڭلارغا قاراپ مۇكاپاتلايدۇ. سىلەرنى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرىدىغان، رازىلىقىغا ئېرىشتۈرىدىغان جىھادتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىبادەتنى تاللاڭلار ۋە ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلىڭلار. بىر شائىر مۇنداق دېگەن: «بەدەنلەر ئۆلۈم ئۈچۈن يارىتىلغان بولسا، ئاللاھ يولىدا قىلىچ بىلەن ئۆلتۈرۈلۈش ياخشىدۇر».

**ئىلاۋە:** 1. ئوھۇد غازىتىدا تەۋرەنمەي تۇرغان باتۇرلاردىن بىرى، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تاغىسى ئەنەس ئىبنى نەزرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدۇر. ئوھۇد كۈنىدە مۇسۇلمانلار تارىلىپ كەتتى. ئۇ: «ئى ئاللاھ! ھەمراھلىرىمنىڭ بۇنداق قىلغانلىرىدىن ساڭا ئۆزرە ئېيتىمەن. شۇنداقلا مۇشرىكلارنىڭ قىلغان ئىشلىرىدىن بىزارمەن» دېدى، ئاندىن يولىنى داۋاملاشتۇردى. ئۇنىڭغا سەئد ئىبنى مۇئاز ئۇچراپ قالدى. تاغام: «ھەي سەئد ئىبنى مۇئاز، ئاللاھنىڭ نامى بىلەن

قەسەمكى، مەن جەننەتنىڭ پۇرىقىنى ئۇھۇد تەرەپتىن پۇراۋاتىمەن» دەپ جەڭ مەيدانىغا كىرىپ كەتتى. سەئد: «مەن ئۇ ئەنەسنىڭ قىلغىنىدەك قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدىم، ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى» دېدى. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتىدۇ: بىز ئەنەس ئىبنى نەزرنى ئۆلتۈرۈلگەن، نەيزە سانجىلغان ۋە ئوقيانىڭ ئوقى تەگكەن بولۇپ، جەمئىي 80 نەچچە يېرى يارىلانغان ھالەتتە كۆردۇق، مۇشرىكلار ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، چىرايىنى بۇزىۋەتكەن ئىدى. ئۇنى پەقەت بىر سىڭلىسى بارماقلىرىدىن تونۇدى.[1] 2. ئىبنى كەسىرنىڭ رىۋايىتىدە ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇھۇد غازىتىدا ئاياللار مۇسۇلمانلارنىڭ ئارقا سېپىدە ئۇرۇشتا يارىدار بولغانلارنى داۋالاۋاتاتتى. مەن شۇ كۈنى بىزنىڭ ئارىمىزدا دۇنيانى مەقسەت قىلىدىغانلار يوق دەپ قەسەم قىلىشنى ئۈمىد قىلدىم، لېكىن ئاللاھ تائالا: «بەزىلىرىڭلار دۇنيانى كۆزلىدىڭلار» دېگەن ئايەتنى چۈشۈردى. ساھابىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلغان ۋاقىتتا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەقەت توققۇز كىشى بىلەنلا قالدى، مۇشرىكلار ھەر تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ كەلگەندە: «ئۇلارنى بىزدىن چېكىندۈرگەن كىشىگە ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن» دېدى. يېنىدىكىلەردىن يەتتە كىشى شەھىد بولغانغا قەدەر بۇ سۆزنى داۋاملاشتۇردى. ساھابىلەر ئۇرۇش مەيدانىدا ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قورسىقىنىڭ يېرىلغانلىقىنى كۆردى. ئەبۇ سۇفيانىنىڭ ئايالى ھىندى ئۇنىڭ جىگىرىنى ئېلىپ چايناپ بېقىپ يېيەلمىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام

[1] بۇخارىيدا بايان قىلىنغان.

بۇنىڭدىن قاتتىق بىئارام بولۇپ، ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا يەتمىش قېتىم مېيىت نامىزى ئوقۇدى.

فَبِمَا رَحۡمَةٖ مِّنَ ٱللَّهِ لِنتَ لَهُمۡۖ وَلَوۡ كُنتَ فَظًّا غَلِيظَ
ٱلۡقَلۡبِ لَٱنفَضُّواْ مِنۡ حَوۡلِكَۖ فَٱعۡفُ عَنۡهُمۡ وَٱسۡتَغۡفِرۡ
لَهُمۡ وَشَاوِرۡهُمۡ فِي ٱلۡأَمۡرِۖ فَإِذَا عَزَمۡتَ فَتَوَكَّلۡ عَلَى ٱللَّهِۚ إِنَّ
ٱللَّهَ يُحِبُّ ٱلۡمُتَوَكِّلِينَ ١٥٩ إِن يَنصُرۡكُمُ ٱللَّهُ فَلَا غَالِبَ لَكُمۡۖ
وَإِن يَخۡذُلۡكُمۡ فَمَن ذَا ٱلَّذِي يَنصُرُكُم مِّنۢ بَعۡدِهِۦۗ وَعَلَى
ٱللَّهِ فَلۡيَتَوَكَّلِ ٱلۡمُؤۡمِنُونَ ١٦٠ وَمَا كَانَ لِنَبِيٍّ أَن يَغُلَّۚ وَمَن
يَغۡلُلۡ يَأۡتِ بِمَا غَلَّ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِۚ ثُمَّ تُوَفَّىٰ كُلُّ نَفۡسٖ
مَّا كَسَبَتۡ وَهُمۡ لَا يُظۡلَمُونَ ١٦١ أَفَمَنِ ٱتَّبَعَ رِضۡوَٰنَ
ٱللَّهِ كَمَنۢ بَآءَ بِسَخَطٖ مِّنَ ٱللَّهِ وَمَأۡوَىٰهُ جَهَنَّمُۖ وَبِئۡسَ
ٱلۡمَصِيرُ ١٦٢ هُمۡ دَرَجَٰتٌ عِندَ ٱللَّهِۗ وَٱللَّهُ بَصِيرُۢ بِمَا
يَعۡمَلُونَ ١٦٣ لَقَدۡ مَنَّ ٱللَّهُ عَلَى ٱلۡمُؤۡمِنِينَ إِذۡ بَعَثَ فِيهِمۡ
رَسُولٗا مِّنۡ أَنفُسِهِمۡ يَتۡلُواْ عَلَيۡهِمۡ ءَايَٰتِهِۦ وَيُزَكِّيهِمۡ
وَيُعَلِّمُهُمُ ٱلۡكِتَٰبَ وَٱلۡحِكۡمَةَ وَإِن كَانُواْ مِن قَبۡلُ لَفِي
ضَلَٰلٖ مُّبِينٍ ١٦٤ أَوَلَمَّآ أَصَٰبَتۡكُم مُّصِيبَةٞ قَدۡ أَصَبۡتُم
مِّثۡلَيۡهَا قُلۡتُمۡ أَنَّىٰ هَٰذَاۖ قُلۡ هُوَ مِنۡ عِندِ أَنفُسِكُمۡۗ إِنَّ ٱللَّهَ
عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ قَدِيرٞ ١٦٥ وَمَآ أَصَٰبَكُمۡ يَوۡمَ ٱلۡتَقَى ٱلۡجَمۡعَانِ
فَبِإِذۡنِ ٱللَّهِ وَلِيَعۡلَمَ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ ١٦٦ وَلِيَعۡلَمَ ٱلَّذِينَ نَافَقُواْۚ
وَقِيلَ لَهُمۡ تَعَالَوۡاْ قَٰتِلُواْ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ أَوِ ٱدۡفَعُواْۖ قَالُواْ
لَوۡ نَعۡلَمُ قِتَالٗا لَّٱتَّبَعۡنَٰكُمۡۗ هُمۡ لِلۡكُفۡرِ يَوۡمَئِذٍ أَقۡرَبُ

مِنْهُمْ لِلْإِيمَـٰنِۚ يَقُولُونَ بِأَفْوَٰهِهِم مَّا لَيْسَ فِى قُلُوبِهِمْۗ وَٱللَّهُ
أَعْلَمُ بِمَا يَكْتُمُونَ ﴿١٦٧﴾ ٱلَّذِينَ قَالُوا۟ لِإِخْوَٰنِهِمْ وَقَعَدُوا۟
لَوْ أَطَاعُونَا مَا قُتِلُوا۟ۗ قُلْ فَٱدْرَءُوا۟ عَنْ أَنفُسِكُمُ ٱلْمَوْتَ
إِن كُنتُمْ صَـٰدِقِينَ ﴿١٦٨﴾

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:** بۇ ئايەتلەر ئوھۇد غازىتى توغرىسىدىكى ۋەقەلىكنى سۆزلەشنى داۋاملاشتۇرىدۇ، ئۆتكەنكى ئايەتلەردە ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلار ئۇرۇشتا مەغلۇب بولۇپ، قاتتىق غەمگە چۆككەندە، ئۇلارغا مەغلۇبىيەتنىڭ سەۋەبى ۋە بۇنىڭ ئىلاجىنى قىلىشنى كۆرسىتىپ قويغانلىقىنى زىكىر قىلغان بولسا، بۇ ئايەتلەردە دانالىق بىلەن قىلىنغان يېتەكچىلىكنى ماختىدى. ساھابىلەرنىڭ بەزىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلغان بولسىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قەلبىدىكى مېھرىبانلىق ۋە تەبىئىتىدىكى ئېسىللىق سەۋەبلىك ئۇلارغا قوپال مۇئامىلە قىلماستىن، بەلكى مۇلايىملىق بىلەن تەربىيە بەرگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ساھابىلەر ئۇنىڭ چاقىرىقى ئەتراپىغا توپلىنىپ، ئۇنىڭ يېتەكچىلىكىدە سەپنى بىرلەشتۈرگەن. ئايەتلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقى، ئۇنىڭ پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلىشىدىكى بۈيۈك نېمەت ۋە باشقا غازاتلارغا نىسبەتەن بۇ ئۇرۇشتىكى دانالىق بىلەن قىلىنغان يېتەكچىلىكنى بايان قىلىۋاتىدۇ.

**بۇ ئايەتلەرنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى:** بەدىر غازىتىدىن كېيىن غەنىمەتنىڭ ئارىسىدىن بىر قىزغۇچ مەخمەل كىيىم يوقاپ كەتتى، بەزى كىشىلەر، بۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېلىپ

قويغان بولۇشى مۇمكىن، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا: «ھېچقانداق بىر پەيغەمبەر غەنىمەتكە خىيانەت قىلمايدۇ...» دېگەن ئايەتنى چۈشۈردى.

**تەپسىرى:** 159. گەرچە ئۇلار بۇيرۇقىڭغا خىلاپلىق قىلسىمۇ، ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن سەن ئۇلارغا مۇلايىم بولدۇڭ؛ ئەگەر قوپال، باغرى قاتتىق بولغان بولساڭ، ئۇلار چۆرەڭدىن تارقاپ كېتەتتى. ئۇلارنىڭ ساڭا قىلغان ئەزىيەتلىرىنى ئەپۇ قىل، ئۇلار ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىگىن، ئىنسانلارنىڭ ساڭا ئەگىشىشى ئۈچۈن بارلىق ئىشتا ئۇلار بىلەن كېڭەشكىن. كېڭەشكەندىن كېيىن بىر ئىشقا بەل باغلىساڭ، ئاللاھقا تەۋەككۈل قىلغىن. ئاللاھ ھەقىقەتەن تەۋەككۈل قىلغۇچىلارنى، ئىشلىرىنى ئۆزىگە تاپشۇرغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ. ھەسەن بەسرىي مۇنداق دېگەن: «كېڭەش بىلەن ئىش قىلغان مىللەت ئىشلىرىدا توغرا يول تاپىدۇ». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەر بىلەن كېڭەشنى كۆپ قىلاتتى. 160. ئەگەر ئاللاھ سىلەرگە ياردەم بەرسە، سىلەرنى ھېچ كىشى يېڭەلمەيدۇ. ئەگەر ئاللاھ سىلەرگە بەرگەن ياردەمنى توختىتىپ قويسا، ئاللاھتىن باشقا سىلەرگە كىم ياردەم بېرىدۇ؟ ھەممە ئىش ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بويىچە بولىدۇ. شان - شەرەپ، غەلىبە ۋە خارلىق، مەغلۇبىيەت ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر. مۆمىنلەر يالغۇز ئاللاھقا تەۋەككۈل قىلسۇن! ھەممە ئىشنى ئاللاھقا تاپشۇرسۇن. 161. ھېچقانداق بىر پەيغەمبەر غەنىمەتكە خىيانەت قىلمايدۇ، يەنى بۇنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. كىمكى غەنىمەتكە خىيانەت قىلىدىكەن، قىيامەت كۈنى ئۇ خىيانەت قىلغان نەرسىسى بىلەن، يەنى خىيانەت قىلغان

نەرسىسى گەجگىسىگە ئارتىلغان هالدا كىشىلەر ئارىسىدا رەسۋا بولغان هالەتتە كېلىدۇ. هەر كىشىنىڭ قىلغان ئەمەلىگە تولۇق مۇكاپات ياكى تولۇق جازا بېرىلىدۇ. ئۇلارغا ياخشىلارنىڭ ساۋابىنى كېمەيتىۋېتىپ، ئاسىيلارنىڭ جازاسىنى ئاشۇرۇۋېتىپ زۇلۇم قىلىنمايدۇ. 162. ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئىزدىگەن كىشى ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ئۇچراشقا تېگىشلىك كىشىگە ئوخشامدۇ؟ ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ئۇچراشقا تېگىشلىك كىشىنىڭ بارىدىغان جايى جەھەننەم، جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي! يەنى ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلىپ، رازىلىقىنى ئىزدىگەن كىشى بىلەن بۇيرۇقىغا ئاسىيلىق قىلىپ، غەزىپىگە تېگىشلىك بولغان كىشى باراۋەر بولمايدۇ. 163. ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئۇلارنىڭ دەرىجىسى تۈرلۈك بولىدۇ. تەبەرىي مۇنداق دېگەن: «ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئۇلارنىڭ دەرىجىسى تۈرلۈك بولىدۇ. ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئىزدىگەن كىشى ئىززەت - هۆرمەت ۋە كاتتا ساۋاپقا ئېرىشىدۇ، بۇيرۇقىغا ئاسىيلىق قىلىپ، غەزىپىگە تېگىشلىك بولغان كىشى خارلىق ۋە چېدىغۇسىز ئازاب - ئوقۇبەتكە ئۇچرايدۇ. ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر. ئۇلارنىڭ هېچقانداق ئىشلىرى ئاللاھقا مەخپىي قالمايدۇ». 164. ئاللاھ تائالا مۆمىنلەرگە بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ تۆگەنچىسىنى ئەۋەتىش ئارقىلىق كاتتا نېمەت ئاتا قىلغانلىقىنى زىكىر قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ مۆمىنلەرگە ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى تىلاۋەت قىلىدىغان، ئۇلارنى گۇناهلاردىن پاكلايدىغان، ئۇلارغا كىتابنى ۋە هېكمەتنى، يەنى قۇرئان ۋە سۈننەتنى ئۆگىتىدىغان ئۆزلىرىدىن بولغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتىپ، ئۇلارغا چوڭ ئېهسان قىلدى. هالبۇكى، ئۇلار بۇرۇن ئوچۇق گۇمراهلىقتا ئىدى». ئاللاھ

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنى پۈتۈن دۇنياغا ئومۇمىي پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن بولسىمۇ، بۇ ئايەتتە «مۆمىنلەرگە» دەپ كەلتۈرۈشى، ئەمەلىيەتتە پەيغەمبەرنىڭ ئەۋەتىلىشى بىلەن مەنپەئەتلىنىدىغانلار مۆمىنلەردۇر. ئۇلار كۆپرىنىڭ زۇلمىتىدىن ئىمان نۇرىغا قايتىپ، زېمىندىكى ئەڭ ياخشى مىللەتكە ئايلاندى. 165. سىلەرگە يەتكەن مۇسىبەت سىلەر دۈشمەنگە يەتكۈزگەن مۇسىبەتنىڭ يېرىمىغا تەڭ كېلىدىغان تۇرسا، يەنى ئوھۇد غازىتىدا سىلەردىن 70 كىشى شەھىد بولغان بىلەن، بەدرى غازىتىدا مۇشرىكلاردىن 70 كىشىنى ئۆلتۈرگەن ۋە 70 كىشىنى ئەسىر ئالغان تۇرساڭلار، سىلەر يەنە: «بۇ مۇسىبەت قەيەردىن كەلدى، ئاللاھ بىزگە غەلىبىنى ۋەدە قىلغان تۇرسا؟» دېدىڭلار. ئېيتقىنكى، «ئۇ سىلەرنىڭ ئۆزۈڭلاردىن، يەنى پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغانلىقىڭلار ۋە غەنىمەتكە ھېرىس بولغانلىقىڭلاردىن بولدى». ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىردۇر، خالىغىنىنى قىلغۇچىدۇر. 166. ئىككى قوشۇن ئۇچراشقان كۈندە، يەنى مۇسۇلمانلار بىلەن مۇشرىكلار توقۇنۇشقان ئوھۇد جېڭىدە سىلەرگە كەلگەن مۇسىبەت ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن كەلگەندۇر، بۇ ھەقىقىي مۆمىنلەرنى بىلىش ـ ئۇلارنى مۇناپىقلاردىن ئايرىش ئۈچۈندۇر. 167. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ئىبنى سەلۇل ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىدىن ئىبارەت مۇناپىقلارنى بىلىش، يەنى ئۇلارنى مۆمىنلەردىن ئايرىش ئۈچۈندۇركى، ئۇلار ئۈچ يۈزدىن ئارتۇق كىشى بولۇپ، ئوھۇد ئۇرۇشى بولغان كۈنى ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنى تاشلاپ مەدىنىگە قايتقان. ئۇلارغا: «كېلىڭلار، ئاللاھ يولىدا ئۇرۇش قىلىڭلار ياكى ئۆزۈڭلارنى قوغداڭلار» دېيىلسە، ئۇلار: «ئۇرۇشتىن خەۋەر

تاپقان بولساق، ئەلۋەتتە، سىلەرگە ئەگىشەتتۇق يەنى سىلەر بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ ئۇرۇش قىلاتتۇق، ئەمما بىز ئۇرۇش بولىدۇ دەپ ئويلىمايمىز» دېدى. ئۇ كۈندە ئۇلار بۇ سۆزنى ئېيتىش بىلەن ئىمانغا قارىغاندا كۇپرىغا يېقىن ئىدى. ئۇلار كۆڭۈللىرىدە يوق نەرسىلەرنى ئېغىزلىرىدا دېدى، ئۇلار يوشۇرغاننى ـ نىپاق بىلەن مۇشرىكلىكنى ئاللاھ ئوبدان بىلىدۇ. 168. بۇ يەنە ئاللاھنىڭ ئۇرۇشقا چىقىشنى خالىمىغان مۇناپىقلارنى ئايرىشى ئۈچۈندۇركى، ئۇلار ئۆيلىرىدە ئولتۇرۇپ قېرىنداشلىرىغا: «ئەگەر ئۇلار يەنى مۆمىنلەر بىزگە بويسۇنغان بولسا، نەسىھىتىمىزنى ئاڭلاپ ئۇرۇشتىن قايتقان بولسا، ئۆلتۈرۈلمەيتتى» دېدى. ئى مۇھەممەد! بۇ مۇناپىقلارغا ئېيتقىنكى، «ئەگەر ئۇرۇشقا چىقماسلىق ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرىدىغان بولسا ئۆلۈمنى ئۆزۈڭلاردىن دەپئى قىلىپ بېقىڭلار، ئەگەر دەۋايىڭلاردا راستچىل بولساڭلار». بۇ ئايەت ئۇلارغا كايىش بولۇپ، گەرچە ئۇلار مۇستەھكەم قەسىرلەرگە بېكىنىۋالسىمۇ ئۆلۈم كەلگەندە ئۆزىنى ئۆلۈمدىن ساقلاپ قالالمايدۇ.

ئاگاھلاندۇرۇش: «ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن سەن ئۇلارغا مۇلايىم بولدۇڭ» دېگەن ئايەت، پەيغەمبىرىمىزنىڭ گۈزەل ئەخلاق ساھىبى ئىكەنلىكىگە دالالەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەيران قالارلىق ئىشلىرىدىن ئۆرنەكلەر: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەر ئارىسىدا ئۇلۇغلۇقنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە ساھىب تۇرۇقلۇقمۇ ئۇلارنىڭ ئەڭ كەمتىرى ئىدى، ئۇ ئائىلە كېلىپچىقىشى ئەڭ شەرەپلىك - ئېسىل، ئورنى يۇقىرى، قىلغان ئىشلىرى پاكىز، سېخىي، ناتىق

بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇلۇغلۇقنى تەلەپ قىلىدىغان ئىشلاردۇر. ئۇنىڭ كەمتەرلىكىدىن ئۆرنەكلەر بولسا، ئۇ ئۆزىنىڭ كىيىملىرى ۋە ئاياغلىرىنى ئۆزى يامايتتى، ئىشەككە مىنەتتى، داق يەردە ئولتۇراتتى، خىزمەتچى - قۇلنىڭمۇ چاقىرىقىنى قوبۇل قىلاتتى. ئىسىل ئەخلاق - پەزىلەتنىڭ دېڭىزى ۋە ئەقىل - ھېكمەتنىڭ نۇرلۇق چىرىقى بولغان پەيغەمبىرىمىزگە ئاللاھنىڭ رەھمەت - سالامى بولسۇن!

**ئىلاۋە:** ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىش ئىككى جەھەتتىن ئەڭ ئالىي مەرتىۋە ھېسابلىنىدۇ: بىرى، ئاللاھنىڭ بەندىسىنى ياخشى كۆرۈشى؛ يەنە بىرى، ئۇ كىشىنى ئاللاھ ئۆزىنىڭ كاپالىتىدە قىلىدىغانلىقىدۇر. «كىمكى ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا كۇپايە قىلىدۇ».

وَلَا تَحۡسَبَنَّ ٱلَّذِينَ قُتِلُواْ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ أَمۡوَٰتَۢاۚ بَلۡ أَحۡيَآءٌ
عِندَ رَبِّهِمۡ يُرۡزَقُونَ ﴿١٦٩﴾ فَرِحِينَ بِمَآ ءَاتَىٰهُمُ ٱللَّهُ مِن
فَضۡلِهِۦ وَيَسۡتَبۡشِرُونَ بِٱلَّذِينَ لَمۡ يَلۡحَقُواْ بِهِم مِّنۡ خَلۡفِهِمۡ
أَلَّا خَوۡفٌ عَلَيۡهِمۡ وَلَا هُمۡ يَحۡزَنُونَ ﴿١٧٠﴾ ۞ يَسۡتَبۡشِرُونَ
بِنِعۡمَةٖ مِّنَ ٱللَّهِ وَفَضۡلٖ وَأَنَّ ٱللَّهَ لَا يُضِيعُ أَجۡرَ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ ﴿١٧١﴾
ٱلَّذِينَ ٱسۡتَجَابُواْ لِلَّهِ وَٱلرَّسُولِ مِنۢ بَعۡدِ مَآ أَصَابَهُمُ ٱلۡقَرۡحُۚ
لِلَّذِينَ أَحۡسَنُواْ مِنۡهُمۡ وَٱتَّقَوۡاْ أَجۡرٌ عَظِيمٌ ﴿١٧٢﴾ ٱلَّذِينَ قَالَ
لَهُمُ ٱلنَّاسُ إِنَّ ٱلنَّاسَ قَدۡ جَمَعُواْ لَكُمۡ فَٱخۡشَوۡهُمۡ فَزَادَهُمۡ
إِيمَٰنٗا وَقَالُواْ حَسۡبُنَا ٱللَّهُ وَنِعۡمَ ٱلۡوَكِيلُ ﴿١٧٣﴾ فَٱنقَلَبُواْ بِنِعۡمَةٖ
مِّنَ ٱللَّهِ وَفَضۡلٖ لَّمۡ يَمۡسَسۡهُمۡ سُوٓءٞ وَٱتَّبَعُواْ رِضۡوَٰنَ ٱللَّهِۗ

وَٱللَّهُ ذُو فَضۡلٍ عَظِيمٍ ﴿١٧٤﴾ إِنَّمَا ذَٰلِكُمُ ٱلشَّيۡطَٰنُ يُخَوِّفُ
أَوۡلِيَآءَهُۥ فَلَا تَخَافُوهُمۡ وَخَافُونِ إِن كُنتُم مُّؤۡمِنِينَ ﴿١٧٥﴾
وَلَا يَحۡزُنكَ ٱلَّذِينَ يُسَٰرِعُونَ فِي ٱلۡكُفۡرِۚ إِنَّهُمۡ لَن يَضُرُّواْ
ٱللَّهَ شَيۡـٔٗاۚ يُرِيدُ ٱللَّهُ أَلَّا يَجۡعَلَ لَهُمۡ حَظّٗا فِي ٱلۡأٓخِرَةِۖ وَلَهُمۡ
عَذَابٌ عَظِيمٌ ﴿١٧٦﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ ٱشۡتَرَوُاْ ٱلۡكُفۡرَ بِٱلۡإِيمَٰنِ لَن
يَضُرُّواْ ٱللَّهَ شَيۡـٔٗاۖ وَلَهُمۡ عَذَابٌ أَلِيمٞ ﴿١٧٧﴾ وَلَا يَحۡسَبَنَّ ٱلَّذِينَ
كَفَرُوٓاْ أَنَّمَا نُمۡلِي لَهُمۡ خَيۡرٞ لِّأَنفُسِهِمۡۚ إِنَّمَا نُمۡلِي لَهُمۡ
لِيَزۡدَادُوٓاْ إِثۡمٗاۖ وَلَهُمۡ عَذَابٞ مُّهِينٞ ﴿١٧٨﴾ مَّا كَانَ ٱللَّهُ لِيَذَرَ
ٱلۡمُؤۡمِنِينَ عَلَىٰ مَآ أَنتُمۡ عَلَيۡهِ حَتَّىٰ يَمِيزَ ٱلۡخَبِيثَ مِنَ
ٱلطَّيِّبِۗ وَمَا كَانَ ٱللَّهُ لِيُطۡلِعَكُمۡ عَلَى ٱلۡغَيۡبِ وَلَٰكِنَّ ٱللَّهَ
يَجۡتَبِي مِن رُّسُلِهِۦ مَن يَشَآءُۖ فَـَٔامِنُواْ بِٱللَّهِ وَرُسُلِهِۦۚ وَإِن
تُؤۡمِنُواْ وَتَتَّقُواْ فَلَكُمۡ أَجۡرٌ عَظِيمٞ ﴿١٧٩﴾ وَلَا يَحۡسَبَنَّ ٱلَّذِينَ
يَبۡخَلُونَ بِمَآ ءَاتَىٰهُمُ ٱللَّهُ مِن فَضۡلِهِۦ هُوَ خَيۡرٗا لَّهُمۖ بَلۡ
هُوَ شَرّٞ لَّهُمۡۖ سَيُطَوَّقُونَ مَا بَخِلُواْ بِهِۦ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِۗ وَلِلَّهِ
مِيرَٰثُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۗ وَٱللَّهُ بِمَا تَعۡمَلُونَ خَبِيرٞ ﴿١٨٠﴾

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:** ئايەتلەر ئوھۇد ئۇرۇشى ۋەقەلىكىنى، مۇناپىقلارنىڭ سىرىنى ئېچىپ بېرىشنى، ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلارنى قىيىن ۋاقىتتا تاشلاپ قويغانلىقىنى سۆزلەشنى داۋاملاشتۇرۇپ، بۇ غازاتتىن ئېلىنىدىغان ئىبرەت، تەجرىبىلەرنى چۈشەندۈرىدۇ.

**بۇ ئايەتلەرنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى:** 1. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئوھۇد غازىتىدا شەھىد بولغان قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ جانلىرىنى ئاللاھ تەئالا يېشىل قۇشلارنىڭ قورساقلىرىغا ئورۇنلاشتۇردى. بۇ قۇشلار جەننەتنىڭ شېرىن سۇلىرىدىن ئىچىدۇ، جەننەت مېۋىلىرىدىن يەيدۇ. ئۇلار ئەرشنىڭ سايىسىدە ئېسىقلىق تۇرغان ئالتۇن پانۇسلارنىڭ ئاستىغا كېتىۋاتاتتى، شەھىدلار يەپ -ئىچىدىغان نېمەتلەر ۋە ئارام ئالىدىغان جايلارنىڭ ئېسىللىكىنى كۆرگىنىدە: <كاشكى، ئاللاھ تائالانىڭ بىزگە قىلغان ئىززەت - ئىكراملىرىنى غازى قېرىنداشلىرىمىز بىلسە ئىدى> دېۋىدى، ئاللاھ تائالا: ‹سىلەرنىڭ نامىڭلاردىن مەن بۇ خەۋەرنى ئۇلارغا يەتكۈزىمەن› دېدى ۋە ئارقىدىنلا بۇ ئايەتنى چۈشۈردى». 2. جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: «ئى جابىر! ساڭا نېمە بولدى، بەك غەمكىن كۆرۈنىسەنغۇ؟» دېدى. مەن: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! دادام شەھىد بولۇپ كەتتى، ئائىلىدىكى چوڭ - كىچىكلەرنى ۋە قەرزىنى ماڭا قويۇپ كەتتى» دېدىم. رەسۇلۇللاھ: «ئاللاھ تائالانىڭ دادىڭ بىلەن ئۇچراشقان ئەھۋالىنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟» دېۋىدى، مەن: «ئېيتىپ بەرسىلە، ئى رەسۇلۇللاھ» دېدىم. رەسۇلۇللاھ: «ھەقىقەتەن، ئاللاھ تائالا داداڭغا بىۋاسىتە سۆز قىلدى، باشقا ھەرقانداق كىشىگە سۆز قىلسا پەردە ئارقىسىدىن سۆز قىلاتتى. ئاللاھ تائالا داداڭغا: <ئى ئابدۇللاھ! ئارزۇ قىلغىن، ئارزۇ قىلغان نەرسەڭنى بېرىمەن> دېدى. داداڭ: <ئى رەببىم! مەن سەندىن مېنى دۇنياغا قايتۇرۇشۇڭنى، مېنىڭ يەنە بىر قېتىم سەن ئۈچۈن جىھاد قىلىپ ئۆلتۈرۈلۈشۈمنى سورايمەن> دېدى. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا: <بۇرۇن لەۋھۇل مەھپۇزدا مەن

سىلەرنىڭ قايتا دۇنياغا قايتمايدىغىنىڭلارنى پۈتىۋەتكەن› دېدى، ئۇ: ‹ئى رەببىم! قالغانلارغا بۇنى يەتكۈزگەن بولساڭ؟› دېدى. شۇ ۋاقىتتا ئاللاھ تائالا «ئاللاھنىڭ يولىدا شەھىد بولغانلارنى ئۆلۈك دەپ گۇمان قىلمىغىن...» دېگەن ئايەتنى چۈشۈردى.

**تەپسىرى:** 169. ئاللاھنىڭ يولىدا شەھىد بولغانلارنى ئۆلۈك دەپ گۇمان قىلمىغىن، بەلكى ئۇلار تىرىك بولۇپ، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى رىزىقتىن بەھرىمەن قىلىنىدۇ، يەنى جەننەتنىڭ نېمەتلىرىدىن ئەتىگەن - ئاخشامدا مەڭگۈلۈك رىزىقلاندۇرۇلۇپ تۇرۇلىدۇ. ۋاھىدى مۇنداق دېگەن: «شەھىدلەرنىڭ ھايات ئىكەنلىكى توغرىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بايان قىلىنغان سەھىھ ھەدىستە، ئۇلارنىڭ جانلىرى يېشىل قۇشلارنىڭ قورساقلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئۇلار جەننەتنىڭ شېرىن سۇلىرىدىن ئىچىدۇ، جەننەت مېۋىلىرىدىن يەيدۇ ۋە خالىغانچە نېمەتلىنىدۇ، دېيىلگەن». 170. ئۇلار ئاللاھنىڭ ئۆزلىرىگە بەرگەن پەزلىدىن خۇرسەن، شۇڭا ئۆزلىرىنىڭ ئارقىسىدىن تېخى يېتىپ كەلمىگەن، يەنى شەھىد بولماي تىرىك قالغان قېرىنداشلىرىغا ئاخىرەتتە نە قورقۇنچ، دۇنيادىن ئايرىلغانلىقىغا نە قايغۇ يوق ئىكەنلىكى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىشنى تىلەيدۇ، چۈنكى ئۇلار جەننەتتە نېمەتلەردىن بەھرىمەن بولۇۋاتىدۇ. 171. ئۇلار ئاللاھ تەرىپىدىن بېرىلگەن نېمەت ۋە پەزلنى، شۇنداقلا ئاللاھنىڭ مۆمىنلەرنىڭ ئەجرىنى بىكار قىلىۋەتمەيدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىشنى تىلەيدۇ. 172. ئوھۇد غازىتىدا يارىلانغاندىن كېيىن ئاللاھنىڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ چاقىرىقىغا

ئـاۋاز قوشـقانلار، شـۇنداقلا ئـۇلار، يەنـى مۆمىنلەردىـن ياخشـى ئەمەللەرنــى قىلغانــلار ۋە تەقۋادارلىــق قىلغانــلار چــوڭ ســاۋابقا ئېرىشىدۇ. ئىبنـى كەسـىر مۇنـداق دېگـەن: بـۇ ۋەقـە مەدىنىدىـن سـەككىز مىـل يىراقلىقتىكـى «ھەمرائـۇل ئەسـەد» دېگـەن جايـدا بولغـان. مۇشـرىكلار ئوھـۇد غازىتىـدا مۆمىنلەرگـە ئەزىيەتلەرنـى يەتكـۈزۈپ ئـۆز يۇرتىغـا قايتقانـدىـن كېيىـن، مەدىنىگـە بېسـىپ كىرىــپ مۇسـۇلمانلارنى ئومۇمىيۈزلـۈك يـوق قىلىۋەتمىگەنلىكىگـە پۇشـايمان قىلىشـتى. بـۇ خـەۋەر پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسـالامغا يەتكەنــدە، مۇشــرىكلارغا ئۆزلىرىنىــڭ كــۈچ - قۇۋۋىتىنــى كۆرسـىتىپ قويـۇش ئۈچـۈن، مۇسـۇلمانلارنى ئۇلارنىــڭ كەينىدىـن قوغـلاپ چىقىشـقا بۇيـرۇدى، ئەممـا بـۇ قېتىـم ئوھـۇد غازىتىغــا قاتناشـقانلاردىن باشـقىلارنىڭ چىقىشـىغا رۇخسـەت قىلمىـدى، مۇسـۇلمانلار يارىـدار بولغـان تۇرۇقلـۇق ئاللاھنىـڭ ۋە پەيغەمبەرنىــڭ چاقىرىقىغـا ئاۋاز قوشـۇپ دەرھـال ئاتلاندى. 173. مۇشـرىكلارغا تەرەپـدار ئادەملـەر ئۇلارغا: «شـەك - شۈبھىسـىزكى، كىشـىلەر يەنـى قۇرەيشـلەر سـىلەرگە قارشـى قوشـۇن توپلىـدى، ئۇلاردىــن قورقــۇڭلار» دېــدى. بــۇ ســۆز ئۇلارنىــڭ ئىمانىنــى كۈچەيتتـى. ئـۇلار: «بىزگـە ئالـلاھ كۇپايـە، ئالـلاھ نېمىدېگـەن ياخشـى ھامىـي!» دېـدى. 174. ئـۇلار ئاللاھنىـڭ نېمىتـى ۋە پەزلـى بىلـەن قايتىـپ كەلـدى، ھېچقانـداق زىيـان - زەخمەتكـە ئۇچرىمىــدى، ئــۇلار ئاللاھنىــڭ رازىلىقىنــى ئىزدىــدى. ئالــلاھ ئۇلــۇغ پــەزل ئىگىســىدۇر. 175. «قۇرەيشـلەر سـىلەرگە قارشـى قوشــۇن توپلىــدى، ئۇلاردىــن قورقــۇڭلار» دېگــەن ســۆزنى ئېيتىــپ، مۇسـۇلمانلارنىڭ ئىرادىسىنى بوشاشتۇرۇشـنى مەقسـەت قىلغۇچـى ئەنـە شـۇ شـەيتان ئـۆز دوسـتلىرىنى ـ كاپىرلارنـى قورقىتىــدۇ. ئەگــەر مۆمىــن بولســاڭلار، ئۇلاردىــن قورقمــاڭلار،

مەندىن قورقۇڭلار. مېنىڭ بۇيرۇقۇمغا ئاسىيلىق قىلىپ هالاك بولۇشتىن قورقۇڭلار. بۇ يەردە شەيتان دېگەندىن نۇئەيم ئىبنى مەسئۇد ئەشجەئىي مەقسەت قىلىنىدۇ، ئەبۇ سۇفيان ئۇنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىرادىسىنى سۇندۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتكەن. ئەبۇ هەييان مۇنداق دېگەن: «هەقىقەتەن، بۇ سۆزنى شەيتانغا نىسبەت بېرىش كېرەك. بۇنداق سۆز شەيتاننىڭ ۋەسۋەسە قىلىشى ۋە قايمۇقتۇرۇشى بىلەن بولىدۇ». 176. ئى مۇهەممەد! كۇپرىغا ئۆزلىرىنى ئاتىغانلار، يەنى سۆزلىرى ۋە هەرىكەتلىرى بىلەن كۇپرىغا شاپاشلايدىغان مۇناپىقلار سېنى غەمكىن قىلمىسۇن، ئۇلار هەقىقەتەن كۇپرى بىلەن ئاللاهقا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ، پەقەت ئۆز نەپسىنى زىيانغا ئۈچرىتىدۇ. ئاللاه ئاخىرەتتە ئۇلارغا ساۋابتىن هېچبىر نېسىۋە بەرمەسلىكنى خالايدۇ. ئۇلار ساۋابتىن مەهرۇم بولغاندىن باشقا چوڭ ئازابقا دۇچار بولىدۇ. 177. ئىماننى كۇپرىغا تېگىشكەنلەر ـ مەزكۇر مۇناپىقلار كۇپرى بىلەن ئاللاهقا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ، ئۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ. 178. كاپىرلار ئۆزلىرىگە جازا بەرمەستىن مۆهلەت بېرىشىمىزنى يەنى ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلىشىمىزنى هەرگىز ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىلىق دەپ گۇمان قىلمىسۇن، ئۇلارغا مۆهلەت بېرىشىمىز ۋە ئەجىلىنى كېچىكتۈرۈشىمىز پەقەت ئۇلارنىڭ گۇناهىنىڭ كۆپىيىشى ئۈچۈندۇر. ئۇلار ئاخىرەتتە خار قىلغۇچى ئازابقا دۇچار بولىدۇ. 179. ئاللاه يامانىنى ياخشىدىن، يەنى مۇناپىقنى مۆمىندىن ئايرىمىغۇچە مۆمىنلەرنى يەنى سىلەرنى هازىرقى پېتىڭلارچە قويمايدۇ. ئۇهۇد غازىتىدا مۆمىنلەر بىلەن مۇناپىقلارنىڭ ئارىسىنى ئايرىغاندەك ئايرىدۇ. ئاللاه سىلەرنى غەيبتىن خەۋەردار

قىلمايدۇ، يەنى سىلەرنى بەندىلەرنىڭ قەلبىگە قاراپ مۆمىن بىلەن مۇناپىقنى بىلدىغان قىلمايدۇ. لېكىن ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئارىسىنى ئىمتىھان، سىناقلار ئارقىلىق ئوخشۇد غازىتىدىكىدەك قاتتىق ئۇرۇشلار بىلەن ئايرىيدۇ. ئاللاھ پەيغەمبەرلىرىدىن خالىغىنىنى تاللاپ، ئۇنىڭغا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مۇناپىقلارنىڭ ھالىنى بىلدۈرگەندەك غەيبنى بىلدۈرىدۇ. ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان ئېيتىڭلار، ئەگەر سىلەر ئىمان ئېيتساڭلار ۋە پەرۋەردىگارىڭلاردىن قورقساڭلار، چوڭ ساۋابقا ئېرىشىسىلەر. 180. ئاللاھ ئۆز پەزلىدىن بەرگەن نەرسىلەرگە، يەنى پۇل - مالغا بېخىللىق قىلىدىغانلار بېخىللىقنى ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىلىق دەپ گۇمان قىلمىسۇن، ئەمەلىيەتتە بۇ ئۇلار ئۈچۈن زىيانلىقتۇر. ئۇلارنىڭ بېخىللىق قىلغان نەرسىسى قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ بويىنىغا تاقاق قىلىپ سېلىنىدۇ. ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ مىراسى ئاللاھنىڭدۇر، يەنى كائىناتتىكى ھەممە نەرسە ئاللاھنىڭ مۈلكى بولۇپ، ئۇلار پانىي بولغاندىن كېيىن ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىدۇ. ئاللاھ قىلغان ئەمەللىرىڭلاردىن خەۋەرداردۇر. ئاللاھ جان بىلەن جىھاد قىلىشقا رىغبەتلەندۈرگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ يولىدا مال سەرپ قىلىشقا قىزىقتۇردى ۋە بېخىللىق قىلغانلارنىڭ قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدىغانلىقىنى زىكىر قىلدى. بۇخارىيدا بايان قىلىنغان سەھىھ ھەدىستە: «ئاللاھ بەرگەن مالنىڭ زاكىتىنى ئادا قىلمىغان كىشىنىڭ مېلى قىيامەت كۈنى چوڭ يىلاننىڭ شەكلىدە بولىدۇ، ئېغىزىدا ئىككى دانە زەھەرلىك چىشى بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن ئۆز ساھىبىنىڭ ئىككى جاۋغىيىدىن تۇتۇپ: مەن سېنىڭ مېلىڭ، مەن سېنىڭ خەزىنەڭ دەيدۇ» دەپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئايەتنى

ئوقۇغان: «ئاللاھ ئۆز پەزلىدىن بەرگەن نەرسىلەرگە، يەنى پۇل - مالغا بېخىللىق قىلىدىغانلار...».

**ئىلاۋە:** ئاللاھ تائالانىڭ «بىزگە ئاللاھ كۇپايە، ئاللاھ نېمىدېگەن ياخشى ھامىي!» دېگەن بۇئايىتىنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوتقا تاشلانغان ۋاقىتتا ئوقۇغان. ئىمام سۇيۇتىي مۇنداق دېگەن: «بۇ سۆزنى غەم - قايغۇ ۋە قىيىن ئىشلارغا دۇچ كەلگەندە ئېيتىش ياخشى».

لَّقَدْ سَمِعَ ٱللَّهُ قَوْلَ ٱلَّذِينَ قَالُوٓا۟ إِنَّ ٱللَّهَ فَقِيرٌ وَنَحْنُ أَغْنِيَآءُ ۘ
سَنَكْتُبُ مَا قَالُوا۟ وَقَتْلَهُمُ ٱلْأَنۢبِيَآءَ بِغَيْرِ حَقٍّ وَنَقُولُ
ذُوقُوا۟ عَذَابَ ٱلْحَرِيقِ ﴿١٨١﴾ ذَٰلِكَ بِمَا قَدَّمَتْ أَيْدِيكُمْ وَأَنَّ
ٱللَّهَ لَيْسَ بِظَلَّامٍ لِّلْعَبِيدِ ﴿١٨٢﴾ ٱلَّذِينَ قَالُوٓا۟ إِنَّ ٱللَّهَ عَهِدَ
إِلَيْنَآ أَلَّا نُؤْمِنَ لِرَسُولٍ حَتَّىٰ يَأْتِيَنَا بِقُرْبَانٍ تَأْكُلُهُ ٱلنَّارُ ۗ
قُلْ قَدْ جَآءَكُمْ رُسُلٌ مِّن قَبْلِى بِٱلْبَيِّنَٰتِ وَبِٱلَّذِى قُلْتُمْ
فَلِمَ قَتَلْتُمُوهُمْ إِن كُنتُمْ صَٰدِقِينَ ﴿١٨٣﴾ فَإِن كَذَّبُوكَ فَقَدْ
كُذِّبَ رُسُلٌ مِّن قَبْلِكَ جَآءُو بِٱلْبَيِّنَٰتِ وَٱلزُّبُرِ وَٱلْكِتَٰبِ
ٱلْمُنِيرِ ﴿١٨٤﴾ كُلُّ نَفْسٍ ذَآئِقَةُ ٱلْمَوْتِ ۗ وَإِنَّمَا تُوَفَّوْنَ أُجُورَكُمْ
يَوْمَ ٱلْقِيَٰمَةِ ۖ فَمَن زُحْزِحَ عَنِ ٱلنَّارِ وَأُدْخِلَ ٱلْجَنَّةَ فَقَدْ
فَازَ ۗ وَمَا ٱلْحَيَوٰةُ ٱلدُّنْيَآ إِلَّا مَتَٰعُ ٱلْغُرُورِ ﴿١٨٥﴾ ۞ لَتُبْلَوُنَّ
فِىٓ أَمْوَٰلِكُمْ وَأَنفُسِكُمْ وَلَتَسْمَعُنَّ مِنَ ٱلَّذِينَ أُوتُوا۟
ٱلْكِتَٰبَ مِن قَبْلِكُمْ وَمِنَ ٱلَّذِينَ أَشْرَكُوٓا۟ أَذًى كَثِيرًا ۚ
وَإِن تَصْبِرُوا۟ وَتَتَّقُوا۟ فَإِنَّ ذَٰلِكَ مِنْ عَزْمِ ٱلْأُمُورِ ﴿١٨٦﴾ وَإِذْ

أَخَذَ ٱللَّهُ مِيثَٰقَ ٱلَّذِينَ أُوتُواْ ٱلْكِتَٰبَ لَتُبَيِّنُنَّهُۥ لِلنَّاسِ
وَلَا تَكْتُمُونَهُۥ فَنَبَذُوهُ وَرَآءَ ظُهُورِهِمْ وَٱشْتَرَوْاْ بِهِۦ
ثَمَنًا قَلِيلًا ۖ فَبِئْسَ مَا يَشْتَرُونَ ﴿١٨٧﴾ لَا تَحْسَبَنَّ ٱلَّذِينَ
يَفْرَحُونَ بِمَآ أَتَواْ وَّيُحِبُّونَ أَن يُحْمَدُواْ بِمَا لَمْ يَفْعَلُواْ
فَلَا تَحْسَبَنَّهُم بِمَفَازَةٍ مِّنَ ٱلْعَذَابِ ۖ وَلَهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ ﴿١٨٨﴾
وَلِلَّهِ مُلْكُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ ۗ وَٱللَّهُ عَلَىٰ كُلِّ شَىْءٍ قَدِيرٌ ﴿١٨٩﴾

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:** قۇرئان كەرىم ئوھۇد غازىتىغا ئالاقىدار بۈيۈك ۋەقەلىكنى، مۇناپىقلارنىڭ ھىيلە - مىكىر، پەسكەشلىكلىرىنى، ئۇلارنىڭ ئىسلامغا ۋە مۇسۇلمانلارغا قىلغان خىيانەتلىرىنى، مۇسۇلمانلارنى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشتىن بوشاشتۇرۇش ئۈچۈن قىلغان نەيرەڭلىرىنى بايان قىلىشنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن، ئاللاھ تائالا بۇنىڭغا ئەگەشتۈرۈپ يەھۇدىيلارنىڭ سۇيىقەستى ۋە ئۇلارنىڭ ھىيلە - مىكىر، سۇيىقەست، شەك - شۈبھە پەيدا قىلىش ئارقىلىق ئىسلام دەۋىتىگە قارشى تۇرغان رەزىللىكىنى زىكىر قىلىپ، مۆمىنلەرنى مۇناپىقلارنىڭ خەتىرىدىن ئاگاھلاندۇرغاندەك، ئۇلارنىڭ بۇ پەسلەشلىكلىرىنىڭ خەتىرىدىنمۇ ئاگاھلاندۇردى. ئايەتلەر يەھۇدىيلارنىڭ ئاللاھنىڭ زاتى ئىلاھىغا بولغان نومۇسسىز پوزىتسىيىسى، ئاللاھ تائالاغا بېخىل، نامرات دەپ قەبىھ سۆزلەر بىلەن تۆھمەت قىلىشى، ئاندىن ۋەدىسىنى بۇزۇپ پەيغەمبەرلەرنى ئۆلتۈرگەنلىكى ۋە ئاللاھ ئۇلارغا يۈكلىگەن ئامانەتكە خىيانەت قىلغانلىقىدىن ئىبارەت مەزكۇر لەنەتكەردى ئىنسانلار سۈپەتلەنگەن قەبىھ جىنايەتلىرىنى بايان قىلغان.

**بۇ ئايەتلەرنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى:** 1. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇئەنھۇ بىر كۈنى يەھۇدىيلارنىڭ ئىلمىي مۇھاكىمە ئورنىغا كىرگەندە، يەھۇدىيلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ فىنھاس ئىبنى ئازۇرا ئىسىملىك چوڭ موللىسىنىڭ يېنىغا توپلىشىۋالغانلىقىنى كۆردى. ئەبۇ بەكرى فىنھاسقا: «ئاللاھتىن قورققىن، مۇسۇلمان بولغىن، سەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن، ھەق دىننى ئېلىپ كەلگەن ئەلچى ئىكەنلىكىنى بىلىسەن، ئۇنىڭ سۈپەتلىرىنى سىلەر يېنىڭلاردىكى تەۋرات - ئىنجىللاردا تاپىسىلەر» دېۋىدى، فىنھاس: «ئى ئەبۇ بەكرى! بىزنىڭ ئاللاھقا يوقسۇللۇق ياكى نامراتلىقتىن ھاجىتىمىز يوق، بەلكى ئۇ ئاللاھ بىزگە موھتاج. سىلەر بىزگە يالۋۇرغاندەك، بىز ئاللاھقا يالۋۇرمايمىز. بىز ئۇنىڭدىن بىھاجەت. ئەگەر ئاللاھ ھەقىقىي باي بولغان بولسا بىزدىن قەرز سورىمايتتى. سىلەرنىڭ ساھىبىڭلار گۇمان قىلغاندەك، سىلەرنى جازانىدىن توسۇپ بىزگە بېرىدۇ، ئەگەر ئاللاھ ھەقىقىي باي بولغان بولسا بىزگە جازانىنى بەرمەيتتى» دېدى. بۇ سۆزدىن ئەبۇبەكرى قاتتىق غەزەپلىنىپ فىنھاسنى قاتتىق بىر تەستەك سالدى ۋە: «مېنىڭ جېنىم ئىلكىدە بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى! سىلەر بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا كېلىشىم بولمىغان بولسا ئىدى، سېنىڭ بوينۇڭنى ئۇزۇۋېتەتتىم ئى ئاللاھنىڭ دۈشمىنى» دېدى. فىنھاس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بېرىپ: «ئى مۇھەممەد! ئەبۇ بەكرىنىڭ قىلغان ئىشىغا قارىمامسەن» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى ئەبۇ بەكرى! نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلدىڭ؟» دېۋىدى، ئەبۇ بەكرى: «ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ

ئاللاھنىڭ دۈشمىنى نومۇسسىز سۆزلەرنى قىلدى، ئۇ ئاللاھ نامرات، بىز باي دەپ ئويلايدىكەن، شۇڭا ئاللاھ ئۈچۈن غەزەپلىنىپ ئۇنىڭ يۈزىگە ئۇردۇم» دېدى. فىنھاس دېگەن سۆزنىگە تاندى، شۇ ۋاقىتتا ئاللاھ تائالا فىنھاسقا رەددىيە بېرىپ، ئەبۇ بەكرىنىڭ سۆزىنى تەستىقلاپ: «ئاللاھ بولسا ھەقىقەتەن پېقىر، بىز بولساق باي دېگەن كىشىلەرنىڭ يەنى يەھۇدىيلارنىڭ سۆزىنى ئاللاھ ھەقىقەتەن ئاڭلىدى...» دېگەن ئايەتنى چۈشۈردى. 2. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا يەھۇدىيلاردىن بىر توپ كىشى كەلدى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كەئبى ئىبنى ئەشرەپ، مالىك ئىبنى سەيىب ۋە فىنھاس ئىبنى ئازۇرا قاتارلىق موللىلىرىمۇ بارئىدى. ئۇلار: «ئى مۇھەممەد! سەن ئۆزۈڭنى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى دەپ گۇمان قىلىسەن. ئاللاھ ساڭا كىتاب چۈشۈردى. تەۋراتتا ئاللاھ بىزنى ئاسماندىن چۈشكەن ئوت يەپ كېتىدىغان بىر قۇربانلىق كەلتۈرمىگىچە، ھەقىقەتەن ھېچبىر پەيغەمبەرگە ئىمان كەلتۈرمەسلىككە بۇيرۇدى. ئەگەر سەن بۇنى ئېلىپ كەلسەڭ، بىز ساڭا ئىشىنىمىز دېدى. شۇ ۋاقىتتا ئاللاھ تائالا: «ئۇلار: ‹تەۋراتتا ئاللاھ بىزنى (ئاسماندىن چۈشكەن) ئوت يەپ كېتىدىغان بىر قۇربانلىق كەلتۈرمىگىچە، ھەقىقەتەن ھېچبىر پەيغەمبەرگە ئىمان كەلتۈرمەسلىككە بۇيرۇدى› دېدى» دېگەن ئايەتنى چۈشۈردى.

**تەپسىرى:** 181. «ئاللاھ ھەقىقەتەن پېقىر، بىز بولساق باي» دېگەن كىشىلەر يەنى يەھۇدىيلارنىڭ سۆزىنى ئاللاھ ھەقىقەتەن ئاڭلىدى. ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرى بولغان نومۇسسىز

يەھۇدىيلار ئاللاھ تائالانىڭ: «كىمكى ئاللاھقا قەرزى ھەسەنە بېرىدىكەن ـ ئاللاھ يولىدا پۇل - مېلىنى خۇشاللىق بىلەن سەرپ قىلىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا نەچچە ھەسسە، يەنى ئون ھەسسىدىن يەتتە يۈز ھەسسىگىچە كۆپ قايتۇرىدۇ» دېگەن ئايىتى نازىل بولغان ۋاقىتتا، ئۇلار: ئاللاھ نامرات بولغاچ بىزدىن قەرز سوراۋاتىدۇ دېدى. قۇرتۇبىي مۇنداق دېگەن: «ئۇلار بۇ سۆزنى ھەقىقىي ئېتىقاد قىلىپ ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ ئاجىزلىقىنى يوشۇرۇش، ئىمانى ئاجىز مۇسۇلمانلارنى شەككە تاشلاش ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى يالغانغا چىقىرىش ئۈچۈن: <ئۇ مۇھەممەدنىڭ سۆزىگە ئاساسەن نامرات، چۈنكى مۇھەممەد بىزدىن قەرز سورىدى> دېگەن». ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ۋە پەيغەمبەرلەرنى ناھەق ئۆلتۈرگەنلىكلىرىنى خاتىرىلەپ قويىمىز، يەنى نامە ـ ئەمالىغا مۇئەككەل پەرىشتىلەرگە بۇنى ئۇلارنىڭ نامە ـ ئەمەلىگە يېزىشنى بۇيرۇيمىز ھەمدە ئاخىرەتتە پەرىشتىلەر تىلى ئارقىلىق، كۆيدۈرگۈچى ئازابنى تېتىڭلار، دەيمىز. گەرچە پەيغەمبەرلەرنى بۇلار ئۆلتۈرمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ قىلمىشلىرىغا رازى بولغان. 182. بۇ سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلار تۈپەيلىدىندۇر، چۈنكى ئاللاھ بەندىلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچى ئەمەستۇر، ئۇ ئازاب سىلەرنىڭ ئاسىيلىقىڭلار سەۋەبىدىن ۋە ئاللاھنىڭ ئادىللىقىدىن ھاسىل بولغان. زەمەخشەريي مۇنداق دېگەن: «جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەرنى جازالاش ۋە ياخشى ئىش قىلغانلارنى مۇكاپاتلاش ئادىللىقنىڭ جۈملىسىدىندۇر». 183. ئۇلار: «تەۋراتتا ئاللاھ بىزنى ئاسماندىن چۈشكەن ئوت يەپ كېتىدىغان بىر قۇربانلىق كەلتۈرمىگىچە، ھەققەتەن ھېچبىر پەيغەمبەرگە ئىمان كەلتۈرمەسلىككە بۇيرۇدى»

دېدى. بۇ تۆھمەت بولۇپ، ئاللاھ ئۇلارنى بۇيرۇغان ئەمەس. ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «سىلەرگە مۆجىزىلەر ۋە سىلەر ئېيتقان مۆجىزە بىلەن ھەقىقەتەن نۇرغۇن پەيغەمبەر كەلدى. ئەگەر سىلەر دەۋايىڭلاردا راستچىل بولساڭلار، ئۇلارنى نېمىشقا ئۆلتۈردۈڭلار؟». 184. ئاللاھ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى بېرىپ مۇنداق دېدى: «ئى مۇھەممەد! ئۇلار سېنى يالغانغا چىقارغان بولسا قايغۇرۇپ كەتمىگىن، سەندىن ئىلگىرى ئۆتكەن، مۆجىزىلەرنى، كىتابلارنى، يەنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان سەھىپىلەرگە ئوخشاش ساماۋى كىتابلارنى ۋە نۇرلۇق كىتابنى يەنى تەۋرات، ئىنجىلغا ئوخشاشلارنى ئېلىپ كەلگەن نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرمۇ يالغانغا چىقىرىلغان ئىدى. ئۇلار ساڭا ياخشى ئۈلگىدۇر». 185. ھەر بىر جان ئىگىسى ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىغۇچىدۇر. سىلەرنىڭ ئەجرىڭلار، يەنى ئەمەللىرىڭلارنىڭ ساۋابى قىيامەت كۈنى تولۇق بېرىلىدۇ، كىمكى دوزاختىن يىراق قىلىنغان ۋە جەننەتكە كىرگۈزۈلگەن ئىكەن، ئۇ مۇرادىغا يەتكەن بولىدۇ. دۇنيا تىرىكچىلىكى پەقەت ئالدايدىغان مالدىنلا ئىبارەتتۇر، يەنى ئالدايدىغان نەرسە بولۇپ، ئازغىنا بەھرىمەن بولغاندىن كېيىن تۈگەيدۇ. دۇنيا دېگەن مەغرۇرلانغۇچى ئەخمەقلەرنىڭ مەنپەئەتلىنىدىغان جايىدۇر. ئىبنى كەسىر مۇنداق دېگەن: «ئايەتتە دۇنيانىڭ ئىشلىرى كىچىك - تۆۋەن كۆرسىتىلگەن بولۇپ، ئۇ دېگەن يوقالغۇچى ئاجىز نەرسىدۇر». 186. سىلەر ماللىرىڭلاردا سەدىقىغە بۇيرۇلۇش ۋە ئاپەت يېتىشى بىلەن، جانلىرىڭلاردا ئۆلتۈرۈلۈش، ئەسىر ئېلىنىش ۋە كېسەل بولۇش بىلەن چوقۇم سىنىلىسىلەر. سىلەردىن ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەر، يەنى

يەھۇدىيلار ۋە ناسارالاردىن، شۇنداقلا مۇشرىكلاردىن چوقۇم نۇرغۇن يامان سۆز ئاڭلايسىلەر. ئەگەر يۇقىرىقى ئەھۋاللار يۈز بەرگەندە سەۋر قىلساڭلار سۆزۈڭلار ۋە ھەرىكىتىڭلاردا ئاللاھتىن قورقساڭلار، ئۇنداقتا بۇ ھەقىقەتەن ئىرادە بىلەن قىلىنىشقا تېگىشلىك ئىشلاردىندۇر. 187. ئۆز ۋاقتىدا، ئاللاھ كىتاب بېرىلگەنلەردىن، يەنى يەھۇدىيلاردىن كىتابنى، يەنى كىتابىتىكى ئاللاھنىڭ ئەھكاملىرىنى كىشىلەرگە چوقۇم بايان قىلىپ بېرىشكە ۋە يوشۇرماسلىققا ئەھدە ئالدى. لېكىن بۇنى ـ ئەھدىنى ئۇلار ئارقىسىغا چۆرۈۋەتتى ۋە ئۇنى ئازغىنا بەدەلگە، يەنى دۇنيانىڭ ئەرزىمەس نەرسىسىگە تېگىشتى. ئۇلارنىڭ تېگىشىپ ئالغىنى نېمىدېگەن يامان! ئىبنى ئاbباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «يەھۇدىيلاردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىنى يوشۇرماسلىق توغرىسىدا ئەھدە ئېلىنغان بولسىمۇ، ئۇلار ئەھدىنى بۇزدى ۋە بۇنى يوشۇردى». 188. ئى مۇھەممەد! قىلغان ئىشلىرىدىن، يەنى ھەقنى ياپقانلىقىدىن خۇشال بولىدىغان، قىلمىغان ئىشلىرى بىلەن مەدھىيەلىنىشنى ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەرنى ھەرگىزمۇ ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلىدۇ دەپ گۇمان قىلمىغىن، ئۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ. ئىبنى ئاbباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «بۇ ئايەت ئەھلى كىتابنىڭ موللىلىرىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام توغرىسىدا سورالغاندا، ئۇلار بۇنى يوشۇرۇپ، بۇنىڭ غەيرى بىلەن خەۋەر بېرىپ، قىلغان ئىشلىرىدىن خۇرسەن بولغانلار توغرىسىدا چۈشۈرۈلگەن» دېگەن. 189. ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر. بۇ ئايەت يەھۇدىيلارنىڭ: «ئاللاھ پېقىر، بىز باي» دېگەن سۆزىگە بېرىلگەن رەددىيە

بولۇپ، ئاللاھ ئۇلارنى ئازابلاشقا قادىردۇر.

ئاگاھلاندۇرۇش: ئاللاھ تائالا دۇنيا تۇرمۇشىنى ۋە ئۇنىڭ نېمەتلىرىنى پەقەت ئالدايدىغان مالدىنلا ئىبارەتتۇر - ئالدايدىغان نەرسە بولۇپ، ئازغىنا بەھرىمەن بولغاندىن كېيىن تۈگەيدۇ دەپ سۈپەتلىدى. دۇنيانىڭ ئۆزىنى، ئۇنىڭ لەززەتلىرىنى ۋە ئۇزۇن مۇددەت داۋاملىشىشىنى ئارزۇ قىلىش كىشىنى ئالدايدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئىلگىرىكى ياخشى كىشىلەر: «دۇنيا دېگەن تاشلانغان نەرسە بولۇپ پات پۇرسەتتە يوقىلىدۇ، سىلەر بۇنى تاشلاپ، ۋاقتىڭلارنى كۈچىڭلارنىڭ يېتىشىچە ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا سەرپ قىلىڭلار» دېگەن.

إِنَّ فِي خَلۡقِ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ وَٱخۡتِلَٰفِ ٱلَّيۡلِ وَٱلنَّهَارِ
لَأٓيَٰتٖ لِّأُوْلِي ٱلۡأَلۡبَٰبِ ١٩٠ ٱلَّذِينَ يَذۡكُرُونَ ٱللَّهَ قِيَٰمٗا وَقُعُودٗا
وَعَلَىٰ جُنُوبِهِمۡ وَيَتَفَكَّرُونَ فِي خَلۡقِ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ رَبَّنَا
مَا خَلَقۡتَ هَٰذَا بَٰطِلٗا سُبۡحَٰنَكَ فَقِنَا عَذَابَ ٱلنَّارِ ١٩١
رَبَّنَآ إِنَّكَ مَن تُدۡخِلِ ٱلنَّارَ فَقَدۡ أَخۡزَيۡتَهُۥۖ وَمَا لِلظَّٰلِمِينَ
مِنۡ أَنصَارٖ ١٩٢ رَّبَّنَآ إِنَّنَا سَمِعۡنَا مُنَادِيٗا يُنَادِي لِلۡإِيمَٰنِ أَنۡ
ءَامِنُواْ بِرَبِّكُمۡ فَـَٔامَنَّاۚ رَبَّنَا فَٱغۡفِرۡ لَنَا ذُنُوبَنَا وَكَفِّرۡ عَنَّا
سَيِّـَٔاتِنَا وَتَوَفَّنَا مَعَ ٱلۡأَبۡرَارِ ١٩٣ رَبَّنَا وَءَاتِنَا مَا وَعَدتَّنَا عَلَىٰ
رُسُلِكَ وَلَا تُخۡزِنَا يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِۖ إِنَّكَ لَا تُخۡلِفُ ٱلۡمِيعَادَ ١٩٤
فَٱسۡتَجَابَ لَهُمۡ رَبُّهُمۡ أَنِّي لَآ أُضِيعُ عَمَلَ عَٰمِلٖ مِّنكُم
مِّن ذَكَرٍ أَوۡ أُنثَىٰۖ بَعۡضُكُم مِّنۢ بَعۡضٖۖ فَٱلَّذِينَ هَاجَرُواْ
وَأُخۡرِجُواْ مِن دِيَٰرِهِمۡ وَأُوذُواْ فِي سَبِيلِي وَقَٰتَلُواْ وَقُتِلُواْ

لَأُكَفِّرَنَّ عَنْهُمْ سَيِّـَٔاتِهِمْ وَلَأُدْخِلَنَّهُمْ جَنَّٰتٍ تَجْرِى
مِن تَحْتِهَا ٱلْأَنْهَٰرُ ثَوَابًا مِّنْ عِندِ ٱللَّهِ ۗ وَٱللَّهُ عِندَهُۥ
حُسْنُ ٱلثَّوَابِ ﴿١٩٥﴾ لَا يَغُرَّنَّكَ تَقَلُّبُ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟
فِى ٱلْبِلَٰدِ ﴿١٩٦﴾ مَتَٰعٌ قَلِيلٌ ثُمَّ مَأْوَىٰهُمْ جَهَنَّمُ ۚ وَبِئْسَ
ٱلْمِهَادُ ﴿١٩٧﴾ لَٰكِنِ ٱلَّذِينَ ٱتَّقَوْا۟ رَبَّهُمْ لَهُمْ جَنَّٰتٌ
تَجْرِى مِن تَحْتِهَا ٱلْأَنْهَٰرُ خَٰلِدِينَ فِيهَا نُزُلًا مِّنْ
عِندِ ٱللَّهِ ۗ وَمَا عِندَ ٱللَّهِ خَيْرٌ لِّلْأَبْرَارِ ﴿١٩٨﴾ وَإِنَّ مِنْ أَهْلِ
ٱلْكِتَٰبِ لَمَن يُؤْمِنُ بِٱللَّهِ وَمَآ أُنزِلَ إِلَيْكُمْ وَمَآ
أُنزِلَ إِلَيْهِمْ خَٰشِعِينَ لِلَّهِ لَا يَشْتَرُونَ بِـَٔايَٰتِ ٱللَّهِ ثَمَنًا
قَلِيلًا ۗ أُو۟لَٰٓئِكَ لَهُمْ أَجْرُهُمْ عِندَ رَبِّهِمْ ۗ إِنَّ ٱللَّهَ سَرِيعُ
ٱلْحِسَابِ ﴿١٩٩﴾ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ ٱصْبِرُوا۟ وَصَابِرُوا۟
وَرَابِطُوا۟ وَٱتَّقُوا۟ ٱللَّهَ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ ﴿٢٠٠﴾

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:**
ئاللاھ تائالا بۇ سۈرىنى تەۋھىد ئەقىدىسى، ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە دەلىل - ئىسپاتلارنى كەلتۈرۈش بىلەن باشلىغان بولۇپ، بۇ سۈرىدە يەنە ئاللاھنىڭ بىرلىكى، كامالى قۇدرىتى ئارقىلىق يارىتىش ۋە ئىجاد قىلىشىنىڭ دەلىللىرىنى زىكىر قىلىپ، بۇنىڭ بىلەن ئىنسانىنىڭ ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىش ۋە قەبرىدىن قوزغىلىشىنى ئىسپاتلاش ئارقىلىق سۈرىنى ئاخىرلاشتۇردى. قۇرئان كەرىمدىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ كىتابتىن بولغان مەقسەت، كىشىلەرنىڭ قەلبى ۋە روھىنى مەخلۇقاتلار بىلەن مەشغۇل

بولۇشتىن ھەقىقىي ئىلاھنى تونۇشقا جەلپ قىلىش بولۇپ، ئايەتلەر ئاللاھنىڭ كاتتىلىقى، يەككە - يېگانە بىرلىكىنىڭ دەلىللىرى ئارقىلىق قەلبلەرنى نۇرلاندۇرىدۇ، كىشىلەرنىڭ نەزىرىنى ئاسمان - زېمىننىڭ يارىتىلىشى ۋە قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىنى تەپەككۇر قىلغاندىن كېيىن ئاللاھنىڭ پايانسىز كائىناتتىكى كامالى قۇدرىتىگە دالالەت قىلىدىغان ئاجايىپ نەرسىلەرگە ئاغدۇرۇپ، بۇ ئارقىلىق ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى تولۇق ئېتىراپ قىلىشقا قارىتىدۇ. «ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنىڭ) نۇرغۇن ئالامەتلىرى باركى، ئۇلار ئۇنىڭ يېنىدىن دىققەت قىلماستىن ئۆتۈپ كېتىدۇ».

**بۇ ئايەتلەرنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى:** ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن: ئى رەسۇلۇللاھ! ئاللاھنىڭ ھىجرەتتە ئاياللار توغرىسىدا بىرەر ئايەت زىكىر قىلغىنىنى ئاڭلىمىدىمغۇ؟» دېگەن ۋاقتىمدا، ئاللاھ تائالا «ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى پەرۋەردىگارى ئىجابەت قىلدى: ‹مەن سىلەردىن ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن، ھەر قانداق بىر ياخشى ئىش قىلغۇچىنىڭ قىلغان ئەمەلىنى بىكار قىلىۋەتمەيمەن› ...» دېگەن ئايەتنى چۈشۈردى.

**تەپسىرى:** 190. شۈبھىسىزكى، ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ داۋاملىق نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن، ئەلۋەتتە، ئاللاھنىڭ كامالى قۇدرىتى ۋە تەڭداشسىز ھېكمىتىنى ئىپادىلەيدىغان روشەن دەلىللەر بار، ئۇلار كائىناتقا قارىغۇلارچە نەزەر سالماستىن، تەپەككۇر قىلىش ۋە ئويلىنىش نەزىرى بىلەن قارايدۇ. 191. ئاللاھ

تائالا ئەقىل ئىگىلىرىنى سۈپەتلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار ئۆرە تۇرغاندىمۇ، ئولتۇرغاندىمۇ، ياتقاندىمۇ، يەنى بارلىق ئەھۋاللىرىدا تىللىرى ۋە دىللىرى بىلەن ئاللاھنى ئەسلەپ تۇرىدۇ، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزىدۇ. (ئۇلار ئېيتىدۇ:) ‹پەرۋەردىگارىمىز! بۇنى بىكار ياراتمىدىڭ، سەن پاكتۇرسەن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن› ». 192. پەرۋەردىگارىمىز! سەن بىر كىمنى دوزاخقا كىرگۈزىدىكەنسەن، ئۇنى ئەلۋەتتە خار قىلغان بولىسەن. زالىملارغا ھېچقانداق ياردەمچى بولمايدۇ، يەنى كاپىرلارغا ئاللاھنىڭ ئازابىدىن توسىدىغان ھېچقانداق ياردەمچى بولمايدۇ، ئىبنى ئابباس ۋە بارلىق تەپسىرشۇناسلار: «زالىملاردىن كاپىرلار مەقسەت قىلىنىدۇ» دېگەن. بۇ سۆز بەقەرە سۈرىسىدە: «كۇپرىنى نېمەت قىلغۇچىلار ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچىلاردۇر» دەپ ئوچۇق بايان قىلىنغان. 193. پەرۋەردىگارىمىز! بىز ھەقىقەتەن بىر چاقىرغۇچىنىڭ، يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ «رەببىڭلارغا ئىمان ئېيتىڭلار» دەپ ئىمانغا چاقىرغانلىقىنى ئاڭلىدۇق ۋە ئىمان ئېيتتۇق. پەرۋەردىگارىمىز! بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، بىزنى رەسۋا قىلمىغىن، پەزلىڭ ۋە رەھمىتىڭ بىلەن يامانلىقلىرىمىزنى يوققا چىقارغىن، بىزنى ياخشىلارنىڭ قاتارىدا قەبزى روھ قىلغىن. ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: «گۇناھتىن چوڭ گۇناھلار، يامانلىقتىن كىچىك گۇناھلار مەقسەت قىلىنىدۇ» ، بۇ سۆزنى ئاللاھ تائالانىڭ: «ئەگەر سىلەر مەنئى قىلىنغان چوڭ گۇناھلاردىن ساقلانساڭلار، كەرىمىزگە ئېلىپ كىچىك گۇناھلىرىڭلارنى يوققا چىقىرىمىز ۋە سىلەرنى ئېسىل ماكانغا، يەنى جەننەتكە كىرگۈزىمىز»

دېگەن ئايىتى كۆچلەندۈرىدۇ. 194. پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە پەيغەمبەرلىرىڭ ئارقىلىق ۋەدە قىلغان نەرسىنى، يەنى ئىتائەت قىلغانلارغا خاس بولغان جەننەتنى بەرگىن، قىيامەت كۈنى بىزنى كاپىرلارنى رەسۋا قىلغاندەك رەسۋا قىلمىغىن. سەن ھەقىقەتەن ئىتائەت قىلغۇچىلارغا جەننەتنى بېرىش توغرىسىدىكى ۋەدەڭگە خىلاپلىق قىلمايسەن. 195. ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى پەرۋەردىگارى ئىجابەت قىلدى: «مەن سىلەردىن ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن، ھەر قانداق بىر ياخشى ئىش قىلغۇچىنىڭ قىلغان ئەمەلىنى بىكار قىلىۋەتمەيمەن (ھەسەن مۇنداق دېدى: ئۇلار پەرۋەردىگارىمىز! دەپ تەكرار دۇئا قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ دۇئاسى ئىجابەت قىلىندى)، سىلەر بىر - بىرىڭلاردىن تۆرەلگەن. (سىلەر ئەسلى يارتىلىشتىمۇ ئورتاق، ئەجىر - ساۋاپتىمۇ ئورتاق بولسىلەر) ھىجرەت قىلغانلار، يۇرتلىرىدىن ھەيدەپ چىقىرىلغانلار، مېنىڭ يولۇمدا، يەنى ئاللاھنىڭ دىنى ئۈچۈن ئەزىيەت تارتقانلار، ئۇرۇشقا قاتناشقانلار، يەنى مېنىڭ يولۇمدا ئۇرۇشقانلار ۋە مېنىڭ يولۇمدا ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەتىم ۋە رەھمىتىم بىلەن ئەلۋەتتە كەچۈرۈم قىلىمەن، ئۇلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىمەن». بۇ ئۇلارنىڭ ياخشى ئەمەللىرى ئۈچۈن ئاللاھ تەرىپىدىن بېرىلگەن مۇكاپاتتۇر. ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ياخشى مۇكاپات ـ جەننەت بار. جەننەتتە ئۇلارنىڭ كۆزى كۆرمىگەن، قۇلىقى ئاڭلىمىغان ۋە كۆڭلىگە كېچىپ باقمىغان نېمەتلەر بار. 196. ئاللاھ تائالا كاپىرلارنىڭ يوقالغۇچى دۇنيا نېمەتلىرىدىن خۇرسەن بولۇپ مەغرۇرلانغانلىقىدىن ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «كاپىرلارنىڭ پۇل - مال، ئابروي ۋە مەرتىۋە

ئىــزدەش يۈزىســىدىن شــەھەرلەردە كېزىــپ يۈرۈشــلىرى ســېنى ئالدىمىســۇن». 197. بــۇ ئازغىنــا بەھرىمــەن بولۇشــتۇر، كەلگۈســىدە ئۇلارنىــڭ جايــى جەھەننــەم بولىــدۇ. ئــۇ نېمىدېگــەن يامــان تۆشــەك! ئــۇلار دۇنيــادا ئــازراق نېمەتلەنگەندىــن كېيىــن، بــۇ نېمەتلــەر يوقىلىــدۇ. 198. پەرۋەردىگارىغــا تەقۋادارلىــق قىلغــان كىشــىلەر ئاســتىدىن ئۆســتەڭلار ئېقىــپ تۇرىدىغــان جەننەتلەردىــن بەھرىمــەن بولــۇپ، ئــۇ يــەردە مەڭگــۈ قالىــدۇ. بــۇ، ئالــلاھ تەرىپىدىــن بولغــان كۈتۈۋېلىنىشــتۇر. ئاللاھنىــڭ دەرگاھىدىكــى نەرســىلەر، يەنــى مۇكاپــات ۋە ھۆرمــەت ياخشــى بەندىلــەر ئۈچــۈن كاپىــرلار بەھرىمــەن بولغــان باقاســى يــوق ئازغىنــا راھەتتىــن ئارتۇقتــۇر. 199. ئالــلاھ ئەھلــى كىتابتىــن ئىمــان ئېيتقــان بــەزى كىشــىلەر توغرىســىدا خــەۋەر بېرىــپ مۇنــداق دېــدى: «ئەھلــى كىتــاب ئارىســىدا، يەنــى يەھۇدىــي، ناســارالار ئىچىــدە ئابدۇلــلاھ ئىبنــى ســالام ۋە ئۇنىــڭ يارەنلىــرى، نەجاشــي ۋە ئۇنىــڭ ئەگەشــكۈچىلىرىدەك ھەقىقەتــەن ئاللاھقــا ئىمــان كەلتۈرىدىغــان، ســىلەرگە نازىــل بولغــان كىتابقــا ـ قۇرئانغــا، ئۆزلىرىگــە نازىــل بولغــان كىتابقــا، يەنــى تەۋراتقــا ۋە ئىنجىلغــا ئىشــىنىدىغانلار بــار. ئــۇلار ئاللاھتىــن قورقىــدۇ، ئاللاھنىــڭ ئايەتلىرىنــى ئازغىنــا بەدەلگــە تېگىشــمەيدۇ يەنــى ئۇلارنىــڭ كىتابلىرىدىكــى مۇھەممــەد ئەلەيھىســسالامنىڭ سۈپەتلىرى ۋە شــەرىئەت ئەھكاملىرىنــى، راھىبلارغــا ئوخشــاش دۇنيانىــڭ ئەرزىمــەس نەرســىلىرىنى دەپ ئۆزگەرتىۋەتمەيــدۇ، ئۇلارغــا پەرۋەردىگارىنىــڭ دەرگاھىــدا قوشــلاپ ســاۋاب بېرىلىــدۇ. ئالــلاھ ھەقىقەتــەن تېــز ھېســاب ئالغۇچىــدۇر، ھــەر بىــر كىشــىگە بېرىلىدىغــان جــازا - مۇكاپاتنــى بىلگۈچىــدۇر. ئىبنــى ئاببــاس بىلــەن ھەســەن مۇنــداق دەيــدۇ: «بــۇ ئايــەت نەجاشــي

تۇغرىسىدا چۈشكەن، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ۋاپات بولغانلىق خەۋىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەرگە: ‹ئورنۇڭلاردىن تۇرۇپ قېرىندىشىڭلار نەجاشىينىڭ جىنازا نامىزىنى ئوقۇڭلار› دېگەندە، ساھابىلەرنىڭ بەزىسى بەزىسىگە: ‹بىزنى دىنىمىز ھەبەشنىڭ نامىزىنى ئوقۇشقا بۇيرۇمدۇ؟› دېيىشتى، نەتىجىدە ئاللاھ تائالا: ‹ئەھلى كىتاب ئارىسىدا ھەقىقەتەن ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرىدىغان، سىلەرگە نازىل بولغان كىتابقا ــ قۇرئانغا، ئۆزلىرىگە نازىل بولغان كىتابقا يەنى تەۋراتقا ۋە ئىنجىلغا ئىشىنىدىغانلار بار...› دېگەن ئايەتنى چۈشۈردى». 200. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەت كەرىمىنى دۇنيا - ئاخىرەتتىكى بەخت - سائادەتنىڭ جۇغلانمىسى بولغان تەۋسىيەلەر ئارقىلىق ئاخىرلاشتۇرۇپ، مۇنداق دېدى: «ئى مۆمىنلەر! تائەت - ئىبادەتنىڭ مۇشەققەتلىرىگە ۋە سىلەرگە يەتكەن ئېغىرچىلىقلارغا سەۋر قىلىڭلار، دۈشمەنلەرگە زىيادە چىداملىق بولۇڭلار، چېگرالىرىڭلارنى ساقلاپ جىھادقا تەييار تۇرۇڭلار، مەقسىتىڭلارغا يېتىش ئۈچۈن ئاللاھتىن قورقۇڭلار، يەنى ئۇنىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلماڭلار» ، دۇنيا - ئاخىرەتتە بەخت تېپىش بىلەن ئۇتۇق قازىنىسىلەر.

**ئىلاۋە:** 1. پىكىر قىلىش مەخلۇقاتلارغىلا خاس قىلىنىپ، ياراتقۇچى تۇغرىسىدا پىكىر قېلىش چەكلەندى. ھەدىس شەرىپتە مۇنداق دېگەن: «مەخلۇقاتلار تۇغرىسىدا تەپەككۇر قىلىڭلار، ياراتقۇچى تۇغرىسىدا تەپەككۇر قىلماڭلار، چۈنكى سىلەر ئاللاھنىڭ ھەقىقىتىنى مۆلچەرلىيەلمەيسىلەر» ، بۇ ئۇلارنىڭ تەپەككۇردا ئاللاھنىڭ زاتى ۋە سۈپەتلىرىگە

يېتەلمەيدىغانلىقى ئۈچۈندۇر. بەزى ئۆلىمالار مۇنداق دېگەن: «ئاللاھنىڭ زاتى توغرىسىدا تەپەككۇر قىلغۇچى كۈن نۇرىغا قارىغۇچىغا ئوخشاشتۇر. چۈنكى ئاللاھ ھېچ نەرسىگە ئوخشىمايدۇ». 2. پەرۋەردىگارىم! دېگەن بۇ كاتتا ئىسىمنى بەش قېتىم تەكرار كەلتۈرۈش، ئاللاھ تائالادىن مېھرىبانلىق ۋە رەھمەت تەلەپ قىلىش ئۈچۈن مۇشۇ ئېسىل ئىسىم بىلەن چاقىرىش ئاللاھنىڭ تەربىيەتچى، ھەممە نەرسىنىڭ ئىگىسى ۋە ئىسلاھ قىلغۇچى ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدۇ. 3. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كۆرگەن ھەيران قالارلىق ئىشلار توغرۇلۇق سورالغاندا، ئائىشە ئانىمىز يىغلاپ تۇرۇپ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەممە ئىشلىرى ھەيران قالارلىق ئىدى. بىر كېچىسى مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ ماڭا: «مېنى پەرۋەردىگارىمغا ئىبادەت قىلغىلى قويۇڭ» دېدى. مەن: «سىلىنىڭ ئاللاھقا يېقىن بولۇشلىرىنى ۋە كۆڭۈل خاھىشلىرىنى ياخشى كۆرىمەن» دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆيدە ئېسىقلىق تۇلۇمدىن سۇ ئېلىپ تاھارەت ئالدى، سۇنى كۆپ ئىشلەتمىدى. ئاندىن نامازغا تۇرۇپ يىغلاپ كەتتى، ھەتتا يىغىدىن ساقاللىرى ھۆل بولۇپ كەتتى. ئاندىن سەجدە قىلىپ يەنە يىغلاپ كەتتى، ھەتتا يىغىدىن يەر ھۆل بولۇپ كەتتى، ئاندىن بىرئاز يېنى يېتىپ يىغلىدى. بىلال كېلىپ بامدات نامىزىغا ئەزان ئوقۇپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئاللاھ سىزنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرىڭىزنى كەچۈرۈم قىلغان تۇرسا، نېمە ئۈچۈن يىغلايسەن؟» دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھالىڭغا ۋاي، ئى بىلال! مەن نېمە ئۈچۈن يىغلىماي؟ ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا بۇ كېچىدە ماڭا ‹شۈبھىسىزكى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە

**بىلەن كۆڭۈلنىڭ نۇرلىنىشى ئەقىل تۈرۈشىدا ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن، ئەلۋەتتە، روشەن دەلىللەر بار› ... دېگەن ئايەتنى چۈشۈردى» دېدى. ئاندىن: «بۇ ئايەتنى ئوقۇپ تەپەككۇر قىلمىغان كىشىنىڭ ھالىغا ۋاي!» دېدى.**

ئەلھەمدۇلىللاھ، «سۈرە ئال ئىمران»نىڭ تەپسىرى تۈگىدى.